# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ھازىرقى زامان قىسمى)

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(ھازىرقى زامان قىسمى)

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-14235-4

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دۇنيا ئومۇمىي تارىخى

(هازىرقى زامان قىسمى)

(1)

شۇ تيەنشىن
تۈزگۈچىلەر: شۇ پىڭ
ۋاڭ خوڭشېڭ

ئەخمەت مۆمىن تارىمى
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇرېھىم قاھار، ئەخمەتجان
ئابدۇۋەلى، خالىق ئاۋۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

世界通史（现代卷）：维吾尔文/ 徐天新等编著；阿合买提江·木明，阿不都热依木·卡哈尔，艾合买提江·阿布都外力，哈力克·阿吾提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.4
ISBN 978-7-228-14235-4

Ⅰ.①世... Ⅱ.①徐... ②阿... ③阿... ④艾... ⑤哈...
Ⅲ.①世界史：现代史 — 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①K10

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056207号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿合买提江·买明·塔里米 |
| 责任校对 | 万力·在顿 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 37.25 |
| 版　　次 | 2011年9月第1版 |
| 印　　次 | 2011年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 92.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب 20 ـ ئەسىرگە كىرىش ........................ 14
1 ـ بۆلۈم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يېڭى باسقۇچى ............ 14
2 ـ بۆلۈم جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ..... 32
3 ـ بۆلۈم ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى
ئىجتىمائىي سىياسىيسى ............................ 48
4 ـ بۆلۈم لېنىنىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ................ 71

ئىككىنچى باب ئاسىيادىكى ئويغىنىش ........................ 91
1 ـ بۆلۈم ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ........... 92
2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئاسىيادىكى
مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ باش
كۆتۈرۈشى ........................................ 106

ئۈچىنچى باب 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ................................ 132
1 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ياۋروپانىڭ
دىپلوماتىيەسى ........................................ 132
2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ............. 173
3 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جەريانى ................ 188

تۆتىنچى باب 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كاپىتالىزم دۇنياسى
سىستېمىسى ........................................ 218
1 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى
ياۋروپا ۋەزىيىتى ........................................ 218

2 ـ بۆلۈم  پارىژ سۇلھى يىغىنى ............................ 236
3 ـ بۆلۈم  ۋاشىنگتون يىغىنى .......................... 279

بەشىنچى باب  ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر .......................................... 312
1 ـ بۆلۈم  ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى .......................................... 312
2 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە .......................................... 324
3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامېرىكا .......................................... 346
4 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە .......................................... 361
5 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياپونىيە .......................................... 380

ئالتىنچى باب  20 ـ يىللاردا ياۋروپا تەرتىپىنىڭ تەڭشىلىشى ........ 395
1 ـ بۆلۈم  گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە زىددىيىتىنىڭ تەڭشىلىشى .......................................... 397
2 ـ بۆلۈم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى .................... 410
3 ـ بۆلۈم ياۋروپانىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك مەسىلىسى .......................................... 418
4 ـ بۆلۈم ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىسى ۋە پارىژ ئەھدىنامىسى .............................. 432

يەتتىنچى باب  رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 20 ـــ 30 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى .......................................... 446

1 ـ بۆلۈم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ............ 446
2 ـ بۆلۈم روسىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى .............................. 467
3 ـ بۆلۈم يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى .................................. 485
4 ـ بۆلۈم سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ... 510
5 ـ بۆلۈم ستالىن ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى ............ 541

سەككىزىنچى باب ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى، غەربىي ئاسىيا سىياسىيسى ............................ 559
1 ـ بۆلۈم ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى ............................ 559
2 ـ بۆلۈم تۈركىيەدىكى مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ............................ 581
3 ـ بۆلۈم تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇستاپا كامالنىڭ ئىسلاھاتى ............... 594

توققۇزىنچى باب 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا .................. 604
1 ـ بۆلۈم ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاۋشيەن ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرى .................. 604
2 ـ بۆلۈم ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گەندىزم ........................ 623
3 ـ بۆلۈم ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ... 664
4 ـ پاراگراف ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى كۈرەشلىرى ... 704

ئونىنچى باب 1900 ـــ 1945 ـ يىللاردىكى ئافرىقا .................. 722
1 ـ بۆلۈم جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشى ۋە ئافرىقا جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر .............................................. 723
2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شىمالىي ئافرىقا رايونىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى .......................... 743
3 ـ بۆلۈم ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا نېگىرلار ئافرىقىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ بىخ سۈرۈشى ........................................... 772
4 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە ـ بورلار ئۇرۇشىدىن كېيىنكى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقىي ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەشلىرى ........................................... 783

ئون بىرىنچى باب 1900 ـــ 1945 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامېرىكىسى ... 795
1 ـ بۆلۈم 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى ......................... 795
2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن لاتىن ئامېرىكىسىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ... 808
3 ـ بۆلۈم 30 ـــ 40 ـ يىللاردىكى لاتىن ئامې ـ رىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تەرەققىياتى ...... 828
4 ـ بۆلۈم لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى .................... 858

ئون ئىككىنچى باب 1929 ـــ 1933 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ........................................ 872

www.uyghurkitap.com


1 ـ بۆلۈم 1929 ــــ 1933 ـ يىللاردىكى دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ........................ 872

2 ـ بۆلۈم ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياستى ........................................ 884

3 ـ بۆلۈم كرىزىس مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ........................................ 902

4 ـ بۆلۈم ياۋروپادىكى ئۇرۇش مەنبەسىنىڭ شەكىللىنىشى ........................................ 916

5 ـ بۆلۈم ئاسىيادىكى ئۇرۇش مەنبەسىنىڭ شەكىل ـ لىنىشى ........................................ 942

**ئون ئۈچىنچى باب 30 ـ يىللاردىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت** ......... 960

1 ـ بۆلۈم 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمە ـ چىلىكى ۋە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيەسى ........................ 960

2 ـ بۆلۈم جاھانگىرلارنىڭ مىيونخىن سۈيىقەستى .... 1000

3 ـ بۆلۈم ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبىتى ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى ........................................ 1020

**ئون تۆتىنچى باب 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى** ........................................ 1041

1 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى ۋە دەسلەپكى باسقۇچى... 1042

2 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ........................ 1070

3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇشى ........................ 1090

4 ـ بۆلۈم ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قايتۇرما ھۇجۇمى ........................................ 1112

5 ـ بۆلۈم دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلىشىشى ........................................ 1134

**1917 ــ 1945 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى** ..... 1163

**چوڭ ئىشلار يىلنامىسى** ........................................ 1172

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىدا، 20 ـ ئەسىر مىسلى كۆرۈلمىگەن، زور ئۆزگىرىش بولغان ئەسىردۇر. بۇ يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن پەن ـ تېخنىكىدىكى ئىلگىرىلەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، قاراشلاردىكى يېڭىلىنىش، سىياسىي داۋالغۇش، ئىنقىلاب ۋە ئۇرۇشلارنى ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئاخىرلىشىپ يېقىنقى زامان باشلىنىش جەريانىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇلۇغدۇر. ئۇلار دەل ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە چېتىلىدىغان ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولغاچقا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى يېقىنقى زامان دەۋرى بىلەن خوشلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان دۇنياسىغا ئېلىپ كىردى.

دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن ئۆزگىرىشلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق چاغلاردىن باشلاندى. ھازىرقى نەزىرىمىز بىلەن 19 — 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالمىشىش باسقۇچىدىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەرگە تولغان تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ چاغنىڭ دەل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامانغا قەدەم قويۇۋاتقان ھالقىلىق پەيت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. 15 ـ ئەسىردىكى ياۋروپادىن باشلانغان يېقىنقى زامان كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان رەۋىشتە دۇنيانىڭ بارلىق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە

كېڭىيىشى بۇ چاغدا توختاپ، كاپىتالىزم بىرنەچچە ئەسىر كېڭىيىش ئارقىلىق، ياۋروپا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان دۇنيا سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا، كاپىتالىزم ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى ھەم ئەركىن رىقابەتتىن مونوپولىيە باسقۇچىغا ئۆتۈش بىلەن يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قورال كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ، تۇنجى بولۇپ كاپىتالىزم دۇنيا سىستېمىسىنى بۇزۇپ، دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامانغا ئۆتۈش جەريانىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكى شۈبھىسىزكى ھالقىلىق مەزگىلدۇر. بۇ مەزگىلدە كونا قۇرۇلما يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇردى ھەم داۋاملىق رولىنى جارى قىلدۇردى، يېڭى قۇرۇلما بىخ سۈردى ھەم كۈنسېرى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى. يېڭى ـ كونا ئامىللار ئارىلىشىپ، يېڭى ـ كونا كۈچلەر ئارىسىدا قارشىلىق شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن يېرىم ئەسىرگە سوزۇلغان سىنىشىش ۋە سۈركىلىش، تەڭشەش ۋە ئۆزگىرىش، كرىزىس ۋە ئىنقىلاب، توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش كېلىپ چىقتى. بىر مەزگىللىك داۋالغۇش، ئىنقىلاب، بولۇپمۇ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تارىخ تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەت ئالغا بېسىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر ئېراغا قەدەم قويدى.

يېڭى دۇنيانى بەرپا قىلغان كۈچلەر ئىچىدە، ئەڭ ئاساسلىق كۈچ پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىدۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلىنىپ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋاملاشقان پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى فىزىكا نىسپىيلىك نەزەرىيەسى، كۋانت مېخانىكىسى نەزەرىيەسىنىڭ تىكلىنىشىنى مەركىزي مەزمۇن قىلغان، خىمىيە، ئاسترونومىيە،

www.uyghurkitap.com

بىئولوگىيە، يەر شارى ئىلمى نەزەرىيەلىرىنى بىتەككەلەشكە تۈرتكە بولغان ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بۆسۈشتۇر. ئىلمىي نەزەرىيەدىكى ئىنقىلاب كېيىنكى ئاتوم ئېنېرگىيەسى تېخنىكىسى، رادىيو تېخنىكىسى، ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسى ۋە بىيولوگىيە قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە ئۆزىنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان سىڭىپ كىرىش كۈچى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ھەتتا ئىدىيە قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگىچە تەسىر كۆرسەتتى. مەھسۇلاتلارنى ئۆلچەملەشتۈرىدىغان، لىنىيەلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللىنىدىغان فورد سىستېمىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. ھەرقايسى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدىمۇ پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زور ئۆزگىرىش بولدى. بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدىغان ماشىنا، ئاۋىياتسىيە، خىمىيە، ئېلېكتر، نېفىت قاتارلىق يېڭى سانائەتلەر تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈپ، توقۇمىچىلىق، قازمىچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى سانائەتلەر چېكىندى. كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، قاتناش شارائىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، روشەن زامانىۋى تۈس ئالدى.

پەن ـ تېخنىكىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە بۇ تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات يەنە ھەرقايسى رايونلار ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭ بىلەن يەر «شارى كىچىكلەپ»، زىچ بىرىككەن گەۋدىگە ئايلاندى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە ـ يېگانە ھالەتتە تۇرماستىن، بىر ـ بىرىگە يېقىنلىدىغان بولدى. بىر دۆلەتتە يۈز بەرگەن

ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز لا يەر شارىنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغىچە تەسىر كۆرسەتتىدىغان، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بولدى. شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى 20 ـ ئەسىر دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە يۈزلىنىشىدۇر. ئەلۋەتتە، دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى دۇنيانىڭ بىردەكلىشىشى ئەمەس. مىللەتلەر، رايونلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ كۆپ خىللاشقان، كۆپ قۇتۇپلاشقان تەرەققىياتى بولغاندىلا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەم ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان، ھەم ئۆزئارا بېقىنىدىغان بۈگۈنكىدەك دۇنيانى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلى شۇبھىسىزكى تەڭشىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى مۇھىم مەزگىلدۇر. پەن ـ تېخنىكىدىكى زور بۆسۈشلەر، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ئەركىن رىقابەتتىن مونوپولىيە باسقۇچىغا ئۆتۈش كاپىتالىزمنىڭ ئۆزىدىكى تۇرلۇك زىددىيەتلەرنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تۇرلۇك ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇرۇش كاپىتالىزم دۇنياسىنى قاتتىق زىلزىلىگە سالدى. ئۇرۇش خارابىسىدىن جان تالىشىپ چىققان كۆپلىگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۈنجى يەرشارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي، سىياسىي كىرىزىسنىڭ زەربىسىدىن كېيىن ئۆز ئىچىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاز ـ تولا تەڭشىدى، سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىك خاھىش ئاز ـ تولا كۈچىيىپ، دېموكراتىك ھوقۇق كېڭىيىپ، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى يەنە ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىمۇ تەڭشىدى. بۇ ئاساستا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىقتىساد خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى ۋە گۈللەندى. سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن كۈچلۈك سانائەت دۆلىتىگە ئايلىنىپ، خەلقئارادىكى تەسىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

1929 ـ يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا پۈتۈن يەر شارىغا زىيان سالغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى. كاپىتالىزم تۈزۈمى مىسلىسىز قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، كاپىتالىزمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يول تېپىش ئۈچۈن، ئەركىن رىقابەت دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنىڭ ئەكسىچە بەس ـ بەستە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مەلۇم ھالقىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تەڭشەپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى. كاپىتالىستىك دېموكراتىيەنىڭ ئاساسى نىسبەتەن مۇستەھكەم بولغان ئامېرىكا دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بولسا چىقىمنى تېجەپ، خىزمەت پۇرسىتى يارىتىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەڭشىدى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى ھەربىي سانائەت، تۆمۈر يول، بانكا كەسپىنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم خۇسۇسىي مونوپول كاپىتال كارخانىلىرىغا مەبلەغ ياردەم قىلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش ئۇسۇلى مىسلىسىز ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسنى ئاساسىي

جەھەتتىن يېڭىپ، كاپىتالىزمنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى مونوپول كاپىتالىزمنىڭ كېيىن يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇڭا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىش نەزەرىيەسى بايرىقىنى ئەڭ بۇرۇن كۆتۈرگەن ئەنگلىيەلىك ئىقتىسادشۇناس كاينىسنىڭ روزنۇپىلتقا يازغان خېتىدە «سىز پرېزىدېنت بولغان كۈننى بىز يېڭى ئىقتىساد دەۋرى باشلانغان كۈن دەپ بىلىمىز» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە كاپىتالىستىك سىياسىي ئىقتىسادنىڭ ئاساسى نىسبەتەن ئاجىز بولغان گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە كاپىتالىستىك دېموكراتىيەدىن ئاشكارا ۋاز كېچىپ، فاشىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، سىياسىي جەھەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەربىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. سىرتقا قارىتا قورال كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىغا ئېرىشمەكچى بولدى. ھازىرقى زامان فاشىزمى كاپىتالىزمنىڭ بىنورمال تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ پارلىقىقا كېلىشى ئىنسانىيەتكە زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى نەچچە ئون يىلى يەنە ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولغان مەزگىل بولدى. بىر جەھەتتىن، جاھانگىرلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن كونترول قىلىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتتى. لاتىن ئامېرىكىسى گەرچە 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىلا سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ناھايىتى تېزلا ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگالىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ رايوننى

كونترول قىلىنۋالدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشى، يېڭى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، تاشقى سودىسىنىڭ ئېشىپ، دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ ئاساستا، بۇ مەزگىلدە ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدا زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا - چوڭ يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ شەھەرلەر بۇرۇنقىدەك يەككە ھالدىكى سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي مەركەزلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ شەھەرلەردىكى سودا - سانائەت بۇرژۇئازلىرى، ئەركىن كەسىپكارلار ۋە زىيالىيلار جەمئىيەتتە بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈچىمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئازلار سىياسىي تەشكىلاتلارنى قۇردى. ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پرولېتارىيات پارتىيەلىرى قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيەلىرىدە رادىكاللىشىش كۆرۈلۈپ، سۇن جۇڭشەن، گەندى، مۇستاپا كامال، ئىنكىرۇماھ، كاردېناس قاتارلىق مەشھۇر بۇرژۇئا سىياسىي داھىيلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار روشەن مىللەتچىلىك

ۋە دېموكراتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەلپۈندى ۋە زوقلاندى. ئۇلارنىڭ يېقىنقى زامان مىللەتچىلىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئىشچى - دېھقانلارنى قوزغىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، شەھەر - يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، ئىشچى - دېھقانلارنى پارتىيەگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھازىرقى زامان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىللىقى، كەڭ دائىرىلىكلىكى ۋە پىشقانلىقىدەك يېڭى ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. بۇ، رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپ، كۈرەش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنىڭ كۆپ خىللىقىدا ئىپادىلەندى. جۇڭگودا ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستلار قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ھىندىستاندا دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەندىنىڭ زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك، ھەمكارلاشماسلىق بايرىقى ئاستىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلدى. تۈركىيەدە مۇستاپا كامال خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قانات يايدۇردى. ئېفىيوپىيەنىڭ ئىتالىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋەتەنپەرۋەر پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىقنى قولغا

كەلتۈرۈش ئىدى. شۇڭا، بۇ ھەرىكەتلەرمۇ پىرولېتارىياتنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

كاپىتالىزم بۇرۇن بىرلىككە كەلگەن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى سىستېما ئىدى. 19 ـ ئەسىردە دۇنيانىڭ تەقدىرى ياۋروپانىڭ قولىدا بولۇپ، ئەنگلىيە «دېرىژورلۇقى»دىكى كاپىتالىزم دۇنياسى سىستېمىسى ياكى كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى قارىماققا ئۆزگەرمەيدىغاندەك، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك قىلاتتى. ۋاھالەنكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ بۇ سىستېما تەرەپتىن خىرىسقا دۇچ كەلدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك سەۋەبىدىن ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كونا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭكىگە يېتىشۋالدى ياكى ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى. كونا ـ يېڭى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇستەملىكە، دۇنيا بازىرىنى تالىشىش جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، ئاخىر ئۇلار بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلىشىپ، كېلىشتۈرۈش تەس بولغان بۇ زىددىيەتنى دۇنيا ئۇرۇشى ئارقىلىق ھەل قىلىشتى. بۇ ئۇرۇش ئاساسلىقى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قانلىق ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇش ياۋروپانى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئۆزگەرتتى. ئۇرۇش ئارقىلىق ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى 1914 ـ يىلدىكىدىن كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. ياۋروپادا نەچچە ئەسىرلەپ دەۋران سۈرگەن گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، رۇسىيە ۋە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. ئۇلارنىڭ خارابىسىدە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، چېخسلوۋاكىيە، ۋېنگىرىيە، پولشا، لاتۋىيە، ئېستونىيە، لىتۋا قاتارلىق بۇرژۇئا جۇمھۇرىيەتلىرى قەد كۆتۈردى.

سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى جاھانگىرلىك سىستېمىسىدىن بىر يوچۇق ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيادا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر زىددىيەت كۆپەيدى. بۇ زىددىيەت خەلقئارانىڭ كېيىنكى ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلمىسىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ۋاھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر بۇ تارىخىي تەسىر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق تونۇپ يەتمىدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر يەنىلا كونا تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كويىدا يۈردى. ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا ئۆز مەنپەئەتى ۋە يېڭى كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسەن مۇستەملىكە ۋە تەسىر دائىرىسىنى يېڭىباشتىن بۆلۈشۈپ، جاھانگىرلىكنىڭ يېڭى دۇنيا سىستېمىسى ــــ ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى ھەم ئۇنى قوغداش ئۈچۈن يەنىلا ياۋروپا رەھبەرلىك قىلىدىغان دۇنياۋى سىياسىي تەشكىلات ــــ خەلقئارا ئىتتىپاقنى قۇردى.

ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىش ـ ئاجىزلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن قىسمەن تەڭشىلىپ تۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى نىسبەتەن تىنچ، مۇقىم مەزگىل بولۇپ، داۋىس پىلانى، يونگ پىلانى، لوكارنو ئەھدىنامىسى ھەمدە باشقا خەلقئارالىق شەرتنامىلەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى، يەڭگەن ۋە يېڭىلگەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتتى. يېڭى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوڭ دۆلەتلەر ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ، 60 نەچچە دۆلەت پارىژ ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى. سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلارنىڭ دەسلەپكى قوراللىق مۇداخىلىسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن، 20 ـ يىللاردىن باشلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن زور

www.uyghurkitap.com

كۆلەملىك سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كىرىشىپ، ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر تىنچ بىللە ئۆتتى. لېكىن، 1929 ـ يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا پارتلىغان ئىقتىسادىي كرىزىس قىسقا مەزگىللىك تىنچلىقنى بۇزۇۋەتتى. ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ زەربىسىدە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتلەر مىسلىسىز كەسكىنلەشتى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ۋېرسال سىستېمىسىنى بۇزۇپ، دۇنيانى يېڭى ئەمەلىي كۈچ نىسبىتىگە ئاساسەن قايتا بۆلۈشۈش كويىدا بولدى. جۇڭگو، ئېفيوپىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خەلقى فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قانلىق كۈرەشلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، تاجاۋۇزچىلارنىڭ قىسمەن تەلىپىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۇرۇشتىن ساقلاپ قېلىشتەك ماداراچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى. ماداراچىلىق سىياسىتى ئۇرۇشنى توسالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە تاجاۋۇزچىلىققا يول قويدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئالدى بىلەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلالمىدى. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش تىرىشچانلىقى ئۇلارنىڭ زىددىيىتى سەۋەبلىك مەغلۇپ بولدى. 1938 ـ يىلىدىكى مىيونخېن كېلىشىمىنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپلا، فاشىست گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش ماشىنىسى ھەرىكەتكە كەلدى. گېرمانىيە ئىككى سەپتە ئۇرۇش قىلىش تەھدىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ــ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دۇنيا ئۇرۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىنى بەلگىلىگەن چوڭ ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشقا دۇنيا نوپۇسىنىڭ 5 تىن 4 قىسمى ۋە 60 نەچچە دۆلەت سۆرەپ كىرىلىپ، جەڭ مەيدانى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرى ۋە تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيانغا كېڭەيدى. فاشىزمغا قارشى خەلق قوزغىلۇقتا، هاۋادا، دېڭىزدا، ھەتتا سۇ ئاستىدا فاشىستلار بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. قەبىھلەشكەن فاشىست ئۇرۇش تەلۋىلىرى ئالدىدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو قاتارلىق تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئاخىر كەڭ دائىرىدە فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇپ، دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلدى. سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا قالتىس رول ئويىندى. جاپالىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئاخىر گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرى ئۆزلىرى بېسىۋالغان ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى كەڭ زېمىنلاردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئىلغارلىق ئەكسىيەتچىلىك ئۈستىدىن، ھەقىقەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، فاشىزمغا قارشى كۆرەشنىڭ ئاداققى غەلىبىسى قولغا كەلدى.

دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ئاخىر 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى تارقالغاندىن كېيىن، هازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ قىياپىتى ئايان بولدى، يەنى ياۋروپانىڭ نەچچە ئەسىر داۋاملاشقان زومىگەرلىكى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب گۇرۇھى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى شەرق گورۇھى ئىگىلىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئالدى. هازىرقى نەزىرىمىزدە قارىغاندا، بۇ ۋەزىيەت پەقەتلا دۇنيانىڭ بىر قۇتۇپلۇقتىن كۆپ قۇتۇپلۇققا، بىر مەنبەلىكتىن كۆپ مەنبەلىككە قاراپ ئۆزگىرىشىنىڭ كۆۋرۈكى

بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئۇرۇش مۇستەملىكە تالىشىش ياكى مۇستەملىكىنى ساقلاپ قېلىش سەۋەبىدىن قوزغالغان بولسىمۇ، بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، ئۇرۇشقان ئىككىلا تەرەپ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ئازادلىققا ئېرىشتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئەنگلىيە ــ قۇياش پاتماس ئىمپېرىيەمۇ مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. ئۇرۇش يەنە پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياغا يېڭىچە قىياپەت ئاتا قىلدى. تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تاماملىنىشى جەريانىدا، دۇنيا تارىخى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى.

هازىرقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ 1 ـ دەۋرى، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1945 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقىچە بولغان مەزگىلدە ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى زىيادە كەڭ ھەم مول، زىددىيەتلىك ھەم مۇرەككەپ، شۇنداقلا ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان بولدى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدىكى تارىخنى ئۆگىنىش ۋە يېزىش ئۇنچە ئاددىي ۋە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭدا ھەم ئەينى دەۋردىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئۈچ ئاساسىي زىددىيەت ۋە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئىگىلىگەن، ھەم دۇنياۋى نەزەر بىلەن ھەرقايسى رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى رەتلەپ چىققاندىلا، ئاندىن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە تولغان مەزگىلدىكى تېرەن تارىخىي ماھىيەتنى ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشكە قاراپ كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشقا، بۈگۈنكى دۇنيانى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە، كەلگۈسى دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باب

# 20 ـ ئەسىرگە كىرىش

## 1 ـ بۆلۈم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يېڭى باسقۇچى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 30 يىلىدىكى كاپىتالىزم ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىياتى ئارقىلىق، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە دۇنيا ئىقتىسادى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. ئىقتىسادىي ۋە ماددىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىككى ئىشتا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشى سەۋەبلىك ماددىي بايلىقنىڭ مىسلىسىز كۆپىيىشى؛ يەنە بىرى، كاپىتالىزمنىڭ سانائەتلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەتراپقا كېڭىيىشىدۇر. بۇ باسقۇچتا پۈتكۈل دۇنيا تېخىمۇ زور دەرىجىدە زىچ بىرلىشىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى دۇنياۋى ئىقتىساد شەكىللەندى.

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى توكنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىنى بەلگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادتىكى ئەڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى مىسلىسىز يۈكسەلدى ھەم شۇ سەۋەبلىك دۇنيا ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئېلېكتىر سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، نېفىت سانائىتى قاتارلىق بىر قاتار يېڭى سانائەتلەر

بارلىققا كەلدى. بۇلار پۈتۈنلەي ئىلىم ـ پەندىكى بايقاش سەۋەبلىك گۈللەنگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى سانائەتلەر ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ زىچ بىرلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى سانائەتلەر يەنە توختىماي بارلىققا كەلدى. سانسىزلىغان يېڭى سانائەت مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، تېلېفون، سۈنئىي يىپەك، بىرىكمە تالالىق توقۇلما، ھەتتا سۈنئىي يېمەكلىك خۇرۇچلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1870 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىللارغىچە دۇنيانىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. 1900 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە يەنىلا مۇشۇ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ كەلدى. سانائەت ساھەسىدىكى بۇنداق ئىزچىل تېز تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق مەزگىلگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مەزگىلدە بەزى ئېغىر سانائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. دۇنيانىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 1870 ـ يىلىدىكى 189 مىليون 100 مىڭ توننىدىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد 126 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىپ بەش ھەسسىگە يېقىن ئاشتى؛ دۇنيانىڭ چويۇن مەھسۇلات مىقدارى 1870 ـ يىلىدىكى 12 مىليون 30 مىڭ توننىدىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 79 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىپ 5.6 ھەسسە ئاشتى؛ دۇنيانىڭ پولات مەھسۇلات مىقدارى 1870 ـ يىلىدىكى 520 مىڭ توننىدىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 76 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ 146 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

| دۇنيانىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى (1913 ـ يىلى = 100) | |
|---|---|
| 1870 ـ يىلى | 19.5 |
| 1880 ـ يىلى | 16.9 |
| 1890 ـ يىلى | 41.1 |
| 1900 ـ يىلى | 58.7 |
| 1913 ـ يىلى | 100 |

سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قاتناش ـ تىرانسپورتمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى دۇنيا تۆمۈريول تورىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە پار كېمىسىنىڭ يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياۋروپا قۇرۇقلۇقى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئەينى چاغدا دۇنيادىكى تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاران 38 مىڭ 600 كىلومېتىر ئىدى. 1880 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا 372 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى 25 يىلىدا تۆمۈريول قۇرۇلۇشى يەنىلا ئىنتايىن راۋاجلاندى، كىشىلەر يېڭىدىن تۆمۈريول ياساشتا تۆمۈر رېلىسنىڭ ئورنىغا پولات رېلىس ئىشلەتتى. 1890 ـ يىلى دۇنيادىكى تۆمۈريولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 617 مىڭ 285 كىلومېتىر بولغان بولسا، 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 57 مىڭ 809 كىلومېتىرغا يېتىپ، 20 يىل ئىچىدىلا 41 % ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا تۆمۈريولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى خېلىلا ئېشىپ، 223 مىڭ 869 كىلومېتىردىن 338 مىڭ 880 كىلومېتىرغا يەتكەندىن باشقا، ئامېرىكا تۆمۈريولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ياۋروپانىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ، 1911 ـ يىلى 541 مىڭ 28 كىلومېتىرغا يېتىپ، دۇنيادىكى باشقا بارلىق رايونلارنىڭ تۆمۈريولىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلدى. بۇ ئاساستا دۇنيانى چۆرىدىگەن تۆمۈريول تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

دېڭىز ـ ئوكيان ترانسپورتى تۆمۈريول ترانسپورتىدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. سۈۋەيش قانىلى (1869 ـ يىلى)، كىيل قانىلى (1895 ـ يىلى) ۋە پاناما قانىلى ( 1914 ـ يىلى ) نىڭ قېزىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ سۇ ترانسپورت لىنىيەسى زور دەرىجىدە قىسقىراپ، بۇ كونا كەسىپنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. لېكىن، دېڭىز ـ ئوكيان ترانسپورتىنىڭ ئۇنۇمىدە تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلغىنى يەنىلا پار كېمىسىنىڭ يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى بولدى. 1870 ـ يىلى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق دېڭىز ترانسپورت دۆلەتلىرى يەنىلا يەلكەنلىك كېمىلەردە يۈك توشۇشنى ئاساس قىلىدىغان

| 1870 ـ ، 1910 ـ يىللىرى ئاساسلىق دېڭىز ترانسپورت دۆلەتلىرىدىكى تىزىمغا ئېلىنغان سودا كېمىلىرىنىڭ تونناژى (بىرلىكى توننا) | | | |
|---|---|---|---|
| | | 1870 ـ يىلى | 1910 ـ يىلى |
| ئەنگلىيە | يەلكەنلىك كېمە | 4578000 | 1113000 |
| | پار كېمىسى | 1113000 | 10143000 |
| فىرانسىيە | يەلكەنلىك كېمە | 921000 | 638000 |
| | پار كېمىسى | 151000 | 846000 |
| گېرمانىيە | يەلكەنلىك كېمە | 872000 | 507000 |
| | پار كېمىسى | 67000 | 2383000 |
| ئامېرىكا | يەلكەنلىك كېمە | 2363000 | 1655000 |
| | پار كېمىسى | 1075000 | 4900000 |

بولۇپ، پار كېمىسى ئۇلار ئۈچۈن يېڭى شەيئى ھېسابلىناتتى. 1883 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيەنىڭ پار كېمىلىرىنىڭ تونناژى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭكىگە تەڭلىشىپ قالدى. ئون يىلدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭمۇ مۇشۇ سەۋىيەگە يەتتى. 1910 ـ يىلى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قۇۋۋىتى يۇقىرى، بىخەتەر، ئىشەنچلىك پار كېمىلىرىنىڭ تونناژى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ترانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۇنيا سودىسىنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. مەسىلىنى ئەڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغىنى يەنىلا خەلقئارا سودىنىڭ ئېشىشىغا ئائىت سان ـ سىپىرلاردۇر (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

گەرچە ئەنگلىيەدىن باشقا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاتتىق سودا قورۇقچىلىقى سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق

| دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سودىسى (بىرلىكى مارك ) | |
|---|---|
| يىلى | سودا سوممىسى |
| 1903 | 101 مىليارد 944 مىليون |
| 1905 | 113 مىليارد 100 مىليون 600 مىڭ |
| 1907 | 133 مىليارد 943 مىليون 500 مىڭ |
| 1909 | 132 مىليارد 515 مىليون |
| 1911 | 153 مىليارد 870 مىليون |

www.uyghurkitap.com

بىر دەۋردىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. 1903 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلغىچە بولغان سەككىز يىلدا خەلقئارا سودا 50% ئاشتى. سودىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى بىلەن خەلقئارا سودىسى ئىنتايىن جانلانغان ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتكەندىن سىرت، ياساش دۆلەتلىرى ۋە دەسلەپكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ ئايرىلىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ياۋروپادىن باشقا رايونلاردىكى ئەللەرمۇ دۇنيا بازىرىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ياۋروپا بازىرىنى يېمەكلىك ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان بولۇپ قالدى. تاشقى سودا بارغانسېرى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىلغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە خەلقئارا سودىنىڭ رايون قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ياۋروپا گەرچە دۇنيا سودىسىدا يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سودا سوممىسى چۈشۈپ كەتتى. ھالبۇكى، شىمالىي ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئافرىقىنىڭ خەلقئارا سودىدىكى ئورنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئامېرىكا دۇنيادىكى ئۈچىنچى چوڭ سودا دۆلىتىگە ئايلاندى. ياۋروپادا ھەممە سودىنى ئەنگلىيە كونترول قىلىدىغان ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودا مىقدارىمۇ تېزدىن ئاشتى. 1913 ـ يىلى ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيەنىڭ دۇنيا سودىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 16%، 12%، 7% بولدى. دۇنيا سودىسىدىكى تاۋارلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولۇپ، دەسلەپكى مەھسۇلاتنىڭ سودا مىقدارىنىڭ خەلقئارا سودىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1876 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دەسلەپكى مەھسۇلات بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارا سودىدىكى نىسبەت

مۇناسىۋىتى ئاساسەن مۇقىم، تەكشۈك ھالەتتە تەرەققىي قىلدى. بۇ، سانائەت دۆلەتلىرى بىلەن دەسلەپكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى خەلقئارالىق ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۇلار ئارىسىدىكى تايىنىشچانلىقىنى كۈچەيتىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى تېخىمۇ كۆپ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، توختىماي كېڭىيىۋاتقان دۇنيا بازىرىدا دۇنياۋى كۆلەمدىكى يەككە ئىقتىسادنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، دۇنيا ئىقتىسادى قالتىس تەرەققىي قىلغان مەزگىل بولدى. لېكىن، بۇ مەزگىلدە ئىقتىساد مۇقىم ھالەتتە تەرەققىي قىلماستىن، بەلكى بىردە گۈللىنىش، بىردە كاساتلىشىش شەكلىدە تەرەققىي قىلدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە كۈچەيتىلىشى دۇنيا بازىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۆزۈكسىز ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بېرىپ تۇردى، دۇنيا ئىقتىساد تارىخىدا 1873 — 1895 ـ يىللار «چوڭ كاساتلىشىش مەزگىلى» دېيىلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ چۈمپەردىسىمۇ ئىقتىسادىي كىرىزىس ئىچىدە ئېچىلىدى. 1900 — 1903 ـ يىللىرى ۋە 1907 — 1909 ـ يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئىقتىسادىي كىرىزىس بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى. گەرچە ھەر قېتىملىق ئىقتىسادىي كىرىزىس ئومۇميۈزلۈك ھالدا باھا، پايدىنىڭ تۆۋەنلىشىنى ۋە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ تارىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، لېكىن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىر بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالمىشىش مەزگىلى يەنىلا تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش مەزگىلى، «ھاياتىي كۈچكە تولغان» دەۋر بولدى. چۈنكى، كىرىزىس ئەسلىدىنلا

كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ يامان سۈپەتلىك ئىپادىسى بولۇپ، كىرىزىس جەريانىدا كۆرۈلگەن كەسكىن رىقابەت، كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش ئۇسۇلى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تېزلىكتە مونوپول كاپىتالىزم باسقۇچىغا ئۆتتى.

**سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كېڭىيىشى** ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى، سانائەت تارماقلىرىنىڭ كۆلىنىڭ كۆپىيىشى، يەنە كېلىپ ئەمگەكنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلمىيلىشىشىغا ئەگىشىپ، 20 ـ ئەسىر كىرگەندىن كېيىن ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە سانائەتلىشىش پۈتۈنلەي تاماملاندى. سانائەتلىشىش بۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

بىرىنچى، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە سانائەتنىڭ ئورنى ئىنتايىن ئۆسۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئورنى ماس ھالدا تۆۋەنلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئامېرىكىدا يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ساقلاپ تۇرالىدى. 1889 ـ يىلى سانائەتنىڭ ساپ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 510 مىليون دوللارغا يېتىپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 58.3% نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ساپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 240 مىليون دوللار بولۇپ، 41.7%نى ئىگىلىدى. سانائەت يېزا ئىگىلىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

فىرانسىيە ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدىكى چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بولۇپ، ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى ئۇنچە تېز ئەمەس، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ كىچىك ئىدى. لېكىن، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى.

ئىككىنچى، يېنىك سانائەتنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يېتەكچى ئورنىنى ئېغىر سانائەت ئالدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىنقىلابى كۆپىنچە پاختا توقۇمىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېنىك سانائەتنى تىرەك قىلغان بولۇپ، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئېنېرگىيە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، خام ماتېرىيال ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرگە تېخىمۇ كۆپ تەلەپلەر قويۇلدى. بۇ سەۋەبلىك يۈز بەرگەن 2 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە بىر قاتار يېڭى سانائەت تارماقلىرىنىڭ، مەسىلەن، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، خىمىيە، پولات ـ تۆمۈر، نېفىت ۋە ماشىنىسازلىق قاتارلىق سانائەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئېغىر سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى سانائەتلىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولدى. ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى ئەڭ بۇرۇن يۈزبەرگەن دۆلەت بولۇپ، يېنىك سانائەتنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى سانائەت قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى. لېكىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە بۇ قۇرۇلمىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1907 ـ يىلى، ساپ مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئېغىر سانائىتى بىلەن يېنىك سانائىتىنىڭ نىسبىتى 42:58 بولۇپ، ئېغىر سانائەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. گېرمانىيەدە سانائەت ئىنقىلابى

كېيىنرەك باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن سانائەتلىشىش قەدىمى ناھايىتى تېز بولدى. 1895 ـ يىلى گېرمانىيەدىكى ئېغىر سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 35.1% بولغان بولسا، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 54.5% كە يەتتى. ئېغىر سانائەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەھەرلەرگە كۆچۈشى بۇ مەزگىلدىكى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولدى. ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە گېرمانىيەدە ئاھالىنىڭ شەھەرلەرگە كۆچۈشى ئالاھىدە تېز بولدى. 1871 ـ يىلى شەھەر نوپۇسى مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 36.1% نى ئىگىلىگەن بولسا، 1900 ـ يىلى 54.4% نى، 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا 60% نى ئىگىلىدى. ئامېرىكىدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ نىسبىتى 1870 ـ يىلى 25.7% بولغان بولسا، 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە 39.7% كە يەتتى. ئەنگلىيەدە شەھەرلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 1901 ـ يىلى شەھەر نوپۇسى 77% كە يەتتى. فىرانسىيەدە شەھەرلىشىش ئانچە تېز بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1911 ـ يىلىغا قەدەر ھەر ئون يىلدا 3% ئاھالە يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ ئولتۇراقلاشتى. شەھەرلەشكەنلىك سانائەتلەشكەنلىككە تەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ مەزگىلدە ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ شەھەر نوپۇسى تېز ئاشتى. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن سانائەتنىڭ ئۈزۈكسىز ئېشىش ۋە نىسپىي مەركەزلىشىش يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتكۈزدى.

كاپىتالىستىك سانائەتلىشىش چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۈزۈكسىز كېڭەيدى. كاپىتالنىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ. كاپىتالىستىك سانائەت ھەرخىل

تېخنىكىنىڭ خەلقئارادا تارقىلىشى، خەلقئارا سودا، خەلقئارا كاپىتال ئوبوروتى ۋە خەلقئارالىق كۆچمەنلەرسەۋەبى بىلەن ئىلگىرى كاپىتالىزم قاينىمىغا تولۇق كىرىپ بولالمىغان دۆلەت ۋە رايونلارغا كېڭىيىپ، يەر شارىلاشقان دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1870 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىدە تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن. 1870 ـ يىلى ئۇلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 78% نى ئىگىلىگەن بولسا، 1881 ــ 1885 ـ يىللىرى تەخمىنەن 79% نى ئىگىلىگەن. 1896 ــ 1900 ـ يىللىرى بولسا74% نى ئىگىلىگەن، 1913 ـ يىلى بولسا 72% نى ئىگىلىگەن. ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر گەرچە دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. رۇسىيە 1861 ـ يىلى يانچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، سانائەت تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 9.5 ھەسسە ئاشتى. 1913 ـ يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دۇنيادا 5 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، ئوتتۇراھال تەرەققىيات سەۋىيەسىگە يەتتى. ياپونىيە مېيجى يېڭىلىقى كۈچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىن سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 1901 ــ 1914 ـ يىللاردا ياپونىيە سانائىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.3% كە يېتىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئېشىش سەۋىيەسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. كاپىتالىستىك سانائەتلىشىش تېخىمۇ كۆپلىگەن دۆلەتلەردە قانات يايدى.

ئەنگلىيەنىڭ گۈللىنىشتىن چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىشى 19 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئارىلىقىدا يىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك ئىقتىساد تېز يۈكسىلىپ،

سانائەتلىشىش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي باراۋەرلىكىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى. 1870 ـ يىلى ئەنگلىيە دۇنيادا تەڭداشسىز ئىدى. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ دۇنيانىڭ سانائەت ۋە سودىسىدىكى ئورنى تەۋرىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئەنگلىيەنىڭ زومىگەرلىكىگە جەڭ ئېلان قىلدى.

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەنگلىيە بىر ئەسىردىن كۆپرەك تەرەققىيات ئارقىلىق «دۇنيا زاۋۇتى»غا ئايلىنىپ، «گۈللەنگەن دەۋر»نى ياراتتى. 20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا دۇنيانىڭ ئىقتىسادى ۋە مالىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەركىزىي دۆلەت بولدى. لوندون دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئەنگلىيە سودا، دېڭىز ترانسپورتى، ھەتتا ئەنئەنىۋى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. چىقارغان كاپىتالىنىڭ سوممىسى ۋە ئېشىش دەرىجىسى باشقا بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن يۇقىرى بولۇپ، سانائىتىدىكى ئۈچ تۈۋرۈك كەسىپ — كۆمۈرچىلىك، پاختا توقۇمىچىلىق ۋە كېمىسازلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدا يەنىلا ئۇچقاندەك يۈكسىلىش باسقۇچىدا تۇردى. لېكىن، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا بەزى چېكىنىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 1850 — 1870 ـ يىللىرى ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.12% بولغان بولسا، 1870 — 1913 ـ يىللىرى 2.1% كە چۈشۈپ قالدى. ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1870 ـ يىلى 1 / 3 بولغان بولسا، 1900 ـ يىلى 1 / 5 گە، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا 1 / 7گە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇل سانائەت بولغان كۆمۈر، چۆيۈن ۋە پولاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تېزدىن تۆۋەنلىدى. 1880 ـ يىلى كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى

www.uygurkitap.com

ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ بولغان بولسا، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن سەل ئاشتى. چويۇن مەھسۇلات مىقدارى 1890 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ چۆيۈن مەھسۇلات مىقدارىدىن كېيىن قالدى، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ چويۇن مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 3 / 1گىلا توغرا كەلدى، گېرمانىيەنىڭ چويۇن مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كەلدى. پولات مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئامېرىكىنىڭ پولات مەھسۇلات مىقدارىدىن كېيىن قالدى، 1900 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاران 1/4 ىگە توغرا كەلدى، گېرمانىيەنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە تاشقى سودىسىنىڭ خەلقئارا سودىدىكى نىسبىتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، 1880 ـ يىلىدىكى 1/4دىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 1/6گە چۈشۈپ قالدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تاشقى سودا ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئەنگلىيە بۇ جەھەتتە باشقا دۆلەتلەرنى خېلىلا كەينىدە تاشلاپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندى. بۇ جەھەتتىكى چېكىنىش ئەنگلىيەنىڭ گۈللىنىشتىن چېكىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى.

ئەنگلىيەنىڭ نىسپىي چېكىنىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىلگىرىلەش روھىنىڭ كەمچىل بولۇشى بولۇپ، بۇ ئۇزاقتىن بۇيان «دۇنيانىڭ زاۋۇتى» بولۇش ئەۋزەللىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي ئۈنۈم ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سانائەتنىڭ قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىچىدىن يانىدىغان دېۋىگاتېل بىلەن ئېلېكتىر موتورنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى سانائەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. ئەمما، ئەنگلىيەدە ئەنئەنىۋى

سانائەت ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىك سەۋەبىدىن سانائەت بازىسلىق ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى. يېڭى سانائەت زور مىقداردىكى كاپىتالنى جۇغلىيالمىغانلىقتىن، تولىمۇ تەستە تەرەققىي قىلدى. ھۆكۈمەت گەرچە ماشىنا، ئاپتوموبىلسازلىق، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ۋە سۈنئىي يىپەك قاتارلىق يېڭى سانائەتلەرنى يۆلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ كۆلىمى كىچىك بولغانلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى تۇراقلىق بولمىغانلىقتىن، يەنىلا كونا سانائەتلەرنىڭ چېكىنىشىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىدى. تېخنىكىدىكى مۇتەئەسسىپلىكمۇ ئەنگلىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر ئىمزىدا توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىستىقبالى پارلاق بولغان يېڭى كەشپىياتلارنى قوبۇل قىلىشنى خالىماسلىق يېڭى بىر ئەۋلاد تېخنىكا كۆچلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىنى ۋە چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى ئاستىلىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتىكى قالاقلىق ۋە كونىلىقمۇ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولدى. ئەنگلىيە كارخانىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى ئەركىن قويۇۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مونوپوللىشىش سەۋىيەسى ئۇزاق مەزگىلگىچە تۆۋەن بولۇپ، تەرەققىياتى تولىمۇ ئاستا بولدى. كونىچە كارخانا تۈزۈلمىسى ۋە شۇ سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەن تۆۋەن ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش كارخانىلارنى كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇندىنمۇ مەھرۇم قىلدى.

**ئامېرىكا، گېرمانىيەنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت دۆلىتىگە** ئايلىنىشى ئامېرىكا، گېرمانىيەنىڭ يېڭى سانائەت دۆلىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشى ئەنگلىيەنىڭ چېكىنىشى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى.

1870 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە ئامېرىكا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ سانائىتى 8.1 ھەسسە ئاشتى. ھالبۇكى، بۇ

چاغدا ئەنگلىيەنىڭ سانائىتى ئاران 1.3 ھەسسە ئاشقانىدى. 1894 ـ يىلى ئامېرىكا سانائەت جەھەتتە بىر سەكرەپلا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرق بارغانسېرى زورىيىشقا باشلاپ، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 24 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، دۇنيا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3 / 1ـنى ئىگىلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە چويۈن مەھسۇلات مىقدارى 1860 ـ يىلىدىكى 840 مىڭ توننىدىن 1915 ـ يىلىغا كەلگەندە 33 مىليون تونىغا يەتتى. شۇ مەزگىلدە يېڭىچە پولات تاۋلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، پولات مەھسۇلات مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئەسلىدىكى 12 مىڭ توننىدىن 1915 ـ يىلىغا كەلگەندە 32 مىليون تونىغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېمەكلىك ياساش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمىچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچ مەھسۇلاتلار سانائىتىمۇ ئامېرىكا سانائىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ئامېرىكا سانائىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. نېفىت سانائىتى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا ئامېرىكىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلدى. 1860 ـ يىلى نېفىتنىڭ قېزىلىش مىقدارى 500 مىڭ تۇڭ بولغان بولسا، 1910 ـ يىلى شىددەت بىلەن ئېشىپ 209 مىليون 600 مىڭ تۇڭغا يەتتى. 1895 ـ يىلى يېڭىلا بارلىققا كەلگەن ئاپتوموبىل سانائىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1914 ـ يىلى 560 مىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرالايدىغان سەۋىيەگە يەتتى. ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سانائىتىمۇ كەينىدە قالماي، 1914 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 359 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يەتتى. ئامېرىكا سانائىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئەنگلىيەگە ھەر جەھەتتىن تەھدىت بولدى. 1901 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك لورد رىسبېرى: بۈيۈك بىرىتانىيە

ئىمپېرىيەسى ئامېرىكا بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە رىقابەتلىشىپ قىلىشتىن ئىنتايىن قورقىدۇ، چۈنكى «ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تەڭداشسىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى چەكسىز» دېدى.

ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ كېيىنرەك ئۆز ھەيۋىسىنى نامايان قىلىشىدا، ئۇنىڭ مول تەبىئىي بايلىقى، كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى، پايدىلىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىتىدىن باشقا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئىنژېنېر تايلور ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېڭى بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. بۇ كېيىن ئۇنىڭ نامى بىلەن «تايلور تۈزۈمى» دەپ ئاتىلىپ، زاۋۇت، كارخانىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى مۇكەممەللەشتى. ھېنرى فورد ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى توختاۋسىز ھالدا قۇراشتۇرۇش ئىشچىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئايلانما تاسمىنى ئىجاد قىلىپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشنى زور ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. «فوردىزم»نىڭ دۇنياغا كېلىشى زور مىقداردىكى تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنى بازارغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن زور بايلىق ياراتتى.

گېرمانىيەنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ئامېرىكىنىڭكىدىن قېلىشمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئەنگلىيە، فرانسىيەدىن ئېشىپ كېتىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. 1870 ـ يىلىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىغىچە گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 4.7 ھەسسە ئاشتى. مول كۆمۈر بايلىقى ئۈنۈملۈك ئېچىلىپ، كۆمۈر

مەھسۇلات مىقدارى 1870 ـ يىلىدىكى 34 مىليون تونندىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 277 مىليون تونىغا يەتتى. توماس ـ گىلچىرىست پولات تاۋلاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن پولات مەھسۇلات مىقدارى ئىنتايىن تېز ئېشىپ، 1870 ـ يىلىدىكى 170 مىڭ توننىدىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 18 مىليون 320 مىڭ تونىغا يېتىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ پولات مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئوخشاش مەزگىلدە يەنە چويۇن مەھسۇلات مىقدارىمۇ 1 مىليون 390 مىڭ توننىدىن 19 مىليون 310 مىڭ تونىغا يەتتى. چويۇن ۋە پولات مەھسۇلات مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشى مېتال تاۋلاش سانائىتىگە ئاساس سالدى. بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئامېرىكىغا ئوخشاشلا گېرمانىيەنىڭ سانائەتلىشىشىنىڭمۇ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى. گېرمانىيەنىڭ خىمىيە سانائىتى بىلەن ئېلېكتىر سانائىتى دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى گېرمانىيەدە خىمىيە سانائىتى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى، لېكىن 40 يىلدىن كېيىن كىسلاتا، شۇلتا قاتارلىق ئاساسىي خىمىيە مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ، يېرىك ۋە نازۇك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى، شۇنداقلا بوياق ماتېرىياللىرى زور مىقداردا چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان بولدى. گېرمانىيەنىڭ خىمىيە سانائەت ئىشچىلىرى 1882 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە بولغان 25 يىلدا ئىككى ھەسسە ئاشتى. ئېلېكتىر سانائىتى گەرچە ئامېرىكىنىڭ كەينىدە تۇرسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتى پەۋقۇلئاددە تېز بولۇپ، 1891 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 28 ھەسسە ئاشتى. ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى تاشقى سودىدا ئۆزۈكسىز يېڭى بازار

ئېچىپ، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۇنىڭغا يېتەلمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېلېكتىرنى ئالاھىدە ئىشلاردا ئىشلىتىش جەھەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تۆمۈريول ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە توكنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتتى.

گېرمانىيەنىڭ سانائىتى گەرچە كېچىكىپرەك راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتىنىڭ تېزلىكى ھازىرقى زامان ئىقتىساد تارىخىدا يەنىلا بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا گېرمانىيەنىڭ 1870 ـ يىلى ئۇزاق مەزگىللىك بۆلۈنمە ۋەزىيەتنى تۈگىتىپ، دۆلەت ئىچى بازىرىنى شەكىللەندۈرگىنىدىن باشقا، پرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ 5 مىليارد فىرانك تۆلەم پۇلىغا ۋە ئالساس، لورراين رايونىغا ئېرىشىش گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيەنىڭ مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئىلمىي ئۇسۇللارنى سانائەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىشى ئۇنى بۇ مەزگىلدە مول نەتىجىلەرگە ئىگە قىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەت — ئەنگلىيەگە يېتىشىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشىدە، ئۇلارنىڭ 2 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بىر تۈركۈم يېڭى سانائەتلەرنى بەرپا قىلىپ، بۇ سانائەتلەردە كارخانىلارنىڭ ئەسلىي تەشكىلىي شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، كەڭ دائىرىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتەك بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك بار ئىدى.

## 2 ـ بۆلۈم  جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى

**مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 2 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، كاپىتالىزم ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ھەم دۇنيا مىقياسىدا كېڭىيىپ، كاپىتالىزم دۇنياسى ئىقتىسادىي سىستېمىسى ئاخىر شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئېغىر سانائەتنى ئالاھىدىلىك قىلغان يېڭىچە سانائەت تارماقلىرىنىڭ گۈللىنىشى كارخانا كۆلىمىنىڭ زور، كاپىتالنىڭ مول بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ ئۈزلۈكسىز مەركەزلىشىش يۈزلىنىشى شەكىللەندى. كاپىتالىستلار ئارىسىدىكى رىقابەتمۇ كەسكىنلىشىپ، 1873 — 1907 ـ يىللاردا دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. بۇمۇ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، چوڭ كارخانىلارنىڭ كىچىك كارخانىلارنى قوشۇۋېلىشى ۋە چوڭ كاپىتالنىڭ كىچىك كاپىتالنى يۇتۇۋېلىشىنى تېزلەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەركەزلىشىشى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئاخىرى مونوپول تەشكىلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

مونوپول تەشكىلات — ئادەتتە كاپىتالىستىك كارخانىلار ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنى يالغۇز ئىگىلەپ يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان مونوپول ئىقتىسادىي ئىتتىپاقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن كارتېل، سىندىكات، ترېست ۋە كونسېرىن قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ

تەرەققىياتى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، شەكلىمۇ ھەر خىل ئىدى. ئامېرىكىدىكى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى تىرېست ئەندىزىسىنى قوللانغانىدى. 1900 — 1907 - يىللاردا ئامېرىكىدا چوڭ تىرېست 185تىن 250كە يەتكەن بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارماقلىرىنى قاپلىغانىدى. گېرمانىيەدىكى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكىنىڭكىگە يېقىنلىشىپ قالىدىغان بولۇپ، كارتېل ئەندىزىسى بىرقەدەر ئومۇملاشقانىدى. 1905 — 1911 - يىللاردا گېرمانىيەدىكى كارتېل 385تىن 1600گە يەتكەنىدى. 1900 - يىلى سانائەت كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۆزلىرىنىڭ كارتېللىرى بار ئىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى ئامېرىكا، گېرمانىيەنىڭكىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر سانائەت، بولۇپمۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت ساھەلىرىدە مونوپولىيە يۈزلىنىشىمۇ كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. رۇسىيە بىلەن ياپونىيە كاپىتالىزمغا كېيىن قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن چەت ئەل كاپىتالىنىڭ يۆلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە قوغدىشى بىلەن كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. قىسقىسى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا مونوپولىيە باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، مونوپول تەشكىلاتلار پۈتكۈل كاپىتالىزم ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى.

مونوپول تەشكىلاتلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شۇئانلا دۆلەت ئىچىدىكى پۈتكۈل سانائەت تارماقلىرىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت شىركىتى يېڭى جېرسىي موبىل نېفىت شىركىتى 1904 - يىلى ئامېرىكىدىكى نېفىت بازىرىنىڭ 85% نى، نېفىت ئېكسپورت سودىسىنىڭ 90%نى مونوپول قىلغان. مورگاننىڭ

ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شىركىتى 1901 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى پولات ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى مونوپول قىلغان. 1910 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى مونوپول تەشكىلاتلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئىچىدە توقۇمىچىلىقنىڭ 50%نى، ئەينەكچىلىكنىڭ 54%نى، پاختا رەختلەرگە گۈل بېسىش ۋە بوياشنىڭ 60%نى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ 60%نى، ھاراقچىلىقنىڭ 72%نى، مېتالچىلىقنىڭ 77%نى، خىمىيە سانائىتىنىڭ 81%نى، پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ 84%نى مونوپول قىلغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىنىڭ ھەممىسىلا ترېستنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان. گېرمانىيەدە مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادقا بولغان كونتروللۇقى ئىنتايىن روشەن بولغان بولۇپ، داڭلىق رېيىن ـ ۋېستفالىيە كۆمۈر سىندىكاتى 1903 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 50%نى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ كوكس ۋە كېسەك كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپول قىلىۋالغان. ھەرقايسى پولات ـ تۆمۈر كارتېللىرىدىن تەشكىللەنگەن «پولات ـ تۆمۈر ئىتتىپاقى» 1910 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 98% پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىنى كونترول قىلغان. ئېلېكتىر سانائىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېلېكتىر باش شىركىتى ۋە سېمېنس شىركىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گورۇھ كونترول قىلغان. 1910 ـ يىلى مونوپول تەشكىلاتلار گېرمانىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 80%نى ئىگىلىگەن.

سانائەت كاپىتالىنىڭ مەركەزلىشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بانكا كاپىتالىمۇ تېز مەركەزلەشتى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ بانكا كاپىتالىنىڭ مونوپولىيە دەرىجىسى سانائەتنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولدى. 1913 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى بانكىلارنىڭ ئاران 5%نى ئىگىلەيدىغان بەش چوڭ بانكىنىڭ ئامانەت سوممىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق

www.uyghurkitap.com

بانكىلارنىڭ ئومۇمىي ئامانەت سوممىسىنىڭ 40%ىنى ئىگىلىگەن. 1914 ـ يىلى فىرانسىيەدىكى بانكىلارنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 11 مىليارد فىرانك بولۇپ، ئۇنىڭ 73%نى ئالدىنقى قاتاردىكى بەش بانكا ئىگىلىگەن. گېرمانىيەدىكى ئالتە چوڭ بانكىنىڭ 1910 ـ يىلىدىكى كاپىتالى 1 مىليارد 120 مىليون ماركقا يەتكەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي ئامانەت سوممىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن. ئامېرىكا بانكا كاپىتالىمۇ ئاساسلىق ئىككى چوڭ مالىيە گۇرۇھىنىڭ، يەنى ستى بانكىسى بىلەن مىللى سودا بانكىسىنىڭ قولىدا بولغان. بۇنداق بانكىلار مونوپوللۇق ئورنىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زور كۆپ قىسىم ئامانەت پۇلنى كونترول قىلىش، قەرز ـ رەنە كەسپىنى بېجىرىش، زايوم ۋە پاي چېكىنى ئىگىلەش، ئاكسىيە تارقىتىش قاتارلىق يوللار ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق سانائەت كاپىتالىغا سىڭىپ كىرىپ، پۇل مۇئامىلە كاپىتالى بولۇپ شەكىللەندى ھەم بۇ ئاساستا پۇل مۇئامىلە ئولىگارخىيەسى شەكىللىنىپ، دۆلەت سىياسىتى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى كونترول قىلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى مونوپولىيەنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ خەلقئارا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئەللەردىكى مونوپول تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى كۈرەشمۇ بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. رىقابەت كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن ھەرقايسى مونوپول گۇرۇھلار دائىم دېگۈدەك كېلىشىم تۈزۈپ، دۇنيانى ئىقتىسادىي جەھەتتە بۆلۈشۈۋالىدىغان خەلقئارالىق مونوپول تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتى. مەسىلەن، ئېلېكتىر ساھەسىدە گېرمانىيە ئېلېكتىر باش شىركىتى بىلەن ئامېرىكا ئېلېكتىر باش شىركىتى 1907 ـ يىلى بازار بۆلۈشۈش ھەققىدە كېلىشىم تۈزدى. دېڭىز تىرانسپورتى جەھەتتە، 1903 ـ يىلى ھامبورگ ـــ ئامېرىكا شىركىتى، شىمالىي گېرمانىيە دېڭىز تىرانسپورت شىركىتى ۋە

مورگان ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا دېڭىز ترانسپورت ترېستى ئارىسىدا پائالىيەت دائىرىسىنى ئايرىش شەرتنامىسى ئىمزالاندى. بۇنداق خەلقئارالىق مونوپول تەشكىلاتلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە 100گە يەتتى. بۇ خەلقئارالىق مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى كارتېل شەكلىدە بولۇپ، ئالاقىسى كەمچىل، يەنە كېلىپ ئوبوروت ساھەسىگىلا مەركەزلىشىپ قالغان بولغاچقا، ھازىرقى زاماندىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەردەك ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مونوپولىيەنىڭ دۆلەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا، يەنى «دەرىجىدىن تاشقىرى مونوپولىيە» باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىش تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

مونوپولىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن گەرچە ئۆتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ناچار تەسىرى سەۋەبلىك كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە چىرىكلىشىش يۈزلىنىشى كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ چىرىكلىشىش يۈزلىنىشى كاپىتالىزمنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولالمىدى. چۈنكى، رىقابەت كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، مونوپولىيە رىقابەتنى يوقاتماستىن، بەلكى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى. يەنە كېلىپ مونوپولىيە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە تېخنىكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ياخشىلىنىش جەريانىنىمۇ ئىجتىمائىيلاشتۇردى. مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ مول كاپىتالى، شۇنداقلا پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى بار ئىدى ھەم ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خىل يېڭى ئىقتىسادىي

www.uyghurkitap.com

تەشكىلات قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى مەلۇم دەرىجىدە يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇئەييەن پىلان بىلەن تەشكىللەپ، بازارنى كونترول قىلالايتتى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىش تەقسىماتىنى ۋە كەسىپلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ مونوپول ھەرىكەتلەرنى تەڭشەپ تۇردى. 1857 - يىلى گېرمانىيە مونوپول رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنى ماقۇللىدى. 1890 - يىلى ئامېرىكا شېرمان قانۇنىنى ماقۇللاپ، رىقابەتكە تەشكىللىك قارشى تۇرۇشنى چەكلىدى. قىسقىسى، مونوپولىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىستىك ئىقتىساد 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۈچقاندەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

جاھانگىرلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى مونوپول كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ماھىيىتى جاھانگىرلىكتۇر. مونوپولىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۆز نۆۋىتىدە كاپىتالىزمنىڭ يېڭى باسقۇچقا — جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭمۇ بەلگىسىدۇر. ئەركىن كاپىتالىزمغا ئوخشىمايدىغان يېرى، مونوپول كاپىتالىزم ئۆزگىچە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى يۇقىرى چەكتە مونوپول پايدىغا ئېرىشىش ئىدى. شۇڭا، كاپىتال چىقىرىشنى كېڭەيتىش، چەت ئەللەردىكى بازارلارنى ۋە خام ئەشيا چىقىدىغان جايلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنىڭ

كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى.

كاپىتالىستلار ھامان ئەڭ چوڭ پايدىنى قوغلىشىدۇ، شۇڭا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كاپىتال چىقىرىش ھادىسىسى دائىم دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىدۇ. لېكىن، مونوپولىيە باسقۇچىغا كەلگەندىلا كاپىتال چىقىرىش تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. مونوپول كاپىتالىستلار ئەڭ يۇقىرى مونوپول پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، «ئېشىنچا»كاپىتالنى پائال سىرتقا چىقاردى، يەنە كېلىپ، قالاق دۆلەتلەر ۋە كېيىن گۈللەنگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە چىقاردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتال چىقىرىش كۆلىمى كېڭەيدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق بەش دۆلەتنىڭ 1825 ـ يىلى چەت ئەلگە چىقارغان كاپىتالى ئاران 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1870 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 7 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، 38 مىليارد 550 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە سىرتقا كاپىتال چىقىرىشتا ئەنگلىيە ئىزچىل ئالدىدا مېڭىپ كەلگەن بولۇپ، 1913 ـ يىلى سىرتقا چىقارغان كاپىتالى 19 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئۇنىڭ مىللىي بايلىقىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى. فىرانسىيە ئۇنىڭ كەينىدە بولۇپ، 1913 ـ يىلى سىرتقا چىقارغان كاپىتالى 8 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئۇنىڭ مىللىي بايلىقىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىشتىكى يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەنگلىيە كاپىتالنى كۆپىنچە مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرگە ۋە ئامېرىكىغا چىقىراتتى ھەمدە خېلى زور بىر قىسمىنى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلىدا چىقىراتتى. فىرانسىيەنىڭ كاپىتالى ئاساسەن

ياۋروپاغا، بولۇپمۇ رۇسىيەگە چىقىرىلىدىغان بولۇپ، بىرىنچىدىن كۆپرەكى قەرز بېرىش ئۇسۇلىدا چىقىرىلغاچقا، «جازانىخور كاپىتالىستىك دۆلەت» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ مەزگىلدە گېرمانىيەنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولدى، ھەتتا ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئېشىپ كەتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا سىرتقا چىقارغان ئومۇمىي كاپىتالى 6 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئۇنىڭ مىللىي بايلىقىنىڭ 15تىن بىرىنى ئىگىلەپ، ئۈچىنچى چوڭ كاپىتال چىقارغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. گېرمانىيە چىقارغان كاپىتالنىڭ يېرىمى ياۋروپاغا، قالغان قىسمى ئامېرىكا، ئاسىيا، ھەتتا ئافرىقىغا چىقىرىلغانىدى. ئامېرىكا سىرتقا كاپىتال چىقىرىشتا كېيىندىن يېتىشىۋالغۇچى بولۇپ، 1900 ـ يىلىدىن ئىلگىرى سىرتقا سالغان مەبلىغى ئازراق ئىدى، لېكىن 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە سىرتقا چىقارغان كاپىتالى 3 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ سىرتقا كاپىتال چىقىرىشتىكى ئەلپازى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش قارا نىيىتىنى تولۇق ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى.

كاپىتال چىقىرىشنىڭ جىددىي كېڭىيىشى بىلەن مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى ۋە مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى تالىشىش مونوپول گورۇھلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كاپىتال چىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى كاپىتالنىڭ زىيانغا ئۇچراش خەۋپىنىڭمۇ ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، بۇ كاپىتال چىقارغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، كاپىتال چىقىرىش كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىنتايىن جىددىيلەشتۈرۈپ، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مونوپولىيە مەزگىلىدە دۇنيا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغاچقا،

كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى يېڭى بازارلارغا، زۆرۈر خام ئەشيالار بىلەن تولۇق تەمىنلىنىشكە جىددىي موھتاج بولدى. تاشقى سودىنىڭ گۈللىنىشى دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەتنى كۈنسايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەركىن بازار، يەنى مونوپول تەشكىلاتلار تېخى ئىگىلىمىگەن بازارلار بارغانسېرى تارايدى. شۇڭا، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆز كاپىتالىنىڭ ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىشى تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىقتىسادتىن ھالقىغان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تېخى ئىستېلا قىلىنمىغان جايلارنى بويسۇندۇرىدىغان «مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى»نى يولغا قويدى، شۇ سەۋەبلىك جاھانگىرلىك كېلىپ چىقتى.

**تەلۋىلەرچە مۇستەملىكە تالىشىش دولقۇنى** مۇستەملىكە تالىشىش جۇغراپىيەلىك چوڭ بايقاشلارغا ئەگىشىپ باشلانغانىدى. ئەنگلىيە ئۇرۇش ئارقىلىق باش كۆتۈرۈپ، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ، ئىزچىل مونوپوللۇق ئورنىنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن، 19 ـ ئەسىردە باشقا چوڭ دۆلەتلەرمۇ مۇستەملىكە تالىشىش كۈرىشىگە قاتنىشىپ تۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 30 يىلىدا كاپىتالىزمنىڭ مونوپولىيە باسقۇچىغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جاھانگىرلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇستەملىكە تالىشىشنى يەنە ئەۋجىگە چىقاردى.

1870 ــ 1900 ـ يىللاردا ئەنگلىيە، رۇسىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق ئەڭ كۈچلۈك ئالتە جاھانگىر دۆلەت 25 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر مۇستەملىكە زېمىن ئىگىلەپ، ئەسلىدە ئىگىلىگەن مۇستەملىكە كۆلىمىنى يېرىمدىن كۆپرەك كېڭەيتتى، يەنى ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە زېمىنى ئەسلىدىكى 40 مىليون كىۋادرات كىلومېتىردىن 65 مىليون كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە ئالتە چوڭ مۇستەملىكىچى دۆلەت ۋە باشقا ئۇششاق مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر (مەسىلەن، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە،

www.uyghurkitap.com

بېلگىيە قاتارلىقلار) ئىگىلىگەن مۇستەملىكە زېمىن 74 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، يەر شارى كۆلىمىنىڭ 55%ىنى ئىگىلىدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىش نىسبىتى بويىچە قارىغاندا، ئاۋستىرالىيەنىڭ پۈتكۈل زېمىنى، ئافرىقا قىتئەسىدىكى 90.4% زېمىن، ئاسىيا قىتئەسىدىكى 56.6% زېمىن، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى 27.2% زېمىن مۇستەملىكە قىلىندى. لېكىن، بۇ سان ـ سىپىرلار مەسىلىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ تولۇق مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا ئائىت سان ـ سىپىرلارلا خالاس. بۇلاردىن باشقا، يەنە بەزى دۆلەت ۋە رايونلار، مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ئەسلىدىكى تولۇق مۇستەملىكىدىن يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلاندى. ئاسىيا قىتئەسىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى، جۇڭگو، ئىران، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر شەكىل جەھەتتە يەنىلا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسى ۋە تەسىر دائىرىسىگە ئايلىنىپ قالدى، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇلارغا خالىغانچە مۇداخىلە قىلىپ، سىياسىيسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيانى تەلۋىلەرچە بۆلۈشۈۋېلىش دولقۇنىدا، كۈچلۈك مۇستەملىكچى دۆلەتلەرئۆز ئالدىغا نىشانلارنى بېكىتىشتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيىش، «قۇياش پاتماس» ئىمپېرىيەلىك ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشتەك تاشقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتمىدى. شۇڭا، ئاسىيا، ئافرىقىدا توختىماي زېمىن يۇتۇۋېلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لاتىن ئامېرىكىسىغا سالىدىغان كاپىتالىنى كۆپەيتىپ، بۇ رايوننىڭ

ئىقتىسادىي زومىگەرلىگە ئايلاندى. 1876 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە زېمىنى 22 مىليون 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر بولغان بولسا، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە 33 مىليون 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، ئۆز زېمىنىنىڭ 110 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. كېڭەيمىچىلىك بىلەن قۇدرەت تاپقان چارروسىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئاسىيانى ئاساسلىق نىشان قىلىپ، يىراق شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانى يۇتۇۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي ياۋروپا ۋە بالقان رايونىغا كېڭەيمىچىلىك قىلدى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان زېمىنى 17 مىليون 400 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، دۇنيادا ئەنگلىيەدىنلا قالسا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. فىرانسىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئافرىقىنى تالىشىشنى تېزلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىچىنىدا پائال ھەرىكەت قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋېيېتنام، كامبودژا ۋە لائوسنى تىزگىنلىدى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە 10 مىليون 600 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر مۇستەملىكە زېمىنغا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى 3 ـ چوڭ مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەگە ئايلاندى. گېرمانىيە 80 ـ يىللاردىن باشلاپ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى بېسىۋالدى ھەم ئوكيانىيە ۋە جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 1914 ـ يىلى ئۇ بېسىۋالغان مۇستەملىكە زېمىن 2 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش ئاساسەن تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مەنپەئەت توقۇنۇشى ۋە ئولجا باراۋەرسىزلىكى تۈپەيلى دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈش كۈرىشى باشلاندى.

**ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ باش كۆتۈرۈشى** ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، ياپونىيەمۇ ھەيران قالارلىق سۈرئەتتە كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. لېكىن، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مۇستەملىكىچىلەر سېپىگە كېيىنرەك قوشۇلغان بولغاچقا، مۇستەملىكە زېمىنى ئازراق بولۇپ، 1914 ـ يىلى 300 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن مۇستەملىكە زېمىن ئىگىلىدى. ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن سىياسىي ئەمەلىي كۈچ ۋە مۇستەملىكە ئىگىلەش جەھەتتىكى ئاجىزلىق تەتۈر تاناسىپ شەكىللەندۈرگەنلىكتىن، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ بۇ دەۋردىكى كېڭەيمىچىلىكى ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق كونا جاھانگىر دۆلەتلەردىن دۇنيانىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئامېرىكا «يەككىچىلىك» مەيدانىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كەڭ دائىرىدە قول تىقىشقا باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق كېڭەيمىچىلىك نىشانى يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونى بولدى. 1898 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىش يېڭى دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1898 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھاۋانا پورتىغا توختىتىپ قويۇلغان ئامېرىكىنىڭ «مايىن» ناملىق پاراخوتى سىرلىق ھالدا پارتلاپ چۆكۈپ كەتتى. ئامېرىكا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىچىدە ئىسپانىيەگە قارشى ئۇرۇش كەيپىياتى پەيدا قىلىپ، ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىمزالانغان «پارىژ سۈلھى كېلىشىمى»دە، پوئېرتورىكو ۋە فىلىپپىننى ئامېرىكا قوشۇۋالىدۇ، ئىسپانىيە كۇباغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بارلىق ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ، ئۇ

يەرنى كۇبا هۆكۇمىتى قۇرۇلغىچە ئامېرىكا ئىگىلەپ تۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. لېكىن، 1901 ـ يىلىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھەدە، ئامېرىكا كۇبانىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى نازارەت قىلىشقا، كۇبالىقلارنىڭ تۇرمۇشى، مال ـ مۈلكى، كىشىلىك ئەركىنلىكىگە، ھەتتا كۇبانىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا ئارىلىششقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن كۇبا ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلەرنى قايتىدىن بۆلۈشۈش ئۈچۈن قىلغان تۇنجى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا كارىب دېڭىزى ۋە تىنچ ئوكياندىكى تاجاۋۇزچىلىقىدا زور پايدىغا ئېرىشتى.

جۇڭگو مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق سىياسىتىنىڭ داۋامى ئىدى. 1899 ـ يىلى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھاي جون ئەنگلىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە ياپونىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە قاتارلىق ئالتە دۆلەتكە يوللىغان نوتىسىدا، ئامېرىكىنىڭ «مەنپەئەتى ھەرقانداق كۈچلۈك دۆلەتنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرە ئىگىلەش ھەرىكىتى سەۋەبلىك زىيانغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودىسىغا نىسبەتەن بىر ئېچىۋېتىلگەن بازارنى ساقلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ، تۇنجى قېتىم ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1900 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئامېرىكا 2 ـ قېتىم «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» ھەققىدە نوتا چىقىرىپ، ئاتالمىش «جۇڭگونىڭ زېمىنى ۋە مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىنى قوغداش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا «تەسىر دائىرە» كېڭەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى «قانۇنلۇق مەنپەئەتى»نى نەزەرگە ئالماسلىقىغا قارشى تۇردى. «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» ماھىيەتتە ئامېرىكىنىڭ باشقا جاھانگىر

دۆلەتلەر جۇڭگودا ئېرىشكەن بارلىق ئىمتىيازدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىشى ئىدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ گويا جاھانگىرلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا ئىگىلىگەن بارلىق بازىلىرىغا بۆسۈپ كىرىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا جۇڭگودا ئۆز ئەمەلىي كۈچىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1823 ـ يىلى مونروئىزم دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، لاتىن ئامېرىكىسىغا ئۇزۇكسىز سىڭىپ كىرىش ۋە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەسىرىگە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەس نىشانىغا ئايلاندى. 1901 ـ يىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە «ھاي ـ پانسفورد شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ كارىب دېڭىزىدا ئۆز ئالدىغا قانال قېزىش ۋە ئۇنى قوغداش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەنىڭ كارىب دېڭىزىدىكى تەسىر كۈچى سىقىپ چىقىرىلدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا يەنە پانامانىڭ كولومبىيەدىن ئايرىلىپ «مۇستەقىل» بولۇشىنى پىلانلاپ، پاناما جۇمھۇرىيىتىنى تەڭ ھوقۇقسىز «ئامېرىكا ـ پاناما شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، قانال قېزىش ھوقۇقى ۋە قانال رايونىنى مەڭگۈلۈك ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

1913 ـ يىلى ۋېنېزۇئېلا خەلقئارا قەرزنى تۆلەشنى رەت قىلدى. ئەنگلىيە، گېرمانىيە ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىپ ۋېنېزۇئېلانىڭ پورتلىرىنى قامال قىلدى ۋە توپقا تۇتتى. ئامېرىكا بۇنىڭغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، دېڭىز فىلوتىنى ئەۋەتىپ ئېھتىيات تەدبىرى قوللاندى. ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئامېرىكىنىڭ بېسىمىدا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش ئامېرىكىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى سىياسىتىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى. كېيىنكى يىلى دومىنىكىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقە بولدى.

ئامېرىكا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، دومىنىكا تاموژنىسىنى كەسكىنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دومىنىكىغا تاموژنا بېجى ئارقىلىق تاشقى قەرزنى تۆلىگۈزدى. تېئودور روزۋېلت 1904 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كېڭەش پالاتاسىغا سۇنغان دۆلەت ئەھۋالى مەلۇماتىدا، ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىدە يۈز بەرگەن يامان ئىشلارنى بەزى مەدەنىي ئەللەرنىڭ قول تىقىپ تۈزىشىگە توغرا كېلىدۇ، دېدى. ئامېرىكا مونروئىزمنى يولغا قويغانلىقتىن، «خەلقئارا ساقچىلىق هوقۇقى»نى ئىشلىتەلەيدۇ قويماتتى. ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قوللانغان بۇ يېڭى سىياسىتى كېيىنچە مونروئىزمنىڭ «روزۋېلتچە يەكۈنى» دەپ ئاتالدى. ئۇ ماھىيەتتە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ نازارىتىدە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

بۇ مەزگىلدە ياپونىيەنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارزۇسىمۇ كۈچىيىپ باردى. ئۇ «چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى»، يەنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ۋە چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1875 ـ يىلى ياپونىيە چاۋشيەننىڭ كاڭخۋا ئارىلىنى بېسىۋېلىپ، چاۋشيەننى « كاڭخۋا شەرتنامىسى ›› ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، چاۋشيەندە قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ئىمتىيازى ۋە كونسۇللار كېسىم چىقىرىش هوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ياپونىيەنىڭ تەسىر كۈچى چاۋشيەنگە كىردى. 1894 ـ يىلى جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشى پارتلىدى، ياپونىيە ئۇرۇش ئوتىنى بىۋاستە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تۇتاشتۇردى. كېيىنكى يىلى ئىمزالانغان «شىمونوسېكى شەرتنامىسى»دە، جۇڭگو چاۋشيەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم

ئارالىلىرى ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ياپونىيەگە كېسىپ بەردى. گەرچە ياپونىيە رۇسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا ئۇچراپ، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن 30 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەمگە ئېرىشتى. جۇڭگو ـ ياپونىيە جىياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، يىراق شەرقتىن زېمىن ئىگىلەش قارا نىيىتى يەنىمۇ ئاشكارىلاندى.

ياپونىيە شەرقىي شىمالى ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇسىيەنىڭ كۈچىمۇ بۇ جايلارغا توختىماستىن سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. 1896 ـ يىلى چار رۇسىيە شەرقىي شىمالدا تۆمۈريول ياساش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. 1898 ـ يىلى يەنە لۈيشۈن بىلەن دالىيەننى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋالدى. 1900 ـ يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇزاققىچە قوشۇن چېكىندۈرۈشنى رەت قىلىش بىلەن بىللە چاۋشيەننىڭ ئىشلىرىغا قول تىقتى. نەتىجىدە ياپونىيە بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى.

1903 ـ يىلى چاررۇسىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا «يېڭى فاڭجېن»نى يولغا قويۇشنى، يەنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى توختىتىشنى ھەمدە ئۆز زېمىنىدىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى، ھەرقانداق چەت ئەللىكنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشى ۋە ئۆزىنىڭ چاۋشيەندىكى مەنپەئەتىگە قول تىقىشىنى چەكلەشنى قارار قىلدى. ياپونىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ زىددىيىتى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، ئاخىر 1904 ـ يىلى ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى پارتلىدى.

ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى بىر يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ،

ئىككىلا تەرەپنى ئېغىر چىقىمدار قىلىدى. ئامېرىكىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ياپونىيە ـ رۇسىيە ئاخىر «پورتسمورت سۈلھى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، ياپونىيە جۇڭگونىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا، رۇسىيەنىڭ ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىغا ھەمدە چاۋشيەننى ئۆز ئالدىغا ئىگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ چاغقا كەلگەندە ياپونىيە ئۆز زېمىنىنىڭ 76%ىگە تەڭ كېلىدىغان مۇستەملىكىگە ئىگە بولۇپ ھەم جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللەندى.

ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا تەسىر دائىرە تالىشىدىغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشى بولۇپ، جۇڭگونىڭ زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتتى، شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا يول ئاچتى.

## 3 ـ بۆلۈم ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي سىياسىيسى

**زامانىۋى يىرىك سانائەت دەۋرىگە كىرگەندىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى**

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېڭى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىدىن كېيىن، ياۋروپا، ئامېرىكىدا تۈنجى قېتىم خېلى مۇكەممەل زامانىۋى يىرىك سانائەت شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شىمالىي ئامېرىكا (ئاساسلىقى ئامېرىكا)، غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ سانائەت

بەلبېغىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇ قېتىمقى سانائەت ئىنقىلابى دولقۇنىدا تەرەققىي قىلغان زامانىۋى يىرىك سانائەت، سانائەت كاپىتالىنىڭ كېڭىيىشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئامېرىكىدىكى سانائەتنى ئاساس قىلغان خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 75%ىنى ئىگىلىدى. غەربىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى ئاساسلىق سانائەت دۆلەتلىرىدىمۇ سانائەت خۇسۇسىي كاپىتالى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ھالدا شۇ دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى تەرەققىي تاپقان سانائەت دۆلەتلىرىدە مىسلىسىز كۈچلۈك زامانىۋى سانائەت كاپىتالى گۇرۇھلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بارلىققا كەلدى. بۇ سانائەت كاپىتالى گۇرۇھلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بىر تۈركۈم پۇل مۇئامىلە دوكالىرى بار ئىدى. ئۇلار يەنە پۇل مۇئامىلە كاپىتالىدىن ئىبارەت بۇ تېخىمۇ يۇكسەك شەكىلدىكى كاپىتال بىلەن پۈتكۈل سانائەت كاپىتالىنى يەنىمۇ قاتتىق كونترول قىلدى. دەل مۇشۇ سانائەت — پۇل مۇئامىلە كاپىتالى گۇرۇھلىرى ھازىرقى زامان سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى زامانىۋى يىرىك سانائەتكە تايىنىپ، مىسلىسىز ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەسىرلەرگە ئېرىشتى. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدە ئۇلار دۆلەت سىياسىيسىنى ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك كونترول قىلىۋالدى. فىرانسىيەدە ئۇلار كونا ئېقىمدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر بىلەن تىركىشىش جەريانىدا بارغانسېرى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. گېرمانىيەدە ئۇلار يۇنكېر ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە سىياسىيسىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكىنى شەكىللەندۈردى. سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بارغانسېرى ئەڭ ئاساسلىق ھۆكۈمران سىنىپقا ئايلاندى. لېكىن، مۇشۇ كۈچلۈك سانائەت بۇرژۇئازىيەسى ئىچىدىكى مونوپول ئورۇنغا ۋە

ئىمتىيازغا ئىگە چوڭ سانائەتچىلەر بىلەن ئادەتتىكى كاپىتالىسلار ۋە كېيىن باش كۆتۈرگەن ھېچقانداق ئىمتىيازى يوق كاپىتالىستلارنىڭ پەرقى بار ئىدى. ئالدىنقىسى ئۆز مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەدرىجىي يوسۇندا يەنە بىر مۇتەئەسسىپ كۈچكە ئايلاندى. كېيىنكىسى يېڭى مەنپەئەتنى كۆزلەپ مەلۇم دېموكراتىك تۈسكە ئىگە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مايىل بولدى.

ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتى كۈچلۈك سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كۈچ - قۇدرىتى تەڭداشسىز سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ چاغدا يىرىك سانائەت زور مىقداردىكى كاپىتال سېلىنمىسىغا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە ئېھتىياجلىق بولدى. شۇڭا، ئىشچىلارنىڭ كۆپىيىشى سانائەت كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولدى. بۇ، سانائەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئاھالىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئېشىشىدا ئىپادىلەندى. پەقەت ياسىمىچىلىق ۋە قازمىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 1910 - يىلى ئۇلار ئەنگلىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ 48%ىنى، گېرمانىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ 40%ىنى، فىرانسىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ 33%ىنى، ئامېرىكا ئەمگەكچىلىرىنىڭ 30%ىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بۇرۇنقى دەۋردىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشتى. ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتى خاس بىلىم، تېخنىكا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقتىن، بۇ دەۋردىكى سانائەت ئىشچىلىرى ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ساپاغا ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك تەشكىلچانلىققا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان سانائەت ئىشچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار

كاپىتالىستىلار ئالدىدا كۈچلۈك ئەمگەكچىلەر قوشۇنى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي هوقۇقىغا ئىلگىرىكى هەرقانداق دەۋرلەردىكىدىنمۇ بەكرەك ئەهمىيەت بەردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ هەرقايسى دۆلەتلەردە ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەس ـ بەستە قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئادەتتە ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان سوتسىيالىزمنى ئۆزلىرىنىڭ نىشانى قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى هەممە دۆلەتلەردە دېگۈدەك ئىشچىلار پارتىيەلىرى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى، مەسىلەن، گېرمانىيەدىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى دۆلەت ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ پارتىيەلەردىن بولۇپ قالدى. كۆلىمى ئىنتايىن زور بولغان ئىشچىلار هەرىكەتلىرى، شۇنداقلا ئىشچىلار پارتىيەلىرىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىزم هەرىكىتى سانائەت ئىشچىلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان سىنىپىي كۈچكە ئايلاندۇردى. ئۇلار هازىرقى زامان سانائەت ئىشچىلىرى سۈپىتىدە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سەھنىلىرىگە چىقتى. گەرچە ئۇلار جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن قارشىلاشقۇدەك كۈچكە ئىگە ئىدى. ئەمما، بۇ مەزگىلدە ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئىختىلاپمۇ كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. بۇمۇ ئوخشاشلا يېڭى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى سەۋەبلىك زور بىر تۈركۈم ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئەهۋالى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بىلەن ئەهۋالىدا هېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىغان ئىشچىلارنىڭ

ئىجتىمائىي قارىشى ۋە سىياسىي خاھىشىدا پەرق كۆرۈلدى. مەسىلەن، ئۇلار كاپىتالىستلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ۋە سايلام سىياسىيسى دېگەندەكلەرگە بەكرەك مايىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ئارىسىدا رادىكالللار بىلەن مۆتىدىللەردىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ شەكىللەندى. ھازىرقى زامان سانائىتى قانچە تەرەققىي قىلغان، سانائەتلىشىش دەرىجىسى قانچە ئاشقان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۆتىدىللىشىش يۈزلىنىشىمۇ شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولدى.

بۇرۇنقى سانائەت ئىنقىلابىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، جەمئىيەتتە يەنە بىر يېڭى قاتلام، يەنى ئوتتۇرا قاتلام بارلىققا كەلدى. بۇ قاتلاممۇ ئوخشاشلا ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھازىرقى زامان يىرىك سانائىتى ئۆزىدە بار بولغان خۇسۇسىيەتلەر سەۋەبلىك بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىغا موھتاج بولدى. ئىنژېنېر، دىرېكتوردىن تارتىپ ئادەتتىكى تېخنىك، خىزمەتچىلەرگىچە ھەممىسى سانائەت پائالىيىتى جەريانىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىرىك سانائەتكە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك خىزمەت قىلىدىغان باشقا كەسىپىي خادىملار، مەسىلەن، بانكا خىزمەتچىلىرى، ئۇششاق سودىگەرلەر، ئادۋوكاتلار، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. يۆتكۈل سانائەت جەمئىيىتىدە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى سانائەت كاپىتالىستلىرىغىمۇ، سانائەت ئىشچىلىرىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلار دەل ئىككى قاتلامنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار «ئوتتۇرىدىكى سىنىپ» ياكى «ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە» دەپ ئاتالدى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا قاتلامدىن پەرقلەندۇرۇشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنى «ھازىرقى زامان سانائەت جەمئىيىتىدىكى ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com

بۇرژۇئازىيە» دەپ ئاتاش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭەيدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەتتا سىياسىي تۇرمۇشتىكى تەسىرىمۇ بارغانسېرى روشەنلەشتى. ئۇلار سانائەت ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاساسلىق ئىستېمالچىسى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان سانائەت جەمئىيىتىدە سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن سانائەت ئىشچىلىرىدىن ئايرىم تۇرىدىغان ئۈچىنچى مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ قالدى. لېكىن، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن، يۇقىرى قاتلام ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، بۇ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى يۇقىرى ــ تۆۋەن ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان مۇقىمسىزلىققا ئىگە قىلغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار كەسىپ جەھەتتە تارقاق، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، بىردەك مەنپەئەت نىشانى ۋە ئورتاق ھەرىكەت تەشەببۇسىنى شەكىللەندۈرمىكى تەس ئىدى. شۇڭا، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سانائەت ئىشچىلىرى ياكى سانائەت بۇرژۇئازىيەسىدەك ئۇنچە بەك مۇقىم ۋە بىر نىيەتتە ئەمەس ئىدى. ئۇنى بىر سىنىپ دېگەندىن كۆرە نىسپىي ئورتاق ئىجتىمائىي ئورۇن بىلەن ئۆز ئارا باغلىنىپ تۇرغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي توپ دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. بۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ ياقلىمىلىق بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. بىر تەرەپتىن، ئۇلار يېڭى بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشلارنى تېز لا قوبۇل

قىلالىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئىلغار ئىجتىمائىي توپ دېيىشكە بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشىدىلا ئەجەللىك ئاجىزلىق بار ئىدى، يەنى ئۇلار ھازىرقى زامان سانائەت تۈرمۇشى (خىزمەت ۋە ئىستېمال) غا زىيادە تايىنىپ قالغان بولۇپ، بىر بولسا ئىقتىساد ئوچۇشلۇق تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت نىسبەتەن مۇقىم بولغاندا ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۈنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ئىش كۆرەتتى، بىر بولسا ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشقا دۇچ كېلىپ قالغاندا يار ـ يۆلەكسىز قېلىپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلاتتى. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا ئۇلار ئاسانلا نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزغۇچى كۈچكە ئايلىنىپ قالاتتى. ھازىرقى زامان سانائەت جەمئىيىتىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇنداق مۇرەككەپلىكى 20 ـ ئەسىر تارىخىدا تولا كۆرۈلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلانغان يېڭى سانائەتلىشىش دولقۇنىنى باشتىن كەچۈرگەن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە سانائەت نوپۇسى ۋە شەھەر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. بەزى ئاساسلىق سانائەت دۆلەتلىرىدە ئۇلار ھەتتا يېزا نوپۇسىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. سانائەت ۋە شەھەر پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەركىزىي ئورۇنغا ئۆتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۈچ سىنىپ ۋە قاتلامۇ تەبىئىيلا غەربنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ جانلىق كۈچكە ئايلاندى.

**بۇرژۇئا دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن، ھازىرقى زامان دۆلەت تۈزۈملىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە تېز ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى كۈچەيتىلدى ۋە مەمۇرىي تۈزۈلمە

مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيەسى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن ئىككى دۆلەت بولۇپ، ئۇلاردا بۇرژۇئازىيەنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ھازىرقى زامان ھۆكۈمەت مېخانىزمىمۇ خېلى بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەنىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى ۋە پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان مەمۇرىي ھوقۇقنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى بىلەن ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ھوقۇق مەركىزىگە ئايلاندى. ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىدا ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كۆپلىگەن تارماقلار، مەسىلەن، ئەمگەك مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىق مىنىستىرلىقلار تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلدى. ئامېرىكىدا بولسا بۇ مەزگىلدە تېئودور روزۋېلت رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ئىشلىرىغا مىسلىسىز دەرىجىدە ئارىلىشىدىغان كۈچلۈك ھۆكۈمەت بارلىققا كەلدى. مۇشۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتتىن باشلاپ ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلار ھۆكۈمىتى تىرىستقا قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ دۆلەتنىڭ بايلىقىنى قوغداشقىچە بولغان كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ساھەلەرگە ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىدا ھازىرقى زامان مەركىزىي ھۆكۈمەتنى قۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلارمۇ زامانىۋىلىشىشنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتلارنى كەينى ـ كەينىدىن باشلىۋەتتى. ئەنگلىيە يەرلىكنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر ياكى دۆلەت دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى باشقۇرۇشنى يەرلىك باج تاپشۇرغۇچىلار بىۋاسىتە سايلاپ چىققان ھۆكۈمەت خادىملىرى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. ئامېرىكا شەھەر مەمۇرىيىتى ئىسلاھاتىدا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرغۇچى مەسئۇلنى ئاساس قىلغان يېڭىچە باشقۇرۇش



www.uyghurkitap.com

تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى. بۇ تۈزۈلمىدە ھەم ئەل رايىنى مەركەزلەشتۈرگىلى، ھەم شەھەرنى مۇتەخەسسىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغىلى بولاتتى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا يەنە باش بولۇپ مەمۇرىي سىستېمىنىڭ قوشۇمچە مېخانىزمى سۈپىتىدە ھازىرقى زامان مۇلكىي ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى. بۇ تۈزۈم بويىچە ھۆكۈمەت خىزمەتچى ئىشلىتىشتە چوقۇم ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىشى، ئەلالىرىنى تاللىشى، خىزمەتچىلەر ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇ ۋەزىپىنى ئۆزلۈكسىز ئۆتىشى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ خىل تۈزۈم ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ھەم ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى خېلى تەرەققىي قىلغان باشقا دۆلەتلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى ۋە مەمۇرىي تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

پۈتكۈل ياۋروپا، ئامېرىكا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەزگىلدە ھازىرقى زامان سىياسىي تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەھەتتىكى تېخىمۇ گەۋدىلىك نەتىجە پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئورنىتىلىشى بولدى. ئەنگلىيە 19 ـ ئەسىردىكى بىرقانچە قېتىملىق پارلامېنت ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ئامېرىكا بولسا ئۆزىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان يېقىنقى زامان پارلامېنتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەڭ ئاۋۋال ھازىرقى زامان پارلامېنت تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا رايونى پارلامېنت تۈزۈمى ئەڭ ئاۋۋال تەرەققىي قىلغان ھەمدە ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە مۇستەھكەملەنگەن رايون بولۇپ قالدى. مەيلى

جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈمىدىكى ئامېرىكا، فىرانسىيە بولسۇن ياكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمىدىكى ئەنگلىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ ھەمدە سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى دۆلەتلەر بولسۇن، پارلامېنت (دۆلەت مەجلىسى) ئۇلارنىڭ ئىچكى سىياسىيسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولدى. بۇ دۆلەتلەردە بىرقەدەر كۈچلۈك ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيەسى، بولۇپمۇ يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت كاپىتالى گۇرۇھلىرى بار ئىدى. يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان پارلامېنت تۈزۈمى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈلمە ئىدى. گېرمانىيەدە سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، مەملىكەت بىرلىككە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا دۆلەت مەجلىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ۋە ئۇ تايىنىدىغان پرۇسسىيە يۇنكېر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئارمىيە پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى داۋاملىق ھىمايە قىلغانلىقتىن، تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى پارلامېنت تۈزۈمى بارلىققا كەلمىگەنىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى دۆلەت مەجلىسى يەنىلا تورلۇك ھوقۇقلاردىن پادىشاھ بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى. جەنۇبىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە پارلامېنت تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ھەتتا ياۋروپادىكى ئەڭ مۇتەئەسسىپ دۆلەت چاررۇسسىيەمۇ 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن ئامالسىز دۆلەت دۇماسى دەپ ئاتىلىدىغان بىرەسمىي پارلامېنت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشقا باشلىدى.

ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنت تۈزۈمىدىن باشقا، ھازىرقى زامان پارتىيەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ھازىرقى زامان پارتىيە تۈزۈمىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئورنىتىلىشى، ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيەسىنى يۆلەپ تۇرغان يەنە بىر تۈۋرۈك بولدى. ئۇ

ھەرقايسى بۇرژۇئا گۇرۇھلىرىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتكۈزدى، شۇنداقلا پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشىنى بىۋاسىتە بەلگىلىدى. ھازىرقى زامان پارتىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلغىنى يەنىلا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بولىدى. ئۇلار يېقىنقى زاماندىكى پارتىيەلەر ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئىككى دۆلەت ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـــ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئەنگلىيەدە پارلامېنتتا قارشىلىشىش ئەنئەنىسىگە ئىگە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن لىبېرالىستلار پارتىيەسى تەدرىجىي يوسۇندا مەملىكەتلىك تەشكىلىي سىستېمىسىنى قۇرۇشقا باشلىدى ھەم مەملىكەت بويىچە پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا سايلام رىقابىتىنى قانات يايدۇرۇشنى باشلىدى. ئامېرىكىدىمۇ ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئاخىرى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيەسى نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئالدى بىلەن ئىككى پارتىيە تۈزۈمىدىكى ھازىرقى زامان پارتىيە تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى. بۇ ئىككى دۆلەتتە مۇقىم بولغان ئىككى پارتىيە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بىلەن پارتىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى سەۋەب بولغانىدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى سىنىپ، قاتلام ۋە گۇرۇھلارنىڭ قۇرۇلمىسى نىسپىي تەكشى بولۇپ، پارتىيە تەشكىللەشتە زۆرۈر بولغان نىسپىي مەركەزلەشكەن ئىجتىمائىي ئاساسنى ئاسانلا شەكىللەندۈرەلەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىدا دەسلەپىدىلا پارتىيە سىياسىيسىدىكى ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزە شەكىللەنگەن، يەنە كېلىپ، بۇ ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزە ھەرىكەتچان بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بولغاچقا ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان كۆپرەك ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز قولىدا تۇتالايتتى، كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆز

مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە قارشى بولغان ھەم ئۆز ئارا ماسلاشقان بۇ ئىككى پارتىيەگە توختىماستىن ئەگىشەتتى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، پارتىيە سىياسىيسى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى ئاساسلىق شەكىلگە ئايلاندى. فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيەدىمۇ خېلى بۇرۇنلا بۇرژۇئا پارتىيەسى قۇرۇلغاندى. لېكىن، فىرانسىيەدە كۈچلۈك ھەم مەركەزلەشكەن سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بولمىغانلىقتىن، يېتەكچى پارتىيەنىڭ شەكىللىنىشى تەسكە توختىدى. گېرمانىيەدە بۇرژۇئا پارتىيەسى گېرمانىيە پادشاھى، يۇنكېر ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئارمىيە ئالدىدا رولىنى چەكلىكلا جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇپ، پارلامېنتنىڭ قانۇن چىقىرىشى ۋە ھۆكۈمەت تەشكىللىشىگە تېخى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمايتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇرژۇئا پارتىيەلىرى بارغانسېرى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىيسىغا قاتنىشىش، ھەتتا ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى بىر خىل شەكلى بولۇش سۈپىتىدە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ھازىرقى زامان پارتىيە تۈزۈمى مۇشۇنداق جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىر رەسمىي دۇنياغا كەلدى. بۇ پارتىيە تۈزۈملىرى ئىچىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭكىدەك ئىككى پارتىيە تۈزۈمىمۇ، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭكىدەك كۆپ پارتىيە تۈزۈمىمۇ بار ئىدى، يەنە كېلىپ كۆپ پارتىيە تۈزۈمىدىكىلىرى كۆپرەك ئىدى.

بۇرژۇئازىيە ئۆزى ئۈچۈن يۇقىرىقى سىياسىي تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلار، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى قاتلىمىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەڭ ئىشچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ



www.uyghurkitap.com

تەسىرى كۈنسايىن ئاشتى. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى قانۇنلۇق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن يىلىلا (1890 ـ يىلى) دۆلەت مەجلىسى سايلىمىدا ئەڭ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشتى. 1912 ـ يىلى دۆلەت مەجلىسىدىكى ئەڭ چوڭ پارتىيەگە ئايلاندى. غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشچىلار پارتىيەلىرىمۇ بۇرژۇئا پارتىيەلىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان ئاساسىي پارتىيەلەرگە ئايلاندى. بۇ ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىمۇ كۆنسېرى ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىش كۈرىشىگە يۈزلەندى. بۇ بىر تەرەپتىن ئىشچىلارنىڭ سىياسىي تەلىپى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ يېڭى سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىشىنىڭمۇ ئېھتىياجى ئىدى. ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، سىياسىي ئورنىنىڭمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى. يۇقىرىلارنىڭ ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىشى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ چاغدا ئىشچىلار سىنىپىدىكى پىشقان ئىشچىلار، ھەتتا شىركەتلەردىكى «ئاق ياقىلىق» ياللانما خادىملارنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. ئەنئەنىۋى سانائەت ئىشچىلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنىڭ قوغدىلىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە موھتاج بولغانلىقتىن، قانۇنلۇق سىياسىي سىستېما ئاستىدا ئادەتتىكىدەك ھوقۇققا ئېرىشىشكە مايىل ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەكرەك قىزىقاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقايسى ئەللەردىكى سىياسىيدا ئۆزۈكسىز غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىشچىلار پارتىيەلىرىمۇ شەكىللىنىپ بولغان سىياسىي سىستېمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈشكە بارغانسېرى مايىل بولدى. بۇنىڭدا

www.uyghurkitap.com

سايلىغۇچىلىرى بولۇش ئالدىنقى شەرت ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. بۇ، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر نىشانى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئىشچىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن تېخى ھەقىقىي يوسۇندا بۇرژۇئازىيە سېپىگە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇلار نىسبەتەن ياش ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىشچىلار سىنىپىغا ئوخشاش سىياسىيغا كوللېكتىپ قاتنىشىش ئىقتىدارىنى تېخى ھازىرلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار پەقەت ئالدى بىلەن شەخسلەرنىڭ بەزىبىر ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقىنىلا تەلەپ قىلالايتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويغان كۆپلىگەن دۆلەتلەردە سايلام ھوقۇقىغا ئىگە يۇقىرىلارغا ۋەكىل بولۇپ سىياسىيغا قاتنىشىش پەقەت بۇرژۇئازىيە بىلەنلا چەكلىنىپ كەلدى. ئىشچىلارلا ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا بۇرۇژۇئازىيەنىڭمۇ بۇنداق ھوقۇقى يوق ئىدى. ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئورتاق نىشانى بولۇپ قالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ئىشچىلار سىنىپى قاتارلىق ئادەتتىكى قاتلامدىكىلەرگە ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى بېرىش بىر خىل ئېقىمغا ئايلاندى. بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى لىبېراللار بۇنى ياقلىدى. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈلمىمىزنى قوللايدىغانلار قاتارىغا ئېلىپ كىرەلەيمىز، دەپ قاراشتى. ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچلۈك

تەلــپى ئالــدىدا، بۇرژۇئازىــيــە بىلــەن ئــىمتــىــيازلــىق گــۇرۇھ ئــىچىدىكى باشقا كــونسېرۋاتــىپ كۇچلــەرمۇ بۇ خــىل ئومۇمــي ســايلام ھوقــۇقــىنى يــولــغا قويــۇشــنىڭ زىــيــىنــىدىــن پايدىــسى كۆپلــۈكىنى ئــامالسىــز ئېتــىــراپ قىلــىشتى. شــۇنىــڭ بىلــەن ھــەرقايىســى دۆلــەتلەر كــەيــنى ــ كەيــنــىدىــن ئــومــومــي ســايىلام ھوقوقــىنى ئېتــىراپ قــىلــىشــتــى. 19 ــ ئەســىرنــىــڭ 70 ــ يىللىرىدىن ئىلگىرى ياۋروپادا پەقــەت فــىرانســىيە، گېــرمانىــيــە، شىۋېيتسارىيە قاتارلىق ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىلا قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ئومومىي سايلام ھوقۇقى بارلىقى بــەلگىلــەنگەنــىدى. ئــەنگلــىيە 1867 ــ يىلــىدىكى ئــىسلاھاتــتىن كېيــىن شــەھــەر ــ بازارلاردىكى سانائەت ئىشچىلىرىغا بېرىلــگەن سايلام ھــوقــۇقــنى 1884 ــ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىغىچە كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئــەنگلــىيە ئىشچىلــىرى ئارىســىدىكى ئــومــۇمي ســايــلام ھــوقــۇقىغــا ئــېرىشــكــەنلەرنــىــڭ سانى زور دەرىــجــىدە ئــاشــتــى (ئــەنگلــىيەنىڭ ئــومــۇمــي ســايلام ھوقــۇقــىنى تــولــۇق ئەمەلــگــە ئاشۇرغان ۋاقتى 1 ــ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يەنــى 1918 ــ يىلى بولدى). 19 ــ ئەسىرنىڭ 90 ــ يىلــلىرىدــن 1 ــ دۇنيا ئــۇرۇشى هارپــىســىغــىچە ياۋروپــادىكى رۇســيــەدىن باشــقــا دۆلــەتلەرنىڭ ھەممــىسىدە دېگۇدەك قۇرامــىغا يەتكــەن ئەرلــەرنــىڭ ســايــلام ھوقۇقــى ئــەمەلگــە ئــاشۇرۇلدى. سكــاندىنــاۋىــيە يېــرىــم ئــارىلــىدىــكى دۆلــەتلــەردە ئومــۇمــي سايــلام ھــوقــۇقى ھــەتــتــا ئاياللارغىچە كېڭەيتىلدى. ئامېرىكىمۇ ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 19 ــ ئەسىرنىڭ 70 ــ يىللىرىدىن باشلاپ قىسمەن قارا تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى بارلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، 20 ــ ئــەســىرنــىڭ باشلىــرىغا قەدەر ئــومۇمــي ســايلام ھوقــۇقى ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئومۇمىيۇزلۇك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

گەرچە بۇنداق ئومومىي سايلام ھوقــۇقى ئەينــى چاغدا ئەرلــەر بىــلەنلا چەكلــەنســمۇ، يەنــە كــېلــىــپ، ئــۇ ئىشــچــىلار ۋە باشــقا

www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەقىقىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە خېلىلا كاپالەتلىك قىلالمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكىلەر نېمىلا دېگەن بىلەن ئىجتىمائىي سىياسىي ئىشلارغا بىۋاسىتە قاتنىشىش پۇرسىتى ۋە يوللىرىغا ئېرىشىشكە باشلىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى دائىرىسىدىكى ئىجتىمائىي دېموكراتىيەنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىتىلىشى غەربنىڭ ھازىرقى زامان دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. بۇ، غەرب سىياسىيسىنىڭ بۇ مەزگىلدە تۈزۈلمىدىلا ئەمەس، ھوقۇق مۇناسىۋىتىدىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

**ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى** ناۋادا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىيسىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى دېسەك، ئۇنداقتا بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ساھەلەردىمۇ بولدى. شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، گېرمانىيەدە ئۆزگىرىش خېلى بۇرۇن كۆرۈلدى. 2 ـ قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدا گېرمانىيەنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە تېز بولغانلىقتىن، تېز سانائەتلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى. بىر جەھەتتىن، ئىشچىلارنىڭ نامراتلىشىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىشىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولدى، يەنە بىر جەھەتتىن، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا بۇنى ياخشىلايدىغان پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەر تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلدى. شۇڭا، گېرمانىيەدە ئىشچىلارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش سادالىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە گېرمانىيەدىكى سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيەلىرىمۇ ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. 1875 ـ يىلى

ئىشچىلارنىڭ ئاساسلىق ئىككى سىياسىي تەشكىلاتى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىرلىككە كەلگەن «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى» قۇرۇلدى. ئۇ ئىشچىلار ئارىسىدا زور قوللاشقا ئېرىشتى. ئەمدىلا بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈۋەن قاتلامدىكى ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە ھۆكۈمران گۇرۇھقا ــ پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەر، ئارمىيە ھەمدە چوڭ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىگە تەھدىت سېلىۋاتقان سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ تەسىرىنى چەكلەشمۇ ئىنتايىن تەخىرسىز ۋەزىپە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلەيدىغان «سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش پەۋقۇلئاددە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىسمارك ھۆكۈمىتى يەنە ئىشچىلارنى ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئالاقىدار ئىجتىمائىي مەسىلە ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. 1881 ـ يىلى بىسمارك ئىشچىلارنى ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى باياناتنى ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى 1883 ـ يىلدىن 1889 ـ يىلغىچە بۇ لايىھەنى يولغا قويىدىغان ئۈچ قانۇننى، يەنى «كېسەللىك سۇغۇرتىسى قانۇنى»، «ئىش ئورنىدا تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى قانۇنى» ۋە «ياشانغانلار، مېيىپلار سۇغۇرتىسى قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇنلار بويىچە، خىزمەت جەريانىدا كېسەل بولۇپ قالغان، ئىش ئورنىدا زەخىملەنگەن ھەمدە ياشانغان ۋە مېيىپ بولۇپ قالغان ئىشچىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەلۇم خىل سۇغۇرتىغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققىنىڭ بەزىلىرىنى ياللىغۇچى بىلەن ئۆزى ئورتىمگە ئالاتتى، بەزىلىرىگە ياللىغۇچى مەسئۇل بولاتتى، يەنە بەزىلىرىنى ئۆزى، ياللىغۇچى ۋە ھۆكۈمەت تەڭ ئورتىمگە ئالاتتى. بۇ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن

چىقىرىلغان قانۇن ئىدى. ئىلگىرى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان نامراتلىق ۋە ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈرمەيتتى. ئەنگلىيە «نامراتلار قانۇنى» (يەنە «نامراتلارنى قۇتقۇزۇش قانۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دەك قانۇنلارنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت نامراتلارنى مەلۇم جەھەتتىن نازارەت قىلىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، بىسمارك يولغا قويغان قانۇن تۈنجى بولۇپ نىسبەتەن سىستېمىلىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. شۇنىسى روشەنكى، گېرمانىيەنىڭ بۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي قانۇن چىقىرىش ئىسلاھاتى ماھىيەت جەھەتتە كېيىنكى باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قانۇن چىقىرىش ئىسلاھاتىدىن پەرقلىنەتتى. بىرىنچىدىن، بۇ چاغدىكى گېرمانىيە تېخى نوقۇل بۇرژۇئازىيە يېتەكچىلىكىدىكى دۆلەت ئەمەس ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، بۇنىڭدا يەنە سوتسىيالىزمغا قارشى كۆچلۈك سىياسىي خاھىش بار ئىدى.

گېرمانىيەنىڭ يۇقىرىقى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنلىرى بىسماركتىن كېيىن داۋاملىق تولۇقلىنىپ، زاۋۇت تۈزۈمى، بالا ئىشچىلارنى قوغداش تۈزۈمى قاتارلىق يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ئاخىر 1911 ـ يىلى 2000 غا يېقىن ماددىدىن تەركىب تاپقان قانۇن بولۇپ شەكىللەندى. 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 14 مىليون 500 مىڭ گېرمانىيەلىك سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن بولدى. گېرمانىيە تۈنجى بولۇپ بەرپا قىلغان سىستېمىلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلاندى.

گېرمانىيەنىڭ تەسىرى بىلەن ئەنگلىيەدىمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لىبېرالىستلار پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان مەشھۇر ئىسلاھات بولدى. ئەنگلىيە ئەڭ بۇرۇن كاپىتالىزملاشقان ۋە سانائەتلەشكەن دۆلەت بولغانلىقتىن، بۇ سەۋەبلىك كۆرۈلگەن

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا ئاشكارىلانغانىدى. لېكىن، كۈچلۈك لىبېراللىزملىق ئەنئەنىسى بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە ئادا قىلىپ كەلگەنىدى. 1834 ـ يىلى پارلامېنتنىڭ «نامراتلار قانۇنى»غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى بۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىنلا ئەنگلىيەدە ئاندىن ئىشچىلارنىڭ قىسمەن ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي قانۇنلار، مەسىلەن، بالا ئىشچىلار، ۋە ئايال ئىشچىلارنى قوغداش، زاۋۇتنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش، ئىش ئۈستىدە يارىلانغان قىسمەن ئىشچىلارغا تۆلەم بېرىش دېگەندەك قانۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. لېكىن، بۇ قانۇنلارنىڭ مەزمۇنى يەنىلا ئىنتايىن تار بولۇپ، سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى ئەنگلىيەنىڭ يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىغا، بولۇپمۇ لىبېراللىستلار پارتىيەسىدىكىلەرگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. 1906 ـ يىلى لىبېراللىستلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئىجتىمائىي قانۇن چىقىرىش ئىسلاھاتى دولقۇنىنى قوزغىدى. لىبېراللىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى پارلامېنتنىڭ ئىش ئۈستىدە يارىلانغان ئىشچىلار ياللىغۇچى تەمىنلىگەن تۆلەم ـ ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش، كان ئىشچىلىرى (ئەڭ ئالدى بىلەن) بىر كۈندە سەككىز سائەت ئىشلەش تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولۇش، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپتە ئوقۇغاندا مەكتەپ تەمىنلىگەن ھەقسىز چۈشلۈك تاماقتىن بەھرىمەن بولۇش، ئادەتتىكى ئائىلىنىڭ بالىلىرى مۇئەييەن داۋالاش ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولۇش، 70 ياشتىن ئاشقان تۆۋەن كىرىملىك ياشانغانلار ھەپتىسىگە بەش شىللىڭ كۈتۈنۈش پۇلى ئېلىش دېگەن مەزمۇندىكى ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئالاقىدار بىر قاتار قانۇنلارنى ماقۇللىشىغا تۈرتكە بولدى. ھالبۇكى، بۇ

مەزگىلدىكى ئىسلاھات نەتىجىسىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قانۇن يەنىلا 1911 ـ يىلى مالىيە ۋەزىرى لىلويىد جورجى ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق سۇغۇرتا قانۇنى لايىھەسى» بولدى. بۇ ئەنگلىيە ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن چىقارغان تۇنجى سىستېمىلىق سۇغۇرتا قانۇنى لايىھەسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قانۇن لايىھەسى ھەققىدە ئىككى خىل تەشەببۇس ئوتتۇرىغا چىققانىدى: بىرى، لىلويىد جورجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلار ئەمگەكچىلەرنى بىۋاسىتە قۇتقۇزۇشقا مايىل ئىدى؛ يەنە بىر خىلدىكىلەر، يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى لىبېراللار پارتىيەسىگە ۋاكالىتەن سودا ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ۋىنستون چېرچىل ۋەكىللىكىدىكىلەر ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى يەڭگىللىتىش ئارقىلىق نامراتلارنى ۋاسىتىلىك قۇتقۇزۇشقا مايىل ئىدى. شۇڭا، قانۇن لايىھەسىدىمۇ بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جۈملىدىن ھەم كېسەل ئىشچىلارنى ساغلاملىق سۇغۇرتىسى بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇغۇرتا دائىرىسىدە ھەقسىز داۋالاش تەلەپ قىلىنغان، ھەم مەلۇم ئىش تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلارنى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بىلەن تەمىنلەش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەمما، بۇ سۇغۇرتا تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە يولغا قويۇشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ئىشچى، ياللىغۇچى ۋە ھۆكۈمەت تەڭ ئۈستىگە ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭمۇ ئۆزىنىڭ رەسمىي ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى بار بولدى. ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مەبلەغ ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن لىلويىد جورجى يەنە 1909 ـ يىلىدىكى مەشھۇر خامچوت لايىھەسى («خەلق خامچوت لايىھەسى» دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق مال ـ مۈلۈك ئاشۇرما بېجى يىغىشنى تۇنجى بولۇپ ئەنگلىيەنىڭ باج تۈزۈمىگە كىرگۈزدى. ئېنىقكى، بۇ نامراتلارغا پايدىلىق بولغان باج تۈزۈمى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ باراۋەر بولغان



www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي تەقسىماتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى. كېيىن لىبېرالىستلار پارتىيەسى لىبېرالىستلار پارتىيەسى باشلاپ بەرگەن ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنى بېكىتتى.

ياۋروپادىكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش تۈزۈم بارلىققا كەلدى، لېكىن بۇ خىل تۈزۈمنى تۈرغۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلغان سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئەھۋالى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيتتى. گېرمانىيەدە بۇ ۋەزىپىنى پرۇسسىيە دۆلەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى تاماملىدى، ئەنگلىيەدە بولسا بۇ ۋەزىپىنى ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەن لىبېرالىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ئورۇنلىدى. باشقا كۆپ قىسىم دۆلەتلەردىمۇ لىبېرالىستلار پارتىيەسى ياكى لىبېراللار ھۆكۈمىتى بولسىمۇ (پەقەت ئاۋستىرىيەنىڭ ئەھۋالىلا گېرمانىيەنىڭكىگە بىر ئاز يېقىن كېلەتتى)، لېكىن بۇ لىبېرالىستلار پارتىيەسى ياكى لىبېرال گۇرۇھلار تازا قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسى يېڭىدىن گۈللەنگەن ساناتەت بۇرژۇئازىيەسىنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا قىسمەن يۇقىرى قاتلام ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارتىيە ئىدى. ئەنگلىيە لىبېرالىستلار پارتىيەسى بىلەن باشقا دۆلەتلەردىكى لىبېرال پارتىيە ـ گۇرۇھلار بۇ ئىشتا ئوخشاش بولمىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ئەنگلىيەدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسى بار ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ لىبېرالىزمنى بارغانسېرى قوبۇل قىلىشى ھەمدە يېڭى گۈللەنگەن دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ قىسمەن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بىلەن يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى لىبېرالىستلار پارتىيەسى ۋەكىللىكىدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر كۈنسايىن پارچىلاندى ھەم

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ئىككى پارتىيە تەرىپىدىن تەدرىجىي قوشۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن لىبېراللار پارتىيەسى ئەنگلىيەدە ئاجىزلىشىش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. لېكىن، باشقا دۆلەتلەردە ئەھۋال باشقىچە بولدى. ئۇ ئەللەردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى يەنىلا لىبېرالىزمنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى. ئىشچىلار پارتىيەلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئاساسىدىن يىراقلىشىپ كېتىشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن لىبېرال پارتىيەلەر كۆپرەك مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىغا ئېرىشتى. دەل مۇشۇ لىبېرال پارتىيەلەر ۋە لىبېرال گۇرۇھلار ھەرقايسى دۆلەتلەردە گېرمانىيە، ئەنگلىيەدىكىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى قوزغىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىغىچە فرانسىيە، ئىتالىيە، ئاۋسترىيە (ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاۋسترىيە قىسمى)، شىۋېيتسارىيە، بېلگىيە، دانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسىيە ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، ياۋروپادىكى رۇسىيە ۋە بالقان رايونىدىن باشقا دۆلەتلەردە خېلى مۇكەممەل بولغان زاۋۇت قانۇنى ۋە ئەمگەك قانۇنى بار بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەردە بارلىققا كەلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى، ئۇ زور ئىقتىسادىي تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئىشچىلارنىڭ نامراتلىشىش مەسىلىسى (تاكى كېيىنكى «چوڭ كاساتچىلىق» دەۋرىگىچە) ياۋروپانىڭكىدەك ئۇنچە گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما، مونوپول كاپىتالىنىڭ يامان سۈپەتلىك كۈچىيىشى ئامېرىكا جەمئىيىتىدىمۇ چوڭ كارخانىلارنىڭ كىچىك كارخانىلار بىلەن ئادالەتسىز رىقابەتلىشىشى ۋە ئۇلارنى شەپقەتسىز قوشۇۋېلىشى،

جەمئىيەتتىكى پۇل سىياسىيسى ۋە چىرىكلىك ھەمدە مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى شەپقەتسىزلەرچە ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئوخشاش «ناچار مەسىلىلەر» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەسىلىلەر مونوپول بۇرژۇئازىيەدىن باشقا ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى يېڭى لىبېراللار ۋە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بىر مەيدان داغدۇغىلىق «ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى» نى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت تېرىستقا قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ يەرلىك دېموكراتىك ئىسلاھاتقا قەدەر كەڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلغانىدى. ئىشچىلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنلارنى چىقىرىشمۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى. بۇ قانۇنلار ئەينى چاغدا كۆپىنچە ئىشتات بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، مەزمۇنىمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىگە قارىغاندا خېلىلا چولتا ئىدى. لېكىن، ئامېرىكا بۇ چاغدا كېيىنكى رەسمىي ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەندىزىسىگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى.

ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى تۈرغۇزۇش بىلەن بىللە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر يەنە ئاممىۋى ئىشلارنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان شەھەرلەردە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە ئاممىۋى ئىشلار تورى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپا قىلىندى. ئۇ جامائەت ساغلاملىق ئەسلىھەلىرى، تۇرۇبا سۈيى ۋە كۆمۈر گازى، توك بىلەن تەمىنلەش، قاتناش ـ ترانسپورت، دوختۇرخانا، سودا سارىيى، ئىشقا تونۇشتۇرۇش ئورنى، مۇزېي، مەكتەپ، كۇتۇپخانا، باغچە، كۆڭۈل ئېچىش سورونى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، ھۆكۈمەت ئاممىۋى مائارىپ ئىشلىرىغا

مىسلىسىز ئىلھام بەردى. باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپنى يولغا قويۇش پرىنسىپىنى بەلگىلىدى. ھۆكۈمەت يەنە باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ئوخشاش بولمىغان مەكتەپلەرنى مالىيە جەھەتتىن بىۋاستە قوللىدى. بۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىلگىرى مەيلى ئۆز يولىغا قويۇۋېتىش ئەنئەنىسى سەۋەبلىك بولسۇن ۋە ياكى كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك بولسۇن، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا يۇقىرىقى ساھەلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. ئەمما، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئاممىۋى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسىنىڭ خېلىلا كېڭەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 4 ـ بۆلۈم لېنىنىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى

**ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى**

1861 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، رۇسىيەدىكى توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىق، قەغەزچىلىك، كانچىلىق قاتارلىق ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن قول مەشغۇلاتىدىن ماشىنا مەشغۇلاتىغا ئۆتۈپ، سانائەت ئىنقىلابىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. 1860 — 1890 ـ يىللاردا رۇسىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاشتى، تۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك، پولات مەھسۇلات مىقدارى ئۈچ ھەسسە،

كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 19 ھەسسە ئاشتى. بۇ ئاساستا سانائەت قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئېغىر سانائەتنىڭ سالمىقى ئېشىپ، توقۇمىچىلىقنىڭ سالمىقى تۆۋەنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى، مەسىلەن، دونباس ئەڭ مۇھىم كان سانائىتى مەركىزىگە، كرىۋويروگ تۆمۈر سانائىتى رايونىغا، باكو نېفىت سانائىتى رايونىغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆمۈريول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ، سىبىرىيە، جەنۇبىي رۇسىيە قاتارلىق چېگرا رايونلار ئېچىلىپ، ئىچكى بازار ئۇزۇكسىز كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدىن مونوپولىيە باسقۇچىغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، رۇسىيە سانائىتىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. گەرچە رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر ئارقىدا بولسىمۇ، لېكىن مونوپول تەشكىلاتلار يەنىلا كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلىپ، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە رۇسىيەدىكى مونوپول تەشكىلاتلار 150 گە يېتىپ، دۆلەت بازىرىنى كونترول قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، رۇسىيە جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويدى. باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، رۇسىيەنىڭ جاھانگىرلىكى ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى: بىرىنچىسى، ھەربىي فېئوداللىق. چار پادىشاھنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى پومېشچىك، ئاقسۆڭەكلەر بولغانلىقتىن، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى كەڭ دائىرىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مونوپول كاپىتالغا تايانغانلىقتىن، ھۆكۈمەت مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ مونوپول پايدىغا ئېرىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دائىم

دېگۈدەك سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ تۇراتتى. شۇڭا، لېنىن رۇسىيەنى «ھەربىي فېئودال جاھانگىرلىك» دېگەنىدى. ئىككىنچىسى، غەربىي ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرگە بولغان تايىنىشچانلىق. رۇسىيەنىڭ سانائىتى ۋە مالىيەسى چەت ئەل كاپىتالىنىڭ يۆلىشىگە بەكلا تايىنىپ قالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە غەرب ئەللىرىگە مەلۇم دەرىجىدە بويسۇناتتى. دەل مۇشۇ ئىككى ئالاھىدىلىك رۇسىيەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان رايون ۋە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى.

رۇسىيە پرولېتارىياتى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە بىر مۇستەقىل سىنىپ سۈپىتىدە شەكىللەنگەنىدى. كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ قوشۇننىڭ كۆلىمى زورىيىپ باردى. تۆمۈريول ئىشچىلىرىنى مىسالغا ئالساق، 1861 ـ يىلى ئۇلار ئاران 76 مىڭ بولغان بولسا، 1895 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا رۇسىيە سانائەت ئىشچىلىرى 10 مىليونغا يەتتى. سانائەت پرولېتارىياتى رۇسىيەنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم بىر كۈچكە ئايلىنىشقا باشلىدى.

رۇسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇلار كاپىتالىزم بىلەن يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ قوشلاپ ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. كۈندىلىك خىزمەت ۋاقتى ئادەتتە 12 سائەت بولۇپ، بەزىدە 17 سائەتكىمۇ يېتەتتى. ئەمگەك شارائىتى ناچار بولۇپ، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋەقەلىرى كۆپ يۈز بېرەتتى، لېكىن ھېچقانداق ئەمگەك مۇھاپىزەت تۈزۈمى يوق ئىدى. مائاشى ئاز بولۇپ، ئەينى چاغدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئىدى. ئىككىنچىدىن، رۇسىيە ئىشچىلىرىدا كۈچلۈك كۈرەش روھىنى يېتىلدۈردى. ئىككىنچىدىن، چوڭ كارخانىلارغا زىيادە



www.uyghurkitap.com

مەركەزلەشكەندى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1892 ـ يىلى 1000دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارغا مەركەزلەشكەن ئىشچىلار زاۋۇت ئىشچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 47.8% ىنى ئىگىلىگەن، بۇ سان شۇ مەزگىلدىكى باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. ئىشچىلارنىڭ نىسپىي مەركەزلىشىشى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا پايدىلىق ئىدى. ئۈچىنچىدىن، رۇسىيە كاپىتالىزمى كېيىن تەرەققىي قىلغان، بۇرژۇئازىيەنىڭ كۈچى ئاجىز بولۇپ، نورمىدىن ئارتۇق پايدىغا تايىنىپ ئىشچى ئاقسۆڭەكلەرنى يۆلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، رۇسىيە پىرولېتارىياتىدىكى ئاغمىچىلىق تەركىبى غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكىدىن خېلىلا ئاز ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئارقىدا بولۇپ، سانائەت پىرولېتارىياتىنىڭ سانى ئاز، ئويغىنىشچانلىقى ۋە تەشكىلچانلىقى نىسبەتەن تۆۋەن ئىدى.

رۇسىيە ئىشچىلار سىنىپى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىلا ئىش تاشلاش ۋە مالىمان كۆتۈرۈشنى باشلىغانىدى. 70 ـ يىللاردا ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، مالىمان كۆتۈرۈشى تېخىمۇ ئاۋۇپ 290 قېتىمغا يەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشچىلار ھەرىكەتلىرى كۆپىنچە ئىقتىسادىي نىشاننى ئاساس قىلغان بولۇپ، مائاش قوشۇپ بېرىش، ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلاتتى. كېيىن كۈرەش تەدرىجىي ئىقتىسادىي ساھەدىن سىياسىي ساھەگە يۆتكەلدى. 1875 ـ يىلى ئودېسسادا زاسلاۋسكى رەھبەرلىكىدىكى «جەنۇبىي رۇسىيە ئىشچىلار جەمئىيىتى» قۇرۇلدى، بۇ، رۇسىيەدىكى تۇنجى مۇستەقىل ئىشچىلار ئىنقىلابىي تەشكىلاتى ئىدى. 1878 ـ يىلى پېتربورگدا يەنە ئوبنورسكى ۋە خالتۇرىن رەھبەرلىكىدىكى «رۇسىيە شىمال ئىشچىلار جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. 80 ـ يىللاردا رۇسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. 1879 —

1884 ـ يىللاردا ئىشچىلارنىڭ مالىمان كۆتۈرۈش ۋە ئىش تاشلىشى 205 قېتىمغا يەتتى. ئىش تاشلاشنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى زورايدى، يەنە كېلىپ كۈرەش جەريانىدا پېتربۇرگ بىلەن موسكۋا تەدرىجىي ھالدا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ماركسىزمنىڭ رۇسىيەدە تارقىلىشىنى تېزلەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا نۇرغۇن ئىنقىلابىي زىيالىيلار توغرا نەزەرىيە ئارقىلىق ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن نارودنىكلار ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە تۇنجى تۈركۈمدىكى ماركسىزمچىلار بارلىققا كەلدى.

رۇسىيەنىڭ تۇنجى ماركسىزمچىلار كوللېكتىپى 1883 ـ يىلى پلېخانوف شىۋېيتسارىيەدىكى جەنۋەدە قۇرغان «ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى» ھېسابلىنىدۇ.

گ . ۋ. پلېخانوف (1856 — 1918) ئەڭ بۇرۇن ماركسىزمغا يۈزلەنگەن نارودنىكلارنىڭ بىرى بولۇپ، ماركسىزمنىڭ رۇسىيەدە تارقىلىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ 1875 ـ يىلى نارودنىكلار تەشكىلاتىغا كىرگەن، 1877 ـ يىلى «يەر ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى» نىڭ ئاكتىپىغا ئايلانغان، كېيىن يەنە «قارا يەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش جەمئىيىتى»نىڭ رەھبىرىگە ئايلانغان. 1880 ـ يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتۇشىدىن قېچىپ غەربىي ياۋروپاغا بېرىپ پاناھلانغان. چەت ئەلدىكى مەزگىلدە غەربىي ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. 1882 ـ يىلى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» نى رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان. 1883 ـ يىلى يەنە سابىق نارودنىكلاردىن ئاكسېلرود، زاسۇلىچ قاتارلىقلار بىلەن بىللە «ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتىنى» قۇرغان. بۇ



www.uyghurkitap.com

پىلىخانوفنىڭ نارودنىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن رۇسىيەدە ماركسىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال»، «پەلسەپە نامراتلىقى»، «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە ئايلىنىشى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى ھەمدە رۇسىيەگە مەخپىي يۆتكەپ كېلىپ تارقىتىپ، رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ھەرىكىتى ئۈچۈن پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نارودنىكلارنى تەنقىد قىلىپ، رۇسىيەنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئىنقىلابىي پىروگراممىا تۈزۈپ چىقتى.

پىلىخانوف بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن ماركسىزمچە ئەسەرلەرنى، مەسىلەن، «سوتسىيالىزم ۋە سىياسىي كۈرەش»، «بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىمىز»، «بىر مەنبەلىك تارىخ قارىشى ھەققىدە»، «شەخسنىڭ تارىختىكى رولى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ماقالىلەردە ئۇ ئەينى دەۋردە رۇسىيەدە كەڭ تارقالغان نارودنىكلارنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن تەنقىد قىلدى.

بىرىنچىدىن، ئۇ رۇسىيە كاپىتالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ماڭسا بولمايدۇ، دېگەن خاتا نۇقتىئىنەزەرنى تەنقىد قىلدى. ئۇ نۇرغۇن پاكىتلار، مەسىلەن، رۇسىيەدە زاۋۇتلارنىڭ كۆپىيىشى، ئىشچىلار سانىنىڭ ئاۋۇشى قاتارلىقلار ئارقىلىق، كاپىتالىزمنىڭ رۇسىيەدە كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، بۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىنقىلابچىنىڭ ۋەزىپىسى — كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي كۈچ، يەنى پىرولېتارىيات سىنىپىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى

تەشكىللەپ، مۇستەقىل ئىشچىلار پارتىيەسى قۇرۇش ئارقىلىق كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىش، دەپ قارىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۇ نارودنىكلارنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابتىكى رولىنى ئىنكار قىلىپ، دېھقانلارغا تايىنىپ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتەك خاتا نۇقتىئىنەزىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ رۇسىيەدە دېھقانلارنىڭ سانى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار كۈنسايىن پارچىلىنىۋاتقان سىنىپقا مەنسۇپ، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا بولىدىغان تارقاقلىق سەۋەبلىك، ئۇلار ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچىگە ئايلىنالمايدۇ، ۋاھالەنكى، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىشچىلار سىنىپى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، يۈكسەك تەشكىللاتچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىققا ئىگە ئەڭ ئىنقىلابچىل كۈچ، رۇسىيەدە سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دېيىدىكەنمىز، ئۇمىدنى شۇلارغا باغلاش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ نارودنىكلارنىڭ يېزا كوممۇناسى ھەققىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ دېھقانلار كوممۇناسى ئۆزگەرمەس نەرسە بولماستىن، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پارچىلىنىدۇ، يېزا كوممۇناسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا باي ــ كەمبەغەللىك پەرقى مەۋجۇت، شۇڭا ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆرەلمىسى ۋە ئاساسى بولماستىن، بەلكى باي دېھقانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيەسىنى يوشۇرىدىغان بىر خىل شەكىل، دەپ قارىدى.

تۆتىنچىدىن، ئۇ نارودنىكلارنىڭ ئىدېئالىزملىق تارىخ قارىشىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق كۈچ، تارىخنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى، قەھرىمانلار ۋە ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەلۇم تەرەپلىرىنىلا ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومومىي يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، نارودنىكلارنىڭ ئۆزىنى نىجاتكار ئورۇنغا قويۇشتەك خاتا ئىدىيەسىنى تەنقىد قىلدى.

ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى ۋە پلېخانوفنىڭ ھەرىكەتلىرى ماركسىزمنىڭ نۇرغۇن قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، لېنىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەۋلاد ماركسىزمچىلارنى تەربىيەلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە رۇسىيەنىڭ جاي ـ جايلىرىدا ماركسىزمچىلار گۇرۇپپىلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى. مەسىلەن، پېتربورگدىكى بلاگويېف گۇرۇپپىسى، قازاندىكى فېدو ـ سېيېف گۇرۇپپىسى دېگەندەك. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ پائالىيەتلىرى رۇسىيەدە ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

لېكىن، ماركسىزم رۇسىيەگە تارقالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئاجىزلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ئەمگەكنى ئازاد قىلىش جەمئىيىتى ۋە باشقا ماركسىزمچى گۇرۇپپىلار نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىلا قانات يايدۇرغان، زىيالىيلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ماركسىزمنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرمىگەنىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ماركسىزمچىلار گۇرۇپپىلىرىنىڭ پىروگراممىسىمۇ ئەسلىدىنلا خاتا ئىدى. بىر جەھەتتىن، ئۇلار دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابتىكى ئورنىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئىنكار قىلغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار بۇرژۇئازىيەنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈۋەتكەنىدى. نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇ كەمتۈكلۈكلەر پلېخانوفنىڭ كېيىن ماركسىزمچىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، مېنشېۋىكلار ئىدىيەسىنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

**لېنىنىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى** ۋ. ئى. لېنىن (1870 — 1924)

1870 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى سىمبىرسك شەھىرىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1887 ـ يىلى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن كەسپىدە ئوقۇغان. كېيىن ياش ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قوغلانغان. ئۇ شۇ چاغدىن باشلاپلا ماركسنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى قەلبىگە پۈككەن بولۇپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا بىر ماركسىزمچىغا ئايلانغان. 1889 ـ يىلى سامارادا شۇ جايدىكى تۇنجى ماركسىزم گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئىلمىي كوممۇنىزمنى پائال تەشۋىق قىلغان ھەم يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ جەمئىيەت تەكشۈرۈپ، رۇسىيەدىكى دېھقانلار مەسىلىسىنى ماركسىزملىق نەزەرىيە بىلەن تەتقىق قىلغان. 1893 ـ يىلى ئۇ پېتىربورگقا بېرىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ماركسىزم گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ناھايىتى تېزلا ماركسىزم گۇرۇپپىسى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان رەھبەرگە ئايلانغان.

ئەينى چاغدا، نارودنىكلار ئىدىيەسىنىڭ رۇسىيە جەمئىيىتىدىكى تەسىرى يەنىلا ئىنتايىن زور ئىدى، بولۇپمۇ بىر قىسىم ياش زىيالىيلار ئۇنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، رۇسىيەنىڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭماي تۇرۇپمۇ سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىغا، دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىكەنلىكىگە يەنىلا قاتتىق ئىشىنەتتى. ياشلارنىڭ تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، نارودنىكلار ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، لېنىن 1894 ـ يىلى «خەلقنىڭ دوستى، كىم ھەم ئۇلار سوتسىيال دېموكراتىزمچىلارغا قانداق زەربە بېرىدۇ» دېگەن كىتابىنى مەخپىي ئېلان قىلىپ، نارودنىكلارنىڭ تۈرلۈك خاتا ئىدىيەلىرىگە قايىل قىلارلىق پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، كاپىتالىزمنىڭ رۇسىيەدە تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، پرولېتارىياتنىڭ چوقۇم زورىيىپ، كاپىتالىزمنىڭ گۆركارىغا

ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا، پرولېتارىياتنىڭ پارتىيە قۇرۇپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقى بەرپا قىلىپ، رۇسىيە ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تۇنجى قېتىم شەرھلىدى. بۇنىڭ بىلەن نارودنىكلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

نارودنىكلار بىلەن كۈرەش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا لېنىن يەنە سترۇۋې ۋەكىللىكىدىكى «قانۇنلۇق ماركسىزمچىلار» بىلەنمۇ كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ئەينى چاغدا بەزى بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ماركسىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلغان قانۇنلۇق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى بازارغا سالغانىدى. ئۇلار نارودنىكلارنى تەنقىد قىلىپ، ماركسنىڭ كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى ھەققىدىكى تەلىماتىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەشۋىق قىلغان ئىدىيە ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىدە ماركسىزمغا خىلاپ بولۇپ، ئۇلار سىنىپىي كۈرەش ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى كېرەك قىلماي، كاپىتالىزمنى كۈچىنىڭ بارىچە بېزەپ، ئىشچىلارنى شەرتسىز ھالدا «كاپىتالىزمدىن تەلىم ئېلىش» قا چاقىرغانىدى. 1894 ـ يىلى لېنىن «نارودنىكىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ سترۇۋې ئەپەندىنىڭ كىتابىدا تەنقىدلىنىشى» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، «قانۇنلۇق ماركسىزمچىلار» نىڭ ماركسىزمنى بۇرمىلىشىنى سىستېمىلىق سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزمنىڭ جارچىسى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

لېنىنىنىڭ نارودنىكلار ۋە «قانۇنلۇق ماركسىزمچىلار»غا قارشى كۈرىشى پرولېتارىيات پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئىدىيەۋى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس سالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن كېيىن رۇسىيەدە ئىشچىلار ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، مۇستەھكەم پرولېتارىيات

پارتىيەسى قۇرۇش تەخىرسىز ۋەزىپىگە ئايلاندى. لېكىن، ئەينى چاغدا رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ماركسىزم گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالاقە يېتەرسىز بولۇپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلگەن بىرەر تەشكىلات يوق ئىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماركسىزمنى ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۇرگۇدەك تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن 1895 ـ يىلى لېنىن پېتربورگدىكى 20 نەچچە ماركسىزم تەشكىلاتىنى بىرلەشتۇرۇپ، «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ تەسىرىدە موسكۋا ھەمدە باشقا بەزى سانائەت مەركەزلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان «كۈرەش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا ئىش تاشلاش كۈرەشلىرىنى تەشكىللىدى. 1896 ـ يىلى پېتربورگدىكى «كۈرەش جەمئىيىتى» 30 مىڭ توقۇمىچىلىق ئىشچىسى قاتناشقان ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلدى. 1897 ـ يىلى يەنە تېخىمۇ چوڭ كۆلەمدىكى ئىش تاشلاشقا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئىش تاشلاشلاردا «كۈرەش جەمئىيىتى» ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈرەش بىلەن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىگە قارشى سىياسىي كۈرەشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە ماركسىزمنى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بىرلەشتۇرۇش ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رۇسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتى يېڭى باسقۇچقا، يەنى پرولېتارىيات ئىنقىلابى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. پرولېتارىيات پارتىيەسىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى.

چار پادىشاھنىڭ پېتربورگ كۈرەش جەمئىيىتىنى باستۇرۇشى بىلەن 1895 ـ يىلى لېنىن قولغا ئېلىنىپ، سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىندى. ئۈچ يىللىق سۈرگۈن جەريانىدا لېنىن رۇسىيە ۋە خەلقئارادىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات

ئەھۋالىغا ئىزچىل دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا داۋاملىق نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 30 نەچچە پارچە ئەسەرنى يازدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 1899 ـ يىلى يازغان «رۇسىيە كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ پىروگراممىسى ۋە تاكتىكىسىنى بېكىتىشكە ئاساس سالدى.

لېنىن سۈرگۈن قىلىنغان مەزگىللەردە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازادلىق كۈرىشى جەمئىيىتىدە كۆپلىگەن ياشلار رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىدى. نەزەرىيىۋى ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ، بىرىنچى تىپىنىڭ ئاغمىچىلىق ئىدىيەسى رۇسىيەگە سىڭىپ كىرگەنلىكتىن، جەمئىيەتتىكى بەزىلەر ئىشچىلار پەقەت ئىقتىسادىي كۈرەش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، سىياسىي كۈرەشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك دېگەن تەشەببۇسنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «ئىقتىسادچىلار» مەيدانغا كەلدى ھەم ناھايىتى تېزلا كۈرەش جەمئىيىتىنى تىزگىنلىۋالدى. 1898 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۈرەش جەمئىيەتلىرى مىنىسكىدا رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا پىروگرامما ۋە نىزامنامە تۈزۈپ چىقىلمىدى، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مەركىزىي كومىتېتمۇ ئۇزاق ئۆتمەي چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى. جايلاردىكى ماركسىزم گۇرۇپپىلىرى يەنىلا تارقاق ھالەتتە قېلىپ، ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

1900 ـ يىلى لېنىن سۈرگۈندىن قايتىپ كەلدى، ئۇ ماركسىزمنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىش، پارتىيە قۇرۇشقا ئىدىيەۋى، تەشكىلىي تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ، پۈتۈن رۇسىيەدىكى ماركسىزمچىلارنىڭ گېزىتى

«ئۇچقۇن گېزىتى» نى چىقىرىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا يوشۇرۇن تارقاتتى. ئۇ «ئۇچقۇن گېزىتى» نى بازا قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ھەقىقىي ماركسىزمچىلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، «ئىقتىسادچىلار» بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلدى. 1902 ـ يىلى «نېمە قىلىش كېرەك» دېگەن كىتابىدا «ئىقتىسادچىلار» نىڭ بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئىشچىلارنى بۇرژۇئازىيە ۋە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسىي كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، ئىنقىلابىي يولدا مېڭىپ، «ئىقتىسادچىلار»غا ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «ئۇچقۇن گېزىتى»دە بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، پارتىيە قۇرۇش پىلانى، قۇرۇلىدىغان پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى شەرھلەپ، ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، رۇسىيەدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي پارتىيەسىنى قۇرۇش شارائىتى ئاخىر پىشىپ يېتىلدى.

1903 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. كەسكىن مۇھاكىمە ۋە كۈرەشلەردىن كېيىن، لېنىننىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن قۇرۇلتاي ئاخىر قارار ماقۇللاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى پارتىيە پروگراممىسىغا كىرگۈزدى. بۇ، لېنىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاغدۇرمىچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتىكى زور غەلىبىسى ئىدى. لېكىن، پارتىيە نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا قاتتىق ئىختىلاپ كۆرۈلدى. لېنىن پارتىيە پروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلغان، پارتىيەگە ماددىي ياردەم بەرگەن ھەمدە پارتىيەنىڭ بىرەر تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان ئادەم پارتىيە ئەزاسى بولسا بولىدۇ، دېگەندە چىڭ تۇردى. لېكىن، مارتوف پارتىيەنىڭ ھېچقانداق بىر تەشكىلاتىغا قاتناشمىسىمۇ، پەقەت پارتىيە پروگراممىسىنى ئېتىراپ قىلسىلا ۋە پارتىيەنى ماددىي جەھەتتىن يۆلىسىلا

پارتىيە ئەزاسى بولسا بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇ يەردىكى ئىختىلاپنىڭ ھالقىسى شۇكى، لېنىن پارتىيەنى تەشكىللىچانلىقى كۈچلۈك، ئىنتىزامى قاتتىق بىر كوللېكتىپ قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى ئىدى، ئەمما مارتوف بولسا تەشكىلى چېچىلاڭغۇ بىر بۇرژۇئا كۇلۇبى قۇرۇشنى ياقلايتتى. ئاغمىچىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە لېنىننىڭ تەكلىپى ماقۇللانمىدى، ئەمما قۇرۇلتاي ئەڭ ئاخىرىدا مەركىزىي كومىتېتنى سايلىغاندا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. لېنىننى قوللايدىغانلار كۆپ سانلىق بولۇپ بولشېۋىكلار دەپ ئاتالدى، مارتوفنى قوللايدىغانلار ئاز سانلىق بولۇپ مېنشېۋىكلار دەپ ئاتالدى. بولشېۋىكلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى رۇسىيەدە بىر يېڭىچە پارتىيەنىڭ، غەربىي ياۋروپادىكى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنداق قىلىپ، لېنىنىزم دۇنياغا كەلدى، ئۇ دۇنياغا كېلىپلا دەرھال رۇسىيەدىكى تۇنجى دېموكراتىك ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلدى.

**1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيە جەمئىيىتىدە ئىككى خىل زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ، بىرى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى بىلەن كاپىتالىزم ئارىسىدىكى زىددىيەت، يەنە بىرى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئىچىدىكى ئىشچىلار بىلەن كاپىتالىستلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. بۇ ئىككى خىل زىددىيەت ئىچىدە بىرىنچى خىلى ئەينى ۋاقىتتا يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. ئىشچىلار چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى قاتتىق تەلەپ قىلاتتى، دېھقانلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ يەرگە ئېرىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

1904 — 1905 ـ يىللىرىدىكى رۇسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشى

ئىنقىلابقا بىۋاسىتە ئوت ياقتى. روسىيەنىڭ ئۇرۇشتا ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشى چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكىنى ئاشكارىلىدى، ۋاھالەنكى، ئۇرۇش مەزگىلىدە باج ـ سېلىق ئېغىرلاپ، خەلققە ئاپەت ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. 1905 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پېتىربورگ ئىشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن تەخمىنەن 200 مىڭ ئادەم قىشلىق سارايىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، چار پادىشاھتىن دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەت قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان پۇقرالارغا ئوق چىقىرىپ، 1000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەتراپ قىپقىزىل قانلار بىلەن بويالدى. مانا بۇ مەشھۇر «قانلىق يەكشەنبە» ئىدى. بۇ قانلىق ۋەقە ئىشچىلارنىڭ چار پادىشاھقا بولغان خام خىيالىنى بەربات قىلدى، مىليونلىغان ئىشچى «قولىمىزغا قورال ئالايلى!»، «مۇستەبىت تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى!»، «قانخور چار پادىشاھنى يوقىتايلى!» دەپ خىتاب قىلىشتى. پېتىربورگ ۋە موسكۋا قاتارلىق مەركىزىي سانائەت شەھەرلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىش تاشلاش ۋە نامايىشلار بولۇپ، ھەممىلا جايدا دېگۈدەك ئىشچىلار بىلەن ساقچىلار ئارىسىدا قانلىق توقۇنۇشلار يۈز بەردى. مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش تېزدىن كېڭىيىپ، 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ ئايدا ئىش تاشلىغان ئىشچىلارنىڭ سانى 800 مىڭدىن ئاشتى، بولشېۋىكلار ئىش تاشلاشقا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى ھەم ئىشچىلارنى ئىش تاشلاش داۋامىدا ئىقتىسادىي تەلەپنى سىياسىي تەلەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە چاقىردى.

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە دېھقانلارمۇ كۆرەشكە قاتنىشىشقا باشلىدى. روسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى 501 ناھىيەسىنىڭ 104 دە قوزغىلاڭ پارتلىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ قورۇقلىرىنى كۆيدۈرۈپ،

زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئاشلىقلىرىنى تارتىۋالدى، ھەتتا يەرلىرىنى بۇلىۋالدى.

ئارمىيەدىمۇ تەۋرىنىش كۆرۈلدى. 1905 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رۇسىيەنىڭ قارا دېڭىز فىلوتىدىكى «پوتيومكىن» ناملىق پاراخوتتىكىلەر تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن ئودېسسادا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشمىگەنلىكتىن ئاخىر مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىدە چوڭ يېرىق پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

جايلاردىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلدى، لېكىن ھاكىمىيەت چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، ئىنقىلابقا ھەر ۋاقىت زەربە بېرەلەيتتى. 1905 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ، مەسلىھەت ئىلىش خاراكتېرىدىكى دۇما يىغىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. ئېنىقكى، بۇ، ئەركىن بۇرژۇئازىيەنى ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق ئىنقىلابنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. چار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا قارىتا، پىرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيەنىڭ جاۋابى ئوخشاش بولمىدى. بولشېۋىكلار چار پادىشاھنىڭ ۋەدىسى يالغان، دۇماغا قارشى تۇرۇپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك، دەپ قارىدى. ئەركىن بۇرژۇئازىيە بولسا، دۇمانىڭ گەرچە قانۇن چىقىرىش فۇنكسىيەسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ چار پادىشاھ بىلەن ھەمكارلاشقىلى، دۆلەت ئىچىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ئىنقىلابتىن پايدىلىنىپ چارپادىشاھنى تېخىمۇ كۆپ جەھەتتە گەپكە كۆندۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى بولشېۋىكلارنى قوللىغانلىقتىن، مەسلىھەت خاراكتېرلىك دۇما يىغىنى ئاخىر ئېچىلمىدى. يۇقىرى پەللىگە چىقىۋاتقان ئىشچىلار ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، توغرا لۇشيەن بېكىتىپ ئىنقىلابنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن،

1905 - يىلى 4 - ئايدا بولشېۋىكلار لوندوندا رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن مېنشېۋىكلار قاتنىشىشنى رەت قىلدى. لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە 3 - قۇرۇلتاي ئالدى بىلەن 1905 - يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى دەپ بېكىتتى ھەم ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى — يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىپ، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىشچى - دېھقانلار دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش ئىنقىلابنىڭ تاكتىكىسى — پرولېتارىيات بىۋاستە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئاخىرىدا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇش، دەپ بېكىتتى. مېنشېۋىكلارمۇ جەنۋەدە ئۆز ئالدىغا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، 3 - قۇرۇلتايىنىڭكى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بىر ئاغمىچىلىق لۇشيەنىنى بېكىتىپ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى، دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئىنكار قىلىپ، بۇرژۇئازىيەگە يېقىنلىشىشنى تەشەببۇس قىلدى (ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىنمۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ۋەكىل قاتناشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمىدى).

3 - قۇرۇلتايدىن كېيىن بولشېۋىكلار ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، كۆرەشنىڭ مەركىزىمۇ پېتېربورگدىن موسكۋاغا يۆتكەلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى موسكۋا - قازان تۆمۈريولى قارىمىقىدىكى زاۋۇت ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىش تاشلاش موسكۋاغا تۇتىشىدىغان ھەرقايسى تۆمۈريوللارغىچە

كېڭەيدى، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ چوڭ 14 تۆمۈريولنىڭ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاشقا قاتنىشىپ، بىر مەيدان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىنىسكىدىن ۋىلادىۋوستوكقىچە ئىش تاشلاشقا يالغۇز سانائەت ئىشچىلىرىلا ئەمەس، يەنە ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىنژېنېرلار، دۇكان خىزمەتچىلىرى، پوچتا ـ تېلېگراف خىزمەتچىلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئىش تاشلاشقا قاتناشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2 مىليونغا يەتتى. 10 ـ ئايدىكى ئومۇمىي ئىش تاشلاش مەركىزىدە ھەر قايسى جايلاردا ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتى قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە قوزغىلاڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىق رولىنى ئۆتەپ، ئاخىرىغا كەلگەندە قوراللىق كۈرەشنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىغا ئايلاندى.

مەملىكەتلىك ئومۇمىي ئىش تاشلاش چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چار پادىشاھ ئامالسىز يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چار پادىشاھ باياناتنامە ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ سۆز، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، مەتبۇئات ئەركىنلىكلىرىگە رۇخسەت قىلىپ، سايلام ھوقۇقىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت دۇماسىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق قانۇن دۆلەت دۇماسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن، بولمىسا ئىناۋەتسىز بولىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە چارپادىشاھ رۇسىيەدە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويماقچىدى. مېنىشېۋىكلار ۋە بۇرژۇئازىيە «17 ـ ئۆكتەبىر باياناتنامىسى» دىن ئىنتايىن رازى بولۇشتى. لېكىن، بولشېۋىكلار چار پادىشاھنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى توپلاپ، پۇرسەت تېپىپ ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىشچىلاردىن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى موسكۋادىكى بولشېۋىكلار كومىتېتى سوۋېتقا ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى جاكارلاش تەكلىپى بەردى. 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى موسكۋادىكى ھەرقايسى زاۋۇتلار گۈدۈكلىرىنى ياڭراتتى، ئىش تاشلاشقا قاتناشقان ئىشچىلار 150 مىڭغا يەتتى. 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئومۇمىي ئىش تاشلاش قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئىشچىلار توققۇز كۈن كەسكىن جەڭ قىلدى. موسكۋادىكى قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنى ناھايىتى تېزلا باشقا شەھەرلەرگە تۇتاشتى. بەزى جايلاردا چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتى يېڭى دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىلىق فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىشى بىلەن قىسمەن غەلىبە سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئاخىر موسكۋا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، دېكابىر قوزغىلىڭى دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. دېكابىر قوزغىلىڭى 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى بولۇپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلاب پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەندى.

1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيىتى چوڭقۇر تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قالدۇردى، قوزغىلاڭدىن بۇرۇن سوۋېتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تۇتقۇن قىلىنغانلىقتىن، ئىشچىلاردا ئۇنۇملۇك رەھبەرلىك كەم بولدى، بۇمۇ ئەلۋەتتە بىر سەۋەب ئىدى، لېكىن ئەڭ مۇھىمى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولمىدى، ئىشچىلار سىنىپى كەڭ دېھقانلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسىدىكى بۆلۈنۈشمۇ ئىشچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلىتىۋەتتى.

1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولدى. چار

پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمى ئىنقىلابنىڭ زەربىسى بىلەن يۇرۇتقىدەك ھۆكۈمرانلىق يۇرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئامالسىز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ 1906 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك قانۇن چىقىرىش دۇماسى يىغىنىنى ئاچتى. 1907 ـ يىلى يەنە 2 ـ نۆۋەتلىك قانۇن چىقىرىش دۇماسى يىغىنىنى ئاچتى. بۇرژۇئازىيەنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى كۈچىيىپ، رۇسىيە پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە قاراپ يەنە بىر چوڭ قەدەم تاشلىدى. ۋاھالەنكى، ئىشچىلار سىنىپىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1905 ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب ئۇلارنىڭ سىياسىي كۈرەش تەجرىبىسى ۋە تەشكىلىي خىزمەت تەجرىبىسىنى بېيىتىپ، پرولېتارىياتنى قوراللاندۇرۇپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. لېنىن: «1905 ـ يىلىدىكى ‹ئومۇمىي مانېۋىر› بولمىغان بولسا، 1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بولمىغان بولاتتى» ① دەپ كۆرسەتتى.

① لېنىن: «كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ‹سولچىل› گۆدەكلىك كېسىلى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 3 ـ نەشرى 4 ـ توم، 138 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# ئاسىيادىكى ئويغىنىش

ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئۇرال تېغى ۋە ئۇرال دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئاسىيا قىتئەسى پۈتكۈل دۇنيا قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ 1/3 قىسمىنى، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياۋروپا قىتئەسى پەقەت چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىي شىمالىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى زاماندا كاپىتالىزم ئەڭ بالدۇر ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىي شىمالىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى كاپىتالىزم تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، 19 ـ ئەسىردە پۈتكۈل ئاسىيا دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇردى ۋە قۇل قىلدى، غەرب ئەللىرى كۆپ قىسىم شەرق ئەللىرىنى پۈتۈنلەي مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە قىلىۋالدى. غەرپ ئەللىرى بىلەن پەرقى ئەسلىدىنلا ناھايىتى چوڭ بولغان ئاسىيا دۆلەتلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورتاق تارىخىي تەقدىرگە دۇچار بولدى.

20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن غەپلەتتىن ئويغىنىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوزغىدى.

## 1 ـ بۆلۈم  ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دۇنياۋى كاپىتالىزم سىستېمىسىغا سۆرەپ كىرىلىشى ۋە شەرق ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى غەرب ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شەرق ئەللىرى ئىقتىسادىنى دۇنيا كاپىتالىزم سىستېمىسىغا سۆرەپ كىرىپ، شەرق ئەللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى ۋە خام ئەشيا تەمىنلەش بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. شۇڭا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئاسىيا ئەللىرىنىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان سودىسىدا تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تۈركىيەنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 1840 ـ يىلىدىكى 560 مىليون فوندستېرلىڭدىن 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 8 مىليارد 360 مىليون فوندستېرلىڭغا كۆپەيدى. ئىراننىڭ تاشقى سودىسى 1800 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلىغىچە 12 ھەسسە كۆپەيدى. ئىراقنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1864 ـ يىلدىن 1872 ـ يىلىغىچە يىلىغا 147 مىڭ فوندستېرلىڭدىن ئېشىپ، 1912 — 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە يىلىغا 2 مىليون 960 مىڭ فوندستېرلىڭدىن ئاشتى. ھىندىستاننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 1841 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 100 مىليون رۇپىيە ۋە 140 مىليون رۇپىيە بولۇپ، 1913 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1 مىليارد 910 مىليون رۇپىيە ۋە 2 مىليارد 490 مىليون رۇپىيەگە كۆپەيدى. جۇڭگونىڭ دۇنيا كاپىتالىزم سىستېمىسىغا كىرگەن ۋاقتى بىرقەدەر كېيىن بولسىمۇ، لېكىن تاشقى سودا تەرەققىيات سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، 1868 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلىغىچە ئىمپورت سوممىسى

سەككىز ھەسسە، ئېكسپورت سوممىسى ئالتە ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. ياۋروپاغا ھىندىستاننىڭ پاختىسى، سىبىرىق كەندىرى، جۇڭگونىڭ چاي، يىپەك، ساپال بۇيۇملىرى ھەممە غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ گىلەم، چارۋا ماللىرى كىردى. ياۋروپادىن ئاسىياغا ئاساسلىقى تۈرلۈك سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى كىردى.

بۇ خىل ئىقتىسادىي ئەندىزە ئىككى خىل ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرىنچىدىن، ئاسىيا ئەللىرى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاكارلىق رولىنى ئوينىسا، ياۋروپا سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىش رولىنى ئوينىدى. تاشقى سودىنىڭ گۈللىنىشى ئاسىيا ئەللىرى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەمەس، بەلكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي تارماقلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىدىلا ئىپادىلەندى. ئىككىنچىدىن، ئاسىيا قىتئەسىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە ئۆز - ئۆزىنى تولۇق قامدىيالايدىغان يېزا جامەئەسى تۈپتىن ۋەيران بولدى. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلمىسى يەككە ئۇششاق دېھقانچىلىق بىلەن ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بىرىكىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، دېھقانلار دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا دېھقانچىلىق قىلسا، ئارىسالدى مەزگىللەردە ھەرخىل قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلسا، ئاياللار ئۆيدە يىپ ئېگىرىپ رەخت توقۇيتتى. دېھقانلار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن يەنە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان كۆپ قىسىم قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. گەرچە جەمئىيەتتە تاۋار ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئالماشتۇرۇلغان بۇيۇملارنىڭ تۈرى ۋە سانى چەكلىكلا ئىدى. دېھقانلار بىر ئۆمۈر

ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىلا ياشايتتى، سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تولىمۇ ئاز ئىدى. غەرب ئەللىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشى بىلەن تاشقى سودىنىڭ ئېشىشى گەرچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مەنپەئەت قەبىلە باشلىقلىرى، شەھەر قابىلىلىرى، مەنسەپدارلار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلاردىن تەركىب تاپقان يۇقىرى قاتلام ئىجتىمائىي گۇرۇھىغىلا تەۋە ئىدى. ئۇلار يۇقىرى ئىستېمالنى ئادەت قىلىۋالغان بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ماللىرىنى ياخشى كۆرەتتى، ئىجارىكەشلەردىن شىلىۋالغان پۇللارنى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتمەيتتى، سانائەت كارخانىلىرىغا مەبلەغ ياردەم قىلىشىدىن ئەسلا سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇلاردىن باشقا، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇش، ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئوردىدىكى زىيادە ئىسراپچىلىق، چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىپ پۇل - مال ئىسراپ قىلىش پۇل پاخاللىقى ۋە پۇل كۇرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسىيادىكى ئەللەردە ئارقا - ئارقىدىن مالىيە قىيىنچىلىقى كېلىپ چىقتى. تۈركىيە، ئىران، جۇڭگو ھۆكۈمەتلىرىدە 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەمەل - مەنسەپ سودىسى رەسمىي يوسۇندا قايناپ، كىم پۇل چىقارسا شۇ ئەمەل تۇتىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇنداق ئەمەلدارلار باج - سېلىقنى تەبىئىيلا ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىراتتى. تۆۋەن قاتلامدىكى دېھقانلار ئەمەلدارلارنىڭ قاتلاممۇقاتلام قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرايتتى، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتەتتى، بەزىلىرى شەھەرگە كىرىپ ئىشچى بولۇپ، ئاسىيادىكى تۇنجى ئەۋلاد سانائەت پرولېتارىياتىغا ئايلاندى. يەنە بەزىلىرى دۆلەت سىرتىدا ئېقىپ يۈردى. تۈركىيە ۋە ئىران دېھقانلىرى رۇسىيەگە بېرىپ مەدىكارلىق قىلدى، ھىندىستان دېھقانلىرى ئافرىقىغا باردى، جۇڭگو دېھقانلىرى ھايۋاننىڭ ئورنىدا شەرقىي جەنۇبىي

ئاسىيا ياكى ئافرىقىدىكى ئېكىنزارلىقلارغا سېتىۋېتىلدى. ئۆز يۇرتلىرىدا قالغانلار تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىنى سېتىپ ھەرخىل باج ـ سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ناۋادا خەلقئارا بازاردىكى باھادا داۋالغۇش كۆرۈلسە، ئاسىيادىكى ئۇششاق دېھقانلار شۇ ھامان ۋەيران بولۇپ، قاق سەنەم بولاتتى. ئەنئەنىۋى يېزا جامائەسىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ غۇربەتچىلىكتە ياشايتتى. ئەمما، غەربنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىنىڭ ئاسىيا خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى ئاسىيا خەلقىنىڭ ئىلگىرى تارتقان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ بەتتەر دىشۋارچىلىقتا قالدى. خۇددى ماركسنىڭ «ھىندىستانلىقلار كونا دۇنيادىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى دۇنياغا ئېرىشەلمىدى»① دېگىنىدەك ئىش بولدى.

**ئاسىيادا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى** غەربنىڭ ئاسىياغا قاراتقان مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئاسىيا خەلقىگە ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاسىيادىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ھىندىستان جەمئىيىتىدە كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى، ھىندىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، سودىسى ۋە پۇل مۇئامىلىسىمۇ مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە ئىدى. ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ

① ماركس: «برىتانىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 1 ـ توم 762 ـ بەت.

قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ياۋروپاغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا سېتىپ زور پايدىغا ئېرىشتى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرغاندىن كېيىن، كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى تاموژنا بېجى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ھىندىستاندا تۆكمە قىلىپ سېتىپ، ھىندىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىقىنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى ھىندىستاننىڭ ئەسلىدىكى فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر قىسىم ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھىندىستان كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا شارائىت ھازىرلىدى. بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەنگلىيە ھىندىستانغا كاپىتال كىرگۈزۈپ، ئاساسلىق كاپىتالىنى تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىغا سالدى. 1860 ـ يىلى ھىندىستاندا 1300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆمۈر يول ياسالغان بولسا، 1896 ـ يىلىغا كەلگەندە تۆمۈر يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە پورت، تېلېگراف، دېڭىز ترانسپورتى، تاشيول، سۇ ئىنشائاتى، كۆمۈر كان قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ مەبلەغ سالدى. بۇ خۇددى لېنىننىڭ «كاپىتال قەيەرگە سىڭسا، شۇ دۆلەتتىكى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى» ① دېگىنىدەك ئىش بولدى. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا قىلغان بۇ ئىشلىرى ھىندىستان كاپىتالىزمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1851 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى بومبايدا ھىندىستانلىقلارنىڭ كاپىتالىدىكى تۇنجى زامانىۋى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى

---

① لېنىن: «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 3 ـ نەشرى 2 ـ توم 629 ـ بەت.

قۇرۇلدى. 1900 ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتكۈل ھىندىستاندا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن 193 ى مەيدانغا كېلىپ، 495 دانە ئۇرچۇقا، 40 مىڭ توقۇش ماشىنىسىغا ئىگە بولدى. 160 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ياللاپ ئىشلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستانلىقلارنىڭ كاپىتالىدىكى بانكا، پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، قەغەز زاۋۇتى قۇرۇلدى، جۇملىدىن تاتا ۋە بىللاغا ئوخشاش چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرى مەيدانغا كەلدى.

مۇستەملىكە شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھىندىستان سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسى تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى: بىرىنچىدىن، ئۇ مۇستەملىكىدىكى بۇرژۇئازىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنگلىيە كاپىتالىغا كۈچلۈك تايىناتتى. ئەنگلىيە كاپىتالى بانكا ۋە تىجارەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ سودا ـ سانائىتىنى كونترول قىلغان بولغاچقا، ھىندىستانلىقلارنىڭ كاپىتالىدىكى زاۋۇتلار مەبلەغ، تېخنىكا، ئەسلىھە جەھەتتە ئەنگلىيە كاپىتالىغا بېقىناتتى ۋە ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. بارلىق تۆمۈر يول، پورت، تېلېگراف قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر مۇستەملىكە ھۆكۈمىتى ياكى ئەنگلىيە خۇسۇسىي كاپىتالىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. زاۋۇت ۋە ئېكىنزارلىقلارغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ 70% ى ئەنگلىيە مەبلىغى بولۇپ، ھىندىستاننىڭ مەبلىغى ئارانلا 30% نى ئىگىلەيتتى. شۇڭا، ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى ئەزەلدىن ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا تايىناتتى ۋە ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشتىن ساقلىنالمايتتى، ئۇلار دائىم كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى

سىياسەتلەرنى يولغا قويغاچقا، ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىدىن نارازى ئىدى. ھىندىستان كاپىتالى تەرەققىي قىلغانسېرى ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىپ، ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە تەقەززا بولدى. ئىككىنچىدىن، يېقىنقى زاماندا تەرەققىي قىلغان ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستاننىڭ غەربىي رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي ئەسلىدىنلا ھىندىستاننىڭ تاۋار ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونى ئىدى. بۇ رايوندا مەخسۇس سودا، پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەزى تەبىقىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بار ئىدى. بۇ جاي ئەنگلىيەلىكلەر كېچىكىپ بويسۇندۇرغان رايون بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى سودىسى ۋە پۇل مۇئامىلىسى ئازراق زەربىگە ئۇچرىغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇلارغا يەنىمۇ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. 1895 ـ يىلىغا كەلگەندە پەقەت بومبايغىلا 70 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مەركەزلەشكەنىدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، چوڭ بۇرژۇئازلار كۆچلۈك رايون خاراكتېرى ئارقىلىق باشقا رايونلاردىكى بۇرژۇئازلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى سودا تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان، جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن، ئابرۇيىمۇ چاغلىقلا ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھىندىستان جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ، مۇئەييەن ئىنقىلابىي خاراكتېرنى ھازىرلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. لېكىن، ئەنئەنە بىسىمى ئۇلارنىڭ ھىندىستان سىياسىيسىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىقتىساداشلىرى ۋە جارچىلىرىنى تاپمىسا بولمايتتى.

غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىمۇ كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى بەزى ئورتاق

ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى. بۇ دۆلەتلەردە ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن سانائەت كارخانىلىرى ئەسلىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە قول سانائەت ئىشخانىلىرىدىن تەدرىجىي راۋاجلانغان ياكى چەت ئەل كاپىتالى تەرىپىدىن بىۋاسىتە قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغاندى.

تۈركىيەدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى زور كۆلەمدە سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويدى، جۈملىدىن پايتەخت ئىستانبۇلنىڭ غەربىنى سانائەت رايونى قىلىپ، بۇ رايونغا پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كېمىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق 150 تىن كۆپرەك سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سانائىتىنى تۈركىيەگە يۆتكەپ كەلمەكچى بولدى. ھۆكۈمەت سانائەت كارخانىلىرىنى بۇنداق ئاكتىپلىق بىلەن قۇرۇشتا، بىر جەھەتتىن، زاۋالغا يۈز تۇتقان ئىمپېرىيەنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغاندى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ، جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان سودىگەرلەر ۋە سودا پائالىيەتلىرىنى كەمسىتىش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى يەھۇدىيلار، گىرېكلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەر تەرىپىدىن ياتلار دەپ قارالغاچقا، ھۆكۈمەت ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ كەسىپلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشنى ئەسلا خالىمايتتى. تۈركىيەدىن كېيىنلا جۇڭگودىمۇ شۇنداق ئىش بولدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىنى باشلاپ، «چەت ئەللەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، چەت ئەللەرگە تاقابىل تۇرۇش» قا ئۇرۇندى. لېكىن، تۈركىيەنىڭ

سانائەت رايونى» پىلانى بولسۇن ياكى جۇڭگونىڭ ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى بولسۇن، ھېچقايسىسى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. تۈركىيەنىڭ «سانائەت رايونى»دىكى كارخانىلار ئۇزاق ئۆتمەي ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولدى، بۇنىڭدىن بىر دۆۋە كېرەكسىز تۆمۈر ـ تەرسەك ۋە غايەت زور قەرز قېلىپ، بۇ ئىش تۈركىيەنى قۇدرەت تاپتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنى تېزلىتىۋەتتى. جۇڭگونىڭ ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولدى.

تۈركىيەنىڭ «سانائەت رايونى» پىلانى بىلەن جۇڭگونىڭ ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى ئۆز دۆلىتىدىكى كاپىتالغا بولغان چەكلىمىنى بوشاشتۇردى. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جياۋۇ يىلىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن «سودا ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇش »، «ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكلىشىپ سودا قىلىش» دېگەندەك بەزى سىياسەتلەرنى قوللانغانلىقتىن، جۇڭگودىكى سودىگەرلەر ئاچقان زاۋۇت، كانلارنىڭ كاپىتالى 1908 ـ يىلى 1900 ـ يىلىدىكىدىن تۆت ھەسسە ئاشتى، لېكىن بۇ جۇڭگونىڭ مىللىي كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىقنى تۈپتىن ھەل قىلالمىدى. ئۇ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىدى. جاھانگىرلار قاتمۇقات توسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ، ئاسىيا مىللىي كاپىتالىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رىقابەتچىسى بولۇشىغا يول قويمايتتى. يەنە كېلىپ، مەيلى تۈركىيە ياكى جۇڭگودا بولسۇن، مىللىي كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى فېئودال كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايتتى. شۇڭا، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئاسىيا مىللىي بۇرژۇئازىيەسى ھەمىشە چەت ئەل كاپىتالىغا تايىناتتى ۋە بيۇروكرات كۈچلەرگە بېقىناتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلدار بولۇش بىلەن بىللە يەنە دەللال ۋە كارخانىچى

ئىدى.

قىسقىسى، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە مەيلى ھىندىستانغا ئوخشاش مۇستەملىكىلەردە بولسۇن ياكى تۈركىيە ۋە جۇڭگوغا ئوخشاش يېرىم مۇستەملىكىلەردە بولسۇن، قىيىنچىلىقىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، كاپىتالىزىم ئوخشىمىغان دەرىجىدە راۋاجلاندى. بۇرژۇئازىيە جەمئىيەتتىكى مۇھىم سىياسىي كۈچ بولۇپ، جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەر بىلەن زىددىيەتلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلەشتى ۋە ئۇلارغا بېقىندى. ئاسىيا مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ بۇنداق خاراكتېرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاسىيانىڭ تارىخ مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

**غەربچە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى**

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئاسىيا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردە غەربچە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتەك يېڭى كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئەزەلدىن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا دىنىي ئەخلاق ـ ئەھكاملارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەبىئىي پەنلەرگە سەل قارالغانىدى. ئاسىيا گەرچە دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ھەم نۇرغۇن ساھەلەردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمران سىنىپ مائارىپنى رەئىيەتنى كۆندۈرۈش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنىڭ قورالى قىلىۋالغانىدى، پەن ـ تېخنىكىنى ھىيلە ـ پەنت قاتارىدا سانايتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي ئاسىيا رايونىدا «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ۋە ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسىنى ئۆگىنىش مائارىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىنغانىدى. جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا مائارىپنى ئالىي تەبىقە بولغان براخمانلار مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، ھىندى دىنى ئەقىدىسى ۋە سانسكرىت تىلى ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىنغانىدى. جۇڭگودا كۇڭزى تەلىماتىنى ئۆگىنىش

ئومۇملاشقان بولۇپ، تالىپلار دەستۇرلارنى ئوقۇش — ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىش — ئەمەلدار بولۇشتەك يولنى بېسىپ ئۆتەتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. غەربچە مائارىپ ئاسىيا قىتئەسىدە تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىدى. زېمىنى كىچىك ھەم ئاھالىسى ئاز ئەنگلىيە ھىندىستاندەك نەچچە يۈز مىليون ئاھالىگە ئىگە ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ھىندىستانلىقلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستانلىقلاردىن ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلارغا خىزمەتچى ۋە ئارمىيەگە ئەسكەر قوبۇل قىلدى. ھىندىستانلىقلارنىڭ دەللاللىقىدىن پايدىلىنىپ سودا قىلدى. بۇ ھىندىستانلىقلار ئىنگلىز تىلىنى پىششىق بىلىشى، غەربنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خۇسۇستا ماكوۋلاي: «تىرىشىپ بىز بىلەن بىز ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىليونلىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولالايدىغان بىر سىنىپ يارىتىش كېرەك، بۇ سىنىپتىكىلەر ئىرق جەھەتتە ھىندىستانلىقلاردىن بولسىمۇ، قىزىقىشى، خاراكتېرى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى جەھەتتە ئەنگلىيەلىكلەردەك بولۇشى كېرەك» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربچە مائارىپ سىستېمىسى ھىندىستاندا ئورنىتىلدى. 1885 — 1900 ـ يىللىرى ھىندىستاندا ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغانلار 11 مىڭدىن23 مىڭغا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 429 مىڭدىن 633 مىڭغا يەتتى. تۈركىيەدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزۈكسىز زەربىگە ئۇچراش جەريانىدا ئاخىر پەن ـ تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، زامانىۋى غەربچە مائارىپنى يولغا

قويۇشنى ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. 1859 ـ يىلى مۇلكىي ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى بولغان مۇلكىيە ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. كېيىن ئۇ تۈركىيەدىكى تۇنجى ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەركىزى ۋە يېڭى ئىدىيەنىڭ بازىسىغا ئايلاندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ــ 90 ـ يىللىرى تۈركىيەدە 20 نەچچە ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم قۇرۇلدى. جۇڭگو غەربچە مائارىپىنى سەل كېچىكىرەك يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتى تېز بولدى. 1898 ـ يىلىدىكى، يەنى ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىشتە، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، مەكتەپلەرنى كۆپلەپ ئېچىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم جۇڭگودىكى تۇنجى غەربچە ئۇنىۋېرسىتېت ــ پايتەخت دارىلفۇنۇنى قۇرۇلدى. قانۇن ئۆزگەرتىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى داۋاملىق غەربچە زامانىۋى مائارىپنى يولغا قويدى ھەمدە 1905 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپلەر پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا قۇرۇلدى. 1902 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مەكتەپلەر 4222 ، ئوقۇغۇچىلار 92 مىڭ ئىدى. ئالتە يىلدىن كېيىن 1908 ـ يىلغا كەلگەندە مەكتەپلەر 52 مىڭ 343 كە كۆپەيدى، ئوقۇغۇچىلار 1 مىليون 560 مىڭدىن ئاشتى.

ئاسىيا ئەللىرى ئۆز دۆلىتىدە غەربچە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەندىن باشقا، چەت ئەللەرگە تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئاسىيالىقلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ھىندىستانلىقلار ئەنگلىيەگە، غەربىي ئاسىيالىق ئوقۇغۇچىلار پارىژ ۋە بېرلىنغا، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە قوشنا دۆلەت ياپونىيەگە باردى. 1902 ـ يىلى ياپونىيەدە

ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار 608 ئىدى، ئالتە يىلدىن كېيىن 1908 ـ يىلى 30 مىڭغا يەتتى. غەربچە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاسىيا جەمئىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، جەمئىيەتتە غەربچە زىيالىيلار قاتلىمى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ھىندىستاندا ئەڭ تىپىك بولدى. غەربچە مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، مەتبەئە ماشىنىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى، ئىنگلىزچە گېزىتنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارىسىدىكى تىل ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنۈش ھالىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھىندىستانلىقلار ئارىسىدا چەت ئەل تىل ـ مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئەركىنلىك ۋە ئىدراكقا مايىل بولغان يېڭى قاتلام مەيدانغا كەلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمرانلارنىڭ يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشىدىكى مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە ھامان ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. غەربچە مائارىپ ھىندىستان زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى جاھان ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار غەربتىن مىللەتپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ، مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈپ، ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 20 ـ ئەسىردىكى ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىرى خېلى بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەربنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشىنى توسقان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى سانائەت پەنلىرى مەكتەپلىرى ئىدى، نەشر قىلىپ تارقىتىلغان ماتېرىياللار قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلەتتى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئوقۇغۇچىلار فىرانسۇزچە ياكى ئىنگلىزچىنى پىششىق ئىگىلىۋالسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى تىزگىنلىشىكى تەسكە چۈشەتتى. ئەلۋەتتە، مەكتەپلەر چەت ئەل يېزىقىدىكى ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولاتتى، ئەمما سېتىۋېلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىلا تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلار بولۇشى ناتايىن ئىدى، مەكتەپلەر يەنە دائىم بىر تۈركۈم چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلاتتى. تۈرلۈك يېڭى ئىدىيەلەر يۇقىرىقىدەك يوللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. جۇڭگونىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يولغا قويغان مائارىپ فاڭجېنى «جۇڭگوچە ئىلىمنى ئاساس قىلىش، غەربچە ئىلىمنى قوللىنىش» بولۇپ، غەربچە ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت كۆڭرىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش بولسىمۇ، لېكىن نەتىجە دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولسىمۇ، ئۇلار يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ۋەتىنىنىڭ غەربنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە ھاقارىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى تولۇق تونۇپ، ھېسسىيات، ھەتتا ھەرىكەتتە ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىش ياكى ئىنقىلاب قىلىشقا يۈزلەندى. ھۆكۈمەت يېڭىچە مەكتەپلەردە «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىدىن» تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. فېئودال ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىگە تايانچ قىلىشقا تەربىيەلىمەكچى بولغان ياش ئوقۇغۇچىلار ئەمدىلىكتە جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئىسيانچىلارغا ئايلىنىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسيانلارغا ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى تەشكىللەپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىققا زەربە بەردى ھەم چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

# 2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئاسىيادىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئىسلاھاتتىن ئىنقىلابقىچە: **20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ رادىكاللىشىشى** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ كۈنسېرى يېتىلىشى ئاسىيانىڭ سىياسىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر ھادىسە بولۇپ، ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسىنى تەشكىل قىلغان سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن غەربلەشكەن زىيالىيلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كۈنسېرى رادىكاللىشىشى ئۇنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى.

بۇ يەردىكى ئەڭ گەۋدىلىك مىسال ھىندىستان دۆلەت كونگېرىسى پارتىيەسى ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئاسىيا رايونىدا بىر قەدەر بالدۇر مەيدانغا كەلگەن بۇرژۇئا سىياسىي تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1857 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخىدا بۇرۇلۇش بولدى. 1857 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىدە ھىندىستان جەمئىيىتىدىكى فېئودال كۈچلەرگە زەربە بېرىش ھەمدە بەزى ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغانلىقتىن، بۇ ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئىلغار ئىدىيەدىكى ھىندىستان زىيالىيلىرىنىڭ ھىمايىسىگە

ئېرىشكەندى. ۋاھالەنكى ئەنگلىيەنىڭ سىياسەتلىرى ھىندىستاندىكى بەزى فېئودال بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چاڭ سېلىپ، بەزى جايلاردا ھىندىستان خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتىغا ئازار بەرگەنلىكتىن، 1857 ـ يىلى ھىندىستان ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئەنگلىيە بولسا ھەربىي كۈچكە تايىنىپ قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك باستۇردى. ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستان فېئودال كۈچلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا دائىر سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي جەھەتتە يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەر بىلەن فېئودال پومېشچىكلارغا تايىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى قىلدى ھەمدە مۇشۇ سەۋەبتىن ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىدىن يىراقلىشىشتىن باش تارتمىدى. مەسىلەن، ئەنگلىيە تەيىنلىگەن ھىندىستان قانۇن چىقىرىش كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھىندىستاندىكى يەرلىك بەگ ـ تۆرىلەر ۋە پومېشچىكلار بولۇپ، ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھىندىستان زىيالىيلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا كىرىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى مەقسەتلىك تۈردە مۇلكىي ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنىڭ ياش چەكلىمىسىنى 19 ياشتىن تۆۋەن قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ئىمتىھاننى ئىنگلىز تىلىدا ئەنگلىيەدە بېرىشنى بەلگىلىدى. شۇ مەزگىللەردە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى بەلگىلەنگەن ياش چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر ئىدى. يەنە كېلىپ، ھىندىستان ئەنگلىيەگە ناھايىتى يىراق بولغاچقا، ئاز ساندىكى ھىندىستانلىقلارنىڭلا ئىمتىھان بېرىپ كېلىشكە يەتكۈدەك پۇل غەملەشكە قۇربى يېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ مەزگىلدىكى تەبىقە تۈزۈمى ياشلارنىڭ ياۋروپاغا بېرىشىغا يول قويمايتتى.



www.uyghurkitap.com

شۇڭا، ھىندىستاندىكى زىيالىيلار ئىمتىھان ياش چەكلىمىسىنى بوشاشتۇرۇشنى ھەمدە ئىمتىھاننى ھىندىستاندا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇ ئورۇنلۇق تەلەپ ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھىندىستاندىكى زىيالىيلارنىڭ غۇرۇرىغا ئەڭ تەگكىنى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كۈچلۈك ئىرقچىلىق تۈسىدىكى ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇشى ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنەتتى: ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە، ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەنگلىيەلىكلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مېھمانخانا، كۇلۇب، باغچىلارغا كىرىشى چەكلەنگەنىدى؛ ئارمىيە ۋە بيۇروكرات ئاپپاراتلاردا ئەنگلىيەلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، ھىندىستانلىقلار مەيلى قانداق سالاھىيەتكە ئىگە بولسۇن بەلگىلەنگەن دەرىجىدىن يۇقىرىغا ئۆستۈرۈلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ھىندىستانلىقلار ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھاڭ پەيدا بولغانىدى. يۇقىرىقى ئامىللار سەۋەبىدىن تەربىيە كۆرگەن ھىندىستانلىقلار ئارىسىدا مىللەتچىلىك ئېڭى ئويغاندى.

ھىندىستاندىكى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. ھىندىستان مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەنگلىيە ھىندىستان كارخانىلىرىغا بارغانسېرى كەمسىتىش سىياسەتلىرىنى قوللاندى. مەسىلەن، ئەنگلىيە توقۇلما بۇيۇملىرىدىن ھىندىستان بازىرىنى ئىگىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى تۆۋەن تاموژنا بېجى ئالسا، ئەكسىچە ھىندىستاننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلغان توقۇلما بۇيۇملاردىن خېلى يۇقىرى زاۋۇتتىن چىقىش بېجى ئالدى. 1885 ـ يىلى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھەتتا ئەنگلىيە لانكاستېردىكى سودىگەرلەرنىڭ تەلىپى بويىچىلا ئەنگلىيەدىن ھىندىستانغا كىرگۈزۈلىدىغان پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىدىن ئېلىنىدىغان

ئىمپورت بېجىنى بىراقلا بىكار قىلدى. بۇئىش ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

ھىندىستان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئۈزۈكسىز ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا كاپىتالىزم بىرقەدەر تېز راۋاجلانغان ئۈچ چوڭ باشقۇرۇش رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇرژۇئازىيە سىياسىي تەشكىلاتلىرى مەيدانغا كەلدى، ئۇلار 1876 ـ يىلى بېنگالدا قۇرۇلغان «ھىندىستان جەمئىيىتى»، 1885 ـ يىلى بومبايدا قۇرۇلغان «بومباي باشقۇرۇش رايونى ئۇيۇشمىسى»، 1884 ـ يىلى مادراستا قۇرۇلغان «مادراس مۆتىۋەرلەر ئۇيۇشمىسى»ئىدى. بۇ رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار ئاساسىدا، 1885 ـ يىلى ئاخىر مەملىكەت خاراكتېرلىك سىياسىي تەشكىلات — ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى قۇرۇلدى. پارتىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەزالىرى ئاساسلىقى ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خىزمەتچىلەر 50% نى، سودا ـ سانائەتچىلەر25% نى، باشقا لىبېرال پومېشچىكلار 25% نى ئىگىلەيتتى. رەھبەرلىرى ئاساسەن دېگۈدەك غەربچە مائارىپنى قوبۇل قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيەسىگە ئىگە زىيالىيلار ئىدى. شۇڭا، دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسى بىلەن بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى دەپ ئاتالدى.

دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى دەسلەپكى 20 يىللىق پائالىيىتىدە مۆتىدىل پوزىتسىيەدە بولۇپ، تىنچلىقنى ئىلتىجا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەنگلىيە دائىرىلىرىدىن ھىندىستانلىقلارغا تېخىمۇ يول قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، باشقىلار ئۇنى «سىياسىي تىلەمچىلەر» دەپ مەسخىرە قىلدى. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەركىبىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، زور بىر

تۈركۈم ئۆششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىگە كىردى ھەمدە پارتىيەدىكى پېشقەدەملەرنىڭ قوللانغان ئۇسۇلىدىن قانائەتلەنمەي، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرىغا قارىتا مۇرەسسەسىز قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار رادىكاللار دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى تىلاك ئىدى. رادىكاللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھىندىستان مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ يەنىمۇ ئويغىنىشى ۋە مىللەتچىلىك كۈچلىرىنىڭ زورايغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

غەربىي ئاسىيا رايوندا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇرژۇئازىيەنىڭ رادىكاللىشىش خاھىشى مەيدانغا كەلدى. تولۇق مۇستەملىكە قىلىنغان ھىندىستانغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، يېرىم مۇستەملىكە قىلىنغان غەربىي ئاسىيا رايونىدىكى ئاساسلىق سىياسىي زىددىيەت فېئودال مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن ئومۇميۈزلۈك بۇرژۇئا ئىسلاھاتى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. ئوسمان ئىمپېرىيەسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار: ياۋروپا يېقىنقى زاماندىن بېرى ھەرقايسى جەھەتلەردە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى بېسىپ چۈشتى، ئەگەر ئىمپېرىيەنى ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا چوڭ ئائىلىسىگە قوشۇلۇشىمىز كېرەك، دەپ قارىدى. يەنە بىر ئېقىمدىكىلەر غەربلىشىشكە، بولۇپمۇ غەربنىڭ پارلامېنت دېموكراتىيەسى تۈزۈمىنى كىرگۈزۈشكە قارشى تۇردى، ئۇلار جاھىللار دەپ ئاتالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۈركىيەدە تەنزىمات ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، «سانائەت رايونى» قۇرۇش، زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇش، غەربنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى كىرگۈزۈش، تۈركىيەنىڭ سوت مەھكىمىسى، ئارمىيەسى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى غەرب ئەندىزىسى بويىچە

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ھەتتا ئاساسى قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 1876 ـ يىلى تۈركىيە ياۋروپا ئاساسىي قانۇننى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز تارىخىدىكى بىرىنچى ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى ھەمدە 1877 ـ يىلى 1 ـ نۆۋەتلىك دۆلەت مەجلىسىنى (پارلامېنت يىغىنىنى) چاقىردى. لېكىن، ئىسلاھات داۋامىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەر ۋە ئاقىۋەتلەرنى ئىسلاھاتچىلار بىلەن جاھىللار ئويلاپ يەتمىگەنىدى. «سانائەت رايونى» قۇرۇش پىلانى خەلقنى ھالسىرىتىپ مالىيەگە زىيان سېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى، زامانىۋى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى، مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشى ھۆكۈمرانلارنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە دۇچار قىلدى. ئىسلاھات داۋامىدا كۆرۈلگەن بۇ مەسىلىلەردىن بەزى ئىسلاھات تەشەببۇسچىلىرى: «ئىمپېرىيە ئىسلاھاتتىن بۇرۇن خارابلىشىش يولىدا ئاستىراق ماڭغان بولسا، ئىسلاھات مەزگىلىگە كەلگەندە بۇ يولدا ناھايىتى تېز ماڭدى» دېيىشكە مەجبۇر بولدى. تۈركىيەنىڭ ئىسلاھاتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان پەيتتە، رۇسىيە تۈركىيەگە ئۇرۇش قوزغىدى. سۇلتان ئابدۇل ھەمىد II باشچىلىقىدىكى جاھىللار تۈركىيەنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشى ئىسلاھاتچىلار يولغا قويغان ئىسلاھاتتىن بولدى دەپ قاراپ، بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. ئىسلاھاتچىلارنىڭ نوپۇزلۇق شەخسلىرىنى سۈرگۈن قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. سۇلتان يەنە كۈردلار ۋە ئەرەبلەردىن تەشكىللەنگەن ئۆزىگە سادىق سۇلتان قوشۇنىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان 100 مىڭ كىشىلىك پايلاقچىلار تورىنى قۇرۇپ، خەلقنىڭ سىياسىي مۇنازىرىلىرىگە يول قويمىدى، سەللا گۇمان قىلىنغانلارنى قولغا ئالدى. ئۇ

مۇشۇنداق قاتتىق سىياسەت قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، غەربنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا يەنىلا ئەھمىيەت بەردى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشتى.

سۇلتان ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا، تۈركىيەدىكى زور بىر تۈركۈم بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيەسىدىكىلەر نائىلاج چەت ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردى. ئۇلار فىرانسىيەدىكى پارىژنى مەركەز قىلىپ «ياش تۈركچىلەر گېزىتى»نى چىقىرىپ، غەربنىڭ دېموكراتىيە ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى چىقتى. تېخىمۇ كۆپ كىشى دۆلەت ئىچىدە قېلىپ سۇلتان ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. 1889 - يىلى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ 100 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان پەيتتە، تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىسى ھەربىي تىببىي ئىنستىتۇتتا يىغىن ئېچىپ، مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرلىك ۋە تەرەققىيات ئىتتىپاقى دەپ نام قويدى، كېيىن «ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى» دەپ ئاتىدى. بۇ تەشكىلات ناھايىتى تېزلا ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە كېڭەيدى ھەمدە باشقا ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. تۈركىيە بۇرژۇئازىيەسى ئاخىر ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىسلاھات يولىدىن ئىنقىلاب يولىغا قەدەم باستى.

جۇڭگو بۇرژۇئازىيەسىمۇ تۈركىيە بۇرژۇئازىيەسىگە ئوخشاش، ئىسلاھاتچىلاردىن ئىنقىلابچىلارغا ئايلىنىشتەك جەرياننى باشتىن كەچۈردى. جۇڭگو تارىختا ياۋروپا بىلەن كۆپ ئالاقە قىلمىغان بولۇپ، يېرىم مۇستەملىكە قىلىنغان ۋاقتىمۇ بىر قەدەر كېيىنرەك ئىدى، جۇڭگودىكى ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ 1898 - يىلى ئىسلاھات قىلىشنى قارار قىلغان مەزگىلىمۇ تۈركىيەدىن

توپتوغرا يېرىم ئەسىر كېيىن ئىدى. مۇشۇ ئامىللار سەۋەبىدىن، جۇڭگودىكى ئىسلاھاتچىلار يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، گۇاڭشۇ خان ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، جۇڭگونى كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىغا باشلاپ كىرمەكچى بولغاندا، تەجرىبە ۋە ئاممىۋى ئاساس جەھەتتىن تۈركىيەنىڭ ئىسلاھاتچىلىرىغا يەتمەيتتى، ئۇلار ئۇچرىغان تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارمۇ تۈركىيەدىكىدىن خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خان ئانا سىشى باشچىلىقىدىكى فېئودال جاھىللار سۇلتان ئابدۇل ھەمىد II گە ئوخشاش تاكتىكا قوللاندى. يەنى، بىر جەھەتتىن «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويۇپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى داۋاملاشتۇرسا، بىر جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى قاتتىق باستۇردى. بۇنىڭ بىلەن تىنچ ئۇسۇل ئارقىلىق جۇڭگونى كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولىغا ئېلىپ كىرىش خىيالىدا بولغان ئىسلاھاتچىلارنىڭ خىيالى بەربات بولدى، ئۇلار بىر بولسا ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى بولۇۋالدى، بىر بولسا ئىشنى تېخىمۇ رادىكال ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلارغا تاشلاپ بەردى. جۇڭگو ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۇن جۇڭشەن بولۇپ، ئۇ 1894 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چەت ئەلدە جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇردى، ئاساسلىق ئەزالىرى مۇھاجىر بۇرژۇئازلاردىن، قالغانلىرى زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقانىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ تەشكىلات يېڭىلىقچىلىقنى كۆچۈپ، ئىسلاھات قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدى ھەم چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش خىيالىدا ئىدى. ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەننىڭ ئىنقىلاب ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي تەشەببۇسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

چۈشىنىشكە، قوللىشىغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ كۆپ زىيالىيلار ئىنقىلابقا يۈزلەندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە، چەت ئەللەردە ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تەرەققىي قىلىپلا قالماي، دۆلەت ئىچىدىمۇ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى. 1904 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىنقىلابچىلار خۇنەننىڭ چاڭشادا جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى قۇردى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا شاڭخەيدىمۇ جۇڭخۇانى قايتۇرۇۋېلىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، باشقا ئۆلكىلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 1905 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ياپونىيەنىڭ توكيودا يىغىلىپ، جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، سۇن جۇڭشەننى رەھبەرلىككە كۆرسەتتى ھەمدە «ياتلارنى قوغلىۋېتىپ، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇپ، يەر ھوقۇقىنى تەڭ تەقسىم قىلىش»تىن ئىبارەت بۇرژۇئا ئىنقىلابىي پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك مەركىزى ۋە ئېنىق كۈرەش نىشانى بار بولدى. بۇ، ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا ئۆرلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

**ئاسىيادا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى**

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى بىخ ھالىتىدە بولۇپ، ياش ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسى ئىنقىلابىي، رادىكال ۋاستە قوللىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. 1904 ـ 1905 ـ يىللىرىدىكى ياپونىيە ـ روسىيە ئۇرۇشى ۋە 1905 ـ يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلابى ئاسىيادىكى بەزى

دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ 1905 - يىلىدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى قوزغىشىغا تۈرتكە بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياپونىيە بىلەن رۇسىيە سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق قىلىۋاتقان جاھانگىر دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار چاۋشيەننى ۋە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى تالىشىپ ئۇرۇش قوزغىدى. ياپونىيە ئۇرۇشتا زور بەدەل تۆلەپ ئاران غەلىبە قىلدى. رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتى ئىچكى سىنىپىي زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، 1905- يىلىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسى ياپونىيەنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلدى. ئۇلار: بۇ ئاسىيالىقلارنىڭ ياۋروپالىقلار ئۈستىدىن تۇنجى قېتىم غەلىبە قىلىشى، بۇ ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىنى ئېشۇرۇدۇ، دەپ قارىدى. 1905 - يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابى ئەتراپتىكى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بۇرژۇئازىيەنىڭ فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئىلھام بەردى ۋە ئۇنى كۈرەش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى ئاسىيادىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىكى ئاساسلىق ۋەقەلەر شۇكى، 1905 — 1908 - يىللىرى ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، 1905 — 1911 - يىللىرى ئىران بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى، 1908 — 1909 - يىللىرى تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى، 1911 - يىلى جۇڭگو شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى.

**1905 — 1908 - يىللىرىدىكى ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى** 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئەنگلىيە ھىندىستانغا بولغان سىياسىي كونتروللۇق ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيەنى كۈچەيتتى. جۇملىدىن فوندستېرلىڭنى

رۇپىيەگە ئايرىۋاشلاش نىسبىتىنى ئۆستۈردى، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى گەرچە ئەنگلىيە هۆكۈمرانلىرىغا مۆتىدىل پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۇلارغا يەنىلا كەڭ قوللۇق قىلمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ هىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى كۇرزون «هىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنى يوقىتايلى» دەپ جار سالغانىدى. هىندىستان مىللەتچى كۈچلىرىنى پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى 1905 ـ يىلى 10- ئايدا «بېنگالنى بۆلۈۋېتىش» لايىھەسىنى ئېلان قىلدى. بېنگال هىندىستان مىللەتچىلىك هەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بېنگال رايونىدىكى خەلقنىڭ مىللەتچىلىك ئېڭى ۋە كۈرەش روھى بىرقەدەر يۇقىرى ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر بېنگالنى شەرق، غەرب ئىككى قىسىمغا ئايرىغان بولۇپ، شەرقىي قىسىمدىكى پومېشچىكلار ۋە بايلار هىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى، ئادەتتىكى ئاۋام ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. غەربىي قىسىمدىكى ئەهۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر مۇسۇلمان ئىدى، تۆۋەن قاتلامدىكى خەلق هىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر ئۆرپ ـ ئادەت پەرقىدىن پايدىلىنىپ ئايرىپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي نەيرەڭۋازلىقنى ئىشقا سېلىپ، بېنگالنى ئايرىۋېتىش ئارقىلىق هىندىستان خەلقى ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ئۇرۇندى.

بېنگالنىڭ ئايرىۋېتىلىشى هىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا قاتتىق زەربە بولدى، دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەنگلىيەلىكلەر بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويمىدى. بۇ دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئۈچۈن بىر قېتىملىق قاتتىق خىرىس بولۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى مۆتىدىللەرنىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرغۇدەك جاسارىتى

بولمىغاچقا، رادىكاللار باتۇرلۇق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى. تىلاك: «سىۋاراج (ئاپتونومىيە) تەلەپ قىلىش پەيتى يېتىپ كەلدى، ئەمدى ئىسلاھاتنى تەلەپ قىلىپ يۈرمەيلى، ھازىرقى ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى دۆلىتىمىزنى يوقىتىدۇ، شۇڭا بۇ ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزگەرتىش ياكى تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك» دېدى. ئۇ سىۋاراج، سىۋادېش (ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش)، بايقۇت قىلىش ۋە مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇشنى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۆت نۇقتىلىق پروگراممىسى قىلدى ھەمدە بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ، سىۋاراج — مەقسەت، باشقا ئۈچى مۇشۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى، دەپ كۆرسەتتى.

1905 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ لوكنوۋدا ئۆتكۈزۈلگەن يىللىق يىغىنىدا، تىلاك تۇنجى قېتىم ھىندىستاننىڭ چوقۇم سىۋاراجغا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1905- يىلدىكى يىللىق يىغىندىن كېيىن رادىكاللار تىلاكنى دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسەتتى ھەمدە تۆت نۇقتىلىق پروگراممىنى پارتىيەنىڭ قارارىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. مۆتىدىللەر بولسا بۇ پارتىيەنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى دادا باينى رەئىسلىككە كۆرسەتتى. ئەينى چاغدا ياپونىيەنىڭ ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيەنى مەغلۇپ قىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان بولۇپ، بۇ ئىش ھىندىستان مىللەتچىلىرىگە زور ئىلھام بەرگەنلىكتىن، ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. دادا باي ئىككى گۇرۇھنىڭ پىكرىنى كېلىشتۈرۈپ، تىلاكنىڭ ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسىغا قوشۇلدى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى بىرىنچى قېتىم ئاپتونومىيەنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى. بۇ دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلىقتىن رادىكال

مىللەتچىلىككە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ھىندىستان دۆلەت كونگرېيسى پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1905 — 1908 ـ يىللىرى ھىندىستاندا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ھەرىكەتتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ئەنگلىيەماللىرىنى چەكلەپ، ھىندىستان ماللىرىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش بولدى. بۇ، سىۋادېش دەپمۇ ئاتالدى. بۇ ھەرىكەت بېنگالدا گەۋدىلىك بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ رەختلىرى، تاماكىلىرى كوچىلارغا دۆۋىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. كىرىمى ئاز تۆۋەن قاتلامدىكى ئامما كۆپرەك پۇل خەجلىسىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ رەختلىرىنى سېتىۋالدى، چەت ئەل رەختلىرىنىڭ باھاسى ئەرزان بولسىمۇ ئالمىدى، ئوقۇغۇچىلار خالىسانە تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى تەشكىللەپ، زەربىگە ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا قارىماي، كىشىلەرگە چەت ئەل رەختلىرىنى سېتىۋالماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى ھەمدە مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزىلاردا ئۆيمۇ ئۆي مال يەتكۈزدى. كىشىلەر نەسىھەتكە قۇلاق سالماي ئەنگلىيە ماللىرىنى ئىشلەتكۈچىلەرنى ئارىغا ئالمىدى، ئۇلارغا تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، چاچ ياساش، ماشىنا ھەيدەش، ھاجەتخانا تازىلاش ئىشلىرىنى قىلىپ بەرمىدى، دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىدى، ئۇلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى لايىق تاپالمايدىغان، باللىرى ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينىيالمايدىغان بولدى.

سىۋادېش ھەرىكىتى ھىندىستان مىللىي سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ھىندىستانلىقلارنىڭ كاپىتالىدىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى ئېچىلىپ بولۇپ، ئەسلىدىن بار بولغان فابرىكىلار كۆپلەپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىللە يەنە يېڭىدىن نۇرغۇن فابرىكىلار قۇرۇلدى. ئاللاھئاباد ۋە بومبايدىن ئىبارەت ئىككى جايدىلا 1906 ـ يىلى يېڭىدىن 22 پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. توقۇمىچىلىقتىن باشقا قەنت ـ

گېزەك، تاماكا، توز ئىشلەپچىقىرىشمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى تاتا پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى بولدى. مىللەتچىلىك دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، تاتا مالىيە گۇرۇھى پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن 7000 پاي چېكى تارقىتىپ، كاپىتال ئومۇمىي سوممىسىنى 23 مىليون 17 مىڭ رۇپىيەگە يەتكۈزدى. ھىندىستانلىقلار بۇ پاي چېكىنى تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ زاۋۇت 1911 ـ يىلى رەسمىي ئىش باشلىدى، بۇ، ھىندىستان مىللىي كاپىتالىنىڭ ئېغىر سانائەت ساھەسىگە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى. مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىن نەپ كۆرگەن ھىندىستان كاپىتالىستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇل چىقىرىپ ھىندىستان مىللەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بەردى. ھىندىستان جەمئىيىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش، ھىندىستاننىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھىندىستان مىللىي كاپىتالىستلىرى يەنە ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات ئورنى قۇردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 1909 ـ يىلى تاتا مالىيە گۇرۇھىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلغان ھىندىستان پەن تەتقىقات ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

1905 — 1908 ـ يىللىرىدىكى ھەرىكەت ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ ھىندىستاندىكى مەنپەئەتىگە ئېغىر زەربە بەردى. ئەنگلىيە رەختلىرى باھاسى براقلا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن ئىسكىلاتلاردا بېسىلىپ قالدى. گەزلىمە سودىسى قىلىدىغان دەللال سودىگەرلەر مانچېستېر سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئەنگلىيە پارلامېنتىنى بېنگالنى ئايرىۋېتىش پەرمانىنى بىكار قىلىشقا ئۈندەشنى تەلەپ قىلدى.

ئەنگلىيە سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيەسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇلار پارچىلاش ۋاستىسىنى

قوللىنىپ، ھىندىستان مىللەتچىلىك لاگېرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزدى. 1906 ـ يىلى ئۇلار ھىندى دىنى زاتلىرى ۋە ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىككى دىنىي تەشكىلات ــ ھىندى دىنى كېڭىشى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇشقا پائال مەدەت بەردى، دىنىي ئايرىمچىلىق تەشكىلاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىنىڭ ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسى ئىچىدىكى مۆتىدىللەرنى ئۆزىگە تارتىپ، قانۇن چىقىرىش كېڭىشىنى ئىسلاھ قىلىش، ھىندىستانلىق ئەزالارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە ۋەدە بەردى. بۇنىڭ بىلەن مۆتىدىللەر تېزلىكتە ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، رادىكاللارنى ھىندىستان دۆلەت كونگرېسى پارتىيەسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە دائىرىلىرى 1908 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى رادىكاللارنىڭ داھىيسى تىلاكنى «ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە بولدى» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئالدى ھەمدە خەلقنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇنىڭغا ئالتە يىللىق ئېغىر ئەمگەككە سېلىش جازاسى بەردى. ھىندىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتى شۇنىڭدىن باشلاپ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

**1905 ــ 1911 ـ يىللىرىدىكى ئىران بۇرژۇئا ئىنقىلابى** ئىران ئۇزاق تارىخقا ئىگە دۆلەت بولۇپ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئىراندا تاغ ـ جىلغىلار كۆپ، قاتناش قولايسىز، ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا قەبىلە باسقۇچىدا بولۇپ، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندىمۇ قەبىلە ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى. سىياسىي جەھەتتە پادىشاھ پۈتكۈل دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. پادىشاھنىڭ يەرلىك بەگلەرنى

تەيىنلەش ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ھوقۇق ئەمەلىيەتتە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەركەزنىڭ يەرلىكنى تىزگىنلەش كۈچى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. يەنە كېلىپ، دىنىي كۈچلەر ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى. ئىران ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى، دىندارلار كەڭ زېمىننى ئىگىلەپ، مائارىپ ۋە مەھكىمە شەرئىينى تىزگىنلەپ تۇراتتى. شىئە مەزھەپىدىكىلەر: مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى خەلىپە ئەلىنىڭ 12 ـ ئەۋلادىدۇر، ئۇ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ ھەققانىي ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەيدۇ، دەپ تەرغىب قىلاتتى. دىنىي رەھبەرلەر بۇنى ئاممىنى تەشكىللەپ پادىشاھ بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشتىكى كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. پادىشاھ ۋە دىنىي كۈچلەردىن باشقا، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە غەربپەرەسلەر دەپ ئاتالغان كۈچ جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەرب تەربىيەسىنى ئالغان زىيالىيلار ۋە سودىگەرلەر بولۇپ، ئۇلار دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يەرلەرنى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش، جامائەت مائارىپىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىراننىڭ ئىچكى زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. فېئودال پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشقا مەجبۇرلاپ، يەر ئىجارىسى، باج ـ سېلىقنى داۋاملىق كۆپەيتتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار 40% ـــ 90% ھوسۇلىنى فېئودال پومېشچىكلارغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھۈنەرۋەنلەر چەت ئەل تاۋارلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشى بىلەن ئىشسىز قېلىپ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈتۈلمىگەن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىدىن ھەر



www.uyghurkitap.com

يىلى 150 مىڭدىن 200 مىڭغىچە دېھقان ۋە ھۈنەرۋەن ئىراندىن چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رۇسىيەگە قېچىپ كەتتى.
كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاچ ــ يالىڭاچلىقتا يۈرگەندە، ھۆكۈمرانلار ئەيش ــ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. شۇ مەزگىلدە ئىرانغا قاجار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، پادىشاھ جەمەتىدىكىلەر ئەڭ چوڭ زېمىندار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر شاھزادە 2000 يېزىغا ۋە 500 مىڭ ئاھالىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. پادىشاھ جەمەتى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى يەرلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەنىدى. يەر ئىجارىسىدىن كىرگەن كىرىم پادىشاھ جەمەتىنىڭ چىقىمىنى قامدىيالمىغاچقا، پادىشاھ چەت ئەللەردىن دائىم قەرز ئالاتتى. 1902 ــ يىلى 4 ــ ئايدا پادىشاھ مۇزەففەرىددىن رۇسىيەدىن بىر قېتىمدىلا 10 مىليون رۇبلى قەرز ئالدى. ھالبۇكى بۇ پۇلنى شۇ يىلى يازدا ياۋروپانى ساياھەت قىلغاندا پاك ــ پاكىز خەجلىۋەتتى. 1903ــ يىلى يەنە قەرز ئېلىشقا موھتاج بولدى. پادىشاھ جەمەتى ھەر قېتىم دۆلەتنىڭ ھوقۇق ــ مەنپەئەتىنى سېتىش بەدىلىگە چەت ئەللەردىن قەرز ئالاتتى. قاجار پادىشاھلىقىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىدىن دېھقانلارمۇ، بۇرژۇئازىيەمۇ نارازى ئىدى. سودىگەرلەر ئۆز ھوقۇق ــ مەنپەئەتىنىڭ چەت ئەل كاپىتالىستلىرى تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلەنسە، زىيالىيلار دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ ئىچى ئۆرتىنەتتى. دىنىي كۈچلەر خەلقنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، پادىشاھنى ئۆزلىرىگە يول قويۇشقا قىستايتتى. شۇنىڭ بىلەن قاجار پادىشاھلىقى تەۋرىنىپ قالدى. نۇرغۇنلىغان ئىرانلىقلار رۇسىيەدە ئىشلىگەچكە، 1905 ــ يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابى ئىرانغا ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسەتتى. 1905 ــ يىلى 12 ــ ئايدا تېھراندىكى ئامما نامايىش قىلىپ شىكەر باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى، سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىشنى، پارلامېنت يىغىنى

ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىلەرنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىران بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى. پادىشاھ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن نائىلاج پارلامېنت يىغىنى چاقىرىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى. 1906 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئامما تېھران ۋە ھەرقايسى جايلاردا يەنە بىر قېتىم تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك نامايىش قىلىپ، ئىلگىرىكى تەلەپنى قايتا ئوتتۇرىغا قويدى. دىنىي داھىيلار ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلەرمۇ خەلق ئاممىسى تەرەپتە تۇردى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1906 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامالسىز پارلامېنت يىغىنى چاقىرىش يارلىقىنى چۈشۈردى. 1906 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 10 ـ ئايدا 1 ـ نۆۋەتلىك پارلامېنت يىغىنى ئېچىلدى. 12 ـ ئايدا ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىندى. 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پادىشاھ مۇزەففەرىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ، شاھزادە مۇھەممەد ئەلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى.

1907 ـ يىلى ئىران خەلقى رۇسىيە ئىنقىلابىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەش ئۇسۇلىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئالدى بىلەن شىمالدىكى رايونلاردا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ــ ئەنجۈمەن (كومىتېت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ)نى ۋە ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچ ــ پىدائىيلارنى قۇردى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى كۆپىنچە بۇرژۇئا دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ قولىدا بولدى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى تېزلىكتە پۈتكۈل مەملىكەتتە ئومۇملاشتى.

شۇنداق قىلىپ، 1907ـ يىلى ئىراندا ئۈچ ھوقۇق مەركىزى بارلىققا كەلدى: پادىشاھنىڭ ھوقۇقى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، دىندارلار، پومېشچىكلار، باي سودىگەرلەر پارلامېنتنى كونترول قىلدى، بۇرژۇئا دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ئەنجۈمەننى ئىشچى، دېھقانلار ھىمايە قىلدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا، كەڭ يېزىلار قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى.

ئىران ئىنقىلابى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنى چۆچۈتتى. ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە قولغا كەلگەن مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق ئارىلىشىشنى پىلانلىدى. 1907 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە، رۇسىيە كېلىشىم ئىمزالاپ، ئىراندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئايرىپ، شىمالىي قىسىم رۇسىيەگە، شەرقىي جەنۇبىي قىسىم ئەنگلىيەگە تەۋە بولدى، ئوتتۇرا قىسىم «ئارىلىق رايون» قىلىپ بېكىتىلدى. 1909 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى جەنۇبتا قورۇقلۇققا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇسىيە ئارمىيەسىمۇ مۇھاجىرلارنى قوغداشنى باھانە قىلىپ ئىنقىلابچىلارنىڭ بازىسى بولغان تەبرىزگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. 1911 ـ يىلى كۈزدە ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئاشكارا ھالدا ئىراننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ئىران ئىنقىلابىنى باستۇرۇشنى قارار قىلدى. چاررۇسىيە شىمالدىن، ئەنگلىيە جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىتتا ئىران ئىنقىلابچىلىرىغا زور كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېھراندا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، پارلامېنت بىناسىنى ئىگىلەپ، پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى ۋە ئىنقىلابچىلارنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. قاجار پادىشاھلىقى فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىران ئىنقىلابى ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

**1905 — 1909 ـ يىللىرىدىكى تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى** ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۈركىيە ئىنقىلابچىلىرى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدا تۈركىيەنىڭ سىياسىيسى كۆرۈنۈشتە تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلىدى. ئەمما، 20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1905ـ يىلى رۇسىيە ئىنقىلابى ۋە ئىران ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، تۈركىيەنىڭ ئىنقىلابىي

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئەرمېنىيە، ئالبانىيە، يەمەن قاتارلىق رايونلاردا مىللىي قوزغىلاڭلار ئۈزلۈكسىز پارتلىدى. ئاناتولىيە، ماكېدونىيەدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىزمىر قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ ئاممىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر قايتىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە، ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى 1906 - يىلى باش ئىشتابىنى پارىژدىن ماكېدونىيەدىكى سالونىكاغا يۆتكىدى.

سالونىكا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى مىللىي زىددىيەت بىر قەدەر كەسكىن ئىدى، پارتىزانلارنىڭ پائالىيىتىمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ كۆپ قىسمى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقتىن، رۇسىيەنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغانىدى. بۇ جايغا يەنە يەھۇدىيلارمۇ بىر قەدەر مەركەزلەشكەن بولۇپ، يەھۇدىيلار ئىنقىلابچىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى خالايتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئىنقىلابچىلار ئارمىيە ئىچىدە ئىنقىلابنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى. ھەربىي مەكتەپنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى ئىنقىلابقا مايىللىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئارمىيەدە تەدرىجىي ياش ئوفىتسېرلاردىن بولۇپ، قوشۇننى تىزگىنلىدى. ئەينى چاغدا سالونىكادا 3 - ئارمىيە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ ئارمىيەدىكى بەزى ئوفىتسېرلار 1906 - يىلى 9 - ئايدا «ئوسمانىيە ئەركىنلىك ئۇيۇشمىسى» نى قۇردى، ئۇيۇشمىدا 10 كىشىلىك كومىتېت تەشكىللىنىپ، ئەزالىرى ئوفىتسېرلاردىن باشقا، شۇ جايدىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سالونىكا ياش تۈركچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسى بولۇپ قالدى.

1907 ـ يىلى ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى ۋە ماكېدونىيە، ئەرمېنىيە قاتارلىق جايلاردىكى مىللەتچىلىك تەشكىلاتلىرى پارىژدا يىغىن ئېچىپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش، قانۇن ئالدىدا ھەرقانداق مىللەت ۋە ھەرقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار باراۋەر بولۇش، ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىپ، 1876 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق پارلامېنت تۈزۈمىنى ئورنىتىشتەك بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى ھەمدە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلىش، پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن قورallıق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

سۇلتان ئابدۇل ھەمىد II پايلاقچىلىق توردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردى. ئۇ ئارمىيەنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە تارتىش، نازارەت ئاستىغا ئېلىش، باستۇرۇش قاتارلىق كونا چارىلەرنى ئىشقا سالدى. ئوفىتسېرلارغا ئوردىن بېرىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئەسكەرلەرگە قەرز قالغان تەمىناتىنى تولۇقلاپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. كەيپىياتى تۇراقلىق بولمىغانلارنى جىددىي ئالماشتۇردى. ئۇ ئەنۋەر ئىسىملىك بىر ئوفىتسېردىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى تېزدىن ئىستانبۇلغا كېلىپ «خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش، مەنسەپنى قوبۇل قىلىش» قا چاقىرتتى. ئەنۋەر خەتەرنى سەزگەندىن كېيىن، تاغقا قېچىپ چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەنە بىر ئوفىتسېر — مايور ئەخمەد نىياز ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قورال ـ ياراغ ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ، ئەنۋەر بىلەن ئۇچراشتى. ئەدىرنەدە تۇرۇشلۇق 2 ـ ئارمىيە بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى،

www.uyghurkitap.com

ماكېدونىيەدىكى دېھقان پارتىزانلارمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. قوزغىلاڭچىلار ھەممىلا يەردە خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن تۈركىيەدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىدى.

ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن، ئابدۇل ھەمىد II ئىزمىردىكى ئىشەنچلىك ئارمىيەسى ــ ئاناتولىيە ئارمىيەسىگە ماكېدونىيەگە كېلىپ ئىنقىلابنى باستۇرۇش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن، ئەسكەرلەر ئوق چىقىرىشنى رەت قىلىپ، ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن سالونىكاغا كىرىپ، سۇلتاننىڭ 1876ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئۇنداق بولمايدىكەن 2 ـ، 3 ـ ئارمىيەنىڭ ئىستانبۇلغا جىددىي يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇشۇنداق پەيتتە پايتەختتە تۇرۇشلۇق 1ـ ئارمىيە ئارىسىدا تەۋرىنىش يۈز بەردى. ھەممە ئۆزىدىن يىراقلاشقان ئەھۋالدا، ئابدۇل ھەمىد II 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 1876 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پارلامېنت يىغىنى چاقىرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

1908 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېڭى پارلامېنت يىغىنى ئېچىلدى. ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى پارلامېنتتا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشتى. دەسلەپتە ئابدۇل ھەمىد II نىڭ سۇلتانلىق ئورنى ساقلاپ قېلىندى، 1909 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئابدۇل ھەمىد II سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ياش تۈركچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر ئابدۇل ھەمىد II نى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىگە بويسۇنىدىغان مۇھەممەد رىشادنى تەختكە چىقاردى ھەمدە ھۆكۈمەتنى يېڭىباشتىن تەشكىللەپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر مەيدان بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئاخىرلاشتى.

**1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئاسىيادىكى بۇرژۇئا مىللىي**

**دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە باھا** 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيادا يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئاسىيا، ھەتتا دۇنيا تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاسىيا غەرب ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەر بىرلىشىپ ئاسىيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئاسىيا خەلقى جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇشتەك تارىخىي بۇرچنى زىممىسىگە ئالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاسىيادا دېھقانلار ئىسيانى، ئەسكەرلەر قوزغىلىڭى، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتپەرۋەر رەھبەرلەرنىڭ يېتەكلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتى يۈز بەردى. ئاسىيا خەلقى بۇ كۈرەشلەردە قەيسەر روھىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بوزەك قىلىنىشتىن قۇتۇلالمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئاسىيا خەلقى كونا كۈرەش ۋاستىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى بايراقنى رەسمىي كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدە ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئاتلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسىيا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشقا باشلىدى. ھىندىستاندا 1905 ــ 1908 ـ يىللىرى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى تۇنجى بولۇپ ئاپتونومىيە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيەلىكلەرنى بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشقا قىستىدى. بۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ مۇستەملىكچى ھۆكۈمرانلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ھىندىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىنىڭ تەييارلىقى بولۇپ قالدى. ئىراندا خەلق ئاممىسى كۈرەشكە كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى ھەمدە رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى بىۋاسىتە ئۆگىنىپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت تىكلىدى. ئاخىرىدا جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشى بىلەن ئىنقىلاب باستۇرۇۋېتىلدى. تۈركىيەدە ياش تۈركچىلەر پارتىيەسى

قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق ئابدۇل ھەمىد II نىڭ زوراۋان، مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى بۇرژۇئا پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتكە ئۆزگەرتتى. ئاسىيانىڭ شەرقىدە 1911 ـ يىلى جۇڭگودىكى بۇرژۇئازىيە شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغىدى. ئىنقىلاب ئەڭ ئاۋۋال ۋۇچاڭدىكى بىر ھەربىي قوشۇن قوزغىغان قوزغىلاڭدىن باشلىنىپ، كېيىن ھەرقايسى جايلاردىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاب ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ئىنقىلابتا چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. قىسقىسى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىدە « قاتتىق ئېزىلىشكە ئۇچرىغان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى قالاق ھالەتتە قالغان خەلق ئويغاندى، ئۇلار يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپ، ئەقىللىي ئىنسانىي ھوقۇق ۋە دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.» شۇنىڭدىن باشلاپ ئاسىيا خەلقى دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، تالان ـ تاراج قىلىنىش، قۇل قىلىنىشتىن ئاكتىپ ئىنقىلاب قىلىشقا ئۆتتى. لېكىن، ياۋروپا بۇرژۇئازىيەسى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئاسىيادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى باستۇرۇپ كەلدى، بۇ تارىخىي ھادىسىنى لېنىن پاسسىپ ياۋروپا ۋە ئاكتىپ ئاسىيا دەپ ئاتىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاسىيا خەلقىنىڭ كۈرىشى ياۋروپا پرولېتارىياتىنىڭ كۈرىشىگە ھەمدەم بولدى، « ئاسىيانىڭ ئويغىنىشى ۋە ياۋروپادىكى ئىلغار پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيا تارىخىدا يېڭى بىر باسقۇچنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى.»

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاسىيادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىمۇ روشەن تارىخىي چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدى. ئاسىيا خەلقى ئىنقىلاب داۋامىدا قانلىق

بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ھىندىستاندا، ھەرىكەت ئاخىر ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مۆتىدىل گۇرۇھلارنىڭ مورەسسەسى، رادىكاللارنىڭ باستۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ھىندىستان يەنىلا ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئىراندا ئەكسىيەتچىل قاجار پادىشاھلىقى جاھانگىرلارنىڭ قوللىشى بىلەن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىراننىڭ يېرىم مۇستەملىكچىلىك كىرىزىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. تۈركىيەدە فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈم يەنىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئابدۇل ھەمىد II نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىنى ھەربىي كاتتىباشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئالدى. جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى پەقەت پادىشاھنىڭ ئورنىغا دازۇڭتۇڭ (بۈيۈك رەئىس جۇمھۇر)نى ئالماشتۇردى، جۇڭگو يەنىلا كۈچلۈك جاھانگىرلارنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدىكى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ قېلىۋېرىپ، كۆزلىگەن مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيەگە ئېرىشەلمىدى. يەنە كېلىپ، ئاسىيادىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھىندىستان رادىكاللىرىنىڭ بىر قىسىم تەشەببۇسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھىندىستاندىكى مەزھەپچىلىككە نىسبەتەن ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك رول ئوينىدى، ھىندىستاندىكى مەزھەپچىلىك پۈتكۈل 20 - ئەسىردىكى ھىندىستان تارىخىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. تۈركىيەدە ئىنقىلابتىن كېيىن تەختكە چىققان ھەربىيلەر ھاكىمىيىتى مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمىدى. تېخىمۇ يامىنى، دىپلوماتىيە جەھەتتە گېرمانىيەگە مايىل بولۇش سىياسىتىنى قوللاندى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيەنىڭ تەقدىرى گېرمانىيەگە باغلىنىپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى تېزلەشتى. جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مىلىتارىستلارنىڭ

قالايمىقان ئۆرۈشى پارتلىدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاسىيادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابلىرىدىكى تارىخىي چەكلىمىلىك ۋە سەلبىي تەسىرلەرنى ئاساسلىقى دەۋر ئالاھىدىلىكى ھەم ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيەنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. 20 - ئەسىردىكى دۇنيا ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى، ئاسىيادىكى بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئۆز دۆلىتىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپلا قالماستىن، بەلكى جاھانگىرلارنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئاسىيادىكى كاپىتالىزم مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە شارائىتىدا راۋاجلانغان بولۇپ، بۇرژۇئازىيە ھەم ياش، ھەم سىياسىيدا پىششىپ يېتىلمىگەن، شۇنداقلا فېئودال كۈچلەر ۋە چەت ئەل كاپىتالى چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا، ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئۆزىدىن كۈچلۈك سىياسىي رەقىبىگە دۇچ كەلگىنىدە دائىم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىكىنى ئاشكارىلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنقىلاب ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئاسىيا بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىنقىلابىتىكى ئوڭۇشسىزلىقى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى رادىكاللارنىڭ خەلقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ ئاسىيا نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنى ئىنقىلابقا قاتناشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ، ئاسىيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدىغانلىقىدىن، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە داۋاملىق راۋاجلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئۈچىنچى باب

# 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى

## 1 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ياۋروپانىڭ دىپلوماتىيەسى

**ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقىدىن ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىغىچە** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىل ياۋروپادىكى ئاساسلىق كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىرىش مەزگىلى بولدى. كاپىتالىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشىسىز بولغانلىقتىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى. ئۇلار رەقىبلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، كەسكىن رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى ئىتتىپاقداش ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇزاق مەزگىللىك ئەگرى ـ توقاي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ياۋروپادىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە نازۇك بولۇپ كەتتى، لېكىن ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىككى چوڭ تاجاۋۇزچى ھەربىي گۇرۇھنىڭ شەكىللىنىشى، يەنى ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى بىلەن ئۈچ دۆلەت ئانتانتىسىنىڭ قارشىلىشىشى بولدى.

1871 ـ يىلىدىن بۇرۇن فىرانسىيە غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا

ياۋروپانىڭ زومىگەرى ئىدى، لېكىن 1870 ـ يىلىدىن 1871 ـ يىلىغىچە بولغان پروسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. فىرانسىيە ئۇرۇشتا ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ زومىگەرلىك ئورنىدىن مەھرۇم قالدى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان گېرمانىيە فىرانسىيەنىڭ مۇھىم قېزىلما بايلىق بازىسى بولغان ئالساس ۋە لوررايىن رايونلىرىنى يۇتۇۋېلىپلا قالماي، يەنە 5 مىليارد فىرانك تۆلەم پۇلى ئۇندۇرۇۋېلىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. فىرانسىيە ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە گېرمانىيە بىلەن تىركىشەلمىسىمۇ، لېكىن فىرانكفورت سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ ھاقارىتىگە چىداپ تۇرالمايتتى، شۇڭا 1873 ـ يىلى ئۇرۇش تۆلەم پۇلىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى قايتىدىن كۈچەيتىپ، پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئېلىش ئۇرۇشى قوزغاپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا قايتىدىن زومىگەر بولماقچى بولدى. گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ زىددىيىتى ئەينى چاغدىكى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتكە ئايلاندى. گېرمانىيە فىرانسىيەنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت يېتىم قالدۇرۇپ قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى زومىگەرلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئاكتىپ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

گېرمانىيە ئاۋۋال رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پائال تۈردە ياخشىلىدى. تارىختا رۇسىيە بىلەن پروسسىيەنىڭ قويۇق ئالاقىسى بار بولۇپ، رومانوف خاندانلىقى بىلەن خوخېنزوللېن خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، پولشانى بۆلۈشۈش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق مەنپەئەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە شەكىللەندۈرگەنىدى. پروسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇسىيە يېڭى بىر رېئاللىققا يۈزلەندى، يەنى

بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي چېگراسىدا بىر خەتەرلىك يوشۇرۇن دۈشمەن شەكىللەندى. چار پادىشاھ ئىلگىرى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى مىليۇتىننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن نۇرغۇن قوشۇننى غەربىي قىسىمدىكى گېرمانىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۆلكىلەرگە يۆتكىگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسىيە ئەينى چاغدا ئەنگلىيە بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەسكىن تىركىشىۋاتاتتى، رۇسىيە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن قارشىلىشىش جەريانىدىكى ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، گېرمانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە پرۇسسىيە - فىرانسىيە ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىش بولدى. ئاۋستىرىيە گېرمانىيەگە يېقىنلىشىپ، بالقاندىكى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىدە گېرمانىيەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. گېرمانىيەمۇ ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىدىن پايدىلىنىپ رۇسىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ، رۇسىيەنى گېرمانىيەدىن ئايرىلالماس قىلىپ قويماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئورتاق ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت ۋە ئىقتىسادىي، سىياسىي مەنپەئەت گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيەنى چەمبەرچاس باغلىدى.

بىسماركنىڭ كۆپ تەرەپلىمە كېلىشتۈرۈشى بىلەن 1872 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيە پادىشاھى ۋېلھېلم I ، چاررۇسىيە پادىشاھى ئالېكساندىر II ، ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى فرانس جوسېف ۋە ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرلىرى بېرلىندا ئۇچرىشىپ «ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقى» نى قۇرۇش ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلدى. كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا رۇسىيە، ئاۋستىرىيە پادىشاھلىرى بىر كېلىشىم ئىمزالىدى. كېلىشىمدە: ئەگەر ئىككى تەرەپ پايدا -

زىيان مەسىلىسىگە دۇچ كەلسە، كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ؛ ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۈچىنچى بىر دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئىككى دۆلەت پادىشاھلىرى چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ بىردەك ھەرىكەت قوللىنىدۇ؛ ئەگەر ئىككى تەرەپ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش زۆرۈر دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا بۇ خىل ھەرىكەتنى چوقۇم بىر پەۋقۇلئاددە ھەربىي كېڭەش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا گېرمانىيە پادىشاھىمۇ بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. ئەمما، ئىتتىپاق تۈزگەن ئۈچ تەرەپ كېلىشىمنى تۈزۈپ قويۇپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق خەلقئارا توقۇنۇشتا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقى ئۆزلۈكىدىنلا يىمىرىلدى.

ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقى يىمىرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر يەنە يېڭىدىن بىرىكتى، نەتىجىدە «ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى» شەكىللەندى ۋە فىرانسىيە بىلەن رۇسىيە ئىتتىپاق تۈزدى.

ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقىدا، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇقىم بولدى، رۇسىيە بولسا ئاۋستىرىيە بىلەن بالقاننى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىشتا قاتتىق زىددىيەتلىشىپ قالدى، يەنە گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەگە قاراتقان سىياسەتتىمۇ زىددىيەتلىشىپ قالدى. رۇسىيە ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىنكى ھەربىر ئاچقۇچلۇق پەيتتە گېرمانىيەنىڭ فىرانسىيەگە ئۇرۇش قوزغىشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىماقچى بولدى. 1875 ـ يىلى گېرمانىيە پادىشاھى ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقىدىن پايدىلىنىپ فىرانسىيەگە ئۇرۇش قوزغىماقچى بولدى. ۋاھالەنكى، بىسمارك رۇسىيەنىڭ پوزىتسىيەسىنى چېكىپ كۆرگەندە، رۇسىيە فىرانسىيەنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇشقا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيەمۇ بۇنىڭغا ئارىلىشىپ،

گېرمانىيەنى فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە، رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە دەز كەتتى. 1878 ـ يىلىدىكى بېرلىن يىغىنى گېرمانىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئۇساللاشتۇردى. رۇسىيە بېرلىن يىغىنىغا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ بېسىمى بىلەن قاتناشقانىدى. بۇ يىغىندا رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئىمزالىغان سان ستېفانو كېلىشىمى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈلۈپ، رۇسىيە تۈركىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېرىشكەن ھارام پايدىدىن بەخىرامان ھۇزۇرلىنالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئىش رۇسىيەنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى. رۇسىيەنىڭ بىر گېنېرالى گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم I گە: «بۇ قاغىش تەگكۈر بېرلىن يىغىنى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئىلگىرى ئورنىتىلغان دوستلۇقنى بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئوردىدىكىلەر ۋە ھۆكۈمەتتىكىلەر ئارىسىدا ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى ئەۋج ئېلىپ، ھەممە كىشى رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ 1877 ـ يىلىدىكى قانلىق جەڭدىن كېيىن ئېرىشكىنىنىڭ ئۇچىغا چىققان ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدى» دېدى. 1879 ـ يىلى گېرمانىيە يەنە رۇسىيەدىن چارۋا مال ئىمپورت قىلىشقا چەك قويدى، رۇسىيەمۇ قاتتىق تاموژنا بېجى سىياسىتىنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتى قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن، مۇددىتى توشۇپ قالغان ئۈچ پادىشاھ ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمىنى داۋاملىق تۈزۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىدى.

بىسمارك رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىشىشىدىن ئەندىشە قىلمايتتى، ئۇ ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشتى. 1879 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى ۋېيىنادا ئىمزالاندى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئەھدىلەشكۈچى بىر تەرەپ رۇسىيەنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئەھدىلەشكۈچى ئىككىلا تەرەپ بارلىق ھەربىي كۈچى ئارقىلىق ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، ئۆز ئالدىغا سۈلھى تۈزمەيدۇ؛ ئەگەر ئەھدىلەشكۈچى بىر تەرەپ باشقا بىر دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپ ياخشى نىيەت بىلەن بىتەرەپلىكنى ساقلايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. گېرمانىيە بۇ ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمىنى فىرانسىيەگە قارىتىلغان دەپ قارىدى، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە بولسا ئۇنى رۇسىيەگە قارىتىلغان، دەپ ھېسابلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى رۇسىيەگىمۇ، فىرانسىيەگىمۇ قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ رۇسىيەنى يېتىم قالدۇرۇپ، رۇسىيە ـ فىرانسىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەمما، گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ھەربىي گۇرۇھنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىسمارك ئىتپاقداشلىق سىستېمىسىنى قۇرۇشقا كىرىشتى، بۇ سىستېمىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى ئىتالىيە ئىدى. ئىتالىيەنىڭ بۇ ئىتتىپاققا قاتنىشىشىدا ئىككى سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىدىن، فىرانسىيە تۇنىسنى تارتىۋالغانىدى. تۇنىس ئىتالىيەنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك نىشانى بولۇپ، ئۇ يەردە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىتالىيەلىك مۇھاجىر بار ئىدى ھەمدە تۆمۈريول ياسالغانىدى. ئىتالىيە فىرانسىيە بىلەن يالغۇز تۇتۇشۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقتىن ئىتتىپاقداشقا موھتاج ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئىتالىيەنىڭ پاپا بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى. 1881 ـ يىلى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمەتلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى كاتولىك دىنى پارتىيەسى بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشنى توختىتىپ كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئىتالىيە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنىڭ پاپانىڭ ئۆز يېرىنى قايتۇرۇۋېلىشىنى قوللىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭا



www.uyghurkitap.com

ئىتالىيەنىڭ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ پايدىسى بار ئىدىكى زىيىنى يوق ئىدى. ئىتالىيەنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش تەلىپى بىسماركنىڭ ئىتتىپاقداشلىق سىستېمىسى ئورنىتىش ئويىغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. 1882 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئىتالىيە ۋىيېنادا ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ئەھدىلەشكۈچى دۆلەتلەر ئۆزلىرى ئارىسىدىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتكە قارشى تۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئىتتىپاق ياكى كېلىشىمگە قاتناشمايدۇ؛ مۇبادا فىرانسىيە ئىتالىيەگە ھۇجۇم قىلسا، قالغان ئىككى دۆلەت ئىتالىيەگە ھەربىي ياردەم بېرىدۇ؛ مۇبادا فىرانسىيە گېرمانىيەگە ھۇجۇم قىلسا، ئىتالىيەمۇ ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ مۇبادا ئەھدىلەشكۈچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بىرەر دۆلەت ھەرقانداق بىر چوڭ دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا، قالغان ئىككى دۆلەت ياخشى نىيەتتە بىتەرەپلىكنى ساقلايدۇ، ناۋادا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا، قالغان ئىككى دۆلەت ھەربىي ياردەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

رومىنىيەمۇ گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە گورۇھىغا ئەگەشتى. 1883 ـ يىلى رومىنىيە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن مەخپىي شەرتنامە ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن رومىنىيە ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى ھەربىر دۆلەتكە زور نەپ بەردى. ئىتالىيە بۇ ئارقىلىق خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، لىڭشىپ قالغان پادىشاھلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەپ، فىرانسىيە ۋە پاپانىڭ ھۇجۇمىدىن قورقمايدىغان بولدى. ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاساسلىق پايدىسى شۇ بولدىكى، ناۋادا رۇسىيە بالقان مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە ھۇجۇم قوزغىسا، بىر قىسىم قوشۇنىنى جەنۇبتا

ئىتالىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا قالدۇرمىسىمۇ بولاتتى. جۇملىدىن بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى رۇسىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا قاراتسا ياكى بالقان رايونىغا سالسا بولاتتى. گېرمانىيە بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئىتالىيە، فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىق ئەھدى تۈزۈش ۋەجىدىن فىرانسىيەنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى توسۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر ئۇ فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا، ئۇ ھالدا فىرانسىيەمۇ قوشۇنلىرىنى بۆلۈپ ئىتالىيەگە تاقابىل تۇرۇپ گېرمانىيەگە كېلىدىغان بېسىم يەڭگىللەيتتى. گېرمانىيە ئىتالىيەنىڭ جەڭگىۋار كۈچ بىلەن تەمىنلىنىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى، پەقەت ئىتالىيە ئۆز قوشۇنلىرىنى ئاۋسترىيەنىڭ ئارقا سېپىگە قاراتماي فىرانسىيەگە قاراتسىلا، بۇ گېرمانىيە ئاۋسترىيە ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولاتتى. قىسقىسى، شەرتنامە تۈزۈشكەن ئۈچىلا دۆلەتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەنپەئەتى بار ئىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ يادروسى گېرمانىيە ـ ئاۋسترىيە ئىتتىپاقى بولۇپ، گېرمانىيە بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى بولسا گېرمانىيەگە بېقىنىدىغان ھەمراھ، ئىتالىيە بولسا ۋاقىتلىق ھەم تەۋرىنىپ تۇرغان ئىتتىپاقداش ئىدى.

**فىرانسىيە ـ رۇسىيە ئىتتىپاقى** ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن فىرانسىيە بىلەن رۇسىيە بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى، فىرانسىيە پرۇسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يېتىم قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقداش تېپىشقا ئالدىرىدى. رۇسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى رۇسىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ يېقىنلىشىشىغا پۇرسەت ياراتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فىرانسىيەنىڭ كاپىتالى رۇسىيەگە سىڭىپ كىرىپ، فىرانسىيە مەبلىغى رۇسىيەنىڭ سانائىتىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. مەسىلەن، 1890 ـ

يىلى چەت ئەللەرنىڭ رۇسىيە سانائىتىگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 214 مىليون 700 مىڭ رۇبلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەنىڭ سالغان مەبلىغى 66 مىليون 600 مىڭ رۇبلى بولدى؛ 1900 ـ يىلى چەت ئەللەرنىڭ سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 911 مىليون رۇبلى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەنىڭ سالغان مەبلىغى 226 مىليون رۇبلى بولدى. 1887 ـ يىلى فىرانسىيە رۇسىيەگە ئىقتىساق تۇزۇشنى مۇراجىئەت قىلدى، كېيىنكى يىلى رۇسىيەنى 500 مىليون فىرانك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى، 1889 ـ يىلى يەنە 1 مىليارد 900 مىليون فىرانك قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇمەن فىرانسىيەنىڭ رۇسىيەگە سالغان مەبلىغى جەمئىي 10 مىليارد فىرانكقا يېقىنلاشتى. 1888 ـ يىلى رۇسىيە فىرانسىيەدىن 500 مىڭ تال مىلتىق سېتىۋالدى. بۇ ئىقتىسادىي ئالاقە فىرانسىيە ـ رۇسىيە ئىتتىپاقىغا پۇختا ئاساس سالدى. 1891 ـ يىلى فىرانسىيە فىلوتى رۇسىيەدىكى كرونشتادقا كەلگەندە، چار پادىشاھ ئالېكساندىر Ⅲ شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ھەمدە «مارسېل مارشى»نىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە بۆكىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى (ئەمەلىيەتتە رۇسىيەدە «مارسېل مارشى»نى ئورۇنلاش ئىزچىل مەنئى قىلىنغانىدى). ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ فىرانسىيەگە قىلىنغان يېقىنچىلىق ، گېرمانىيەگە قىلىنغان ھەيۋە ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا، ئىككى دۆلەت «مەسلىھەتلىشىش كېلىشىمى» تۈزۈشتى.

1892 ـ يىلى ئىككى دۆلەت پېتېربورگدا «فىرانسىيە ـ رۇسىيە ھەربىي شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، 1893 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋە 1894 ـ يىلى 1ـ ئايدا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى دىپلوماتىيە ھۆججىتى ئالماشتۇرۇش شەكلى بىلەن ھەربىي شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق مەجبۇرىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شەرتنامىدە: ئەگەر گېرمانىيە فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلسا ياكى ئىتالىيە

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيەنىڭ قوللىشى بىلەن فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلسا، رۇسىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ؛ ئەگەر گېرمانىيە رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلسا ياكى ئاۋستىرىيە گېرمانىيەنىڭ قوللىشى بىلەن رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلسا، فىرانسىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ دۆلەت ياكى بىرەر دۆلەت ھەربىي سەپەرۋەرلىككە كەلسە، فرانسىيە بىلەن رۇسىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئالدىن كېلىشىشنى كۈتۈپ تۇرماي، دەرھال ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ چېگرا تەرەپكە يۆتكەپ، تېزدىن گېرمانىيەنى شەرقىي ۋە غەربىي سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ؛ فىرانسىيە گېرمانىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا 1 مىليون 300 مىڭ ئەسكەر، رۇسىيە گېرمانىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا 700 مىڭ ياكى 800 مىڭ ئەسكەر چىقىرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

فىرانسىيە ـ رۇسىيە شەرتنامىسىنىڭ تىغ ئۇچى ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىغا، بولۇپمۇ ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى بولغان گېرمانىيەگە قارىتىلغانىدى. فىرانسىيە ـ رۇسىيە شەرتنامىسى يەنە بىر جاھانگىر ھەربىي گۇرۇھنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى.

**ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە زىددىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى** 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە ئىزچىل تۇردە ئاتالمىش «شەرەپلىك يەككىچىلىك» سىياسىتىنى يولغا قويدى. لېكىن، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، گېرمانىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ «چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى» «دۇنيا سىياسىتى»گە ئۆزگىرىپ، ئەنگلىيەنىڭ زومىگەرلىك ئورنى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، گېرمانىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، ئەنگلىيەنىڭ تاشقى سىياسىتىدىمۇ ئۆزگىرىش

بولدى.

ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ زىددىيىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى مۇستەملىكە تالىشىش، دېڭىز دىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ۋە تاشقى سودا، كاپىتال چىقىرىش جەھەتتە رىقابەتلىشىشتە ئىپادىلىنەتتى.

گېرمانىيەنىڭ 1876 ـ يىلىغا قەدەر بىرمۇ مۇستەملىكىسى يوق ئىدى، ھالبۇكى شۇ چاغدا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنىڭ كۆلىمى 22 مىليون 500 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن ئىدى. 1914 ـ يىلى گېرمانىيە ئىشغال قىلغان مۇستەملىكىنىڭ كۆلىمى ئاران 2 مىليون 900 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا يېتىپ، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىرىگە توغرا كەلدى. گېرمانىيە بۇ خىل ئەھۋالدىن تولىمۇ نارازى بولۇپ، يېڭى ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى بويىچە دۇنيانى قايتا بۆلۈشۈشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى ۋە ئەنگلىيەنىڭ قولىدىن تېخىمۇ كۆپ مۇستەملىكە تارتىۋېلىپ «بۈيۈك گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى» قۇرماقچى بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئافرىقىنى بۆلۈشۈۋېلىشقا كىرىشتى، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەمۇ شۇ سەۋەبتىن قاتتىق قارشىلىشىشقا باشلىدى. گېرمانىيە شەرقىي ئافرىقىدىن تارتىپ غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىغىچە (نامىبىيەگىچە) بولغان «ئېكۋاتور ئافرىقا ئىمپېرىيەسى» قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەنگلىيە بولسا قاھىرەدىن كاپتوۋنغىچە (جەنۇبىي ئافرىقىدا) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قاھىرە ـ كاپتوۋن پىلانى» نى تۈزۈپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى تۇتاشتۇرماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، گېرمانىيەنىڭ پىلانى كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالدى، توقۇنۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى ــ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بورلار قۇرغان ئىككى جۇمھۇرىيەت ــ ئورانجى بىلەن ترانسۋالنى تالىشىش

ئىدى، چۈنكى بۇ رايوندىن ئالتۇن ۋە ئالماس كۆپ چىقاتتى. ئەنگلىيە ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى توسالغۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن، قورال كۈچى ئارقىلىق بورلار جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىۋالماقچى بولدى. ئەنگلىيە بىلەن بورلارنىڭ توقۇنۇشىدا، گېرمانىيە بورلارنى قوللىدى ھەمدە بورلار بىر قېتىملىق كىچىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ ۋىلھېلىم II ترانسۋال پرېزىدېنتىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەنگلىيە بۇنى گېرمانىيەنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھەيۋىسى دەپ قاراپ تولىمۇ نارازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت بىرمەھەل كەسكىنلەشتى.

گېرمانىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى پائالىيىتى ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە زىددىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى ئىككى دۆلەتنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرە بۆلۈشۈۋېلىش جەھەتتىكى رىقابىتىدە كۆرۈلدى. گېرمانىيە قورال كۈچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ جياۋجۇ قولتۇقىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى «جۇڭگو ـ گېرمانىيە كېلىشىمى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، شەندۇڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىۋالدى. ئەنگلىيە بولسا ۋېيخەيۋېينى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا تەسىر دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتتى.

ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئەڭ كەسكىن تالىشىدىغان رايون ئوتتۇرا شەرق ۋە يېقىن شەرق ئىدى. 1878 ـ يىلىدىكى بېرلىن يىغىنىدىن كېيىن، گېرمانىيە تۈركىيەگە سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ، تۈركىيە ئارمىيەسىگە ئوفىتسېر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تەربىيەلىدى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، تۈركىيەگە ئۆز ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى ھەمدە ياۋروپا قورۇقلۇقىغا تۇتىشىدىغان بىر تۆمۈريولنى، يەنى باغداد تۆمۈريولىنى ياساپ،

بېرلىن بىلەن ئىستانبۇل (كونستانتىنوپول)نى تۇتاشتۇرماقچى بولدى، شۇنداقلا 1880 ـ يىلى بۇ تۆمۈر يولنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ ئىجارە ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇنداق بولغاندا گېرمانىيە كىچىك ئاسىيا رايونىنى تىزگىنلەپلا قالماي، ئىككى دەريا ۋادىسى ۋە پارس قولتۇقى رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، بۇ ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھىندىستانغا تەھدىت سالالايتتى. گېرمانىيە ئۆز مۇددىئاسىنى قىلچە يوشۇرماي، «باغداد تۆمۈريولى بىز ئۈچۈن ئىران، ئافغانىستانغا بارىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىدۇ ھەمدە ئەنگلىيەگە تەۋە ھىندىستانغا سانجىلغان شەمشەرگە ئايلىنىدۇ» دەپ جار سالدى. ئەنگلىيە بۇنىڭغا ئەلۋەتتە چىداپ تۇرالمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش پىلانىدا، ھىندى ئوكيانىنى مەركەز قىلىپ ئاسىيا ـ ئافرىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان غايەت زور مۇستەملىكە ئىمپېرىيەسى قۇرۇشتەك ئىستراتېگىيەلىك نىشان بار ئىدى. يەنى، ئۇ قۇرۇقلۇقتا قاھىرەنى مەركەز قىلىپ جەنۇبتا كاپتوۋنغا، شەرقتە باغداد ئارقىلىق كالكۇتتاغا تۇتىشىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تۆمۈريول ياساش، دېڭىزدا سۇۋەيش قانىلى، سىنگاپور ۋە شاڭخەي ئۈچ نۇقتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئويلايتتى. ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقنى ئىگىلەش ـ ئىنگلىيەلەشتۈرۈشىڭ بۇ پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە فىرانسىيە ۋە رۇسىيە بىلەن بىرلىشىپ، گېرمانىيەنىڭ ئۆز پىلانىنى يولغا قويۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيەنىڭ قاتمۇقات توسالغۇسى بولغانلىقتىن، باغداد تۆمۈريولى بىردە ياسىلىپ، بىردە توختاپ قېلىپ، تاكى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغانغا قەدەر تۆمۈريول تولۇق پۈتمىدى.

گېرمانىيەنىڭ تاشقى سودا ۋە كاپىتال چىقىرىش جەھەتتە كۆندىن ـ كۈنگە ئەنگلىيەنى سىقىپ چىقىرىشىمۇ ئەنگلىيە ـ گېرمانىيەنىڭ زىددىيىتىنى ئۆلغايتقان يەنە بىر سەۋەب بولۇپ

قالدى. گېرمانىيەنىڭ تاشقى سودا سوممىسى 1870 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. لېكىن، 1913 ـ يىلىدىكى خەلقئارا سودىدا ئەنگلىيە يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ 17.3% نى ئىگىلىدى، گېرمانىيە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ 12.6% نى ئىگىلىدى، ئەنگلىيە بۇنىڭدىن گېرمانىيەنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ـ سودا كاپىتالىستلىرى ئەنگلىيەدە گېرمانىيە تاۋارلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىگە ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەشكە باشلاۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشكە چۈشتى.

1880 ـ يىلدىن 1890 ـ يىلغىچە، گېرمانىيەنىڭ سىرتقا چىقارغان كاپىتال سوممىسى 3 مىليارد 90 مىليون ماركتىن 3 مىليارد 400 مىليون ماركقا يەتتى، كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە بولسا 4 مىليارد 610 مىليون ماركقا يەتتى. گېرمانىيەنىڭ كاپىتال چىقىرىشتىكى تۈنجى چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى باغداد تۆمۈريولىنى ياساش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكى بولدى. گېرمانىيە كاپىتال چىقىرىش جەھەتتە ناھايىتى تېزلا ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەگە يېتىشىۋالدى. 1902 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغى 12 مىليارد 500 مىليون ئالتۇن فىرانك بولغان بولسا، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە 44 مىليارد ئالتۇن فىرانكقا يەتتى.

ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ توقۇنۇشىدا ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئىدى. دېڭىز ـ ئوكيانغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش ئەزەلدىن جاھانگىرلارنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىشىدىكى مۇھىم مەزمۇن ھەم مۇھىم باسقۇچ ئىدى. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىگە ئايلىنالىشىدا ئۇنىڭ دېڭىزغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقى مۇھىم سەۋەب بولغانىدى. گېرمانىيە دۇنياغا



www.uyghurkitap.com

زومىگەر بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى مونوپوللۇق ئورنىنى بۇزۇپ تاشلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىككى دۆلەت دېڭىز ئارمىيە كۈچىنى ئاشۇرۇشنى زومىگەرلىك تالىشىشتىكى مۇھىم ۋاستە قىلىشقا باشلىدى. گېرمانىيە: «بىزنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇشىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، بۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ـ ياقماسلىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز» دەپ قارىدى ھەمدە ھەدەپ «دېڭىز ھوقۇقى زومىگەرلىك ھوقۇقى دېمەكتۇر، پەقەت گېرمانىيە دېڭىز زومىگەرلىگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن مۇستەملىكە ئېچىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ» دەپ جار سالدى. ئەنگلىيە بولسا «ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە قۇرۇشى ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر، لېكىن گېرمانىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە قۇرۇشى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئارتۇقچە ئىش، ئەگەر باشقا دۆلەتلەر ھەسسىلەپ ئىرىشىپ بىزگە يېتىشىۋالماقچى بولسا، ئۇ چاغدا بىز يەنە تەدبىر قوللىنىپ ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىمىز»، «گېرمانىيەنىڭ دېڭىزدا زومىگەر بولۇشى برىتانىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن سىغىشالمايدۇ» دەپ قارىدى. شۇڭا، گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيە ھەدەپ دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى جەھەتتە بەسلىشىپ، زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت ياۋروپادىكى مۇناسىۋەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتكە ئايلىنىپلا قالماي، يەنە جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتكە ئايلاندى.

**ئۈچ دۆلەت ئانتانتىسىنىڭ شەكىللىنىشى** ئەنگلىيە قۇدرەتلىك دۈشمىنى بولغان گېرمانىيەنى يېڭىش ئۈچۈن، ئۆزاققا سوزۇلغان «شەرەپلىك يەككىچىلىك» سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاكتىپ ئىتتىپاق تۈزۈش سىياسىتىنى قوللاندى. 1902 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە «ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە

روسىيەگە قارىتىلغان ھەربىي ئىتتىپاق ئىدى. بۇنىڭدا ئەنگلىيە ياپونىيەنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاسىيادىكى رىقابەتچىسى بولغان چارروسىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يىراق شەرقتىكى ئورنىنى كۈچەيتەلەيتتى، لېكىن ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقى ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دۈشمىنى بولغان گېرمانىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرەلمەيتتى، شۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە ياۋروپادا شېرىك ئىزدەشكە كىرىشتى.

گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت فىرانسىيەنىڭ ئەنگلىيەگە يېقىنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىدىنلا ناھايىتى ناچار بولۇپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا باشتىن ـ ئاخىر قوراللىق تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى، ئافرىقىدا ماراكەشنى تالىشىپ كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. فىرانسىيە ئەسلىدە روسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن روسىيە ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاچقا فىرانسىيەگە قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ئۈمىدىنى ئەنگلىيەگە باغلىدى. بۇ چاغدا ئەنگلىيەمۇ ياۋروپادا ھەدەپ ئىتتىپاقداش ئىزدەۋاتاتتى، بۇ ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.

1900 ـ يىلى ئەنگلىيە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى پارىژدا زىيارەتتە بولدى، ئارقىدىنلا فىرانسىيە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ ئەنگلىيەگە زىيارەتكە باردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ھەل قىلغۇچ خاراكتېرگە ئىگە «يېقىنچىلىقى» ئەنگلىيە پادىشاھى ئېدۋارد Ⅶ نىڭ 1903 ـ يىلى ئەتىيازدا پارىژدا زىيارەتتە بولۇشى بولدى، ئۇ زىيارەتتە فىرانسىيەلىكلەرگە: «مەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بۇرۇنقى دۈشمەنلىشىشنىڭ ئەمدى ئاياغلاشقانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن بىزدەك بىر ـ بىرىگە تايىنىپ گۈللەنگەن ئىككى دۆلەتنىڭ

يەنە بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمەن» دېدى. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ بۇ سۆزى فىرانسىيە پىرېزىدېنتى لوبېرنىڭ 6 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە جاۋابەن زىيارەتتە بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى تېزدىن ياخشىلىنىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى مۇستەملىكە مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. 1904 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇ كېلىشىم ئۈچ ھۆججەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ ئۈچ ھۆججەتتە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇستەملىكە مەسىلىسى بەلگىلەنگەنىدى. كېلىشىمدە ئېنىق قىلىپ: فىرانسىيە نېۋفوندلاندتا بېلىق تۇتۇش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدۇ؛ ئەنگلىيە گامبىيە ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى زېمىن مەسىلىسىدە فىرانسىيەگە يول قويىدۇ؛ فىرانسىيە مىسىرنىڭ ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ ماراكەشنى قوشۇۋېلىشىغا قوشۇلىدۇ؛ ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە مائىنام دەرياسىنى بويلاپ سىئام (تايلاند) نى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايرىيدۇ، سىئامنىڭ بىرمىغا تۇتىشىدىغان غەربىدىكى جايلىرى ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ، ھىندىچىنىغا تۇتىشىدىغان شەرقىدىكى جايلىرى فىرانسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ، دېيىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كېلىشىمدە ئىككى دۆلەتنىڭ مادىغاسقار ۋە يېڭى خېبرىت تاقىم ئاراللىرى ئۈستىدىكى زىددىيىتى تەڭشەلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە مۇستەملىكە مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغاچقا، ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇ ۋەجىدىن ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى ئەنگلىيەنىڭ فىرانسىيە ـ رۇسىيە گۇرۇھى بىلەن رەسمىي تىل بىرىكتۈرۈپ، گېرمانىيەگە قارشى تۇرماقچى بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ئەنگلىيە

بىلەن رۇسىيەنىڭ يېقىنلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن خېلى ئاداۋەت بار ئىدى، بولۇپمۇ يىراق شەرق ۋە يېقىن شەرقنى تالىشىش كۆرىشىدە ئۇلار ئارىسىدا كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بار ئىدى. لېكىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ياپونىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيە مەغلۇپ بولغاچقا، بۇ زىددىيەتلەر سەل پەسەيدى. چۈنكى، رۇسىيە مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئەمدى ئەنگلىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى تەسىر دائىرىسىگە ئۇنچە زور تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيتتى؛ يېقىن شەرقتە كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئەنگلىيە بىلەن تۈركىيە، پېرسىيە ۋە ئافغانىستان مەسىلىسىدە بۇرۇنقىدەك كەسكىن زىددىيەتلىشەلمەيتتى. زىددىيەتنىڭ پەسىيىشىگە ئەگىشىپ ئىككى تەرەپنىڭ بېرىش ـ كېلىشى كۆپەيدى. بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىقتىساد جەھەتتىكى ئالاقىسى قويۇقلاشتى، ئەنگلىيە رۇسىيەگە بېرىدىغان قەرز پۇلنى سەل كۆپەيتتى. ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلالىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، گېرمانىيە ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى ۋە ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە زىددىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى گېرمانىيەنى ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلاندۇردى.

1907 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «ئەنگلىيە ـ رۇسىيە كېلىشىمى» ئىمزالاندى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدىكى زىددىيىتىنى تەڭشەش ئىدى. كېلىشىم جەمئىي تۆت ھۆججەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى پېرسىيە توغرىسىدىكى كېلىشىم ئىدى. كېلىشىمدە: پېرسىيە ئۈچ رايونغا ئايرىلىدۇ، شىمالىدىكى رايون رۇسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ، جەنۇبىدىكى رايون ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ، بۇ ئىككى رايوننىڭ ئوتتۇرىسى ئارىلىق رايون قىلىنىپ، بۇ رايوندا

ئىككىلا تەرەپ ئىجارە ئېلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دېيىلدى. ئافغانىستان توغرىسىدىكى كېلىشىمدە، رۇسىيە ئافغانىستاننىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكىنى، يەنى ئافغانىستاننىڭ ئەنگلىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى ھەققىدىكى كېلىشىمدە، ئىككى تەرەپ شىزاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئۇنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىزاڭغا نىسبەتەن «ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقى» بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا كېلىشتى.

ئومومەن، 1893 ـ يىلى فىرانسىيە ـ رۇسىيە ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، 1904 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ھەمدە 1907 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ رۇسىيە كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ئارقىلىق، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيەدىن تەشكىل تاپقان ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقى شەكىللەندى، بۇ ئىتتىپاق يەنە «ئۈچ دۆلەت ئانتانتىسى» دەپ ئاتالدى، ئۈچ دۆلەت ئانتانتىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ياۋروپانىڭ بۇرۇنقىدەك كۈچلەر تەڭپۇڭ بولۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپانى قارىمۇقارشى ئىككى ھەربىي گۇرۇھقا بۆلۈۋەتتى.

بۇ قارىمۇقارشى ئىككى ھەربىي گۇرۇھ ئىچىدە، ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىدا گېرمانىيە ئاساسىي ۋەكىل ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىتتىپاق بىر خىل يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى، چۈنكى ئىتالىيە بارغانسېرى ئىشەنچسىز بولۇپ قېلىۋاتاتتى، پەقەت چوڭقۇر كىرىزىسقا پاتقان ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىلا گېرمانىيەنىڭ بىردىنبىر شېرىكى بولۇپ قالغانىدى. ئۈچ دۆلەت ئانتانتىسىدا ئەنگلىيە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيتتى، رۇسىيە بولسا ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھالىدىن كەتكەنلىكى، مەملىكەت ئىچىدە 1905 ـ يىلى ئىنقىلاب يۈز بەرگەنلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە

www.uyghurkitap.com

كاپىتالىنىڭ تىزگىنلىشىگە چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن پەقەت بىر بېقىندىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھنىڭ قارشىلىشىشى ماھىيەتتە كېيىن باش كۆتۈرگەن كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەت گېرمانىيە بىلەن كونا كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەت ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ قارشىلىشىشى ئىدى.

**تىنچلىق ئىزدەپ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش** جاھانگىرلار ئۇرۇش قوزغاشتىن بۇرۇن ھەمىشە تىنچلىق دەپ داۋراڭ سېلىشىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى يوشۇرۇش ۋە دۈشمىنىنى بىخۇدلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ھەربىي تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى جاھانگىرلارنىڭ يېڭى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىشىنى ماددىي شارائىت بىلەن تەمىنلىدى، ئاساسلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ھەربىي ھازىرلىقلارنى پائال كېڭەيتتى، ئۇلار بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تىنچلىق نەيرىڭى ئارقىلىق ئۇرۇش تەييارلىقىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى تىنچلىق ئەلچىسى قىلىپ پەردازلاپ كۆرسەتتى. بۇ ۋاقىتتا چار پادىشاھ نىكولاي Ⅱ نىڭ ئىپادىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى 1898 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ۋە 1899 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇدا ئىككى قېتىم ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ تىنچلىق يىغىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى ۋە «بۇ يىغىن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل يېڭى ئەسىرنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالغۇسى» دەپ جار سالدى. بۇ چاغدا چار پادىشاھ ئۆز ئېھتىياجىنى كۆزلەپ «تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش»، «ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ چاغدا رۇسىيەنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولۇپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە رەقىبلىرى بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك

ماغدۇرى يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتماقچى بولغانىدى، بۇ ئۇنىڭ رەقىبىنى چەكلىشىگە ئىمكانىيەت بېرەتتى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ چاغدا رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ۋە ياپونىيەنىڭ يىراق شەرقنى تالىشىش زىددىيىتى كەسكىنلەشكەن بولۇپ، ئۇ ئەمدىلا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تەسىر دائىرىسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولغاچقا، تىنچلىق شوئارىنى توۋلاش ئارقىلىق ئەنگلىيە ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان جىددىي مۇناسىۋەتنى پەسەيتمەكچى، ئۆزىنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ۋاقىتنى ئۇتماقچى ئىدى.

چار پادىشاھنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى جاھانگىر دۆلەتلەرگە بەش قولدەك ئايان ئىدى، گېرمانىيە پادىشاھى ۋېلھېلم II بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىپ، «كىم تەكلىپنى رەت قىلسا، شۇ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ» دېدى. ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىمۇ تەكلىپنى ئاشكارا رەت قىلىشنى خالىماي، ساختا ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، 1899 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە 1 ـ قېتىملىق تىنچلىق يىغىنى گوللاندىيەنىڭ گائاگا شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 26 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى يىغىندا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە تىنچلىقنى ساقلاش ئۈستىدە ھەدەپ گەپ ساتتى، لېكىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدا ھېچقانداق ماھىيەتلىك قارار چىقارمىدى، ھەتتا يىغىننىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان رۇسىيەنىڭ ۋەكىلىمۇ بۇ يىغىندىن بىرەر ئەمەلىي نەتىجە چىقىشتىن ئۈمىد يوق، دەپ قارىدى. رۇسىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى مۇراۋيېف تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ: ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش پەقەت بىر شېرىن خىيالدىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. يىغىندا پەقەت خەلقئارا تالاش ـ تارتىشنى تىنچ يول

بىلەن ھەل قىلىش، قوراللىق ئۇرۇشى قائىدە ـ نىزاملىرىغا دائىر ئۈچ ئەھدىنامە ۋە ھاۋا شارىدىن بومبا، پارتلاتقۇچ تاشلاشنى مەنئى قىلىشقا دائىر ئۈچ خىتابنامە ئىمزالاندى، شۇنداقلا بىر «دائىمىي كېسىم سوتى» قۇرۇش قارار قىلىنىدى. بۇ ئەھدىنامىلەر خەلقئارا قانۇننىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. لېكىن، يىغىننىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى، يەنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلەش ۋە تىنچلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش ھەققىدە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى.

1 ـ قېتىملىق گائاگا يىغىنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتالمىدى ھەم دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كېلەلمىدى، خەلق بۇ يىغىندىن ئومۇميۈزلۈك نارازى بولدى. شۇ سەۋەبتىن 1907 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە 2 ـ قېتىملىق گائاگا يىغىنى ئېچىلدى، بۇ يىغىنغا 44 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىندىمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاشلا ئۇرۇشنى بىكار قىلىش بىر خام خىيال سۈپىتىدە بىر چەتكە قايرىپ قويۇلۇپ، كۆپىنچە خەلقئارا قانۇندىكى ئۇرۇشقا دائىر ماددىلار تالاش ـ تارتىش قىلىندى، 1 ـ قېتىملىق يىغىندا ماقۇللانغان ئۈچ ئەھدىنامە قايتا تەكشۈرۈلۈپ، بىتەرەپلىك مەسىلىسى ۋە دېڭىز ئۇرۇشى قائىدە ـ نىزاملىرىغا دائىر ئون يەتتە ئەھدىنامە ئىمزالاندى. ئىككى قېتىملىق گائاگا يىغىنى كىشىلەرگە خۇددى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى مۇسابىقە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرماستىن، شۇ مۇسابىقە تۈزۈمىنىڭ قائىدىسىنى ئالدىن بېكىتىۋالغاندەكلا تەسىر بەردى. شۇڭا، بۇ قانداقتۇر تىنچلىق يىغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش يىغىنى بولۇپ، پات ئارىدا جاھانگىرلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قوش تەرەپلىك سۆھبەتلەرمۇ كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك بولغىنى ئەنگلىيە ۋە

گېرمانىيە ئارىسىدىكى سۆھبەت بولدى. 1905 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەنگلىيە گېرمانىيەگە دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىنى قىسقارتىش تەكلىپىنى بەردى، 1908 ـ يىلى ئەنگلىيە گېرمانىيە بىلەن يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بۇ ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەنىڭ پۇت ـ قولىنى چۇشەپ، ئۇنى دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتىش پىلانىنى كىچىكلىتىۋېتىشكە مەجبۇرلاش نەيرىڭى ئىدى. 1912 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدىكى دېڭىز ئارمىيە سۆھبىتىدە، ئەنگلىيە مۇستەملىكە تالىشىش جەھەتتە يول قويۇش ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گېرمانىيەنى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ياساش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا، ھەتتا ياساشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلماقچى بولدى، لېكىن كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. 1913 ـ يىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەتتە، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا يول قويۇشمىغاچقا سۆھبەت مەغلۇپ بولدى. بۇ سۆھبەتلەردە ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى چەكلەپ، بىر ـ بىرىنى ئالدىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايتتى.

جاھانگىر دۆلەتلەر تىنچلىق ھەققىدە گەپ سېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي ھازىرلىقلارنى پائال كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى يولغا قويدى.

گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقنى كېڭەيتىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي خىراجەتنى ھەدەپ كۆپەيتتى، 1902 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە ھەربىي خىراجەتنى 874 مىليون 500 مىڭ ماركتىن 1 مىليارد 259 مىليون ماركقا كۆپەيتتى، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە 3 مىليارد 244 مىليون ماركقا يەتكۈزدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە گېرمانىيە ئادەتتىكى دائىمىي ئارمىيەسىنى 51 دىۋىزىيە، 870 مىڭ ئادەمگە يەتكۈزۈپ، رۇسىيەدىنلا كېيىن تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە

كۆپلىگەن زاپاس ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەپ، ئۇرۇش پارتلىغان ھامان قوشۇننى تېزلىكتە كېڭەيتىشكە ھازىرلىق كۆردى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە دىرىژابىل قىسمىنى قۇرۇپ، ئالتە پونكىت تەسىس قىلىپ، دىرىژابىلنى 50 كە يەتكۈزدى. يەنە خېلى كۆپ 77 مىللىمېتىرلىق تېز ئاتار دالا زەمبىرىكىگە ئىگە بولدى.

ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىمۇ ئارقىدا قالغۇسى كەلمەي، 1902 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە ھەربىي خىراجەتنى 401 مىليون 600 مىڭ ماركىتىن 548 مىليون 800 مىڭ ماركقا كۆپەيتتى، 1914 ـ يىلى 800 مىليون ماركقا يەتكۈزدى. 1912 ـ يىلى يېڭى ھەربىي ئىشلار قانۇنىنى ماقۇللاپ، 200 مىڭ ئەسكەر كۆپەيتتى، مۇنتىزىم قوشۇننى 1913 ـ يىلىغا كەلگەندە 560 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى ھەمدە توپچى قىسمىنى كۈچەيتتى.

ئىتالىيەنىڭ ھەربىي خىراجىتىمۇ 1902 ـ يىلىدىكى 282 مىليون 500 مىڭ ماركىتىن 1911 ـ يىلى 472 مىليون 500 مىڭ ماركقا كۆپەيدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانتانتا دۆلەتلەرمۇ قوشۇن كۆپەيتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى 1901 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە 1 مىليارد 218 مىليون 300 مىڭ ماركىتىن 1 مىليارد 452 مىليون 400 مىڭ ماركقا يەتتى. ئەنگلىيە ئاساسلىق كۈچىنى دېڭىز ئارمىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىمۇ تاشلاپ قويمىدى، 1- دۇنيا ئۇرۇشىغىچە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانىنى 250 مىڭ كىشىدىن ئاشۇردى.

فىرانسىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمىمۇ تېز ئاشتى، 1902 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە 827 مىليون 200 مىڭ ماركىتىن 1 مىليارد 52 مىليون 100 مىڭ ماركقا يەتتى، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە 1 مىليارد 500 مىليون ماركقا يەتتى. فىرانسىيە ئەسكەر كۆپەيتىش ئۈچۈن 1913 ـ يىلى «ھەربىي

مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشى 21 ياشتىن 44 ياشقىچە بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى «20 ياشتىن 48 ياشقىچە بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتتى. ئىككى يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى ئۈچ يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە ئۆزگەرتتى، دائىمىي قوشۇننى % 50 كۆپەيتىپ 800 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى 75 مىللىمېتىرلىق دالا زەمبىرىكى بىلەن قوراللاندۇردى.

رۇسىيە گەرچە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ئارمانغا تولۇق دەرمانى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالغۇسى كەلمەي، فىرانسىيە بەرگەن قەرز پۇل ئارقىلىق ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتتى. رۇسىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى 1902 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە 874 مىليون 500 مىڭ ماركتىن 1 مىليارد 251 مىليون ماركقا يەتتى، 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە بولسا 1 مىليارد 834 مىليون ماركقا يەتتى. 1913 ـ يىلى رۇسىيە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتىنى يەنە ئۈچ ئاي ئۇزارتتى ھەمدە فىرانسىيە گېنېرالى جوففرېنى ئارمىيەنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدى. رۇسىيەنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، يەنى 1 مىليون 300 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، رۇسىيە يەنىلا ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش قانۇنىنى ماقۇللاپ، دائىمىي قوشۇننى 2 مىليون 300 مىڭغا يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى ھەمدە بالتىق دېڭىزى فىلوتىنى قايتا قۇرۇشقا كىرىشىپ، قارا دېڭىز فىلوتىنى كۈچەيتتى.

دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى مۇسابىقىسى جەھەتتە ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ھەرىكىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. گېرمانىيە ئەنگلىيە بىلەن زومىگەرلىك تالىشىش ئۈچۈن چوقۇم دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىگىلەش زۆرۈرلۈكىنى ھېس

قىلدى. شۇڭا، ۋىلھېلىم II «گېرمانىيەنىڭ كەلگۈسى دېڭىزدا» دەپ جار سالدى. 1898 ـ يىلى گېرمانىيە كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇپ چىقىشنىڭ 20 يىللىق پىلانىنى تۈزدى، ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە بۇ پىلاننى كېڭەيتتى. گېرمانىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتىشى ئەنگلىيەنىڭ «ئىككىدىن كۈچلۈك بولۇش»سىياسىتىنى زەربىگە ئۇچراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە ئەسەبىيلەرچە دېڭىز ئارمىيە مۇسابىقىسىنى باشلىۋەتتى. 1906 ـ يىلى ئەنگلىيە تۇنجى 18 مىڭ توننىلىق چوڭ تىپتىكى بىرونىلىق پاراخوت — «قورقماس» ناملىق پاراخوتنى سۇغا چۈشۈردى. گېرمانىيەمۇ بوش كەلمەي ناھايىتى تېز مۇشۇنداق پاراخوتنى ياساپ چىقتى. 1908 ـ يىلى ئەنگلىيە «قورقماس» ناملىق پاراخوتتىن 12 نى ياساشنى تەستىقلىدى، گېرمانىيە توققۇزنى ياساشنى بەلگىلىدى. كونا تىپتىكى بىرونىلىق پاراخوتتىن ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ 63 ى، گېرمانىيەنىڭ 26 سى بار ئىدى، يېڭى تىپتىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كونا تىپتىكى ھەربىي پاراخوتلارنىڭ رولى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇ سەۋەبتىن گېرمانىيەنىڭ دېڭىزدىكى كۈچى ئەنگلىيەدىن سەللا كېيىن قالدى. لېكىن، گېرمانىيە يەنىلا قانائەتلەنمەي، شۇ يىلى 4 ـ قېتىملىق دېڭىز ئارمىيە قانۇنىنى ماقۇللاپ، 1908 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى «قورقماس» ناملىق پاراخوتتىن تۆتنى ياساش، 1912 ـ يىلدىن 1917 ـ يىلىغىچە ھەر يىلى ئىككىنى ياساشنى بەلگىلىدى. گېرمانىيەنىڭ دېڭىزدا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتا ئەنگلىيەگە يېتىشىۋېلىش ئېھتىمالى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە چوڭ تىپتىكى ھەربىي پاراخوتتىن بىرنى ياسىسا، ئەنگلىيە ئىككىنى ياساشنى قارار قىلىپ، «ئىككىدىن كۈچلۈك بولۇش» ھالىتىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە گېرمانىيەنىڭ تۆرلۈك يېڭى تىپتىكى پاراخوتى 232 گە يېتىپ،

دۇنيا بويىچە ئىككىنچى كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيە دۆلىتىگە ئايلاندى.

**1 ـ قېتىملىق ماراكەش كرىزىسى** ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئورنى ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ يېقىن دېڭىز يولى ھېسابلىنىدۇ، جەبىلتارىق بوغۇزى، قارا دېڭىز بوغۇزى ۋە سۇۋەيش قانىلى بۇ دېڭىز يولىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان كاناي ھېسابلىنىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جاھانگىرلارنىڭ دۇنيانى يېڭىباشتىن بۆلۈشۈۋېلىش كۈرىشى مۇشۇ يەردە جىددىي قانات يېيىپ، خەلقئارا كىرىزىس ۋە قىسمەن ئۇرۇشلار ئۈزۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا كۆپ قېتىم جىددىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ ئاساسلىقى 1905 ـ يىلىدىن 1906 ـ يىلىغىچە بولغان 1 ـ قېتىملىق ماراكەش كىرىزىسى، 1908 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە بولغان بوسنىيە كىرىزىسى، 1911 ـ يىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق ماراكەش كىرىزىسى، 1911 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىلىغىچە بولغان ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى ۋە 1912 ـ يىلىدىن 1913 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى قېتىملىق مۇھىم خەلقئارا كىرىزىس گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ماراكەشنى تالىشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقتى. 1904 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمىدە، ئەنگلىيە ماراكەشنىڭ «ھەرىكەت ئەركىنلىكى» نى ئېتىراپ قىلدى، فىرانسىيە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ماراكەشنى تىزگىنلەشنى جىددىيلەشتۈردى. 1905 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، فىرانسىيە ماراكەشكە ئۇنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي، مالىيە ئىشلىرىنى «ئىسلاھ» قىلىشقا دائىر بىر لايىھەنى سۇندى، ئەگەر ماراكەش بۇ لايىھەگە قوشۇلسا، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە فىرانسىيەنىڭ

www.uyghurkitap.com

قوغدىشىغا ئېرىشەلەيتتى. گېرمانىيە بۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇردى، چۈنكى ئەگەر فىرانسىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كۈچى ئۆزلۈكسىز زورايسا، گېرمانىيەنىڭ زومىگەرلىك پىلانىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، گېرمانىيە ماراكەش ھۆكۈمىتىنى يۇقىرىقى لايىھەنى رەت قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە مۇشۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمىنىڭ كۈچىنى سىناپ باقماقچى، فىرانسىيەگە جىددىي پەيتلەردە ئەنگلىيەنىڭ ئۇنى قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىدى. 1905 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيە پادشاھى ۋىلھېلىم II ماراكەشكە بېرىپ ماراكەش سۇلتانىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدە نۇتۇق سۆزلەپ، ماراكەش سۇلتانى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ پادشاھى، شۇڭا ئۇ ماراكەشنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىشى كېرەك، دېدى ھەم ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ماراكەشتىكى ئورنىنىڭ «مۇتلەق باراۋەر» بولۇشىنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئەمەلىيەتتە فىرانسىيەنىڭ ئالاھىدە ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئىنكار قىلغانلىق ئىدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا: گېرمانىيە ھەرقانداق بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ماراكەشكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ ۋە بۇنداق ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

فىرانسىيە دەسلەپتە گېرمانىيەنىڭ ماراكەشتىكى قۇتراتقۇلۇقىغا نىسبەتەن قەتئىي قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولدى، فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى دېل كاسسې ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ مەيدانىنى قوللايدۇ، دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيەنىڭ گېرمانىيەگە تىز پۈكۈش ـ پۈكمەسلىكى ئۇنىڭ گېرمانىيەگە ياكى يەنىلا ئەنگلىيەگە تايىنىش مەسىلىسىدۇر، دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ماراكەش مەسىلىسىدە

گېرمانىيەگە يول قويماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى ھەمدە فىرانسىيەگە: ئەگەر گېرمانىيە ھۇجۇم قوزغاپلا قالسا، ئەنگلىيە 100 مىڭ ياكى 115 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ فىرانسىيەنى قوللايدۇ، دەپ كاپالەت بەردى. ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا، فىرانسىيە 1905 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھەربىي پاراخوتىنى ماراكەشكە ئەۋەتىپ گېرمانىيەگە پوپوزا قىلدى. گېرمانىيەمۇ بوشاڭلىق قىلماي، باش ۋەزىر بىرو فىرانسىيە باش ئەلچىسىگە «ئەگەر فىرانسىيە قوشۇنلىرى ماراكەش چېگراسىدىن ئۆتسە، گېرمانىيە قوشۇنلىرى فىرانسىيە چېگراسىدىن ئۆتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بىرمەھەل جىددىيلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىلا قالدى، مانا بۇ بىرىنچى قېتىملىق ماراكەش كرىزىسى ئىدى. لېكىن، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا گېرمانىيە قاتتىق پوزىتسىيەسىدىن يېنىپ يۇمشاپ قالدى، ئۇ فىرانسىيەنىڭ ماراكەشتىكى «ئالاھىدە مەنپەئەتىنى» ئېتىراپ قىلىشقا قوشۇلدى. چۈنكى، گېرمانىيەنى ھېچقانداق بىر دۆلەت قوللىمىدى، ئەنگلىيەمۇ ئاشكارا ھالدا فىرانسىيە تەرەپتە تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيەنىڭ ھەقىقەتەن ئۇرۇش تەييارلىقى تېخى پۈتمىگەنىدى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمى تېخى مۇقىملاشمىدى، گەرچە ئەنگلىيە فىرانسىيەنى قوللاشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يىراقتىكى سۇ بىلەن تەشنالىقنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ، «ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا ئەسقاتمايدۇ... ئۇ فىرانسىيەنى قوغدىيالمايدۇ» دەپ قارىدى، يەنە كېلىپ فىرانسىيەنىڭمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى تېخى پۈتمىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى يول قويۇشنى قارار قىلىپ، دىپلوماتىيە مىنىستىرى دېل كاسسې ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، خەلقئارا يىغىندا ماراكەش مەسىلىسىنى تەكشۈرۇشكە قوشۇلدى.

www.uyghurkitap.com

1906 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ماراكەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان يىغىن ئىسپانىيىنىڭ ئالگېتسىراس شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 13 دۆلەت ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىندا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فىرانسىيەنى قوللىدى، ھەتتا ئىتالىيەمۇ ئۆز ئىتتىپاقدىشى بولغان گېرمانىيەنى قوللىماي فىرانسىيەنى قوللىدى، پەقەت ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىلا گېرمانىيىنى زورىغا قوللاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە يېتىم قالدى. يىغىندا ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىنىپ، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ماراكەشتىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتى باراۋەر بولىدۇ، ماراكەشنىڭ مالىيەسىنى خەلقئارا نازارەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ساقچى ۋە ئامانلىق خىزمىتىنى فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە بۆلۈپ باشقۇرىدۇ، دەپ جاكارلاندى. بۇ، فىرانسىيەنىڭ ئەمەلىي غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكى، فىرانسىيە ـ رۇسىيە ئىتتىپاقىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكى، فىرانسىيە ـ ئىتالىيە مۇناسىۋىتىنىڭمۇ ياخشىلانغانلىقى، بولۇپمۇ فىرانسىيەنىڭ ھەقلىق ھالدا ماراكەشنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقوقىغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ يىغىنىنىڭ نەتىجىسى گېرمانىيەنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، گېرمانىيە فىرانسىيەگە زەربە بېرىپ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە كېلىشىمنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى دىپلوماتىيە جەھەتتىن يېتىم قالدى.

**بوسنىيە كرىزىسى** ماراكەش كرىزىسىدىن كېيىن 1908 ـ يىلىدىن 1909 ـ يىلىغىچە بالقاندا بوسنىيە كرىزىسى يۈز بەردى، بۇ ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بالقان رايونىدىكى ئۆتكۈر زىددىيىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى گەرچە ئاۋسترىيە ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن 1878 ـ يىلىدىكى بېرلىن شەرتنامىسىگە ئاساسەن، ئۇ

يەنىلا تۈركىيەگە تەۋە ئىدى. 1908 ـ يىلى تۈركىيەدە ئىنقىلاب يۈز بەردى، ئاۋسترىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى رەسمىي قوشۇۋالدى. بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى سېربىيلار ۋە كىرودىيەلىكلەر ئىدى، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلمىشى جەنۇبىتىكى سىلاۋيانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، بولۇپمۇ سېربىيەدە مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. ئۇلار ئىزچىل تۈردە بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان بىرلىككە كەلگەن يۇگوسلاۋىيە دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى قوشۇۋېلىشىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قوراللىق قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاشكارا ھالدا بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى قوشۇۋېلىشقا پېتىنالىشىغا ئۇنىڭ گېرمانىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. 1908 ـ يىلى 9 ـ ئايدا رۇسىيە ۋە ئاۋسترىيەنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرلىرى يۇخلودا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، رۇسىيە ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى قوشۇۋېلىشىغا قوشۇلىدۇ، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بولسا داردانېل بوغۇزى ۋە بوسفور بوغۇزىنى رۇسىيە فىلوتىغا ئېچىۋېتىشكە قوشۇلىدۇ، دېگەن مەزمۇندا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە بالقاندىكى تەسىر دائىرىنى بۆلۈشۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈش يىغىنى بولدى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە بۇ مەخپىي كېلىشىمدىن بەك نارازى بولۇپ، ئەگەر داردانېل بوغۇزى ۋە بوسفور بوغۇزى ئېچىۋېتىلسە، ياۋروپادىكى بارلىق چوڭ دۆلەتلەر ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى،

ئىككى دېڭىز بوغۇزى يالغۇز رۇسىيە فىلوتىغىلا ئېچىۋېتىلمەسلىكى كېرەك، دەپ قارىدى. ئەمما، رۇسىيە بۇنىڭغا مۇتلەق قوشۇلمايتتى، ئۇ دېڭىز بوغىزىغا ئېرىشەلمىسە رازى ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇتلەق يول قويالمايتتى.

دېڭىز بوغۇزى مەسىلىسى تولۇق ھەل بولماي، رۇسىيە مەقسىتىگە تەلتۆكۈس يېتەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالدى بىلەن بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى قوشۇۋېلىشىدىن رۇسىيە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە «بىز سىلاۋيانلارنىڭ قوغدىغۇچىسى» دېگەن نام بىلەن سېربىيەلارنىڭ ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بولسا قورال كۈچى بىلەن سېربىيەنى باسماقچى بولدى. 1908 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى قىسمەن ھەربىي سەپەرۋەرلىك جاكارلاپ، سېربىيە چېگراسىغا ئەسكەر توپلاپ تەھدىت سالدى. 12 ـ ئايدا گېرمانىيە ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيەنى شەرتسىز ھالدا قوراللىق قوللايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، «بۇ رۇسىيە بىلەن ھېسابلىشىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت» دەپ قارىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيەنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىنى قوشۇۋالغانلىقىغا دەسلەپتە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى، لېكىن ھېچقانداق دۆلەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە، 1909 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، 2 مىليون 500 مىڭ فوند ستېرلىڭ ئېلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىگە بولغان نام جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى.

1909 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گېرمانىيە رۇسىيەدىن سېربىيەنىڭ ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيەنىڭ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى



www.uyghurkitap.com

قوشۇۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ھەيدەكچى بولۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە رۇسىيەگە: ئەگەر چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى سېربىيەنى داۋاملىق قوللىسا، ئۇ ھالدا رۇسىيە «ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپلا قالماي، يەنە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. چارروسىيە ئۆزىنىڭ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەگە قاراتقان ئۇرۇش تەييارلىقىنى تېخى يېتەرسىز دەپ قارىغاچقا، يەنە كېلىپ ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەچكە، گېرمانىيە ئاۋستىرىيەگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە گېرمانىيەنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، يەنە سېربىيەگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىدىن ۋاز كېچىش ۋە ئاۋستىرىيەگە قارشى بارلىق ھەرىكەتلەرنى توختىتىشقا مەجبۇرلىدى، سېربىيە ئامالسىز باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى كرىزىس جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بالقان رايونىدىكى زىددىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيە بىلەن سېربىيەنىڭ دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، سارايېۋو ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولدى.

**2 ـ قېتىملىق ماراكەش كرىزىسى** بوسنىيە كرىزىسى ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، گېرمانىيە ۋە فىرانسىيە ماراكەشتە يەنە توقۇنۇشۇپ قالدى. 1911 ـ يىلى ئەتىيازدا ماراكەشنىڭ پايتەختى فېسنىڭ ئەتراپىدا خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى قوزغىلىڭى يۈز بەردى، فىرانسىيە تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز مۇھاجىرلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ، 5 ـ ئايدا فېسنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ماراكەش پۈتۈنلەي فىرانسىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

گېرمانىيە: فىرانسىيەنىڭ بۇ قىلمىشى گېرمانىيەنىڭ

ماراكەشتىكى مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزدى. فىرانسىيەنىڭ ماراكەشنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، ماراكەشنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى بۆلۈۋالماقچى ياكى باشقا جايلاردىكى مۇستەملىكىلەردىن زېمىنغا ئېرىشمەكچى بولدى. 1911 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فىرانسىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرىغا نوتا تاپشۇرۇپ، ماراكەشتىكى «قالايمىقانچىلىق» تۈپەيلىدىن گېرمانىيە مۇھاجىرلىرى خەۋپسىرەپ قالغاچقا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىر ھەربىي پاراخوتنى ئاگادىر پورتىغا ئەۋەتىپ، مۇھاجىرلارنى قۇتقۇزماقچى ۋە گېرمانىيەنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېدى. شۇ كۈنى گېرمانىيەنىڭ «قاپلان» ناملىق ھەربىي پاراخوتى ئاگادىر پورتىغا يېتىپ باردى ھەمدە فىرانسىيە ئەسكەر چېكىندۇرسە ئاندىن كېتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى، يەنە زەمبىرەكلەرنى ئاگادىر پورتىغا توغرىلاپ تەھدىت سالدى. بۇ ۋەقە «ئاگادىر پورتىدىكى قاپلاننىڭ ھەيۋىسى» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ـ فىرانسىيە مۇناسىۋىتى بىردىنلا جىددىيلەشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. فىرانسىيەنىڭ پوزىتسىيەسى ناھايىتى قاتتىق بولدى، فىرانسىيە باش ئەلچىسى گېرمانىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرىگە: «ئەگەر سىز ماراكەشتە نېسىۋىمىز بار دېسىڭىز، ياخشىسى بۇ ھەقتە سۆز ئاچمايلا قويۇڭ، فىرانسىيەدىكى جامائەتچىلىك سىلەرنىڭ ماراكەشنى بۆلۈۋېلىشىڭلارغا قوشۇلمايدۇ ... مۇمكىن بولسا سىلەر باشقا جاينى تېپىڭلار!» دېدى. گېرمانىيە بولسا فىرانسىيەگە قاراشلىق كونگونى بۆلۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇنى فىرانسىيە رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. كېيىن گېرمانىيە «بېرلىن» ناملىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتنى ماراكەشكە ئەۋەتىپ پوپوزا قىلدى، ۋەزىيەت

ئىتتايىن جىددىيلىشىپ، ئۇرۇش كەيپىياتى كۈچەيدى.

ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ جەبىلتارىق بوغوزىنىڭ ئېغىزىغا قول تىقىشىغا قاراپ تۇرالماي، فىرانسىيەنى گېرمانىيەنىڭ تەلىپىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گراي: «ئەگەر گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيە ئۇرۇش قىلسا، ئەنگلىيە چوقۇم ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ» دېدى. 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويىد جورجى بايانات ئېلان قىلىپ، فىرانسىيە تەرەپتە تۇرۇپ گېرمانىيەگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېرمانىيە ئەنگلىيەنىڭ پوزىتسىيەسى قاتتىق بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولالمىغانلىقى سەۋەبلىك ئەلپازىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ: فىرانسىيە ماراكەشنى قوغدايدۇ، لېكىن سودا جەھەتتە يەنىلا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ؛ فىرانسىيە گېرمانىيەگە تولۇقلىما سۈپىتىدە كونگونىڭ بىر قىسمىنى بۆلۈپ بېرىدۇ، دەپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە ھەربىي پاراخوتى ئاگادىر پورتىدىن چېكىندى. بۇ قېتىمقى كىرىزىس بىر قاتچە چوڭ دۆلەتنىڭ شەرمەندىلەرچە سودىلىشىپ، ماراكەشنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشى بەدىلىگە ئۆتۈپ كەتتى. كىرىزىس گەرچە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە ئەنگلىيەنىڭ ئارىلىشىشىغا تولىمۇ غەزەپلىنىپ، ئەنگلىيە بىلەن قارشىلىشىشنى كۈچەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىشكەنلىرى بەك ئاز دەپ قاراپ، دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈش تەلىپىنى قويۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى.

**ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى** 2 ـ قېتىملىق ماراكەش كىرىزىسى ئەڭ كەسكىنلەشكەن پەيتتە، ئىتالىيە تۇيۇقسىز تۈركىيەگە ئۇرۇش قوزغىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئىتالىيە ئاللىبۇرۇن تۈركىيەنىڭ شىمالىي ئافرىقىدىكى قارام يېرى بولغان ترىپولى ۋە سىرېنايكاغا كۆز تىككەنىدى. بۇ جايلار گەرچە چۆل بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ تىرىپولى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا بولۇپ، سىتسىلىيە ئارىلى بىلەن يىراقتىن قارىشىپ تۇراتتى، ئۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزنى كۆزەتكىلى بولاتتى. ئىتالىيە تىرىپولىنى ئىشغال قىلىشنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىش ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم بىر باسقۇچ دەپ قارايتتى. بۇ زېمىننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىتالىيە نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلدى. 1902 ـ يىلى ئىتالىيە فىرانسىيە بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ، فىرانسىيەنىڭ تىرىپولى مەسىلىسىدە ئىتالىيەنى قوللاش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بېكىتتى. 1909 ـ يىلىدىكى لاكاننىز كېلىشىمىدە رۇسىيەمۇ ئىتالىيەنى قوللايدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى. ئاخىرىدا ئىتالىيە 2 ـ قېتىملىق ماراكەش كىرىزىسىدا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا كىرىشتى.

1911 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىتالىيە تۇيۇقسىز تۈركىيەگە تىرىپولى ۋە سىرېنايكانى بۆلۈپ بېرىش ھەققىدە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، بۇ رايون تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ھەم قالايمىقانلىشىپ، ھەم نامراتلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتالىيە مۇھاجىرلىرىغا قارشى ھەرىكەت يۈز بەردى، ئىتالىيە «ئۆزىنىڭ ئابرۇيى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، تىرىپولى ۋە سىرېنايكانى ھەربىي جەھەتتە ئىشغال قىلىشنى قارار قىلدى» دېدى ھەمدە تۈركىيەدىن «ئىتالىيە قوشۇنلىرى بىلەن قارشىلىشىدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى» تەلەپ قىلدى، تۈركىيە ھاقارەت تۈسىنى ئالغان بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە تۈركىيەگە ئۇرۇش قوزغىدى. ئىتالىيە قوماندانلىق ئىشتابى تېز ھۇجۇم قوزغاپ، تۈركىيەنى قاتتىق قارشىلاشمايلا باش ئېگىشكە مەجبۇرلاشنى قارار قىلدى. دەرۋەقە ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا ئىتالىيە تۈركىيەنىڭ تىرىپولىدىكى مۇھاپىزەت قىسمىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە تىرىپولىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئىگىلىدى، بىراق كېيىن شۇ

جايدىكى ئەرەبلەر ئىتالىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغاچقا، ئىتالىيە قوشۇنلىرى ئىچكى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمەي، ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى.

ئىتالىيە فلوتى تۈركىيەگە بولغان بېسىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بېيرۇت ۋە داردانېل بوغۇزىنى توپقا تۇتتى. تۈركىيە كۈچلۈك دۆلەتلەردىن ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇرەسسە قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچىلىك پايدىسى بولمىدى. رۇسىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا دېڭىز بوغۇزىنى رۇسىيە فىلوتىغا ئېچىۋېتىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە بۇنىڭغا قارشى تۇرغاچقا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. ئۇرۇش تاكى 1912 ـ يىلى بالقان ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لائوساندا سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ لايىھەسى تۈزۈلۈپ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئىتالىيە ـ تۈركىيە سۈلھى شەرتنامىسى» رەسمىي ئىمزالاندى، شەرتنامە بويىچە تۈركىيە تىرىپولى ۋە سىرېنايكانى ئىتالىيەگە بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايون ئىتالىيەنىڭ يېڭى مۇستەملىكىسىگە ــ لىۋىيەگە ئايلاندى.

ئىككى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان چاغدا، بالقان يېرىم ئارىلىدا يەنە يېڭى ئۇرۇش پارتلىدى. 19 ـ ئەسىردىلا بالقان يېرىم ئارىلىدا نۇرغۇن مۇستەقىل دۆلەتلەر شەكىللەنگەنىدى، لېكىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تۈركىيە يەنىلا بالقاننىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. بالقاندىكى كۆپ قىسىم خەلق يەنىلا تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇراتتى، ئىتالىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشى بالقان دۆلەتلىرىدىكى تۈركىيەگە قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تېزلەتتى. 1912 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇلغارىيە سېربىيە بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى تۈزدى، 5 ـ ئايدا يەنە گىرېتسىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىق

شەرتنامىسى تۈزدى، 8 ـ ئايدا مونتېنېگرو بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن بالقاندىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقى شەكىللەندى. بۇ ئىتتىپاق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ فېئودال پادىشاھلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئىدى، لېكىن ئۇ بالقاندىكى خەلقنى تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۈرۈشقا يېتەكلىگەچكە، ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

1912 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مونتېنېگرو ئالدى بىلەن تۈركىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بۇلغارىيە ۋە سېربىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئەتىسى گىرېتسىيەمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن 1 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. دەسلەپتىكى ئېلىشىشلار بالقاندىكى ئىتتىپاقداشلارنىڭ تۈركىيەگە قارىغاندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇلار تۈركىيەنى تېزلىكتە مەغلۇپ قىلدى. بۇلغارىيە قوشۇنلىرى ئىستانبۇلغا يېقىنلاپ كەلدى، گىرېتسىيە سالونىكانى ئىشغال قىلدى، سېربىيە قوشۇنلىرى ماكېدونىيەنىڭ كۆپ قىسمى، ئالبانىيەنىڭ شىمالى ۋە يېڭى بارسولنى ئىگىلىدى. 1912 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئالبانىيەدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئالبانىيە مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. تۈركىيە ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم زېمىنىدىن ئايرىلىپ، ھەربىي جەھەتتە پۈتۈنلەي يېمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۈركىيە كۈچلۈك دۆلەتلەردىن مۇرەسسە قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، جاھانگىرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بالقان ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى. گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە سېربىيەنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمىغاچقا، سېربىيە مەسىلىسىدە يول قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۇردى. رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە بولسا سېربىيەنى قوللىدى، چۈنكى سېربىيە رۇسىيەنىڭ بالقاندىكى ئاساسلىق تايانچىسى

ئىدى، شۇڭا رۇسىيە قىسمەن ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزدى. جاھانگىرلار بالقاندىكى تالىشىشقا ئارىلاشقانلىقى، بولۇپمۇ رۇسىيە، ئاۋستىرىيە قارشىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بالقان ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بالقان ئۇرۇشىنىڭ گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنىڭ رۇسىيە ۋە فىرانسىيەگە قاراتقان ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلدى. رۇسىيە ئۇرۇش تەييارلىقى يېتەرسىز بولغاچقا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. گېرمانىيەمۇ ئەنگلىيەنىڭ «بۇ ئۇرۇش فىرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ياۋروپا ئۇرۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتسە، بىتەرەپلىكنى ساقلىماي مەيدانىمىزنى ئۆزگەرتىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىمۇ بۇ تالاش ـ تارتىشنى خەلقئارا يىغىنىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا قوشۇلماي تۇرالمىدى.

1912 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خەلقئارا يىغىن لوندوندا ئېچىلدى. ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بۇ قېتىمقى يىغىننى كونترول قىلىۋالدى، رۇسىيە ۋە فىرانسىيە بالقان دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قوللىدى، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە بولسا ئاستىرتىن تۈركىيەگە ھەمدەمدە بولدى. 1913 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۈركىيەدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇرۇش يەنە پارتىلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بۇلغارىيە قوشۇنلىرى ئەدىرنەنى ئېلىپ، ئىستانبۇل يەنە خەتەر ئىچىدە قالدى، شۇنىڭ بىلەن تۈركىيە يەنە مۇرەسسە قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، لوندون سۆھبىتى ئەسلىگە كەلدى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى لوندون شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ، تۈركىيە ئېنوس ـ مىدىيانىڭ غەربىدىكى زېمىننى بالقان دۆلەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركىيەنىڭ ياۋروپادا 500 يىلدىن بۇيان ئىگىلەپ تۇرغان زېمىنى پۈتۈنلەي قولدىن

www.uyghurkitap.com

كېتىپ، پەقەت پايتەختى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارلا قېلىپ قالدى. ئالبانىيە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ «ھامىيلىقى» ئاستىدا مۇستەقىل بولدى.

1 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى مىللىي ئازادلىق يولىدىكى بىر قېتىملىق ھەققانىي ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇش نەتىجىسىدە بۇرۇن تۈركىيەنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان بالقان خەلقلىرى ئازادلىققا ئېرىشتى.

بالقان ئىتتىپاقى گەرچە تۈركىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى تەقسىملەش تەكشى بولمىغاچقا، ئىتتىپاقداشلار ئارىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى. گىرېتسىيە ماكېدونىيەنىڭ جەنۇبى ۋە كىرېت ئارىلىغا ئېرىشتى، سېربىيە ماكېدونىيەنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا ئېرىشتى، بۇلغارىيە تىراسىي ۋە ئېگېي دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى جايلارغا ئېرىشتى. سېربىيە دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىغا ئېرىشەلمىگەچكە، بۇلغارىيەدىن بۇنى تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇلغارىيە بولسا ئۇرۇشتا تۆھپىمىز بار، دەپ ئۇنىمىدى. 1913 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سېربىيە بىلەن گىرېتسىيە بۇلغارىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى، كېيىن رومىنىيە بۇ ئىتتىپاققا قاتنىشىپ بۇلغارىيەگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. بۇلغارىيە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سېربىيە ۋە گىرېتسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. رومىنىيە ۋە مونتېنېگرو سېربىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئۇزاق ئۆتمەي تۈركىيەمۇ بۇلغارىيەگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشتىكى زىيانلىرىنى تولدۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى باشلاندى. 1 ـ قېتىملىق ئۇرۇشقا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ قېتىم زېمىن تالىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككىلا تەرەپ ھەققانىيەتسىز ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش

پەقەت بىر ئايلا داۋاملىشىپ، بۇلغارىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇپ سۈلھى تەلەپ قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

1913 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سۈلھى يىغىنى بۇخارىستتا ئېچىلدى، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بۇلغارىيە سېربىيە، گىرېتسىيە ۋە رومىنىيە بىلەن سۈلھى شەرتنامىسى تۈزدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يەنە تۈركىيە بىلەن سۈلھى شەرتنامىسى تۈزدى. شەرتنامە بويىچە سېربىيە ئىلگىرى بۇلغارىيە تۈركىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ماكېدونىيە زېمىنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قولغا ئالدى؛ جەنۇبىي ماكېدونىيە ۋە غەربىي تىراسىي گىرېتسىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ جەنۇبىي دوبرودجا رومىنىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ شەرقىي تىراسىينىڭ بىر قىسمى ئەدىرنە بىللە تۈركىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. نەتىجىدە بۇلغارىيە 1 ـ قېتىملىق بالقان ئۇرۇشىدا ئېرىشكەن زېمىنىدىن پەقەت ماكېدونىيە ۋە تىراسىينىڭ بىر قىسمىنىلا ساقلاپ قالدى.

ئىككى قېتىملىق بالقان ئۇرۇشى بۇ رايوندىكى سلاۋيان خەلقىنى تۈركىيەنىڭ مىللىي زۇلۇمىدىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ، بولۇپمۇ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادىكى سلاۋيان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار سېربىيە بىلەن قوشۇلۇشنى، بۈيۈك سېربىيە دۆلىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى ۋە چاررۇسىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار تۈركىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن تەدرىجىي ھالدا بالقان رايونىغا سىڭىپ كىردى. ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى سېربىيەنىڭ كېڭىيىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي، ياش سېربىيە دۆلىتىنى يوقىتىۋېتىش قەستىدە بولدى. چاررۇسىيە

بولسا سېربىيەنى ئۆزىنىڭ بالقاندا زومىگەرلىك تالىشىشىدىكى ئىستىھكام دەپ قاراپ، سېربىيەنىڭ ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيەگە قارشى تۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى چوڭ جاھانگىر گۇرۇھ ئارىسىدىكى بالقاننى تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ، بالقان ئۇرۇش ئەڭ ئاسان پارتلايدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى. بالقان يېرىم ئارىلى جاھانگىرلارنىڭ زىددىيەتلىشىش نۇقتىسى ۋە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلاش مەنبەسى بولۇپ قالدى.

## 2 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى

**ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى** 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا كىرىزىس كۆپ كۆرۈلگەنلىكى ۋە توختىماي قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇش بولغانلىقى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. بۇ ئەنگلىيە، گېرمانىيە باشچىلىقىدىكى ئىككى چوڭ جاھانگىر ھەربىي گۇرۇھنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالاشقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپكە زەربە بېرىپ ئۆزىنى زورايتىشنى كۆزلەيتتى، سارايېۋو ۋەقەسى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوت پىلتىسى بولۇپ قالدى.

ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەخت ۋارىسى فرانىز فېردىناند ئۇرۇشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغۇچى مىلىتارىزمچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ سېربىيەگە «ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئۇرۇش» قوزغاشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلدى. سىياسىي جەھەتتە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ «ئىككى مەنبەلىك تۈزۈم» نىڭ ئورنىغا «ئۈچ مەنبەلىك تۈزۈم» نى

دەسستىمشنى، يەنى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۇگوسلاۋىيەلىكلەرنى ئاۋسترىيەلىكلەر ۋە ۋېنگىرىيەلىكلەرگە ئوخشاش ئاتالمىش باراۋەر سىياسىي ئورۇن ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ ماھىيەتتە يۇگوسلاۋىيەلىكلەرنى ئاۋسترىيەلىكلەر ۋە ۋېنگىرىيەلىكلەرگە ئوخشاش مۇستەھكەم تىزگىنلەش بولۇپ، ئاتالمىش سىياسىي ئورۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئارقىلىق يۇگوسلاۋىيەلىكلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سېربىيەدىكى مىللەتپەرۋەرلەر شاھزادە فېردىناندنى قەبىھ دۈشمەن ۋە زومىگەر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتى.

ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى سېربىيەگە ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن، سېربىيەگە قوشنا بولغان بوسنىيەدە سېربىيەنى تەسەۋۋۇردىكى دۈشمەن دەپ قارايدىغان ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇنداق قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش قىلمىشى سېربىيە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. «قارا قول پارتىيەسى» دەپ ئاتالغان سېربىيەدىكى بىر مىللەتپەرۋەر ھەربىيلەر گۇرۇھى ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن شاھزادە فېردىناندنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار سېربىيەدە پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىنى «قارا قول پارتىيەسى» نىڭ تەسىرىگە ئۆچرىغان بوسنىيەلىك بىرقانچە ياشقا تاپشۇردى. ئۇلار گەرچە ئاۋسترىيە ـ ۋېنگىرىيە پۇقراسى بولسىمۇ، ھەممىسى سېربىلاردىن بولۇپ، ئاۋسترىيەگە قارشى تۇرۇش ئىدىيەسى كۈچلۈك ئىدى. «قارا قول پارتىيەسى» ئەزالىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا بوسنىيەگە بېرىپ، پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

1914 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى فېردىناند ھەربىي مانېۋىرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئايالى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىللە ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بوسنىيەنىڭ مەركىزى سارايېۋودىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭدى. ئاپتوموبىل ئەترىتى ئاۋات شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلگەندە، يول بويىغا ئالدىن يوشۇرۇنغان بوسنىيەلىك ياش چابۇلنوۋىچ فېردىناند ئولتۇرغان ئاپتوموبىلغا بىر دانە بومبا تاشلىدى، لېكىن بومبا جايىغا تەگمەي، پەقەت بىر ھەربىي ئوفىتسېر يارىلاندى. فېردىناند ئەر - خوتۇن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قايتىپ ماڭدى. ئاپتوموبىل بىر كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، يول بويىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سېربىيە ياش پىرىنسىپو تېزلىكتە ئاپتوموبىلغا چىقىپ تاپانچا بىلەن فېردىناند ئەر - خوتۇنغا ئىككى پاي ئوق ئاتتى، فېردىناندنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ شۇ يەردىلا ئۆلدى، خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا ئوق تېگىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى. سارايېۋو ۋەقەسى ئۇرۇشنىڭ پىلىتىسىگە ئوت تۇتاشتۇردى.

ئاۋسترىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى ئەسلىدىلا سېربىيەنى يۇتۇۋالماقچى بولغانىدى، فېردىناندنىڭ قەستكە ئۇچرىشى دەل ئۇنىڭ سېربىيەگە ئۇرۇش قوزغىشىغا باھانە بولۇپ بەردى. لېكىن، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە سېربىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قەستلەشكە قاتناشمىغانلىقى ئايدىڭلاشتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاۋسترىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى يەنىلا مۇشۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ ئۇرۇش قوزغاشنى قارار قىلدى. ئاۋسترىيەنىڭ ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇشى گېرمانىيەنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم II «بۇ تېپىلماس پۇرسەت» دېدى ھەمدە ئاۋسترىيەنىڭ تېزدىن سېربىيەگە ھەرىكەت قوللىنىشىنى، دېلىغۇل بولماي، «دەرھال ھېساب ئېلىش ياكى مەڭگۈ ھېساب ئالماسلىق» توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. گېرمانىيە يەنە دىپلوماتىيە ۋاسىتىسىنى

قوللىنىپ، ئاۋستىرىيە باش ئەلچىسىنى « گېرمانىيە ... ئاۋستىرىيە تەرەپتە تۇرىدىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۇردى. گېرمانىيە قوللىغانلىقتىن ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى تېخىمۇ تەپ تارتماي، بۇنى سېربىيەنى يۇتۇۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىدى. 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى قوراللىق ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى دەرھال ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۇرگۇزۇشنى جاكارلىدى، دىپلوماتىيە ۋەزىرىمۇ «ھازىر سېربىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى» دەپ جار سالدى.

ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە، چاررۇسىيە سېربىيەنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇردى ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ سېربىيەنى يۇتۇۋېلىشىنى توسۇپ، ئۆزىنىڭ بالقاندىكى مەنپەئەتىنى قوغدىماقچى بولدى. چاررۇسىيە: ئۇرۇش يۈز بېرىپلا قالسا، بۇ تۈركىيەدىن بوسفور بوغۇزى ۋە داردانېل بوغۇزىنى تارتىۋېلىشىمىزغا پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى. فىرانسىيە رۇسىيەگە كاپالەت بېرىپ، ئەگەر رۇسىيە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى ھەمدە رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە «چوقۇم رۇسىيەگە بىزنىڭ قوللايدىغانلىقىمىزنى بىلدۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەردى. ئەنگلىيە بولسا دىپلوماتىيە جەھەتتە ھىيلىگەرلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن، گېرمانىيەگە چاررۇسىيە دوستلۇقىنى ھەم تىنچلىقنى خالايدۇ، ئەگەر ماجىرا يۈز بېرىپ قالسا ئەنگلىيە چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بوران ـ چاپقۇندىن ساقلىنىدۇ دېدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيەنى ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلىشقا كۈشكۈرتتى. بۇ ئىش گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەگە ئەنگلىيە ئۇرۇشقا دەرھال يوپۇرۇلۇپ كىرمەيدىكەن دېگەن خاتا تۇيغۇنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قوزغاش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى.

ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى گېرمانىيە بىلەن مەخپىي كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۇرۇش قوزغاشنى ئېنىق بېكىتتى. ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت قانداق قىلىپ سېربىيەگە ئۇ قوبۇل قىلالمىغۇدەك تەلەپلەرنى قويۇش، قانداق قىلىپ ھەربىي توقۇنۇشنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1914 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى سېربىيەگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، سېربىيە ھۆكۈمىتىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە يول قويدى، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيەگە قارشى ھەرىكەتنى قوللىدى، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر شەرتلەرنى قويدى، جۈملىدىن ئاۋستىرىيەگە قارشى ھەرقانداق تەشكىلاتلارنى چەكلەش، ئاۋستىرىيەگە قارشى بارلىق تەشۋىقاتلارنى مەنئى قىلىش، ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن تىزىملىك بويىچە ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئاۋستىرىيەگە قارشى ئەمەلدارلارنى تازىلاش، ئاۋستىرىيە ئەۋەتكەن ۋەكىللەرنىڭ سېربىيەگە كىرىپ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسىغا ئالاقىدار «قاتىللار» نى قوغلاپ تۇتۇشقا ۋە سوتلىشىغا يول قويۇش، شۇنداقلا بۇنىڭغا 48 سائەت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپلەرنى قاندۇرۇش سېربىيەنىڭ ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. سېربىيە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرىگە سېربىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن چاررۇسىيەدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ھەمدە «يائۆلۈم، ياكۆرۈم جېڭى قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى سېربىيەنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە

بىلەن ۋاقىتلىق سۇلھى تۈزۈشنى كۆزلەپ، سېربىيەنى قارشىلىششتىن ۋاز كېچىشكە ئۇندىدى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەلىپىنى ئىمكانىقەدەر قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چارروسىيە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقتىن، سېربىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇلتىماتومنىڭ مۆھلىتى توشۇشتىن بۇرۇن، سېربىيەدە تۇرۇشلۇق ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە باش ئەلچىسىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئۇلتىماتومدىكى كۆپ قىسىم تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئاساسىي قانۇنغا ۋە جىنايى ئىشلار داۋا قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدى» دېگەن پىكىرگە قوشۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گەرچە سېربىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ توقۇنۇشنى بېسىقتۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سېربىيەگە ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىگە كەلگەن ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى يەنىلا ئۆز تەلىپىنىڭ تولۇق قاندۇرۇلمىغانلىقىنى ئېيتىپ، سېربىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سېربىيەگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى، شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە بېلگرادنى توپقا تۇتۇپ ھەربىي ھەرىكەتنى باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش جىددىي كېڭىيىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر تۈشمۇتۈشتىن ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈپ ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

روسىيە ئەسلىدە سېربىيەنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ۋاقىتىنچە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشنى كۆزلىگەنىدى، كۈتمىگەن يەردىن ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى يەنىلا سېربىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن روسىيە گەرچە تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولالمىغان

بولسىمۇ، مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەتكە كېلىپ 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئومۇمىي ھەربىي سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گېرمانىيە رۇسىيەگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، 12 سائەت ئىچىدە ھەربىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە رۇسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى فىرانسىيە ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گېرمانىيە فىرانسىيەنىڭ ئايروپىلانلىرى گېرمانىيەنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى، فىرانسىيە ئارمىيەسى چېگرادا توقۇنۇش پەيدا قىلدى دېگەننى باھانە قىلىپ، فىرانسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ليۇكسېمبۇرگنى ئىشغال قىلدى، ئەتىسى گېرمانىيە يەنە بېلگىيەگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ بېلگىيەدىن ئۆتۈپ فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاران 7 مىليون نوپۇسى بار بېلگىيە گېرمانىيەنىڭ يولسىز تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى ھەم ئەنگلىيەدىن ياردەم سورىدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىلتىجانى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ ئاساسى قىلىشنى قارار قىلىپ، گېرمانىيەگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، بېلگىيەنىڭ بىتەرەپلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ۋاھالەنكى، گېرمانىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى «بۇنداق كاپالەت بېرەلمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ۋىنىستون چېرچىل ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا دوكلات بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرىنىڭ گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مونتېنېگرو سېربىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى رەسمىي ھالدا رۇسىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ،

ياۋروپادىكى چوڭ جاھانگىر دۆلەتلەردىن ئىتالىيەنىڭ تەۋرىنىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قانلىق قىرغىنچىلىققا قول تىقتى.

ياۋروپادا پارتلىغان ھەربىي توقۇنۇش قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يىراق شەرق ۋە يېقىن شەرققىچە كېڭەيدى، ياپونىيە شەرقىي ئاسىيادىكى كۆچىنى زورايتىش ئۈچۈن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيەگە ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيە دېڭىز تەۋەلىكىدىكى دېڭىز ئارمىيەسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشنى، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن «شەرتسىز ۋە بەدەلسىز» ھالدا جياۋجۇ قولتۇقىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. گېرمانىيە بۇنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيە «ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقى»دىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. تۈركىيە ئالدىنقى گېرمانىيە بىلەن يېقىنلىشىپ، ئانتانتا دۆلەتلەردىن يىراقلاشقان بولغاچقا، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گېرمانىيە بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۇنىڭ چاررۇسىيەدىن مۇداپىئە كۆرۈشىگە ياردەملەشمەكچى بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۈركىيەنىڭ ھەربىي پاراخوتلىرى رۇسىيەنىڭ سېۋاستوپول ۋە ئودېسسا قاتارلىق مۇھىم پورتلىرىنى توپقا تۇتتى. ئارقىدىنلا چاررۇسىيە 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۈركىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەمۇ تۈركىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، 1914 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن باشلاپ پەقەت ئوچ ئاي ئىچىدىلا ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن سېربىيە ئارىسىدىكى توقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئايلاندى. بۇنىڭدا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ۋە تۈركىيە بىر تەرەپ، رۇسىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، بېلگىيە، سېربىيە ۋە مونتېنېگرو يەنە بىر تەرەپ بولدى.

www.uyghurkitap.com

1918 ـ يىلىغا بارغاندا جەمئىي 31 دۆلەت ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى ياۋروپادىن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگىچە كېڭەيدى. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 1 ـ قېتىملىق دۇنياۋى ئۇرۇش ئىدى.

**ئۇرۇشنىڭ جاھانگىرلىك خاراكتېرى** بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىككى چوڭ جاھانگىر ھەربىي گۇرۇھىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى مۇستەملىكە تالىشىش ۋە باشقا مىللەتلەرنى ئېزىش سىياسىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ تۈپ مەنبەسى جاھانگىرلىك تۈزۈمى ئىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەرئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى ئوخشاشلا دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش، مۇستەملىكە تالىشىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «ھەققانىي ئۇرۇش قىلىش»، «ۋەتەننى قوغداش» دېگەندەك دەبدەبىلىك شوئارلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ياپماقچى بولدى.

گېرمانىيە باش ۋەزىرى باياناتت ئېلان قىلىپ: «باشقىلار گېرمانىيەنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە ھەسەت قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن گېرمانىيەنى كىشەنلەپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز ياۋروپانىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. گېرمانىيە گېزىت ـ ژۇرناللىرىمۇ گېرمانىيەنىڭ شەرق تەرەپتە ئۇرۇش قىلىشى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتىنى يوقسەلدۈرۈش ئۈچۈن؛ غەرب تەرەپتە ئۇرۇش قىلىشى فرانسىيەنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەپ جار سالدى. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىنى ئاقلاپ، بىز بېلگىيەنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىغا دەخلى قىلمىغان تەقدىردىمۇ فرانسىيە ھامان تاجاۋۇز قىلاتتى، دېدى. رۇسىيە: بىز ئىلاجسىز ئۇرۇشقا قاتناشتۇق، مەقسىتىمىز پەقەت گېرمانىيە، ئاۋسترىيەنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش، دېدى. فرانسىيە بولسا گېرمانىيە ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا فرانسىيە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ

كىرىپ، خەلقئارا قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دېدى. فىرانسىيە پىرېزىدېنتى «فىرانسىيە يەنە بىر قېتىم ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ» دېدى. ئەنگلىيە بولسا گېرمانىيە شەرەپلىك خەلقئارا ئەھدىنامىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بىز بېلگىيەنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىنى قوغداش، كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئاجىز مىللەتلەرنى بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشتۇق، دېدى.

گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى مەقسىتى دۇنيانى يېڭىباشتىن بۆلۈشۈش، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنى تارتىۋېلىپ، شىمالىي دېڭىز، بالتىق دېڭىزىدىن ئادرىياتىك دېڭىزىغىچە، بېرلىندىن باغدادقىچە بولغان «بۈيۈك گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى» ياكى «ئوتتۇرا ياۋروپا ئىمپېرىيەسى» قۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ دائىرىسى بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ بىر قىسمى، ئۇكرائىنا، پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر، سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلى، شۇنداقلا بالقاندىكى دۆلەتلەر ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. گېرمانىيە ئۆزىنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي ئىتتىپاق قۇرۇپ، رۇسىيەنى ياۋروپادىن سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېزا ئىگىلىك جەھەتتىكى بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش، دېڭىزدا ئەنگلىيەنىڭ مونوپوللۇق ئورنىنى غولىتىش، ئافرىقا، تىنچ ئوكيان ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، پورتۇگالىيە، بېلگىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەيتتى. ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بولسا سېربىيەنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئادرىياتىك دېڭىزى ۋە ئېگېي دېڭىزىغا چىقىدىغان ئېغىزنى ئىگىلەپ، ئىككى مەنبەلىك ئىمپېرىيەنى ئۈچ مەنبەلىك ئىمپېرىيەگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلايتتى.

ئەنگلىيەنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى دۇنياغا زومىگەر بولۇش

www.uyghurkitap.com

هوقۇقىنى قوغداش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش، گېرمانىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى يوقىتىپ، گېرمانىيەدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ خەتەرلىك رىقابەتچىسىنى تۈگەشتۈرۈش، تۈركىيەنىڭ قولىدىن مىسسوپوتامىيە، پەلەستىننى تارتىۋېلىش ھەم مىسىردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. فىرانسىيە بولسا بۇ ئۇرۇشتا 1870 ـ يىلىدىكى پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدىكى ئار ـ نومۇسىنى يۇيۇپ، ئالساس ۋە لورراييىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، گېرمانىيەنىڭ سائار رايونىدىكى كۆمۈر ۋە تۆمۈر كانلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپاغا بولغان زومىگەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. چاررۇسسىيە بولسا ئېلبې دەرياسىدىن جۇڭگوغىچە، ئادرىياتىك دېڭىزىدىن شىمالىي مۇز ئوكيانغىچە بولغان غايەت زور «سىلاۋىيان ئىمپېرىيەسى» نى قۇرۇش، داردانېل بوغۇزى، بوسفور بوغۇزى ۋە ئىستانبۇلنى ئىگىلەپ، قارا دېڭىزنى ئۆزىنىڭ ئىچكى كۆلىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئىتالىيە بولسا شىمالىي ئافرىقىنى بۆلۈۋېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزدا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، باشقا مىللەتلەرنى قۇل قىلىش، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇپ، سىنىپىي زىددىيەتنى بۇراش، رىقابەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، دۇنياغا بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش ئىدى. ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ جاھانگىرلىك (تاجاۋۇز قىلىش، تالان ـ تاراج قىلىش، قاراقچىلىق قىلىش) ئۇرۇشلا ئىدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سېربىيە تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئۆزىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە مىللىي

ئازادلىقنى كۆزلەش ئاملى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېلىپ بارغىنى ھەققانىي ئۇرۇش ئىدى. لېكىن، پۈتكۈل ئۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ جاھانگىرلىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

**ئىككى تەرەپنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانى** ئىككى جاھانگىر ھەربىي گۇرۇھ بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشىغا تولۇق تەييارلىق كۆردى. گېرمانىيەنىڭ قورال - ياراغلىرى خىل غايەت زور قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بار ئىدى. ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى بولسا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتە گېرمانىيەگە بېقىناتتى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 6 مىليون 230 مىڭ كىشىگە يېتەتتى، شۇنىڭدەك ئەسكىرىي كۈچى مەركەزلەشكەن، قورال - ياراغلىرى سەرخىل ئىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 8 مىليون 730 مىڭ كىشىگە يېتەتتى ھەمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە دېڭىز ئارمىيە كۈچى بار ئىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە فىلوتى گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيەنى قامال قىلىپ، ئۇلارنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويالايتتى. لېكىن، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تارقاق، قورال - ياراغلىرى ناچارراق ئىدى. ئۇرۇشتىكى زاپاس كۈچ جەھەتتىن قارىغاندا، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، تۈركىيە، بۇلغارىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ نوپۇسى 145 مىليون بولۇپ، زېمىنى تۇتىشىپ كەتكەن، ئەسكەرلەرنى توپلاش قولاي ئىدى، لېكىن ئۇلار پەقەت ئۆز دۆلىتىنىڭ بايلىقىدىن ھەمدە ئۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىشغال قىلىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بايلىقىدىنلا پايدىلىنالايتتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە ۋە ئىتالىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ نوپۇسى 288 مىليونغا يەتسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر تارقاق ئىدى. ئەمما، ئۇلار مۇستەملىكىلىرىنىڭ ۋە بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلالايتتى.

ئۇرۇشتا ياۋروپا ئىزچىل ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولۇپ، ئۈچ ئاساسلىق ئۇرۇش سېپى بارلىققا كەلدى. غەربىي سەپ ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش مەيدانى؛ شەرقىي سەپ رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيەنىڭ ئۇرۇش مەيدانى؛ جەنۇبى سەپ بولسا ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە بىلەن رۇسىيە، سېربىيەنىڭ ئۇرۇش مەيدانى بولدى.

گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش پىلانى شەرقىي ۋە غەربىي سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش، ئاۋۋال ھۇجۇم قوزغاپ، بىر ـ بىرلەپ زەربە بېرىپ، تېز ئۇرۇش قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش ئىدى. بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەنى باش ئىشتاب باشلىقى شلىففېن 1905 ـ يىلى تۈزگەن پىلاندا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ پىلاننىڭ مەركىزىي مەزمۇنى زور تۈركۈمدىكى ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئالتە ھەپتىگىچە فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلىش، ئەنگلىيە بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاندىن كۈچنى بۇراپ رۇسىيەگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىچىدە پۈتكۈل ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

«شلىففېن پىلانى» دا شەرقىي سەپتە رۇسىيە قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن مۇداپىئەدە تۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، پەقەت توققۇز دىۋىزىيە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ مۇداپىئە كۆرۈش؛ غەربىي سەپتە 78 دىۋىزىيەنى مەركەزلەشتۈرۈپ فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىش، سول قاناتتا، يەنى ئالساس ـ لوررايىن رايونىغا سەككىز دىۋىزىيەنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قالغان 70 دىۋىزىيەنى ئوڭ قاناتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىتەرەپ دۆلەت بېلگىيە ۋە گوللاندىيە ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ مۇداپىئە كۆرۈلمىگەن شىمالىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ سېنا دەرياسىدىن مەجبۇرىي ئۆتۈپ، رۇئاننىڭ شىمالىدىن شەرقىي جەنۇبقا ئەگىلىپ، غەربىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپتىن پارىژنى قورشاپ،

ئامبۇرسىمان ھۇجۇم شەكىللەندۇرۇش (بۇنداق قىلغاندا ئوڭ قاناتتىكى قوشۇننىڭ «تۆمۈر بازغىنى» بىلەن سول قاناتتىكى قوشۇننىڭ «تۆمۈر ئۇشكىسى» ئارقىلىق فىرانسىيە ئارمىيەسىنى قورشاپ يوقاتقىلى بولاتتى)، ئاندىن ئاساسىي كۈچىنى شەرقىي سەپكە يۆتكەپ، ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇم بىلەن رۇسىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىش بەلگىلەنگەندى. ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئەھۋالدا ئازراق ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى ساموچ شلىففېننىڭ پىلانىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، غەربىي سەپنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئاران 52 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ۋە يەتتە ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ئورۇنلاشتۇردى، سول قانىتىغا 15 دىۋىزىيە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي سەپتىكى قوشۇننىمۇ ئاز ـ تولا كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى سەپتىكى ھۇجۇم قىلىدىغان كۈچنى سەل ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى.

ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى گېرمانىيەنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1909 ـ يىلى تۈزگەن ئۇرۇش پىلانىدا ھۇجۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى رۇسىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىپ، بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلدى: بىرىنچى يۆنىلىش ئارمىيە گالىسسىيە رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئىككىنچى يۆنىلىش ئارمىيە سېربىيە ۋە مونتېنېگرو چېگراسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئۈچىنچى يۆنىلىش ئارمىيە سېربىيەگە ھۇجۇم قىلىشقا ماسلىشىشقا ھەم بىرىنچى يۆنىلىش ئارمىيەگە ياردەم بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ پىلانى بولسا رۇسىيە ۋە فىرانسىيە بىرلا ۋاقىتتا قورۇقلۇقتىن گېرمانىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، گېرمانىيەنى ئۆز قوشۇنىنى ئىككى سەپكە بۆلۈپ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر قىلىش ئىدى. فىرانسىيەنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئالساس ۋە لوررايىننى تارتىۋېلىپ، رېيىن دەرياسىنىڭ سول

قىرغىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. 1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى سافى «17 ـ نومۇرلۇق ئۇرۇش پىلانى»نى تۈزدى. بۇ پىلاندا گېرمانىيە ـ فىرانسىيە چېگراسىغا بەش گورۇپپىۋوي ئارمىيە ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە 79 دالا دىۋىزىيەسى ۋە زاپاس دىۋىزىيە، ئون ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى بولۇش، 1ـ، 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنى ئوڭ قاناتقا ئورۇنلاشتۇرۇش، 5 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنى سول قاناتقا ئورۇنلاشتۇرۇش، 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنى ۋېردۇن رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇش (بۇنىڭدىن مەقسەت سول ۋە ئوڭ قاناتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى)، 4 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنى 3 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچ ئۆلاش بەلگىلەنگەنىدى.

روسىيە 1910 ـ يىلى 19 ـ نومۇرلۇق ئۇرۇش پىلانىنى تۈزدى، ئۇنىڭدا غەربىي چېگرانى ئىككى ئۇرۇش سېپىگە بۆلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيەگە تاقابىل تۇرۇش، غەربىي شىمال ئۇرۇش سېپىگە 19 دالا دىۋىزىيەسى، 11 زاپاس دىۋىزىيە، 9.5 ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ غەربىي جەنۇب ئۇرۇش سېپىگە جەمئىي 33.5 دالا دىۋىزىيەسى، 13 زاپاس دىۋىزىيە ۋە 18.5 ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئۇنىڭدىن باشقا، پېتېربورگ ۋە بالتىق دېڭىزى قىرغىقىغا ھەمدە رومىنىيە، قارا دېڭىز قىرغىقىغا مۇداپىئەچى قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇش بەلگىلەنگەنىدى.

ئەنگلىيە ئاساسلىق ھەربىي كۈچى دېڭىزدا بولغاچقا، ئەتراپلىق دېڭىز ئۇرۇشى لايىھەسىنى تۈزدى ھەمدە فىرانسىيە بىلەن ئىش تەقسىملىۋالدى، يەنى فىرانسىيە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى مۇداپىئە ۋە ئۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، ئەنگلىيە بولسا شىمالىي دېڭىزدا گېرمانىيەنىڭ بارلىق دېڭىز ئارمىيە بازىلىرى ۋە پورتلىرىنى قامال قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە

120 نەچچە مىڭ كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلىغۇچى قوشۇن ۋە 160 نەچچە مىڭ كىشىلىك زاپاس قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارنى فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇپلاپ، فىرانسىيە باش ئىشتابىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىغا تاپشۇرىدىغان بولدى.

## 3 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جەريانى

**1914 ـ يىلدىكى ئۇرۇش جەريانى** 1914 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا گېرمانىيەنىڭ تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش ئىستراتېگىيەسى بەربات بولدى. غەربىي سەپتە گېرمانىيە بەش گورۇپپىۋوي ئارمىيە، 150 مىڭ ئەسكەر بىلەن فىرانسىيەگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لىيۇكسېمبۇرگقا ئۇرۇش ئېلان قىلمايلا ھۇجۇم قىلدى، 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېچىدە بېلگىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، بېلگىيەنىڭ بىتەرەپلىك ئورنىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى. گېرمانىيە ئەسلىدە تېز سۈرئەتتە بېلگىيەدىن ئۆتۈپ فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا كىرمەكچىدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى. گېرمانىيە «شاكىلات ئەسكەرلەر» دەپ ئاتىۋالغان بېلگىيە قوشۇنلىرى لىگېدا گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ كۈن قارشىلىشىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى 40 مىڭ ئەسكەرنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بۇ شەھەرنى ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە كەلگەندە گېرمانىيە ئارمىيەسى ئاران بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەنىڭ تېز جەڭ قىلىپ تېز غەلىبە قىلىش ئىستراتېگىيەسى تۇنجى قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانات قىسمى لىيۇكسېمبورگ — نامۇر — بىريۇسسېل — ئانتۋېرپ لىنىيەسىدە بەش يولغا بۆلۈنۈپ

فىرانسىيەنىڭ شىمالىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن فىرانسىيە قوشۇنلىرى سالوۋادا ئۇچرىشىپ جەڭ قىلدى، فىرانسىيە قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئەنگلىيەنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى فىرانسىيەدە قورۇقلۇقتا چىققاندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مونىستا گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە قوشۇنلىرى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نامۇرنى ئىشغال قىلدى، 27 ـ كۈنى لوڭۋىنى ئىشغال قىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سۋاسسونىسنى ئىشغال قىلدى، 2 ـ كۈنى لائوننى ئىشغال قىلدى، 3 ـ كۈنى ۋىلانىسنى ئىشغال قىلدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى پارىژغا ئون نەچچە كىلومېتىر قالغاندا، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ئالدىراپ ـ تېنەپ بوردوغا كۆچتى، پارىژ خەۋپ ئىچىدە قالدى.

فىرانسىيە گەرچە زېمىنىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر زىيان تارتمىدى، قوشۇنلىرىنى تولۇقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىق كۆردى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى پارىژدىن چېكىنگەندىن كېيىن، فىرانسىيە قوشۇنلىرى پارىژغا يىغىلىپ مۇداپىئەدە تۇردى، ئۇلارغا گېنېرال گاررىئان قوماندانلىق قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن كېيىن گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى 1 ـ، 2 ـ گورۇپپىۋي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا 50 كىلومېتىر ئارىلىق قالغاچقا، فىرانسىيە ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە قوشۇنى بۇ يەرگە قىستۇرۇلۇپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە قوشۇنلىرىغا پايدىلىق ئەھۋال كۆرۈلۈپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى سافى ئۇرۇش پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ گېرمانىيە قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش

بۆيرۇقىنى چۈشۈردى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنگىچە، ئەنگلىيە - فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى گېرمانىيە ئارمىيەسى بىلەن ۋېردۇن ۋە پارىژ ئوتتۇرىسىدىكى تۆزلەڭلىكتە جەڭ قىلدى، بۇ مەشھۇر مايىن دەرياسى جېڭى ئىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئالتە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسى ۋە گېرمانىيەنىڭ بەش گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىدىن جەمئىي 2 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى، ئىككى تەرەپ تەخمىنەن 600 دىن ئارتۇق ئېغىر زەمبىرەك ۋە 6000 دىن ئارتۇق يېنىك زەمبىرەكنى ئىشقا سېلىپ، 200 كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئۇرۇش سېپىدە كەسكىن جەڭ قىلدى. فىرانسىيە ئارمىيەسىدىن 21 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، 120 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى، گېرمانىيە ئارمىيەسىدىن 43 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، 173 مىڭ ئادەم يارىلاندى. 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە گېرمانىيە ئارمىيەسى پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندى، سافى پۈتۈن دۇنياغا «مايىن جېڭى شەك - شۈبھىسىز غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى» دەپ جاكارلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پارىژ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ، غەربىي سەپتىكى ۋەزىيەت مۇقىملاشتى، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تېزلىكتە ئىلگىرىلىشى توسۇپ قېلىنىپ، گېرمانىيەنىڭ ئالتە ھەپتە ئىچىدە فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلىش پىلانى بىتچىت قىلىندى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ساموچ مايىن جېڭىدە مەغلۇپ بولغاچقا ۋەزىپىسىدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا فالگىنخام گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ باش ئىشتاب باشلىقى بولدى.

مايىن جېڭىدىن كېيىن غەربىي سەپتىكى ئاساسلىق ئۇرۇش «دېڭىز قىرغىقىغا يۈرۈش قىلىش» ، يەنى فىرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى دوۋېر بوغۇزىنىڭ قىرغىقىدىكى جايلارنى تالىشىش بولدى. فىرانسىيە ئارمىيەسى ئامىيېن ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، گېرمانىيەنىڭ 1 - گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ

ئوڭ قانىتىنى مۇھاسىرىگە ئالماقچى بولدى، گېرمانىيە ئارمىيەسى توسۇپ زەربە بەرگەچكە، كەسكىن جەڭ بولدى. ئىككى تەرەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي 100 دىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى ۋە غەربىي سەپتىكى بارلىق ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى جەڭگە قاتناشتۇردى. گېرمانىيە ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان دىرىژابىلىنىمۇ جەڭدە ئىشلەتتى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق گېرمانىيە ئارمىيەسى ئاخىر بېلگىيەنىڭ غەربىي شىمالى ۋە پايتەخت بېرىۇسسېل ھەم ئانتۋېرپ، ئوستېنىدې قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى، يەنە فىرانسىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جەمئىي 21 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىگىلىدى، بۇ فىرانسىيە زېمىنىنىڭ 20 دىن 1 ىگە توغرا كېلەتتى. لېكىن، گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ قاتناش لىنىيەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش پىلانى ئىشقا ئاشمىدى. 12 ـ ئايغا كەلگەندە ئىككىلا تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئاكوپ ـ ئىستىھكام ياساشقا كىرىشتى. غەربىي سەپتىكى جەڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك توختاپ، تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر مۇقىم ئۇرۇش سېپى، يەنى ۋېردۇندىن غەربتە نوۋارونغا، ئاندىن شىمالدا دېڭىز قىرغىقىغا، ۋېردۇندىن جەنۇبتا سايىنت مىيېلغا، جۇملىدىن ئەينى چاغدىكى فىرانسىيە ـ گېرمانىيە چېگراسىدىن شۋېتسارىيە چېگراسىغا سوزۇلغان بىر ئۇرۇش سېپى شەكىللىنىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتچان ئۇرۇشتىن ئىستىھكام ئۇرۇشىغا ئايلاندى.

1914 ـ يىلى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىن رومىنىيە چېگراسىغىچە سوزۇلغان شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئىككى چوڭ جەڭ، يەنى رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى شەرقىي پىرۇسسىيە جېڭى ۋە رۇسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئوتتۇرىسىدىكى گالىسسىيە جېڭى بولدى.

شەرقىي پىرۇسسىيە ئۇرۇش مەيدانىدا، يەنى رۇسسىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇرۇش سېپىدە گېرمانىيە تەخمىنەن 300 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، رۇسسىيەنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆردى، رۇسسىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى گېرمانىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ تەخمىنەن ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلەتتى. غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، رۇسسىيە سەپەرۋەرلىكنى تولۇق تاماملىغان ئەھۋالدا 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا شەرقىي پىرۇسسىيەدىكى گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. رۇسسىيە ئارمىيەسى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چېگرادىن ئۆتۈپ، 20 ـ كۈنى گامبىنىن جېڭىدە غەلىبە قىلدى، گېرمانىيە ئارمىيەسى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. رۇسسىيەنىڭ 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەسى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چېگرادىن ئۆتۈپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى، گېرمانىيە قوشۇنىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش قوماندانى ھىندىنبورگ ۋە ئىشتاب باشلىقى رودىندورف ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ بىر ـ بىرلەپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە رۇسسىيەنىڭ 2 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنى قورشىۋالدى، رۇسسىيە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، رۇسسىيە قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى يەنە رۇسسىيەنىڭ 1 ـ گورۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابى تۇرۇشلۇق جاينى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رۇسسىيە ئارمىيەسى شەرقىي پىرۇسسىيەدىن چېكىنىپ چىقىپ، قورشاپ يوقىتىلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 110 مىڭ ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ نىمون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، رۇسسىيەگە تەۋە پولشا زېمىنىغا كىردى.

www.uyghurkitap.com

شەرقىي پرۇسسىيە جېڭى رۇسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

رۇسىيە شەرقىي پرۇسسىيەدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغدا، غەربىي جەنۇپتىكى گالىسسىيەدە غەلىبە قىلدى. رۇسىيە تۆت گورۇپپىۋوي ئارمىيەنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 300 نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئۇرۇش سېپىدە ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە قوشۇنلىرى تاقابىل تۇرالماي ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىدى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا رۇسىيە قوشۇنى پۈتكۈل شەرقىي گالىسسىيە ۋە بوكۇۋىنانى ئىشغال قىلىپ، كارپات تېغى ئېتىكىگە يېتىپ باردى. كېيىن ۋارشاۋا ـ ئىۋانگراد ئۇرۇشى، رودېز ئۇرۇشىدا ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئىككىلا تەرەپ ھۇجۇمنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي سەپتە غەربىي سەپتىكىگە ئوخشاشلا ئىستىھكام ئۇرۇشى شەكىللەندى.

1914 ـ يىلى شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپتە يېڭىش- يېڭىلىشلار بولۇپ تۇردى، گېرمانىيە قوشۇنى گەرچە شەرقىي پرۇسسىيە جېڭىدە غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن غەربىي سەپتىن ياردەمگە ئەسكەر ئەكېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇش كۆلىمى كېڭىيىپ كېتىپ، ئىككى سەپتە بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

جەنۇبىي سەپتە سېربىيە ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلدى، بۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىردىنبىر ھەققانىي ئۇرۇش ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاۋسترىيە ـ ۋېنگرىيە قوشۇنلىرى درىنا دەرياسىدىن ئۆتۈپ سېربىيەگە بېسىپ كىرىشكە باشلىدى، سېربىيە نوپۇسى كۆپ بولمىسىمۇ، ھەربىي سەپەرۋەرلىك ئارقىلىق 400 مىڭ ئەسكەر توپلىدى، لېكىن ئاران 100 مىڭ مىلتىقى بار ئىدى، باشقا ماددىي ئەشيالىرىمۇ كەمچىل ئىدى.

لېكىن، سېربىيە خەلقى باتۇرلۇق بىلەن تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قارشى تۇردى. تۆت كۈنلۈك ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيە قوشۇنلىرى درىنا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا قوغلىۋېتىلدى. گەرچە ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيە قوشۇنلىرى ئىككى قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ، 11 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى بېلگرادنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر ئاي ئۆتمەيلا سېربىيە ئارمىيەسى بېلگرادنى قايتۇرۇۋالدى. ئاۋستىرىيە ــ ۋېنگىرىيە ئارمىيەسى بۇ ئۇرۇشتا 280 مىڭ ئادىمىدىن ئايرىلدى. 1915 ــ يىلى 10 ــ ئايغىچە بالقاندا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇرۇش بولمىدى.

ياۋروپادىكى ئۈچ ئۇرۇش سېپىدىن سىرت، يەنە باشقا رايونلاردىمۇ ئۇرۇش بولدى. 10 ــ ئاينىڭ 29 ــ كۈنى گېرمانىيە، تۈركىيە فلوتى رۇسىيەنىڭ قارا دېڭىز پورتىنى توپقا تۇتۇپ، رۇسىيە پاراخوتلىرىغا ھۇجۇم قىلدى، 31 ــ كۈنى رۇسىيە ئارمىيەسى كاۋكازدىن تۈركىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ 9 ــ كورپۇسى قورشاۋدا قېلىپ تەسلىم بولدى، 10 ــ كورپۇسى تامامەن تارمار بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە قوشۇنى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ ئەزەربەيجاننى ئىشغال قىلدى. گەرچە ئىران ھۆكۈمىتى بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەر بۇ باياناتنى ئىلىك ئالماي، يەنىلا ئىرانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. ئەنگلىيەمۇ پارس قولتۇقىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، مېسسوپوتامىيەگە ئىلگىرىلىدى. 12 ــ ئايدا مىسىرنىڭ تۈركىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى، ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

8 ــ ئاينىڭ 23 ــ كۈنى، ياپونىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن بىرمۇ ئەسكىرىنى ياۋروپاغا ئەۋەتمىدى، بىراق يىراق شەرق رايونىدا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىدى. 9 ــ ئاينىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى مۇستەملىكىلىرىنى،

جۇملىدىن مارشال تاقىم ئاراللىرى، كارولىن تاقىم ئاراللىرى ۋە مارىيانىنا تاقىم ئاراللىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ شەندۇڭ يېرىم ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ كونسېسسىيەسى بولغان چىڭداۋنى ئىشغال قىلدى.

1914 ـ يىلى دېڭىزدىكى ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى فرانكىلىن تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدا گېرمانىيە فىلوتىنى تارمار قىلدى. شىمالىي دېڭىزدا 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خېلىگىلان پورتىغا ھۇجۇم قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، جەڭدە ئەنگلىيەنىڭ پەقەت بىرلا ئوكيان چارلاش پاراخوتى زەخىملەندى، گېرمانىيەنىڭ بولسا ئۈچ ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە بىر قوغلىغۇچى پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. رۇسىيە فىلوتى قارا دېڭىزدا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

**1915 ـ يىلدىكى ئۇرۇش جەريانى** 1915 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ماقۇللانغان گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنىڭ يىللىق ئۇرۇش پىلانىدا، غەربىي سەپتە نېۋپوتتىن شۇۋېتسارىيە چېگراسىغىچە بولغان 700 كىلومېتىر دائىرىدە ئاكتىپ مۇداپىئەدە تۇرۇش؛ شەرقىي سەپتە ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىش، ئاندىن قوشۇننى غەربىي سەپكە يۆتكەپ ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىش بەلگىلەندى. شۇڭا، 1915 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى غەربىي سەپتىن نۇرغۇن قوشۇننى يۆتكەپ شەرقىي سەپكە ياردەمگە ئەۋەتتى. 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە بولغان ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپتە يېڭىش ـ يېڭىلىشلار بولۇپ تۇردى. رۇسىيە ئارمىيەسى مازور كۆلىدە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ، شەرقىي پىرۇسسىيەدىن چېكىنىپ چىقتى، لېكىن قوراللىرى بىرقەدەر ناچار ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، گالىسسىيەدىكى

ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، كارپات تېغىدىكى يوللارنى ئىگىلەپ، ۋېنگىرىيەگە تەھدىت سالدى.

گېرمانىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي سەپتە ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇن كۆپەيتتى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيە ئارمىيەسى ۋىسلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە كارپات تېغى ئارىسىدا 16 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى، ئىككى ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسى، 1410 دالا زەمبىرىكى ۋە 1000 ئېغىر زەمبىرەكنى توپلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، گېرمانىيە قوشۇنى غەربىي گالىسسىيەدىكى گوللىستا تەخمىنەن 30 كىلومېتىر دائىرىدە رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى. رۇسىيە قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھەربىي تەمىناتى قالايمىقانلىشىپ، ھەربىر زەمبىرەككە پەقەت ئىككى تاللا توپ ئوقى توغرا كېلىپ، «توپ ئوقى قەھەتچىلىكى» كېلىپ چىقتى. ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملار «جىددىي تەمىنات» تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالدا قىلچە ياخشىلىنىش بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە قوشۇنلىرى 160 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى سەپتە ئالدىراپ ـ تېنەپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى تېزلىكتە ئىلگىرىلەپ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن ھۇجۇمنى بوشاشتۇردى.

شەرقىي سەپتىكى بەش ئايغا سوزۇلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە، رۇسىيە بوكۋىنا، گالىسسىيە، پولشا، لىتۋا ۋە لاتۋىيەنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي سەپتە يەنە ئىستېھكام ئۇرۇشى شەكىللەندى. گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە سېپى شىمالدا رىگا قولتۇقىدىن جەنۇبتا بوكۋىناغىچە سوزۇلدى. رۇسىيە قوشۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۇرۇش سېپى خېلىلا شەرققە سوزۇلدى، لېكىن گېرمانىيە ئارمىيەسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە

ئېرىشەلمىدى، جۇملىدىن ھەم رۇسىيە ئارمىيەسىنى تارمار قىلالمىدى، ھەم شەرقىي سەپكە ئەۋەتكەن بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى غەربىي سەپكە يۆتكىيەلمىدى.

غەربىي سەپتە ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرى كۆپ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ جەڭلەر ئىنتايىن تار ئۇرۇش سېپىدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، نىشان ئىنتايىن كىچىك بولغاچقا ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرى چامپاگنىي جېڭىنى قوزغىدى، لېكىن گېرمانىيەنىڭ مۇداپىئە ئىستېھكامىنى يىمىرىپ تاشلىيالمىدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ھەمدە ئەسكەرلىرىنىڭ شەرقىي سەپكە يۆتكىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يىپىر جېڭىنى قوزغىدى. جەڭدە گېرمانىيە ئارمىيەسى گائاگا خەلقئارا ئەھدىنامىسىگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، تۇنجى قېتىم زەھەرلىك گاز ئىشلەتتى، لېكىن ھېچقانچە چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى.

شەرقىي سەپتە رۇسىيە ئارمىيەسىگە بولغان بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، 9 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرى ئاتۇۋا ۋە چامپاگنىيدا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ قېتىم ئەنگلىيە ئارمىيەسىمۇ زەھەرلىك گاز ئىشلەتتى، لېكىن بىرقانچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئانچە ئىلگىرىلىمەي، ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. 11 ـ ئايدىن باشلاپ غەربىي سەپ تەدرىجىي تىنچلىنىپ، يەنە بىر قېتىم تىركىشىش ھالىتى شەكىللەندى. 1915 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپ ئېغىر زىيان تارتتى، لېكىن ئۇرۇش سېپىدە ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئىتالىيە گەرچە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن دەرھال بىتەرەپ

تۆرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەر بىلەن سودىلاشتى، ئاخىرىدا ئانتانتا دۆلەتلەر ئىتالىيەنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى، يەنى 1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لوندوندا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ مەخپىي كېلىشىم بويىچە، ئىتالىيە تىرولنىڭ جەنۇبى، ترانتىنو، ترىيېست، ئىستىرىيە، دالماتىيە ۋە كىچىك ئاسىيادىكى قىسمەن زېمىنلارغا ئېرىشتى. كېلىشىمدە يەنە ئىتالىيە بىر ئاي ئىچىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىتالىيە ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ ياۋروپادا 4 ـ ئۇرۇش سېپى، يەنى ئىتالىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيەنىڭ ئۇرۇش سېپى شەكىللەندى. ئىتالىيە 39 پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيەگە ھۇجۇم قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، ئىچونزو دەرياسى بويىدا تۆت قېتىم ھۇجۇم قوزغاپ 300 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۇرۇش سېپىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 كىلومېتىر ئىلگىرى سۈرەلىدى، شۇ سەۋەبتىن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئىتالىيە قوشۇنى ئارقىلىق ئاۋستىرىيە ـ گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى جەلپ قىلىش پىلانى ئىشقا ئاشمىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئىتالىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇش سېپىدىمۇ ئىستىھكام ئۇرۇشى شەكىللەندى.

بۇلغارىيە ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «قەتئىي بىتەرەپ مەيدان»دا تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئەمەلىيەتتە چەتتە تۇرۇپ باشقىلارنىڭ سوقۇشقىنىنى تاماشا قىلدى. 1915 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇلغارىيە ھۆكۈمىتى ئىتتىپاقداش

دۆلەتلەرنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، تۈركىيە بىلەن تۆت دۆلەت ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن ھەربىي كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇلغارىيە بىتەرەپ تۇرۇشتەك ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. سېربىيەگە نىسبەتەن بۇ بىر ئەجەللىك زەربە بولدى. سېربىيەنىڭ ئاران 200 مىڭ ئەسكىرى بار بولۇپ، ئاۋستىرىيە ـ سېربىيە چېگراسىدا ۋە بوسنىيەدە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنىڭ 350 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى توپلانغانىدى، بۇلغارىيە ـ سېربىيە چېگراسىدا بۇلغارىيەنىڭ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. گەرچە ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ 128 مىڭ كىشىلىك ياردەمچى قوشۇنى سالونىكادا قۇرۇقلۇققا چىققان بولسىمۇ، ئۇلار مۇشۇ يەرنىلا ئىستىھكام قىلىپ جەڭگە تەييارلىق كۆرۈپ، سېربىيەگە بىۋاستە ياردەم قىلالمىدى. كۈچ سېلىشتۇرمىسى زور بولغاچقا، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئۆز ـ ئۆزىدىنلا مەلۇم ئىدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيەنىڭ چوڭ قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى،10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇلار بېلگرادنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاۋستىرىيە قوشۇنى بوسنىيەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇلغارىيە 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نىشنى ئىشغال قىلدى ۋە سېربىيە قوشۇنلىرىنىڭ سالونىكاغا چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سېربىيە قوشۇنلىرى گەرچە باتۇرانە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېزلا تارمار بولۇپ، 120 مىڭ ئەسكىرى گىرېتسىيەدىكى كىق ئارىلىغا چېكىندى. سېربىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ۋە تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى يول راۋانلىشىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە تېخىمۇ چىڭىدى.

1915 ـ يىلى ئىككى تەرەپنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىستراتېگىيەلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، ئىككىلا تەرەپ دېڭىزدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلمىدى. كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشى ئەنگلىيە فىلوتى بىلەن گېرمانىيە فىلوتىنىڭ شىمالىي دېڭىزدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئەنگلىيە غەلىبە قىلدى؛ يەنە بىر قېتىملىقى ئانتانتا دۆلەتلەر فىلوتىنىڭ داردانېل بوغۇزىدىكى ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئانتانتا دۆلەتلەر مەغلۇپ بولدى. ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى داۋاملىق تۈردە گېرمانىيەگە دېڭىزدا قامال يۈرگۈزدى، گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىسى ئارقىلىق قامالنى بۇزۇپ تاشلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، لېكىن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ دېڭىزدىكى قاتناش لىنىيەسىگە زور خەۋپ پەيدا قىلدى.

**1916 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش جەريانى** 1916 ـ يىلى ئۇرۇشنىڭ ھالقىلىق بىر يىلى بولدى، ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە سەپەرۋەر قىلىپ ئۇرۇشقا سالدى. بۇ يىلى گېرمانىيە ئۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يەنە غەربىي سەپكە يۆتكىدى، شۇڭا غەربىي سەپتە بىرقانچە قېتىم چوڭ جەڭ بولدى. روسىيەمۇ غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن شەرقىي سەپتە ھۇجۇم قوزغىدى.

بۇ يىلى غەربىي سەپتىكى تۇنجى چوڭ جەڭ ۋېردۇن جېڭى بولدى. ۋېردۇن فىرانسىيەنىڭ مۇھىم ھەربىي قورغىنى بولۇپ، مۇرەككەپ ھەم پۇختا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار ئىدى. ئۇ گېرمانىيەگە تەۋە لورراينغا تەھدىت سېلىپ، ماس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ، گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنىدى. گېرمانىيە قوشۇنلىرى ۋېردۇننى 1916 ـ يىلىدىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ تاللاشتا ئۇنى «فىرانسىيە ئارمىيەسىنى يانجىپ تاشلايدىغان

تۆگمەن تېشى»غا ئايلاندۇرۇشنى، يەنى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ سەر خىل قىسمىنى بۇ يەرگە جەلپ قىلىپ ئەكىلىپ يوقىتىپ، شۇ ئارقىلىق پارىژغا تۇتىشىدىغان يولنى ئېچىشنى كۆزلىگەنىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن گېرمانىيە ئارمىيەسى تەخمىنەن 270 مىڭ ئەسكەر، 1000 زەمبىرەكنى توپلىدى، ئۇلارغا ۋەلىئەھد شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋېردۇننى ساقلاۋاتقان فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئاران 100 مىڭ ئەسكىرى، 200 زەمبىرىكى بار بولۇپ، ئەسكىري كۈچ جەھەتتە ناچار ئورۇندا تۇراتتى.

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گېرمانىيە قوشۇنلىرى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىستىھكامىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ ھەم فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قاتناش لىنىيەسىنى ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىپ ۋېردۇن جېڭىنى قوزغىدى، دەسلەپكى تۆت كۈندە گېرمانىيە ئارمىيەسى 4 مىليون پايدىن ئارتۇق زەمبىرەك ئوقى ئاتتى، بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاكوپلىرى ۋە ئىستىھكاملىرى ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى، بەزىلەر بۇنى «يەر تەۋرەش» كە ئوخشاتتى. فىرانسىيە ئارمىيەسى جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنى ھەرقەدەمدە زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى دەرھال پېتائىننى ۋېردۇننىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ ياردەمگە جىددىي ئەسكەر ئەۋەتتى. پېتائىن 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كەچتە ۋېردۇنغا كېلىپ ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارغا بىر لىنىيە بەلگىلەپ بېرىپ، ئەسكەرلەردىن ئۇنى جان تىكىپ ساقلاشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دەرھال يوللارنى رېمونت قىلىپ، 9000 كىشىلىك تىرانسپورت ئەترىتى قۇرۇپ، 3900 ئاپتوموبىلنى توپلاپ، 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىن باشلاپ بىر ھەپتە ئىچىدە 190 مىڭ ياردەمچى ئەسكەر ۋە 25 مىڭ توننا ھەربىي ماددىي ئەشيانى يۆتكەپ كەلدى، ھەر كۈنى 6000 ئاپتوموبىل ۋېردۇنغا قاتناپ تۇردى. فىرانسىيە ئارمىيەسى

ئۇنۇملۇك قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىلگىرىلىيەلمىدى. ئاي ئاخىرىدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى مەغلۇپ بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى تۇنجى قېتىم زەھەرلىك گاز بومبا ئىشلىتىپ، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەكچىلەر قىسمىنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇلار گەرچە نۇرغۇن فىرانسىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە زەخىملەندۈرۈپ، ۋېردۇننىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى زەمبىرەك سۇپىلىرىغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن فىرانسىيە ئارمىيەسىنى تامامەن يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى. 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاياغلاشتى، شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغۇدەك ماغدۇرى قالمىدى ۋە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى تەدرىجىي ھالدا فىرانسىيە قوشۇنلىرىغا تارتقۇزۇپ قويدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى فىرانسىيە ئارمىيەسى ئىككى قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ نۇسرەت قازىنىپ، قولدىن بېرىپ قويغان نۇرغۇن يېرىنى قايتۇرۇۋالدى. 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ۋېردۇن جېڭى ئاخىرلاشتى.

ۋېردۇن جېڭىگە فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ 60 دىۋىزىيەسى قاتناشتى، گېرمانىيە ئارمىيەسى 46 دىۋىزىيەنى ئىشقا سالدى، ئىككى تەرەپتىن تەخمىنەن 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ياكى يارىلاندى، گېرمانىيە ئارمىيەسى گەرچە ئەتراپىتىكى 100 كىۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋېردۇن قورغىنى باشتىن ـ ئاخىر فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ قولىدا بولدى، بۇ قېتىمقى جەڭ ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇپلا قالماي، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ

گېرمانىيە چېكىنىشكە يۈزلەندى.

ۋېردۇنغا بولغان بېسىمنى يېنىكلىتىش، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئارمىيەسى ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سوم دەرياسى بويىدا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى، بۇ ھۇجۇمدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئاساسىي كۈچ بولۇپ، سوم دەرياسىنىڭ شىمالىدا ھەرىكەت قىلىپ، باپۇمنى ھۇجۇم نىشانى قىلدى؛ فىرانسىيە ئارمىيەسى سوم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ماسلىشىپ، پىروننى ھۇجۇم نىشانى قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئەسكەرلىرى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىلىشى ئاستا بولدى، 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئاران 10 كىلومېتىر ئىلگىرىلىيەلىدى، ئەمما تارتقان زىيىنى زور بولدى. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە پىيادە ئەسكەرلىرى يەنە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا تۇنجى قېتىم تانكا ئىشلەتتى، بۇ يېڭىچە قورال گېرمانىيە ئارمىيەسىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئەنگلىيە قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېلى ئىلگىرىلىدى، ھالبۇكى دەسلەپتە ياسالغان تانكىلار ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، سائەتلىك سۈرئىتىمۇ ئاران ئالتە كىلومېتىر، ئىشلىتىلىشىمۇ ئانچە جانلىق بولمىغاچقا، قىسمەن دائىرىدىكى غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولغان بىلەن پۈتكۈل جەڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. تاكى 11 ـ ئايدا جەڭ ئاخىرلاشقىچە، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرى گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش سېپىنى يىمىرىپ تاشلاش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

بۇ قېتىمقى جەڭ ۋېردۇن جېڭىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن كەسكىن بولدى، ئۇنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسى ۋېردۇن جېڭىدىن ئېشىپ كەتسە كەتتىكى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولمىدى. قىسقىغىنا

بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسىدىن 400 مىڭ ئادەم، فىرانسىيە ئارمىيەسىدىن 200 مىڭ ئادەم چىقىم بولدى، گېرمانىيەنىڭ تەخمىنەن 550 مىڭ ئادىمى چىقىم بولدى. ئانتانتا دۆلەتلەر قوشۇنى گەرچە زور بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، ئاران 30 كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، گېرمانىيە ئىگىلىۋالغان 180 كېۋادرات كىلومېتىر زېمىننى قايتۇرۇۋالدى. ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنلىرى گەرچە كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ۋېردۇنغا قاراتقان ھۇجۇمىنى تىزگىنلىدى، بۇ پۇتكۇل ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئانتانتا دۆلەتلەرگە پايدىلىق تەرەپكە بۇرىدى.

ئىتالىيە ـ ئاۋستىرىيە ئۇرۇش سېپىدە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە قوشۇنلىرى خېلى ئىلگىرىلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە قوشۇنلىرى تىرانتىنودىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى بىراقلا بىتچىت قىلىپ، ئىتالىيە ئارمىيەسىنى 60 كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئۇرۇش سېپىدە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، ئىتالىيە ئارمىيەسى قاتتىق مەغلۇپ بولدى.

ئىتالىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشى رۇسىيەنىڭ ھۇجۇم قوزغىشىغا تۈرتكە بولدى. رۇسىيە ئىتالىيەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، گېنېرال بىروسسىنوفنىڭ قوماندانلىقىدا 600 مىڭ ئەسكەر ۋە 1930 زەمبىرەكنى 400 كىلومېتىرلىق ئۇرۇش سېپىگە توپلاپ، ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەردە، شىددەتلىك زەمبىرەك جېڭى باشلاندى. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رۇسىيە ئارمىيەسى ئاۋستىرىيە ئارمىيەسىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لۇتسكنى ئىشغال قىلىپ، ئارقىدىنلا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ گالىسسىيەنىڭ كۆپ قىسمى ۋە بۇكوۋىنانى ئىگىلەپ، كارپات تېغىنىڭ تار ئېغىزىغا يېتىپ باردى.

شەرقىي سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بىرىنچىدىن، ئۇ ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ، ئىتالىيە ئارمىيەسىنى يەنىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ غەربىي سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، گېرمانىيە ئارمىيەسىنى ۋېردۇنغا قىلغان ھۇجۇمنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ سوم دەرياسىدىكى ھۇجۇمىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ رومىنىيەنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

رومىنىيە ھۆكۈمىتى گەرچە ئۇرۇش باشلانغان چاغدا بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزى بىلەن سودىلىشىشىنى قارشى ئالدى. 1916 ـ يىلى شەرقىي سەپتە رۇسىيە ئارمىيەسى غەلىبە قىلغان، غەربىي سەپتە گېرمانىيە ئارمىيەسى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان پەيتتە، رومىنىيە پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. رومىنىيە قورال ـ ياراغلىرى ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلىرى بەك ناچار، ئۇرۇشقا تولۇق تەييارلىقى بولمىغاچقا، بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قوشۇنلىرى بولسا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ تاجاۋۇز قىلىپ كىردى: بىر يولدىكىلەر كارپات تېغىدىن ئۆتۈپ رومىنىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا كىردى، يەنە بىر يولدىكىلەر دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ رومىنىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كىردى، ئىككى يولدىكى قوشۇن 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇخارىستنى ئۇچراشتى، رومىنىيەنىڭ ئاشلىق، نېفىت ۋە باشقا خام ئەشيا بازىلىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ياردىمى ئارقىسىدا رومىنىيە ئارمىيەسى ئۇرۇش سېپىنى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاندىن دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋىنى ـ بلېرا ـ فوكشانى ـ ئوكنى ـ دولناۋاترا لىنىيەسىدە مۇقىملاشتۇردى، رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش سېپى شۇ سەۋەبتىن 500 كىلومېتىر ئۇزاردى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئىككى يىلىدا ئەنگلىيە دېڭىزنى قامال قىلغانلىقتىن، گېرمانىيە فىلوتى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز پورتلىرىدىن چىقالمىدى. گېرمانىيە قوماندانلىق ئىشتابى قامالنى بۆسۈپ ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن دېڭىزدا ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى قارار قىلدى. 1916 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئەڭ چوڭ دېڭىز ئۇرۇشى — يوتلاند دېڭىز ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلدى. ئەنگلىيە 151 پاراخوتىنى ئىشقا سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 37 دانە ئاساسىي پاراخوتى بار ئىدى؛ گېرمانىيە 101 پاراخوتىنى ئىشقا سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 27 ئاساسىي پاراخوتى بار ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسى كىل پورتىدىن چىقىپ دانىيەنىڭ يوتلاند دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 48 مىنۇت ئۆتكەندە ئەنگلىيە فىلوتى بىلەن ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ تەڭلا بىر ـ بىرىگە ئوت ئاچتى. نەچچە يۈز ئۇرۇش پاراخوتى دېڭىزدا سوقۇشۇپ، ئەتراپنى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. جەڭ ئاخىرلاشقاندا، ئەنگلىيە 14 پاراخوت، 6097 ئەسكىرىنى چىقىم تارتتى. گېرمانىيە 11 پاراخوت، 2545 ئەسكىرىنى چىقىم تارتتى. ئەنگلىيەنىڭ زىيىنى گېرمانىيەنىڭكىدىن ئېغىرراق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا دېڭىزنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇردى، گېرمانىيە بولسا ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى قامالىنى بۇزۇپ تاشلاش ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيە فىلوتى ئىزچىل پورت ئىچىگە قاپسىلىپ قېلىپ، قايتا چوڭراق دېڭىز ئۇرۇشى قىلالمىدى.

1916 ـ يىلىدىكى بىرقانچە قېتىملىق چوڭ جەڭدە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى خېلى زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، ئومۇمىي ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۇلارغا بارغانسېرى پايدىسىز بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي سەپ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. گېرمانىيە ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن ئەڭ قورقاتتى. ئانتانتا دۆلەتلەر گەرچە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى مەغلۇپ قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى، ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

**1917 ـ** يىلىدىكى ئۇرۇش جەريانى ئىككى يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئۇرۇش نەتىجىسىدە گېرمانىيە ئارمىيەسى قۇرۇقلۇقتا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، دېڭىزدىمۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدى، ئەنگلىيە دېڭىزنى قاتتىق قامال قىلىپ، دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇردى. ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ دېڭىزنى قامال قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىنى ئىشقا سالدى.

1915 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىسى ئىرېلاندىيەنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىزدا ئەنگلىيەنىڭ «لۇستانىيە»ناملىق چوڭ تىپتىكى سودا پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى، پاراخوتتا 120 نەپەر ئامېرىكىلىق بار ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا گېرمانىيەگە ئېتىراز بىلدۈردى، گېرمانىيە ئۆز سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويۇش ۋە ھەربىي ھەرىكەتنى ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگىلا قارىتىشقا ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھۇجۇم توختىمىدى. 1916 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرى ئەنگلىيەنىڭ 277 پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى، بۇ پاراخوتلارنىڭ ئومۇمىي تونناژى 1 مىليون 250 مىڭ توننا

www.uyghurkitap.com

كېلەتتى، بۇ ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز تىرانسپورتىغا بەلگىلىك قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

يوتلاند دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. 1917 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرى «چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى» قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار بۇنداق قىلغاندا ئەنگلىيەلىكلەر ئالتە ئاي ئىچىدىلا ئاچلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەپ قارىدى. رودېندورفمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلۇپ، كۆپ بولسا بىر يىلدىلا بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم II 1917 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى»نى باشلاشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىدا قاتنىغانلىكى پاراخوتلار گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرىمۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدى.1917 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئەنگلىيەدىن چىققان پاراخوتلاردىن ھەر تۆت پاراخوتتىن بىرسى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. گېرمانىيەنىڭ بۇ تاكتىكىسى دەسلەپكى بىرنەچچە ئايدا ئانتانتا دۆلەتلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى: 1 ـ ئايدا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن سودا پاراخوتى 181 گە، 2 ـ ئايدا چۆكتۈرۈۋېتىلگىنى 195 كە، 3 ـ ئايدا چۆكتۈرۈۋېتىلگىنى 325 كە، 4 ـ ئايدا چۆكتۈرۈۋېتىلگىنى 423 كە يەتتى. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق سودا پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى، گېرمانىيە بولسا ئاران 216 سۇ ئاستى كېمىسىدىن زىيان تارتتى.

گېرمانىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى گەرچە زور نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش داۋامىدا سۇ ئاستى كېمىسىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆتىشكە زەربە بېرىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشقا
تۆرتكە بولدى. مەسىلەن، «ئاۋاز ئۆلچىگۈچ»بىلەن سۇ ئاستى
كېمىسىنىڭ يۆرۈش – تۆرۈشى چارلاندى؛ دوۋېر بوغۇزىغا قويۇق
ئېلېكتىر سىمى تارتىلىپ سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ ئۆيەردىن
ئۆتۈشنى توسۇلدى؛ سۇ ئاستى كېمىسىنى پارتلىتالايدىغان سۇ
ئاستى بومبىسى كەشىپ قىلىندى؛ سودا پاراخوتلىرى يول
يۆرگەندە كۈچلۈك قوغدىغۇچى پاراخوت سەپلەندى. شۇ
سەۋەبتىن، ئانتانتا دۆلەتلەر گەرچە زور زىيانغا ئۇچرىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ
قالمىدى، گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيەنى سۈلھى تەلەپ قىلىشقا
مەجبۇرلاش قەستى ئىشقا ئاشمىدى.
19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، گەرچە ئامېرىكا بىلەن
گېرمانىيەنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى زىددىيىتى كۈنسېرى
كەسكىنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن
كېيىن ئامېرىكا دەرھاللا ئۇرۇشقا قاتناشمىدى، بەلكى
ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىپ، تەييار ئولجىغا ئېرىشىشنى
كۆزلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتىجىسى
«غەلىبە بولمىغان تىنچلىق» بولىدۇ، يەنى ئىككىلا تەرەپنىڭ
ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەرقانداق بىر
تەرەپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، «ئۇ چاغدا پۈتكۈل
دۇنيانىڭ ئىقتىسادى بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ» دەپ قارىدى.
ئامېرىكا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بولۇپ، ئۇرۇش رايونىدىن
ئوكيان ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى، ئۇرۇش ئامېرىكىنى بىۋىش
پۇرستى بىلەن تەمىنلىدى. بىراق، ئۇرۇش مەزگىلىدە
ئامېرىكىنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەر ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن
بولغان سودىسى ئوخشاش بولمىدى. ئەنگلىيە دېڭىزنى قامال
قىلغانلىقتىن ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ
سودىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، ھەتتا ھېچقانچە سودا
بولمىدى، ئەمما ئامېرىكا بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ سودىسى

ئۈچ ھەسسە ئاشتى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئاتنانتا دۆلەتلەر بىلەن زىچ باغلانغاندىن كېيىن، ئەمدى تاماشا كۆرۈپ تۇرماستىن ئۇرۇشقا قاتنىششقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى.

1917 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گېرمانىيە ئامېرىكىغا بىر نوتا تاپشۇرۇپ، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى»نى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ۋىلسون «بۇ، ئۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ قارىدى. 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋىلسون ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىغا مۇنداق ئىككى ئىش باھانە بولۇپ بەردى: 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرى ئامېرىكىنىڭ ئون پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى؛ يەنە گېرمانىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گېرمانىيەدە تۇرۇشلۇق مېكسىكا باش ئەلچىسىگە مەخپىي تېلېگىرامما يوللاپ، مېكسىكىنى ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ تېكساس، يېڭى مېكسىكا ۋە ئارىزونادىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتاتىنى مېكسىكىغا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. بۇ مەخپىي تېلېگىراممىنى ئەنگلىيەنىڭ جاسۇسلىرى قولغا چۈشۈرۈپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئامېرىكا 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ مەخپىي تېلېگراممىنى گېزىتتە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا جامائەتچىلىكىدە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىلىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ساداسى كۈچىيىپ كەتتى. ھۆكۈمەتتىكى ئۇرۇشپەرەسلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئامېرىكىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرمەكچى بولدى. 1917 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پاگې ۋىلسونغا يوللىغان تېلېگىراممىسىدا «ھازىر سودا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان ھەمدە پاراكەندىچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بىردىنبىر چارە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان

قىلىش بولسا كېرەك» دېدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب رۇسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بولدى. ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى، ئەگەر ئانتانتا دۆلەتلەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، ئامېرىكا ئۇلارغا قەرز بەرگەن 2 مىليارد دوللار يوققا چىقاتتى، ئەگەر ئامېرىكا ئانتانتا دۆلەتلەرگە ياردەملىشىپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى يەڭسە، بىر ئۇلۇش ھارام پايدىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە زور ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق ئۇرۇشتىن كېيىن باشقا دۆلەتلەرنى كونترول قىلىپ، دۇنياغا زومىگەر بولۇش ھوقۇقىنى تالىشالايتتى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئامېرىكا گېرمانىيەنىڭ «چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشى»نى يولغا قويغانلىقىنى باھانە قىلىپ، 1917 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گېرمانىيەگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە زور تەسىر پەيدا قىلدى. بىرىنچىدىن، ئۇ نۇرغۇن بىتەرەپ دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو، برازىلىيە، سىئام (تايلاند)، لىبېرىيە، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە، كانادا، جەنۇبىي ئافرىقا، كۇبا، پاناما، ھىجاز، گىۋاتېمالا، نىكاراگۇئا، ھايتى، ھوندۇراس، كوستارىكا قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەر لاگېرى كېڭىيىپ 27 دۆلەتكە يېتىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈك شەكىللەندۇردى؛ ئىككىنچىدىن، ئانتانتا دۆلەتلەر گۇرۇھى ھەربىي جەھەتتە بىۋاستە ياردەمگە ئېرىشتى. 1917 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئامېرىكا نەچچە ئون ھەربىي پاراخوت ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىگە ياردەم بېرىپ،

گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تىزگىنلىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە، جەمئىي 85 قوغلىغۇچى پاراخوت ھەمدە 400 سۇ ئاستى كېمىسىنى ئەۋەتىپ سۇ ئاستى كېمىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى گېرمانىيەنىڭ چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشىنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغدا پەقەت 300 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى بار ئىدى، 1917 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەسكەر سانىنى بىراقلا 3 مىليونغا كۆپەيتتى ھەمدە ياۋروپا ئالدىنقى سېپىگە ئۇزۇكسىز تۈردە ئەسكەر ئەۋەتىپ، جەمئىي 2 مىليون ئەسكەرنى ئۇرۇشقا سالدى. ئاخىرىدا مالىيە ۋە ھەربىي تەمىنات جەھەتتە ئانتانتا دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ پايدا يەتكۈزۈپ، نۇرغۇن ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى ئۈزۈكسىز تۈردە ياۋروپادىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئامېرىكا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەشنى پۈتۈنلەي توختىتىپلا قالماستىن، ئانتانتا دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ قەرز بەردى. ئامېرىكىنىڭ بارلىق ئۇرۇش خىراجىتى ئانتانتا دۆلەتلەرگە بەرگەن قەرز پۇلىنى قوشقاندا جەمئىي 35 مىليارد دوللارغا يەتتى، ئامېرىكا ماددىي ئەشيا جەھەتتە ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتا ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

1917 - يىلى گېرمانىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۈمىدىنى چەكلىمىسىز سۇ ئاستى كېمىسى ئۇرۇشىغا باغلىدى، شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى ئۇرۇش سېپىدە ئاساسەن مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. ئانتانتا دۆلەتلەر غەربىي سەپتە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچقانچە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. شەرقىي سەپتە رۇسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزگەن بولسىمۇ،

لېكىن مەملىكەت ئىچىدە ئۇرۇشقا قارشى كەيپىيات ئەۋج ئالدى. گېرمانىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، رىگانى ئىشغال قىلدى ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پېتىربۇرگقا تەھدىت سالدى. ئىتالىيە ـ ئاۋستىرىيە جەڭ مەيدانىدا ئىتالىيە يەنە قاتتىق مەغلۇپ بولدى، بەختكە يارىشا ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتكەچكە، گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئارانلا توسۇپ قالدى. قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە، 1917 ـ يىلى ئىككى چوڭ ھەربىي گۇرۇھ يەنىلا تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇپ، ئۇرۇشتا زور بۇرۇلۇش بولمىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۇرۇش ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك بالايىئاپەت ۋە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش تۆتىنچى يىلىغا، يەنى 1917 ـ يىلىغا قەدەم قويغاندا ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر ھالسىراپ، ئىقتىسادى جەھەتتە ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالغا قېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك داۋالغۇشقا پاتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىياسىي كرىزىس كۆرۈلدى. چىرىكلەشكەن، ئارقىدا قالغان، تۇرلۇك زىددىيەتلەر ئەڭ كەسكىنلەشكەن رۇسىيەدە، فېۋرال ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوۋېت ھۆكۈمىتى «تىنچلىق پەرمانى» نى ماقۇللاپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەرگە سۆھبەتلىشىش تەكلىپىنى بەردى، بۇ تەكلىپ ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، رۇسىيە ئۆز ئالدىغا گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 1918 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «برېست ـ لىتوۋسىك سۈلھى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئالدى بىلەن ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقتى.

سوۋېت رۇسىيەسى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن گېرمانىيە پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، شەرقىي سەپتىن

ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ، غەربىي سەپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى ياۋروپاغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇرۇشنى ئىمكانقەدەر بالدۇر ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تامامەن ھالسىرىغان، ماددىي ئەشيالىرى خوراپ تۈگىگەن، ئەسكەر ئېلىش مەنبەسى قالمىغان، ئارقا سېپى مۇقىم ئەمەس ئىدى، ئۇلار قوزغىغان ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمۇ پەقەت ھەممىنى دوغا تىكىدىغان ئاخىرقى تىركىشىش بولدى. 3 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە گېرمانىيە ئارمىيەسى پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ غەربىي سەپتە بەش قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ، 700 مىڭ ئادەمنى چىقىم تارتىپ، ماغدۇرىدىن پۈتۈنلەي كېتىپ، قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە مادارى قالمىدى.

ئانتانتا دۆلەتلەر ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ تەدرىجىي ھالدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر ئالىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇردى، كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا فىرانسىيە مارشالى سوسىن ئالىي قوماندان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئانتانتا دۆلەتلەر قوشۇنلىرى سوسىننىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقىدا گېرمانىيەگە بىر قاتار قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە بولغان بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا مايىن دەرياسى بويىغا يېتىپ باردى.

8 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايدىڭلىشىپ قالدى، لېكىن كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۇرۇش 1919 ـ يىلى ئاخىرلىشىدۇ دەپ قارىدى، مارشال سوسىنمۇ 1918 ـ يىلى كۈزدە ئۇرۇشنى تېخى ئاخىرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىدى، ئەنگلىيەلا گېرمانىيەنىڭ جاسارىتى پۈتۈنلەي تۈگىدى، كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىساقلا غەلىبىگە

ئېرىشەلەيمىز دەپ قاراپ، بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان بىرلەشمە قوشۇن ئامىيېنغا ھۇجۇم قوزغىدى، گەرچە رودېندورف بۇرۇنلا بۇ جايدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ كوچلۇك ھۇجۇمى ئاستىدا بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئالتە ـ يەتتە دىۋىزىيەسى پۈتۈنلەي تارمار بولدى. رۇدېندورف شۇ كۈندىكى ئۇرۇشنى ئەسلەپ «بۇ كۈن مۇشۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىدا گېرمانىيە ئارمىيەسى ئۇچۇن ئەڭ زۇلمەتلىك كۈن بولدى» دېدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيەسى ھېندېنبورگنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىگە چېكىنىپ ئامىيېننى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئارمىيەسى ئاسانلاساينت مېيلنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۈچ بازىسى — مايىن دەرياسى، ئامىيېن ۋە ساينت مېيىل پۈتۈنلەي ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشمە ئارمىيە ھەربىي جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر بىرلەشمە قوشۇنى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئامېرىكا ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى جەنۇبىي قاناتتا ماس دەرياسى — ئاردېن ئورمانلىقى لىنىيەسىدە ھۇجۇم قوزغىدى؛ 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئارمىيەسى غەرب تەرەپتە كامبراي ـ ساينت كۋېتىن ئەتراپىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى؛ 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بېلگىيە پادىشاھى ئابوتنىڭ قوماندانلىقىدىكى بېلگىيە ئارمىيەسى ۋە بىر قىسىم ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە قوشۇنى فلوندتا ھۇجۇم قوزغىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسى «غايەت زور ئامبۇر»نىڭ ئارىسىدا قالدى. شۇ كۈنى ھېندېنبورگ مۇداپىئە لىنىيەسى پۈتۈنلەي بىتچىت

بولدى، بېلگىيە ئارمىيەسى قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ زادىلا قارشى تۇرغۇدەك ھالى قالمىدى. گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ غەربىي سەپتە بىتچىت بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئانتانتا دۆلەتلەر بالقاندىكى ئۇرۇش سېپىدىمۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1918 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر قوشۇنلىرى بۇلغارىيەنىڭ مۇداپىئە سېپىنى يېمىرىپ تاشلاپ، 100 مىڭ كىشىلىك بۇلغارىيە قوشۇنىنى قورشىۋالدى. بۇلغارىيە 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پۈتكۈل سېپىدىن بىر يوچۇق ئېچىپ قويدى.

تۈركىيەمۇ ئىنتايىن خەتەر ئىچىدە قالدى. ئەنگلىيە ئارمىيەسى پەلەستىندە تۈركىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، دەمەشىقنى ئىشغال قىلىپ، تۈركىيەگە ئېغىر تەھدىت سالدى. يەنە مىسسوپوتامىيەدە باغدادتىن تىگرىس دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا ئىلگىرىلىدى. تۈركىيە قوشۇنلىرى جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئۇرۇش سېپىدىن ۋاز كېچىپ ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلدى. ئاخىرىدا تۈركىيە سۇلتانى تەسلىم بولۇپ، 1918 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا چاك - چېكىدىن يىمىرىلدى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاۋستىرىيە 1918 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇپ شەرتسىز تەسلىم بولدى.

تۈركىيە، بۇلغارىيە، ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە قاتتىق يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. غەربىي سەپتىكى ئۇرۇش مەيدانىدا گېرمانىيە قوشۇنلىرى

www.uyghurkitap.com

ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئىغىر چېقىم تارتتى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ھىيندىنبورگ ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا «گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ داۋاملىق قارشى تۇرغۇدەك ماغدۇرى قالمىدى» دەپ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر ۋىلھېلم II ۋە ھىيندىنبورگ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالىمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋىلھېلم II مۇ تەختىنى بوشاتقۇسى كەلمىگەچكە، ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق ئىشتابى بولسا سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ئۇرۇندى، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دېڭىز ئارمىيەسىگە ئانتانتا دۆلەتلەر دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى بۇيرۇدى، ماتروسلار بۇنى رەت قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كىل پورتىدىكى ماتروسلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسەتتى، نۇرغۇن شەھەرلەردە ئىشچىلار ۋە ماتروسلار ۋەكىللىرى سوۋېتى قۇرۇلدى. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم II گوللاندىيەگە قېچىپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەر سائەت بەشتە، پارىژنىڭ شەرقىدىكى كومپىگنې ئورمانلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانى فوش چۈشكەن پويىزنىڭ مەخسۇس ۋاگونىدا گېرمانىيەنىڭ ئىككى ۋەكىلى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11دە غەربىي سەپتە ئۇرۇش توختىتىلدى، شۇنداق قىلىپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تۆت يىللىق قانلىق جەڭ نەتىجىسىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

تۆتىنچى باب

# 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كاپىتالىزم دۇنياسى سىستېمىسى

## 1 ـ بۆلۈم 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ياۋروپا ۋەزىيىتى

**ياۋروپانىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ياۋروپاغا بولغان تەسىرى ھەممىدىن زور بولدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان دۇنيا كاپىتالىزم سىستېمىسى ئېغىر خىرىسقا ئۇچراپ تەۋرىنىپ قالدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاچقا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيەنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى ساقلىنىپ قالدى ھەمدە ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ كۆلىمى سەل كېڭەيدى. ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى گېرمانىيە، رۇسىيەنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى بىلەن سەل كۈچەيدى. ياۋروپا يەنىلا دۇنيانىڭ سىياسىي مەركىزى بولدى، لېكىن ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىيسى ئۇرۇشتا ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ ئورنى، رولى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى.

ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ياۋروپا ھەممىگە بۇيرۇق قىلالايتتى. بىراق، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتى ياۋروپانىڭ ئۆز مەسىلىلىرىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپلا ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى بېقىندىلىرى ھەم باشقا دۆلەتلەرنى قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇرۇش ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ياۋروپانىڭ چەت ئەلگە سالىدىغان مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى يىلىغا 350 مىليون فوندستېرلىڭغا يېتەتتى. 1913 - يىلى دۇنيادىكى تەييار مەھسۇلاتلار ئېكسپورتىنىڭ 60% ى ياۋروپادىكى ئۈچ ئاساسلىق دۆلەت بولغان ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ئىدى. لوندون نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەنگلىيەدىكىلا مەبلەغ سېلىش مەركىزى بولماستىن، بەلكى دۇنياۋى پۇل مۇئامىلە مەركىزى ئىدى. بۇ مەركەزنىڭ رولى ئەنگلىيەنىڭ غايەت زور سودا سوممىسىغا ئېرىشكەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتكۈل ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى، ھەتتا دۇنيانىڭ سودا پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى؛ ئۇنىڭ يەنە بىر رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ شەھەردىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە ئالاقىسى بار ئىدى ھەمدە ئۇلار يېڭى پاي چېكى بازىرى ھەمدە ۋېكسىل بازىرى ئارقىلىق دۇنيانى ئۇزۇن ۋە قىسقا مۇددەتلىك كاپىتال بىلەن تەمىنلەيتتى. فوندستېرلىڭ بولسا ئورتاق پۇلنىڭ رولىنى ئوينايتتى، لوندوندىكى تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ باھاسى ئەرزان ھەم بىخەتەر بولغاچقا، خەلقئارا سودىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشى ۋە كېڭىيىشىگە مەدەت بەرگەنىدى. ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىغا ئۇنىڭ غول سانائەت كۈچى ئاساس بولغانىدى، دەل ئەنگلىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۈزۈلمەي دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يەتكۈزۈلۈپ تۇرغاچقا، ئۇ «دۇنيانىڭ زاۋۇتى» دەپ ئاتالغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىي

قۇرۇلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايتتى. خۇددى كاينىس ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئىقتىسادىي رولىنى تەسۋىرلىگىنىدەك، ئەنگلىيە «مۇزىكا ئەترىتىنىڭ دىرىژورى» بولغانىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان چاغدا ئەنگلىيە دۇنيا ئىقتىسادىدىكى زومىگەرلىك ئورنىدىن غۇلاپ چۈشتى. 1913 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە بولغان يەتتە يىل داۋامىدا ياۋروپانىڭ ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 23% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئەنگلىيەنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغى 1914 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 50% تۆۋەنلىدى، 1929 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن 1914 ـ يىلىدىكى سەۋىيەدىن ئاشالىدى؛ 1918 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى 1913 ـ يىلىدىكىنىڭ ئاران يېرىمىنى تەشكىل قىلدى؛ 1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيەدە ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن كۆمۈر مىقدارى ئاران ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە يەتتى؛ 1924 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى 1913 ـ يىلىدىكىدىن تۆۋەن بولدى؛ ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە، گېرمانىيەدە ھەربىر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ يەنىلا 1913 ـ يىلىدىكى سەۋىيەدىن تۆۋەن بولدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى 30 يىلدا ياۋروپانىڭ ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى يىلىغا 3.33% ئاشقان بولۇپ، ئەگەر ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇشۇ ئېشىش نىسبىتى ساقلاپ قېلىنغان بولسا، 1928 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە 1921 ـ يىلىلا يېتەلەيتتى. نوقۇل ئىقتىسادىي نۇقتىدىن پەرەز قىلغاندا، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ياۋروپانىڭ سانائەت تەرەققىياتى سەككىز يىل چېكىنىپ كەتتى.

ياۋروپانىڭ سانائىتى چېكىنگەنلىكتىن، بۇ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئارگېنتىنا بىلەن بىرازىلىيە ئەنگلىيەدىن ئىستانوك زاپچاسلىرى ۋە رۇدا قېزىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالالمىغاچقا، ئۇنى ئۆز دۆلىتىدە ياسىدى؛ ھىندىستاندىكى تاتا جەمەتىدىكىلەر نۇرغۇن كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كارخانا ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىدىكى ئەڭ چوڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، ياۋروپانىڭ «دۇنيا زاۋۇتى» لىق ئورنى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇرۇش يەنە ئەنگلىيەنىڭ 8 مىليارد فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى ھەربىي خىراجىتىنى خوراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ھەقدار دۆلەتتىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى قەرزدار دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئالتۇن زاپىسى 1913 - يىلى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1921 - يىلى ئاران 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپەيدى. دۇنيانىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزى لوندوندىن نيۇيوركقا يۆتكىلىشكە باشلىدى.

ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئامېرىكا ئالدى. ئامېرىكىدىكى زاۋۇتلار ئۇرۇش ۋاقتىدىكى زور ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1913 - يىلدىن 1920 - يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 22% ئېشىپ، 1920 - يىلى پولات مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا پولات مەھسۇلات مىقدارىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى، نېفىت مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا نېفىت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 2/3 قىسمىنى ئىگىلىدى. 1929 - يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ئاز دېگەندىمۇ دۇنيا سانائەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 42% ىنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات مىقدارىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئامېرىكا يەنە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ھەقدار دۆلەت ۋە ئەڭ چوڭ كاپىتال چىقارغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى. 1919 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپاغا بەرگەن قەرزى 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەنىڭ ئالغان قەرزى 3 مىليارد دوللار، ئەنگلىيەنىڭ ئالغان قەرزى 4 مىليارد دوللار بولۇپ، ياۋروپادىكى 17 دۆلەت ئامېرىكىغا قەرز بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلگە سالغان مەبلىغى 1913 ـ يىلىدىكى 2 مىليارد دوللاردىن 1930 ـ يىلى 15 مىليارد دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ %30 ى ياۋروپاغا سېلىندى. ئالتۇن زاپىسى 1913ـ يىلىدىكى 700 مىليون دوللاردىن 1930 ـ يىلى 4 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يەتتى. ياۋروپا ئەمدى 19 ـ ئەسىردىكىدەك دۇنيا بانكىسى ۋە زاۋۇتى بولۇشتىن قالدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى ياۋروپانى 291 مىليون فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا گېرمانىيەگە قەرز بەرگەچكە، گېرمانىيە تۆلەم تۆلىيەلىدى، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بولسا بۇ تۆلەم ئارقىلىق ئامېرىكىدىن ئالغان قەرزىنى قايتۇردى. ياۋروپانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادى ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىغا تايىنىپ يۈرۈشتى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي زومىگەرلىكى يوقىلىشقا باشلىدى.

**رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، ئارقىدا قالغان رۇسىيە ئىمپېرىيەسى، گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىمىرىلىپ، بىر قاتار مۇستەقىل دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى.

چاررۇسىيەنىڭ ئىقتىسادى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە پۈتۈنلەي گۇمران بولدى. ھۆكۈمەت 10 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر ئېلىپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ئازلىتىۋەتتى، نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرىدە يەر

تېرىيدىغان ئەر چىقماي، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جىددىي چېكىنىپ كەتتى. 1916 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 20% كېمىيىپ كەتتى. ئۇرۇشتا روسىيەنىڭ مالىيەسى كىرىزىسقا پېتىپ قالدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ 1917 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش چىقىمى 29 مىليارد 600 مىليون رۇبلىغا يەتتى، بۇ، شۇ مەزگىلدىكى دۆلەت كىرىمىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە تەڭ كېلەتتى. مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۈزۈكسىز تۈردە يېڭى باجنى كۆپەيتتى ۋە زايوم تارقاتتى. زايوم ئومۇمىي سوممىسى 1914 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى 8 مىليارد 800 مىليون رۇبلىدىن 1917ـ يىلى 33 مىليارد 600 مىليون رۇبلىغا يەتتى. قەرز ئومۇمىي سوممىسى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دۆلەت بايلىقىنىڭ تەخمىنەن 1/4 ىگە توغرا كەلدى.

ئۇرۇش مەغلۇبىيىتى، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇشى ۋە ئاچارچىلىقنىڭ قىستاپ كېلىشى روسىيەدىكى ئەمگەكچى خەلقنى مىسلىسىز ئاپەتكە دۇچار قىلدى. خەلق ئەمدى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايتتى. 1916 ـ يىلى روسىيەدە 1416 قېتىم ئىش تاشلاش ھەرىكىتى ۋە 294 قېتىم دېھقانلار ھەرىكىتى يۈز بەردى. چارپادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيەدىمۇ داۋالغۇش كۆرۈلدى. 1916 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «گانگوت» ناملىق ئاساسىي پاراخوتتىكى ماتروسلار غەلىيان كۆتۈردى. تۇرغۇن ئەسكەرلەر گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچتى، بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىشقا ھەتتا تۆت پولك ئەسكەر قاتناشتى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇشمۇتۇشتىن قوزغىلىپ چار پادىشاھنىڭ ئۇرۇش سىياسىتىگە قارشى چىقتى. 1916 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قازاقىستاندىكى چارۋىچىلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەسكەر ئېلىش ـ يۆتكەش تىزىملىكىنى كۆيدۈرۈپ، ھۆكۈمەت

www.uyghurkitap.com

ئورگىنىنى بىتچىت قىلدى.

ئۇرۇش چارروسسىيەدىكى بورژۇئازىيەنىڭ كۈچىنى زورايتتى. 1915 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھەرقايسى جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىرلىشىپ، پۈتۈن روسسىيە ئاپتونومىيە ئورگانلىرى بىرلەشمىسىنى قۇردى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا دۇمادىكى ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر، ئۆكتەبىر پارتىيەسىدىكى زاتلار، ئالغا پارتىيەسىدىكىلەر دىن تەركىب تاپقان بورژۇئا ئۆكتىچىلىرى ئالغا ئىلتىپاقىنى قۇردى، ئۇلار 4 ـ نۆۋەتلىك دۇمادا تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئورۇننى ئىگىلەپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىدىن بارغانسېرى نارازى بولدى ۋە ئۈمىدسىزلەندى.

1917 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ھەممىلا جايدا ئاممىۋى كۈرەش پارتلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پېتروگراد ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلدى. ئۆچرەتتە تۇرۇپ بولكا سېتىۋالماقچى بولغان نۇرغۇن ئاياللارمۇ نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلدى. بەزى نامايىشچىلار قوشۇنىدا قىزىل بايراق ۋە «يوقالسۇن مۇستەبىت تۈزۈم»، «ياشىسۇن تىنچلىق» دېگەن شۇئارلار يېزىلغان پىلاكاتلار پەيدا بولدى. ھۆكۈمەت ساقچى ۋە ئەسكەر چىقىرىپ باستۇردى. لېكىن، ئۇلار بىر يەردىكى نامايىشچىلارنى قوغلاپ تارقىتىۋەتسە، يەنە بىر يەردە نامايىشچىلار پەيدا بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى (روس كالېندارى بويىچە 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پايتەختتە ئومۇمىيۈزلۈك سىياسىي ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، قاتناشقۇچىلار 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بولشېۋىكلار پارتىيەسى تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىپ، كىشىلەرنى كۈرەشكە قاتنىشىشقا، چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى، ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار پارتىيەسى دەرھال دۇما ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، ئالدىنقى سەپتە ھەربىي لاگېردا تۇرۇۋاتقان چارپادىشاھ نىكولاي II قوشۇنغا تۇپىلاڭنى

تىنچىتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى نامايىشچى ئامما نېۋا كوچىسىدا ھەربىيلەر ۋە ساقچىلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇشىغا ئۇچراپ، 200 گە يېقىن كىشى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىلاندۇرۇلدى. ئىشچىلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى ئىشچىلار 60 مىڭ ئەسكەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلار قورال ـ ياراغ زاۋۇتىنى ئىشغال قىلىپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق غەنىيمەت ئالدى. يەنە ساقچىخانىنى بىتچىت قىلىپ، تۈرمىگە ھۇجۇم قىلىپ، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)، يەنە 60 نەچچە مىڭ ئەسكەر ئىشچىلار تەرەپكە ئۆتتى. ئۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، پېتىرپاۋل قورغىنى ۋە قىشلىق سارايىنى ئىشغال قىلدى. رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قوش بۈركۈت بېشى بار دۆلەت گېربى ئېلىۋېتىلدى. چاررۇسىيەنىڭ ئاق، كۆك، قىزىل ئۈچ خىل رەڭلىك بايرىقىنىڭ ئورنىغا ئىنقىلاب قىزىل بايرىقى قارالدى. فېۋرال ئىنقىلابى پېتروگرادتا غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە تېز كېڭەيدى. ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان چارپادىشاھ نىكولاي II 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەختتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيەگە 300 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان رومانوف خاندانلىقى گۇمران بولدى. يېڭى قۇرۇلغان بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى خەلققە تىنچلىق، يەر ۋە بولكا ئاتا قىلالمايتتى. بولشېۋىكلار پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى قۇردى.

**گېرمانىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى** گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى بىر كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ سانائەت مەھسۇلات

مـــقدارى دۇنيــادا ئــكــكــنــچى ئــورۇنــدا تــۇراتــتــى. دۆلــەت هاكىمىيىتىنى يــۇنكېر ئــاقسۆڭەكــلەر ۋە مونوپــول بۇرژۇئازىيــە كونترول قىلىۋالغــانىدى. گېــرمانىيــەدە 20 مىلىيــوندىن ئارتــۇق ئىشچى بولۇپ، مەملىكەت نوپۇسىنــىڭ يېرىــمىدىن كــۆپرەكىنــى تەشكىل قىلاتتى. سوتسىيال دېموكــراتلار پارتىــيەسى 1 ـ دۇنيــا ئۇرۇشىــدا ئۈچ گۇرۇھقا پارچىلىنىپ كەتتى، ئوڭــچىلار گۇرۇھــى پارتىيەنىڭ رەهبەرلىك هوقۇقىنى ئىــگىلىــگەن بولۇپ، زورلــۇق كۈچ بىلەن ئېلىــپ بېرىــلىدىغــان ئىنقىلاب ۋە پىرولــېتارىيــات دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇراتتى، ئۇلار ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن سوتسىيال شــوۋىنىزمچىــلارغا ئايــلىنىــپ كەتتى. بــۇ گۇرۇھنىــڭ 240 مــىڭ ئەزاسـى بــولۇپ، ئۇلارنــىڭ داهىيــسى ئېبېــرت ۋە سىدېرمان ئىدى. مۆتىدىللەر گۇرۇھىغا خائاز بىلەن كائۇتىسكى باشچىلىــق قىلاتــتى، ئۇلار 1917 ـ يىــلى 4 ـ ئايدا ســوتسىيــال دېمــوكــراتلار پارتــيەســىدىن چېكــىنىــپ چىقىــپ، ئــۆز ئالدىــغا مۇستەقىل سوتسىيال دېــموكراتلار پــارتىيەســىنى قۇردى. ئــۇلار تىنچلىق ۋە دېموكــراتىيە بايرىقىنى كۆتۈرگەن بولسىمــۇ، لېكىــن ئىنــقىلاب ۋاســـتىسى بــىلەن ئــۇرۇشــنى ئاخــىرلاشتۇرۇشــقــا، پىرولــېتارىيــات دىكتاتــورىسىنــى ئورنىتــىشقا قــارشى ئىدى، بــۇ گــۇرۇھنىڭ 100 مــىڭ ئەزاسى بــار ئىدى. ســولچىلار گــۇرۇھــى ســپارتاك پولــكى بولۇپ، ئــۇ 1916 ـ يىلى 1 ـ ئــايدا قۇرۇلغــان، ئۇنىڭ رەهــبىرى كارىــل لىبكنېخىــت ۋە روسا ليۇكسېمبــۇرگ ئــىدى. سولچــىلار گۇرۇھــىنىڭ كۈچى بىرقەدەر ئــاجىز بولــۇپ، ئەزاسى 200 گە يەتمەيتتى هەم بــىر مۇستــەقىل پارتــيە بولــۇپ شەكىللەنمىگەنىدى، تەشكىلىي جەهەتتە مۇســتەقىل ســوتسىيــال دېموكــراتلار پارتىيەسىگە قارايتتى.

1918 ـ يىلى كۈزدە گېرمانىيە ئارمىيەسى ئالدىنقى سەپتــە ئۈزۈكسىــز مەغلۇپ بولــۇپ، دۆلەت ئىچــى ۋەزىيىتــى داۋالغۇشتــا قــالــدى. 10 ـ ئايــدا هــۆكــۈمەت ئــانــتــانــتــا دۆلــەتــلــەر بــىــلــەن سۆلهىلىشىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. بىراق، دېڭىز ئارمىيــە

قوماندانلىق ئىشتابى يىراق ئوكيان فىلوتىغا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، غەلىبە قىلالمىسا «شەرەپ بىلەن چۆكۈپ كېتىش» بۇيرۇقى چۈشۈردى. 80 مىڭ ماتروسنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ قارامالارچە قىلمىش ماتروسلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 5000 ماتروس كىل پورتىدا يىغىلىپ نامايىش قىلغاندا، ئارمىيە ۋە ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ 30 نەچچە كىشى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. نامايىشچىلار ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ماتروسلار بىلەن ئىشچىلار ۋوگزال قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلارنى ئىشغال قىلدى. ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرمۇ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە پۈتكۈل كىل پورتى يېڭى قۇرۇلغان سوۋېتنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كىل قوزغىلىڭى گېرمانىيە ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. قوزغىلاڭنىڭ دولقۇنى شىمالدىن جەنۇبقا تېز كېڭىيىپ، ھامبورگ، لېيپسىگ، مىيۇنخېن قاتارلىق شەھەرلەردە قوزغىلاڭ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېرلىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلم II شۇ كۈنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ، گوللاندىيەگە قېچىپ كەتتى.

خوخېنزوللېن خانىدانلىقى غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن، ئېبېرت سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۈچ ئەزاسى ۋە مۇستەقىل سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئۈچ ئەزاسىدىن تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەت — تولۇق ھوقۇقلۇق خەلق ۋەكىللىرى كومىتېتىنى قۇردى، يېڭى ھۆكۈمەت بەزى دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، لېكىن يۇنكېر ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مىلىتارىست كۈچلەرنىڭ ئىمتىيازىغا تەگمىدى.

1918 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە پۈتۈن گېرمانىيە سوۋېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر

قۇرۇلتىيى بېرلىندا ئېچىلدى. 485 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە سپارتاك گۇرۇھىدىن ئاران ئون ۋەكىل بار ئىدى. قۇرۇلتاي سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىللىي پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭغىچە يارلىق قانۇن چىقىرىش ۋە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى ئېبېرت ھۆكۈمىتى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى.

سپارتاك گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا مۇستەقىل پارتىيە قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. 1918ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بېرلىندا گېرمانىيە كومپارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى. لىبكنېخت ۋە لىيۇكسېمبۇرگ يىغىندا دوكلات بەردى. يىغىندا پارتىيە پروگراممىسى ماقۇللىنىپ، ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش، دەپ بېكىتىلدى.

1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېبېرت ھۆكۈمىتى ئامما ئارىسىدا زور ئىناۋىتى بار ئېيخھورننى بېرلىننىڭ باش ساقچى نازارەتچىلىكىدىن قالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىغۋاگەرچىلىك تۇيىدىكى قارار ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بېرلىن ئىشچىلىرى ئېتىراز بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە كومپارتىيە بىلەن مۇستەقىل سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇپ، ئېبېرت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش چاقىرىقى چىقاردى. 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بېرلىندىكى 500 مىڭ ئىشچى كوچىغا چىقىپ، ۋوگزال، ساقچى ئىدارىسى، تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

لېكىن، ئېبېرت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ۋەزىيەت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. ئەسكەرلەر تەۋرىنىش ھالىتىدە تۇراتتى، شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازلار ئەمدىلا

www.uyghurkitap.com

باشلانغان «دېموكراتىيە دەۋرى»دىن نارازى بولۇشقا باشلىغانىدى، يېزىلار ئاساسەن بۇ كۈرەشكە قاتناشمىغانىدى، گېرمانىيە كومپارتىيىسى قۇرۇلغىلى ئۇزاق بولمىغاچقا، يېتەرلىك تەسىر كۆچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان نوسكى بېرلىننىڭ باش قوماندانى بولۇپ، 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قوزغىلاڭچى ئىشچىلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، گېرمانىيە كومپارتىيەسىنىڭ باش ئىشتابى ۋە «قىزىل بايراق» گېزىتخانىسىنى ئىشغال قىلدى، لىبكنېخت ۋە ليۇكسېمبۇرگ 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

يانۋاردىكى كۈرەش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە پىرولېتارلىرى داۋاملىق تۈردە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. برېمېن، رۇر، ئېرفورت، گوتا، بېرلىن قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىش تاشلىدى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىيۇنخېن ئىشچىلىرى يەنە باۋارىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، ئەمما باستۇرۇلۇپ مەغلۇپ بولدى.

گېرمانىيەدىكى نويابىر ئىنقىلابى خوخېنزوللىن خانىدانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ياۋروپادىكى بىر ئەكسىيەتچىل پادىشاھلىقنى يىمىرىپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلدى.

**ئاۋستريە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى** ئاۋستريە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى ئاۋسترىيەدىكى خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، زېمىنى بۈگۈنكى ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيە، چېخىيە، سىلوۋاكىيە، سىلوۋېنىيە، كىرودىيە، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنانى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 78% نى ئىگىلەيتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاۋسترىيە ـ

ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى ئىچىدە زىددىيەت مىسلىسىز كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاچقا ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتتى. ھەرقايسى مىللەتلەر تۇشمۇتۇشتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەچكە، ئىمپېرىيە تېزدىن پارچىلاندى.

خابسبورگ خانىدانلىقىغا قارشى ئىنقىلاب دەسلەپتە چېخىيە ۋە سىلوۋاكىيەدە پارتلىدى. بۇ جايلار ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان جايلار بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئومۇمىي سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. بۇرژۇئازىيە سىياسىي تۈرمۇشتا ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە ئىدى. چارلىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى ماسارىك 1900- يىلىلا خەلق پارتىيەسىنى قۇرۇپ (1905 - يىلى ئالغا پارتىيەسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) مىللىي مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانىدى. 1918 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چېخ ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چېخىيەنىڭ كۆمۈرىنى ۋە ئاشلىقىنى ئاۋستىرىيەگە يۆتكەش قارارىغا قارشى چىقتى. ئىش تاشلاش داۋامىدا جايلاردىكى ئامما يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئىمپېرىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پادىشاھ چارلىس ۋەزىيەتنىڭ ئوساللاشقانلىقىنى كۆرۈپ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنى مىللىي دۆلەتلەر ئىتتىپاقى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، چېخ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇ ۋەدە خەلقنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پىراگادىكى مىللەتلەر كومىتېتى مۇستەقىل چېخ - سىلوۋاكىيە دۆلىتى قۇرۇپ، ئالىي ھاكىمىيەتنى مىللەتلەر كومىتېتىغا مەنسۇپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن سىلوۋاكىيە مىللىي پارلامېنتى بىرلىككە كەلگەن چېخ -

www.uyghurkitap.com

سلوۋاكيه دۆلىتى تەركىبىگە كىرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چېخ ـ سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ماسارىك جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى بولدى.

يۇگوسلاۋىيەدە نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئالدىنقى سەپتىن يۇرتىغا قايتىپ، ئۆزلىرىنى يېشىل قوشۇن دەپ ئاتاپ، ئىمپېرىيە ئەسكەرلىرى بىلەن قارشىلاشتى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا رىيېكا ۋە پولاردىكى قوشۇنلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىنقىلابىي كومىتېت قۇردى. ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان ئەھۋالدا، كىرودىيە ۋە سلوۋېنىيەدىكى بىر قانچە بۇرژۇئا پارتىيەسى زاگرېبتا مىللىي پارلامېنت يىغىنى ئېچىپ، يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئىمپېرىيەدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1918 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سېربىيە ـ كىرودىيە ـ سلوۋېنىيە پادىشاھلىقى قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلى نامى يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىغا ئۆزگەرتىلدى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا رومىنىيە ئارمىيەسى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ترانسلۋانىيە رايونىغا كىردى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بۇ رايوننىڭ رومىنىيەگە قوشۇۋېتىلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

پولشا 18 ـ ئەسىردە پرۇسىيە، رۇسىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنىپ ھالاك قىلىنغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە چارروسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشا زېمىنىنى ئىشغال قىلدى ۋە 1916 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پولشا پادىشاھلىقى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، پولشا پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بۆلۈۋالغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى، شۇنىڭدەك پادىشاھلىق چوقۇم گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى. 1918 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گېرمانىيە،

ئاۋستىرىيە يۆلەۋاتقان ۋارشاۋا كومىتېتى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋارشاۋا ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەۋەسىدىكى پولشا زېمىنىدىكى پومېشچىك، بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى كىراكوفتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. 12 ـ ئايدا كىراكوف ھۆكۈمىتى ۋارشاۋا ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، 1919 ـ يىلى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى، پىلسۇدىسكى پىرېزىدېنت بولدى.

ئاۋستىرىيە زېمىنىدىمۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر كۆتۈرۈلدى. 1918 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە پارلامېنتى ئۆزىنى ۋاقىتلىق مىللىي پارلامېنت دەپ جاكارلىدى، لېكىن خابسبۇرگ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. خەلق ئاممىسى بۇنداق بوشاڭلىقتىن نارازى بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋېنا ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىش تاشلىشى يۈز بەردى، تۈمەنلىگەن ئامما كوچىلارغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى خەلقنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر ۋە بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قارار قىلدى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ داھىيسى كارىل رېننېر باش ۋەزىر بولدى، ۋىكتور ئادلېر دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رېننېر ھۆكۈمىتى ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پادىشاھ چارلىس تەختنى بىكارلاپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مىللىي پارلامېنت ئاۋستىرىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ۋېنگىرىيە خەلقى 1918 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇداپېشتتا ئىش تاشلاپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ مۇستەقىللىق جاكارلاشنى تەلەپ قىلدى. كۈرەش ۋەزىيىتى

www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، خابسبۇرگ خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. يېڭى قۇرۇلغان كارولى ھۆكۈمىتى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋېنگرىيە جۇمھۇرىيەت بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 1919 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ۋېنگرىيەدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋەكىلى، فىرانسىيەلىك ۋېكس ۋېنگرىيە ھۆكۈمىتىگە بىر نوتا تاپشۇرۇپ، ۋېنگرىيەنىڭ شەرقىي چېگراسىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئون كۈن ئىچىدە 100 كىلومېتىر چېكىندۈرۈشنى، بوشىتىلغان يەرنى ئانتانتا دۆلەتلەر قوشۇنى ئىشغال قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كارولى ھۆكۈمىتى بۇ نوتىنى قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى ھەم رەت قىلىشتىن قورقتى ـ دە، ئىستېپا بېرىپ تەختتىن چۈشۈشنى قارار قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كارولى ھاكىمىيەتنى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەر بىرلا پارتىيەنىڭ ئۆتكۈنچى ۋەزىيەتنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۈرمىگە بېرىپ كومپارتىيە رەھبىرى كۇئېن بىلەن سۆھبەتلەشتى. كۇئېن سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېنگرىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن كومپارتىيە كېڭىشىپ، ئىككى پارتىيەنى قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. پارتىيە پرولېتارىياتنىڭ نامىدىن بارلىق ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقى، ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر سوۋېتى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچتە ۋېنگرىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى.

ئانتانتا دۆلەتلەر ۋېنگىرىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئىنتايىن دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىدى. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋېنگىرىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، ۋېكىپسىنىڭ نوتىسىدىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن رومىنىيە، چېخسلوۋاكىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى شەرق، شىمال ۋە جەنۇبتىن ھۇجۇم قوزغىدى. يېڭى قۇرۇلغان ۋېنگىرىيە قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئاران 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بولۇپ، كۈچى ئاجىز بولغاچقا، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تاجاۋۇزچى قوشۇن بۇداپېشتقا 100 كىلومېتر كېلىدىغان جايغا قىستاپ كېلىپ، جۇمھۇرىيەت خەتەر ئىچىدە قالدى. ۋېنگىرىيە ھۆكۈمىتى سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، بىرنەچچە كۈندىلا 100 مىڭ كىشىلىك قىزىل ئارمىيە تەشكىللىدى. كۈئېن قىزىل ئارمىيەنىڭ ئورۇنباسار باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىزىل ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى ۋە غەلىبىلەرى ئىلگىرىلەپ دۆلەت چېگراسىدىن ئۆتتى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سلوۋاكىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

قىزىل ئارمىيەنىڭ غەلىبىسى ئانتانتا دۆلەتلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى. پارىژ سۈلھى يىغىنىنىڭ رەئىسى، فىرانسىيە باش مىنىستىرى كېلمانسو 6 ـ ئايدا ۋېنگىرىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ ھۇجۇمنى دەرھال توختىتىشىنى ھەمدە 1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدە بېكىتىلگەن ھەربىي چېگرا سىزىقى ئىچىگە چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئانتانتا دۆلەتلەر رومىنىيە قوشۇنىنى چېكىندۈرمەكچى بولدى، شۇنداقلا ۋېنگىرىيەنى پارىژ سۈلھى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى، ئەگەردە بۇ تەلەپ رەت قىلىنسا، دەرھال يېڭى ھۇجۇم قوزغىماقچى بولدى.

ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇلتىماتومى ۋېنگرىيەدە ئىختىلاپ قوزغىدى. كۈيېن سۈلھى قىلىپ، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇلتىماتۇمىنى قوبۇل قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىل ئارمىيە چېكىنىدى، سلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتى دەرھال ئاغدۇرۇلدى. لېكىن، رومىنىيە قوشۇنى ۋېنگرىيەدىن چېكىنمىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئالدانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قالغانلىقىغا قارىماي 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەمما ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 1919 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رومىنىيە قوشۇنى بۇداپېشتقا قىستاپ كەلگەندە، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. زور تۈركۈمدىكى ئىنقىلابچىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. كۈيېن قاتارلىقلار چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1920 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سابىق ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى خورد تەختكە چىقىپ، ۋېنگرىيەدە مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى.

ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ يىمىرىلىشى بىر ئىلگىرىلەش بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپادا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيتتى، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىشكە تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. سوۋېت رۇسىيەسى قامال ۋە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك ئىدى. ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتلەر تېخى بەك ئاجىز بولۇپ، بىر ـ بىرى ئارىسىدا نۇرغۇن زىددىيەت ۋە ماجىرالار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپانىڭ ئورنى تۆۋەنلەپ، ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان كاپىتالىزم سىستېمىسى زەئىپلەشمەكتە ئىدى. مانا بۇلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا، ھەتتا دۇنيانىڭ يەنە بىر داۋالغۇش، تەڭشىلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

## 2 ـ بۆلۈم پارىژ سۈلھى يىغىنى

**ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا توغرىسىدىكى پىلانى**

ئىنسانلار تارىخىدىكى تۇنجى دۇنياۋى كۆلەمگە ئىگە بولغان بۇ ئۇرۇش تۆت يىل داۋام قىلىپ، ئاخىر ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئۇرۇشتا 18 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئۇرۇش خىراجىتى ۋە 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ۋاسىتىلىك ئۇرۇش خىراجىتى سەرپ قىلىنىپلا قالماي، يەنە تەخمىنەن 10 مىليون كىشى ئۆلدى ھەمدە 20 مىليون كىشى يارىلاندى. بۇ ئۇرۇش ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈردى، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى چېكىندۈرۈپ، دۆلەت كۈچىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى داۋالغۇتۇپ قويدى. شۇڭا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى قاتتىق جازالاش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش ــ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئەڭ بۇرۇن ئويلىشىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى جازالاش، يەنى ئۇلارنى تالان ـ تاراج قىلىش جاھانگىرلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەردىن ئىقتىسادىي تۆلەم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىسىنى بۆلۈۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

خەلقىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، تىنچلىقنى مۇراجىئەت قىلىشى، شۇنداقلا سوۋېت روسىيەسىنىڭ «تىنچلىق پەرمانى»نى

ئېلان قىلىشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنى ئۇرۇشتىن كېيىن دەۋر تەرەققىيات ئېقىمىغا مەلۇم دەرىجىدە ماسلىشىش، مەخپىي دىپلوماتىيەنى بىكار قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە بىر تۈركۈم يېڭى مىللىي دۆلەتلەرنى قايتا قۇرۇش ۋە يېڭىدىن قۇرۇشنى ئويلىشىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىسىنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولاتتى، ھەم ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىنتىپاقداشلارغا بەرگەن مەخپىي ۋەدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، شۇنىڭدەك سوۋېت رۇسىيەسى چىقارغان «تىنچلىق پەرمانى»نى تەقىب قىلغىلى بولاتتى.

ئۇرۇشتىن كېيىن يېڭى خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىشتا ئويلىشىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى دۆلەت ھالقىغان خەلقئارالىق تەشكىلات، يەنى خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىقتا ئىشەنچلىك كاپالەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى كەڭ ئاممىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئومۇميۈزلۈك تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان خەلقئارالىق تەشكىلات قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ لايىھەلەردە ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى قوغداش، شۇنداقلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئورنىتىلغان ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى خەلقارا تەرتىپنى قوغداش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغانىدى.

گەرچە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى

دۇنيا تەرتىپىنى ئۆزگەرتىشتە ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سوققان چوتلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشنى، قايتىدىن يېڭى خەلقئارالىق تەرتىپ ئورنىتىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئويلايتتى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن زومىگەرلىك تالىشىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقتى؛ گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاچقا، ئۇلجا تالىشىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولدى؛ ۋاھالەنكى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئاساسلىق بەش دۆلەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچ پەرقى بەك چوڭ بولغاچقا، بۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى بويىچە تەسىر دائىرىسىنى يېڭىباشتىن ئايرىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئامېرىكا ئۇرۇشتا قەد كۆتۈرۈپ بىردىنلا بېيىپ كەتتى. ئۇ ئۇرۇشقا كېيىنرەك قاتنىشىپ، 1917 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولغاچقا، ئۇرۇشتا تارتقان زىيىنى ئەڭ ئاز بولدى، يەنى جەڭدە پەقەت 115 مىڭ ئادىمى ئۆلۈپ، 206 مىڭ ئادىمى يارىلاندى. ئەمما ئۇرۇشتا ئەڭ كۆپ ئولجىغا ئېرىشتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ قورال - ياراغ، ئاشلىق ۋە تاۋار بىلەن تەمىنلىشىگە تاياندى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ تاۋار ئېكسپورتى ۋە كاپىتال چىقىرىشى ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 23 مىليارد 900 مىليون دوللاردىن بىراقلا 62 مىليارد دوللارغا يېتىپ ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئۆستى، چىقارغان كاپىتالى 2 مىليارد 300 مىليون دوللاردىن 6 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يەتتى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە 6 مىليارد دوللارغا يېقىن

قەرزى بار ئىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىغا قايتۇرىدىغان قەرزى 10 مىليارد دوللارغا يەتتى، ئومۇمەن 20 دۆلەت ئامېرىكىغا قەرزدار بولۇپ قالدى. «دۇنيا زاۋۇتى» دەپ ئاتالغان ئەڭ باي ئەنگلىيەمۇ ئامېرىكىغا 4 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى كاپىتال كىرگۈزگۈچى دۆلەتتىن كاپىتال چىقارغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى. ئۇ دۇنيا ئالتۇن زاپىسىنىڭ 40% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، تەدرىجىي ھالدا ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىنى ئالدى. ھەربىي كۈچىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئاران 300 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەسى بار بولغان بولسا، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا 4 مىليون 500 كىشىلىك ئارمىيەگە ئىگە بولدى.

ئامېرىكا قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ئۇرۇشتا كۈچەيگەن ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ئامېرىكا قىتئەسىدىن چىقىپ، ياۋروپا قىتئەسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ دۇنياغا زومىگەر بولماقچى بولدى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋىلسون پارلامېنتتا دۇنيا تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى «14 نۇقتىلىق» نۇتقىنى سۆزلىدى، ئۇنىڭدا ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسى مەركەزلىك ئىپادىلەندى. نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: مەخپىي دىپلوماتىيەنى بىكار قىلىش؛ ئوچۇق دېڭىزدا ئەركىن قاتناش؛ ئىقتىسادىي قورغاننى يىمىرىپ تاشلاش؛ باراۋەر سودا شارائىتى يارىتىش؛ مۇستەملىكىلەرنى ئادىل بىرتەرەپ قىلىش؛ مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش؛ رۇسىيە بىلەن «ئەڭ ئەركىن ھەمكارلىق» نى يولغا قويۇش؛ خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش. ناھايىتى ئېنىقكى، ۋىلسون ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ئويلىشىشتا ئاساسلىقى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانىدى. ئوچۇق دېڭىزدا ئەركىن قاتناش دېگەندە،

ئامېرىكا كېيىن باش كۆتۈرگەن جاھانگىر دۆلەت بولغاچقا، ئۇنىڭ دېڭىز زومىگەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكۈسى بار ئىدى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز زومىگەرلىك ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭدا دېڭىزدا ئەركىن قاتناش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن ئەنگلىيەنىڭ ئۈچۈق دېڭىزنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئاجىزلىتالايتتى. ئىقتىسادىي قورغاننى يىمىرىپ تاشلاش ئامېرىكىنىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇنىڭدىن مەقسەت كونا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەسىر دائىرىسى ۋە تاموژنا بېجى قورغىنىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئىدى. «مۇستەملىكىلەرنى ئادىل بىرتەرەپ قىلىش» ئامېرىكىنىڭ كونا مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە قول تىقىپ، ئۆزىگە تۇشلۇق يەرگە ئېرىشىش ئويىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. ۋىلسون كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇرۇشتىن يىرگىنىش، تىنچلىققا تەشنا بولۇش پىسخىكىسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئويلىغاچقا، نۇتقىدا «ئەركىنلىك، تىنچلىق»، «دۆلەتلەر چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلماي بىردەك باراۋەر بولۇش»، «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ گەرچە ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇش غەرىزىنى ئاشكارىلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ قانداقلا بولسۇن تۇنجى قېتىم يەر شارى خاراكتېرلىق تىنچلىك پىلانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ئاساسىدا ياۋروپادىكى مىللىي دۆلەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا قۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەينى ۋاقىتتا كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغاپ، پارىژ سۇلھى كېڭىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئامېرىكىنىڭ دۇنيا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتىكى

www.uyghurkitap.com

كونكرېت تەسەۋۋۇرى: ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى بىر خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش، خەلقئارا ئىتتىپاق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى تەسىرىنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدە لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان كونتروللۇقنى چىڭىتىش؛ غەربىي ياۋروپادا گېرمانىيەنىڭ كۈچلۈك سىياسىي، ھەربىي دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتە سەل ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن قارشىلىشىدىغان ھەم سوۋېت رۇسىيەسىگە قارشى تۇرىدىغان ئىستىھكامغا ئايلاندۇرۇش؛ شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا ئۆزى يالغۇز كونترول قىلىدىغان بالقان دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ياۋروپاغا كىرىش ۋە پۈتكۈل ياۋروپانى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، پۇرسەتتە تەڭ - باراۋەر بولۇش» شوئارىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە - ياپونىيە ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، ياپونىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئاراللىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئورنىتىش ئىدى.

لېكىن، ئامېرىكىنىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى تەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور، ھەربىي كۈچى كۈچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي كۈچى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيتتى، دېڭىز ئارمىيە كۈچى ئەنگلىيەنىڭكىگە يەتمەيتتى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە كۈچى فىرانسىيەدىن تۆۋەن تۇراتتى. شۇنىڭدەك ۋىلسونمۇ پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق كىشىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىدىغان كېلمانسۇ ۋە لىلوييد جورجى قاتارلىق مول دىپلوماتىيە تەجرىبىسىگە ئىگە سىياسىيونلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچراپ، بارلىق پىلانى دېگۈدەك سۇغا چىلاشتى.

ئەنگلىيە ئۇرۇشتا ئاجىزلاپ، ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆلگەن ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر 947 مىڭغا، يارىدارلار 2 مىليون 120 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. بارلىق ھەربىي چىقىمى 8 مىليارد فوند ستېرلىڭدىن ئېشىپ، ئىچكى - تاشقى قەرزى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىدىن ئون ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، سودا پاراخوتلىرىنىڭ 70% ى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. بۇ ئەنگلىيەنىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي مەركىزىلىك ۋە پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىنى تەۋرىتىپ قويدى. ئىقتىسادىي زىياندىن باشقا، مۇستەملىكىلەر ۋە دومىنئونلارنىڭ ئەنگلىيەدىن يىراقلىشىشى تېزلەشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز دىكى ئىككى ئەسىر دەك داۋام قىلغان زومىگەرلىك ئورنىنى تەۋرىتىشكە باشلىدى. لېكىن، ئەنگلىيە يەنىلا ئەمەلىي كۈچلۈك ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە بولۇپ، داۋاملىق تۈردە مۇستەملىكىلىرىدىن بايلىق تالان - تاراج قىلاتتى ۋە ئۇنى تەقسىملەتتى. خەلقئارا بازاردا يەنىلا ئەنئەنىۋى مالىيە، - پۇل مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ھەقدارلىق ئورنىنى قوغداپ قالغانىدى. رۇسىيەدىن باشقا، ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئەنگلىيەگە جەمئىي 4 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق قەرزى بار ئىدى. ھەربىي جەھەتتە گېرمانىيەدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزدىكى ئەڭ چوڭ رىقابەتچىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيە دۆلىتى بولۇپ قېلىۋەردى. ئۇرۇشتا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ، ئۇ گېرمانىيەنىڭ كۆپ قىسىم مۇستەملىكىسىنى تارتىۋېلىپلا قالماي، يەنە تۈركىيەنىڭ قولىدىكى پەلەستىن، مىسسوپوتامىيە ۋە ئەرەب رايونىنى ئىشغال قىلدى. شۇڭا، ئەنگلىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە ياۋروپانىڭ ئىشلىرىنى نېرى - بېرى قىلىش

سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنياغا زومىگەر بولۇش قۇدرىتىگىمۇ ئىگە ئىدى.

ئەنگلىيەنىڭ كونكرېت پىلانى: ئۆزىنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى قوغداش، مۇستەملىكىلىرىنى ئىمكانقەدەر كېڭەيتىش، ئۇرۇشتا گېرمانىيەدىن تارتىۋالغان مۇستەملىكىلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش؛ ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ۋە دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەھدىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنى يوقىتىش؛ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەردىن ئۇرۇش تۆلىمى ئېلىپ، ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ياۋروپادا داۋاملىق «كۈچ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى ئويلايتتى. فىرانسىيە ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئاساسلىق رىقابەتچىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ بەك كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، ئۇ گېرمانىيەنى فىرانسىيەنىڭ بەك كۈچىيىپ كېتىشىنى توسىدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئۆزى ئارىدىن پايدا ئېلىش ئۈچۈن گېرمانىيەنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىمايتتى. ئەنگلىيە يەنە ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ياۋروپانىڭ خوجىسىغا ئايلانماقچى، يەنى ھەم فىرانسىيە بىلەن بىرلىشىپ ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇش نىيىتىگە تاقابىل تۇرماقچى، ھەم ئامېرىكىنى يېنىغا تارتىپ فىرانسىيەنىڭ ياۋروپاغا زومىگەر بولۇش نىيىتىگە تاقابىل تۇرماقچىدى. يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا بولسا ياپونىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنى چەكلىمەكچى ھەم ياپونىيەنىڭ ياۋروپا ئىشلىرىدا ئۆزىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدى. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا زومىگەر بولۇش قارا نىيىتىگە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى مەنپەئەتىنى قوغدىماقچىدى.

فىرانسىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ، ئۇرۇشتا ئاساسلىق جەڭگاھ بولۇپ قالغانلىقتىن ناھايىتى زور بەدەل تۆلىدى، ئۇنىڭ ئادەم كۈچى جەھەتتە تارتقان زىيىنى نوپۇس نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر 1 مىليون 300 مىڭغا، يارىلانغانلار 3 مىليونغا يەتتى. ئىقتىسادى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ماددىي ئەشيا زىيىنى 200 مىليارد فىرانكقا يەتتى، 1919 ـ يىلى سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىسىنىڭ ئاران 57%ىگە، دېھقانچىلىق مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقىسىنىڭ ئاران 60%ىگە توغرا كەلدى، سودا پاراخوتلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چۆكۈپ كەتتى، تەخمىنەن 7% زېمىنى، كۆپ قىسىم باي سانائەت رايونى گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن چەيلەندى. ئەزەلدىن جاھانخور جاھانگىر دۆلەت دەپ نام ئالغان فىرانسىيە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئامېرىكىغا 16 مىليارد فىرانك، ئەنگلىيەگە 13 مىليارد فىرانك قەرز بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇرۇش فىرانسىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسى ۋە رۇسىيەنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، فىرانسىيە ياۋروپادىلا ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قالماي، دۇنيا بويىچىمۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى.

فىرانسىيەنىڭ ئاساسىي نىشانى ياۋروپادا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، گېرمانىيەنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشىش

ئېھتىمالى بولغان كۈشەندىلىرى ۋە رەقىبلىرىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلالايتتى. شۇڭا، فىرانسىيەنىڭ ئاساسلىق پىلانى: گېرمانىيەنى ئۈزۈل كېسىل بىتچىت قىلىش، پىرۇسسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا گېرمانىيەگە تارتقۇزۇپ قويغان ئالساس ۋە لوررايىننى قايتۇرۇۋېلىش، سائارنى ئىشغال قىلىش؛ گېرمانىيەنى پارچىلاپ، فىرانسىيە ـ گېرمانىيە چېگراسىنى رېيىن دەرياسىغىچە سۈرۈپ، رېيىن دەرياسى بويىدا فىرانسىيەنىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى رېيىن جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدا مۇستەقىل باۋارىيە دۆلىتى قۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ شەرقىدىن بىر قىسىم زېمىننى پولشا، چېخسلوۋاكىيە ۋە رومىنىيەگە بۆلۈپ بېرىش؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە گېرمانىيەنى ۋەيران قىلىپ، گېرمانىيەدىن غايەت زور ئۇرۇش تۆلىمى تەلەپ قىلىپ، 200 مىليارد فىرانك تۆلەم ئېلىش؛ گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل قىسقارتىپ، ئۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ گېرمانىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىنى ۋە تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا، يېقىن شەرقتىكى بەزى قارام يەرلىرىنى ئىمكانقەدەر تارتىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، فىرانسىيە بىر ئامال قىلىپ گېرمانىيەنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەردىن ئۆزى باش بولغان ئىتتىپاقداشلىق سىستېمىسى قۇرۇپ، ئۇنى بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى رۇسسىيەنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئويلايتتى، مۇشۇنداق بولغاندا فىرانسىيە شەرقى ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپانى كونترول قىلىش ئارقىلىق بالقانغا قول تىقىپ، ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بازىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپاغا بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئورنىتالايتتى. ۋاھالەنكى، فىرانسىيەنىڭ گېرمانىيەنى ئۈزۈل ـ كېسىل جازالاپ، ياۋروپاغا زومىگەر بولۇش پىلانى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيەسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت بولغاچقا، ئۇ ئەنگلىيە بىلەن

ئامېرىكىنىڭ كەسكىن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى، يەنە كېلىپ فىرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمۇ ئۇنىڭ دىپلوماتىيە كۈرىشىدىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. شۇڭا، فىرانسىيەنىڭ پىلانىنىڭ تولۇق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىتالىيە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇ غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولسىمۇ، ئۇرۇش جەريانىدا ھېچقانچە غەلىبىلىك جەڭ قىلالمىدى، ئۇرۇشتا 460 مىڭ ئادىمى ئۆلۈپ، 940 مىڭ ئادىمى يارىلاندى. ئۇ گەرچە كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي كۈچىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيەگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى خېلى ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى كۈچلۈك ئىدى. ئىتالىيەنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانى: جەنۇبىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا كېڭەيمىچىلىك قىلىش، فىرانسىيە، ئەنگلىيەدىن 1915 ـ يىلىدىكى لوندون كېلىشىمىدە ۋە 1917 ـ يىلىدىكى مورىيئىنا كېلىشىمىدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىش، سابىق ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قىسمەن زېمىنى، يۇگوسلاۋىيە ۋە تۈركىيەنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئېلىۋېلىش ھەمدە تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان فىيۇمې پورتىغا ئېرىشىپ، شۇ ئارقىلىق ئادرىيئاتىك دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەتتا ئوتتۇرا دېڭىزنى ئۆزىنىڭ ئىچكى كۆلىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزغا زومىگەر بولۇش قارا نىيىتى تەبىئىي ھالدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن زىدىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلاتتى، ئىتالىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياپونىيەمۇ ئامېرىكىغا ئوخشاشلا ئۇرۇشتىن پايدا ئېلىپ بىردىنلا بېيىدى. تۆت يىللىق ئۇرۇشتا ياپونىيەنىڭ تاشقى سودا

ئومۇمىي سوممىسى ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ، پاسسىپ بالانسى ئاكتىپ بالانسقا ئۆزگەردى، ئالتۇن زاپىسى تۆت يېرىم ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەقدارىغا ئايلاندى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونىيە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش بىلەن بولۇپ شەرققە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيانغا كېڭەيمىچىلىك قىلدى، ئەسكەر چىقىرىپ گېرمانىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى مۇستەملىكىلىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە جۇڭگونىڭ چىڭداۋ ئارىلىنى ۋە جياۋجۇ قولتۇقىنى بېسىۋالدى. 1915 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يەنە يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنى «21 ماددا» نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، پۈتكۈل جۇڭگونى يۇتۇۋالماقچى بولدى. ياپونىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاساسلىق پىلانى ئۇرۇشتا ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى يەنىمۇ قانۇنلاشتۇرۇپ، يىراق شەرققە زومىگەر بولۇش بولغاچقا، ئۇ ياۋروپا مەسىلىسىگە ئانچە قىزىقمايتتى. بىراق، ئاساسلىق ھەم كۈچلۈك رەقىبى بولغان ئامېرىكىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ياۋروپا مەسىلىسىدە ئەنگلىيەنى قوللاپ، شۇ ئارقىلىق ئەنگلىيەدىن ئۆزىنىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەلىپىنى قوللاشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، يالغۇز ئامېرىكىنىڭلا تىنچ ئوكيانغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش جەھەتتە ياپونىيە بىلەن كەسكىن زىددىيىتى بولۇپ قالماي، ئەنگلىيەمۇ تىنچ ئوكيان رايونىدا موھىم مەنپەئەتى بولغاچقا، ياپونىيە بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ قالدى. جۇڭگو ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشىغا تېخىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى.

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتى ۋە يېقىنقى نىشانى مانا مۇشۇنداق ھەرخىل بولغاچقا، بۇ ھال پارىژ سۈلھى يىغىنىدا كەسكىن كۈرەش پەيدا قىلدى.

پارىژ سۇلھى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى 1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە پارىژ شەھىرى ئەتراپىدىكى ۋېرسال سارىيىدا سۇلھى يىغىنى رەسمىي ئېچىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا 27 دۆلەتتىن 1000دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 70 نەپەر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بار ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ دومىنئونلىرىدىن بولغان ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، كانادا، جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ھىندىستاننىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلسون رۇسىيەنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى، لېكىن ئانتانتا دۆلەتلەر رۇسىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغاچقا، سوۋېت رۇسىيەسى ئاخىرىدا يىغىنغا قاتنىشالمىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ يىغىنغا قاتنىششى مەنئى قىلىندى.

سۇلھى يىغىنىغا قاتناشقان دۆلەتلەر تۆت تۈرگە ئايرىلدى. بىرىنچى تۈردىكىسى «ئومۇمىي مەنپەئەتكە ئىگە» دۆلەتلەر، يەنى يىغىننى تىزگىنلىگۈچىلەردىن بولغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە بولۇپ، ئۇلار بارلىق يىغىنلارغا قاتنىشالايتتى، يىغىنغا بەش نەپەردىن ۋەكىل قاتناشتۇراتتى. ئىككىنچى تۈردىكىسى قىسمەن مەنپەئەتكە ئىگە دۆلەتلەر، يەنى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان جۇڭگو، بېلگىيە، بىرازىلىيە، سېربىيە، گىرېتسىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ بەزى دومىنئونلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئالاقىدار يىغىنلارغا قاتنىشالايتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېلگىيە، بىرازىلىيە ۋە سېربىيە يىغىنغا ئۈچ نەپەردىن ۋەكىل قاتناشتۇراتتى، قالغان دۆلەتلەر پەقەت ئىككى نەپەردىن ۋەكىل قاتناشتۇراتتى. ئۈچىنچى تۈردىكىسى گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن دۆلەتلەر، مەسىلەن، پېرو، ئېكۋاتور، بولىۋىيە، ئوروگۋاي قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە

مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغان يىغىنلارغىلا قاتنىشالايتتى. تۆتىنچى تۈردىكىسى بىتەرەپ دۆلەتلەر ۋە قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار بەش چوڭ دۆلەت ئىچىدىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە بىۋاسىتە پىكىر قىلالايتتى. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تۈردىكى دۆلەتلەر يىغىنىغا پەقەت بىردىنلا ۋەكىل قاتناشتۇراتتى.

پۈتكۈل يىغىننى تىزگىنلەش بەش چوڭ دۆلەتنىڭ چاڭگىلىدا بولدى. فىرانسىيە باش مىنىستىرى كىلېمانسو يىغىن رەئىسلىكىگە سايلاندى، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى لانسىڭ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويد جورجى، ئىتالىيە باش ۋەزىرى ئورلاندو ۋە ياپونىيە باش ۋەكىلى، سابىق باش ۋەزىر سايئونجى كىنموچى يىغىننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

پارىژ سۈلھى يىغىنى مەزگىلىدە ئۈچ خىل يىغىن ئېچىلدى، بىرىنچىسى، قارار قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە «ئالىي يىغىن» بولۇپ، قاتناشقۇچىلار بەش چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى، ئۇلار ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ۋىلسون ۋە دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى لانسىڭ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويدجورجى ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرى جامىس بالفور، فىرانسىيە زۇڭلىسى كىلېمانسو ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرى پىچون، ئىتالىيە باش ۋەزىرى ئورلاندو ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرى سارىنو، ياپونىيە باش ۋەكىلى سايئونجى كىنموچى ۋە مەسلىھەتچى، سابىق دىپلوماتىيە ۋەزىرى ماكىنو نوبۇئاكى ئىدى. بۇ يىغىن «ئون كىشىلىك يىغىن» دەپمۇ ئاتالدى. بۇ ئون كىشى يىغىندىكى بارلىق چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلاتتى ھەمدە ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇزاكىرە نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. 1919 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە تېخىمۇ مەخپىي كېڭىشىشكە قولاي بولۇشى ئۈچۈن، «تۆت كىشىلىك يىغىن» «ئون كىشىلىك

يىغىن» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. يەنى قاتناشقۇچىلار پەقەت ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە تۆت دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپتى، ياپونىيە باش ۋەكىلى ھۆكۈمەت باشلىقى بولمىغاچقا يىغىن سىرتىدا قالدۇرۇلدى. ئورلاندو گەرچە «تۆت كىشىلىك يىغىن» غا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىتالىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئەڭ ئاجىز بولغاچقا، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ قوشۇمچە رول ئىلىشقا مەجبۇر بولدى. يىغىننى ئەمەلىيەتتە كېلمانسو، لىلويىد جورجى ۋە ۋىلسوندىن ئىبارەت «ئۈچ كاتتىباش» باشقۇردى. بەش دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى «بەش كىشىلىك يىغىن» تەشكىللەپ قوشۇمچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەدبىر بەلگىلەشكە ياردەملەشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قارارىنى يەنىلا «تۆت كىشىلىك يىغىن» تەكشۇرۇپ تەستىقلىدى.

ئىككىنچىسى، ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان خەلقئارا ئىتتىپاق كومىتېتى، ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى، تۆلەم كومىتېتى دېگەندەك مەخسۇس كومىتېتلار بولۇپ، ئۇلار بەزى مەخسۇس مەسىلىلەرنى قاراپ چىقاتتى.

ئۈچىنچىسى، بارلىق ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان «ئومۇمىي يىغىن» بولۇپ، ئومۇمىي يىغىن ھېچقانداق ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ رولى ئالىي يىغىندا چىقىرىلغان قارارلارنى ماقۇللاش ئىدى. يېرىم يىلغا سوزۇلغان سۈلھى يىغىنى مەزگىلىدە پەقەت يەتتە قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئېچىلدى، ئۇ پەقەت سۈلھى يىغىنىنىڭ بىر خىل شەكلى ۋە بېزىكى ئىدى. خۇددى يىغىن رەئىسى كېلمانسو ئېيتقاندەك «پەقەت بەش كۈچلۈك دۆلەت ئاۋۋال بارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى بېكىتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئومۇمىي يىغىن ئېچىلاتتى».

**پارىژ سۈلھى يىغىنىدا جاھانگىرلارنىڭ تالاش- تارتىش قىلىشى ۋە سۈلھى قىلىشى** پارىژ سۈلھى يىغىنى باشتىن - ئاخىر ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولدى، خۇددى ئەنگلىيە

دىپلوماتىيە ۋەزىرى بالفور ئېيتقاندەك «يىغىن مۇقىم بولمىغان، داۋالغۇپ تۇرىدىغان بىر سورۇنغا ئايلاندى». جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ زور مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىشنى ئويلىغاچقا، بۇ سۇلھى يىغىنىنى باشلىنىشىدىلا كەسكىن ئالاش ـ تارتىشقا پاتۇرۇپ قويدى.

يىغىن كۈنتەرتىپىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ۋىلسون ئالدى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتا چىڭ تۇردى، ئۇ: خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش بىلەن سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈش بىر گەۋدە، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى يېڭىباشتىن تەقسىملەشتە مۇشۇ خەلقئارا ئىتتىپاق ئەڭ ئاخىرىدا قارار چىقىرىشى كېرەك، دەپ قارىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئالدى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇلسا، شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئۇنى كونترول قىلالىسا، بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا بەزى مۇستەملىكىلەرگە ئېرىشەلەيتتى، شۇنىڭدەك خەلقئارا ئىشلارنى باشقۇرالايتتى، يەنە خەلقئارا ئىتتىپاقتا تايىنىپ باشقا دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى، ئاساسلىقى ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايتتى. ۋىلسون «خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئۆزى بىر ئىتتىپاق، ئۇ باشقا ھەرقانداق ئىتتىپاقنى كېرەك قىلمايدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ۋىلسون ئالدى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ، مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورنىتىش مەقسىتىگە يېتىدىغان بارلىق دىپلوماتىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسى، دېدى.

كېلمانسو ۋە لىلويد جورجى ئالدى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قارشى تۇردى. فىرانسىيە ئاۋۋال چېگرا، مۇستەملىكە ۋە تۆلەم پۇلى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى پائال تەشەببۇس قىلدى؛ ئەنگلىيە بولسا گېرمانىيەنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان مۇستەملىكىلەر ۋە تۈركىيەگە قاراشلىق زېمىنلارنىڭ تەۋەلىك

مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە يەنە خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش بىلەن گېرمانىيەگە قارىتىلغان سۇلھى شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەسىلە «ئون كىشىلىك يىغىن» دا تۆت كۈن تالاش - تارتىش قىلىنىپ، ئاخىرىدا كېلىشىم هاسىل قىلىنىپ، خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش مەسىلىسىنى ۋىلسون رەئىسلىكىدىكى مەخسۇس كومىتېتنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرۇش قارار قىلىندى. سۇلھى يىغىنىدا ئالدى بىلەن گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە تۈركىيەگە قاراشلىق زېمىنلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش قارار قىلىندى.

گېرمانىيەگە قارىتىلغان سۇلھى شەرتنامىسى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان مەركىزىي مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى گېرمانىيەنىڭ چېگرا مەسىلىسى، تۆلەم پۇلى مەسىلىسى، ھەربىي ھازىرلىقلار مەسىلىسى ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەربىر مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىشتى.

گېرمانىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرا مەسىلىسى سائار رايونى مەسىلىسىدە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇ فىرانسىيە سۇلھى يىغىنىدا ئالساس - لورراين رايونىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان يەنە بىر تەلەپ ئىدى. ئەگەر فىرانسىيە سائار رايونىدىكى كۆمۈرگە ئېرىشسە، يەنە ئالساس - لورراين رايونىدىكى تۆمۈرگە ئېرىشسە، ئۇنداقتا بىر قۇدرەتلىك مېتال تاۋلاش سانائەت بازىسى قۇرالايتتى. بۇ فىرانسىيەنىڭ ياۋروپاغا زومىگەر بولۇشىغا پۇختا ئىقتىسادىي ئاساس سېلىپ بېرەتتى. فىرانسىيەنىڭ بۇ تەلىپى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئۇلار گېرمانىيەنى زىيادە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش ۋە فىرانسىيەنى بەك كۈچلەندۈرۈۋېتىشنى

خالىمايتتى. كېلمانسو بۇ مەسىلىدە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەگەر فىرانسىيە سائار رايونىغا ئېرىشەلمىسە ھېچقانداق شەرتنامىگە ئىمزا قويمايدۇ، دېدى. ۋىلسون قاتتىق غەزەپلىنىپ يىغىندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق تەھدىت سالدى. لىلوييد جورجى «فونتايىنىبىلاۋ ھۆججىتى» نى چىقىرىپ، فىرانسىيەنىڭ تەلىپىنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيەنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، فىرانسىيە سائار رايونىدىكى كۆمۈر كانىنى ئون يىل ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسا، دېگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيەنىڭ تەكلىپى ئاساسىدا مۇرەسسە قىلىندى.

گېرمانىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چېگرا مەسىلىسى ئاساسلىقى پولشا مەسىلىسى ئىدى. فىرانسىيە گېرمانىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدە پولشانىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىشىنى قوللىدى. فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى پىچون «پولشا چوڭ بولۇشى، كۈچىيىشى، قۇدرەت تېپىشى كېرەك» دەپ قاراپ، سىلىسىيە ۋە دانزىگنى پولشاغا بۆلۈپ بېرىپ، «چوڭ پولشا» قۇرۇش ئارقىلىق گېرمانىيەنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، فىرانسىيەنىڭ بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

تۆلەم پۇل مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاساسلىقى تۆلەم دائىرىسى، سوممىسى ۋە ئۇنى تەقسىملەش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تۆلەم دائىرىسى جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ كۆز قارىشى بىردەك بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇشتىكى بارلىق چىقىملارنى تۆلىتىشنى، جۈملىدىن خەلقنىڭ زىيىنىنىمۇ تۆلىتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئامېرىكا بولسا بۇ تەلەپ ئۇرۇش توختىتىشتىن بۇرۇنقى كېلىشىمگە خىلاپ، دەپ قارايتتى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا ۋىلسون يول

قويۇپ، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇردى. تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىش بىر قىيىن مەسىلە بولدى. فىرانسىيە باشتىلا 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەنگلىيە بولسا 120 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. فىرانسىيە ئوتتۇرىغا قويغان تۆلەم سوممىسى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى فىرانسىيە ۋە بېلگىيەنىڭ هۆكۈمەت تەرەپ ئىستاتىستىكىلىغان بارلىق بايلىقىدىن ئېشىپ كېتەتتى. لىلوييد جورجى «فونتاينىبىلاۋ هۆججىتى» دە فىرانسىيەنىڭ بۇ تەلىپى «هەددىدىن ئاشقان خىيال» دەپ، تۆلەمنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ تۆلەش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ قارىدى. ئامېرىكا مۇتەخەسسىسى داۋىس 25 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تۆلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا گېرمانىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي توگەشتۈرۈۋېتىشنى خالىمايتتى. سۆلهى يىغىنى كونكرېت تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئاخىر ئۇنى بىر مەخسۇس كومىتېتنىڭ مۇهاكىمە قىلىشىغا تاپشۇردى. تۆلەم پۇلىنى تەقسىملەشتە، فىرانسىيە ئۇنىڭ 58% نى ئېلىشنى، ئەنگلىيە 25% نى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. تالاش - تارتىش توگىمىگەچكە، سۆلهى يىغىنىدا بۇ مەسىلە هەل بولمىدى. ئامېرىكىنىڭ تەكلىپى بويىچە بۇ مەسىلىنىمۇ بىر مەخسۇس كومىتېت مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدىغان بولدى.

گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى قايتا تەقسىملەش مەسىلىسى يىغىندا تالاش - تارتىش قىلىنغان يەنە بىر قىزىق نۇقتا بولدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئىلگىرى بەزى مۇستەملىكىلەرنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا مەخپىي كېلىشىم تۈزۈشكەنىدى. ياپونىيەمۇ بەزى رايونلارغا ئېرىشىش هەققىدە ۋەدىگە ئىگە بولغانىدى. شۇڭا، ئۇلار گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى بىۋاسىتە قوشۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئامېرىكا بولسا مۇستەملىكىلەرنى خەلقئارا ئىتتىپاق ھاۋالە قىلغان بەزى «ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ» ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىنى، يەنى ئاتالمىش «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمى»نى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە دەرھال مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تەقسىملەشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا بولسا بۇنىڭدا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە مۇرەسسە قىلدى. سۆلھى يىغىنىدا گېرمانىيە ۋە تۈركىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى مەلۇم بىر دۆلەتكە بېرىۋەتمەي، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ نامىدا باشقۇرۇش، كېيىن خەلقئارا ئىتتىپاق ئۇنى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىش قارار قىلىندى.

گېرمانىيەنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكىنىڭ يەنە تالاش - تارتىشىنى قوزغىدى. ئامېرىكا ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە سوۋېت رۇسىيەسىنى تىزگىنلەش مەقسىتىدە، گېرمانىيەنىڭ بارلىق ھەربىي كۈچىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئەنگلىيە ئاساسلىقى گېرمانىيەنىڭ دېڭىزدىكى كۈچىنى بىتچىت قىلىش، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، ئۇنى فىرانسىيە بىلەن ئۆز-ئارا تىركىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇپ، كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلدى. فىرانسىيە بولسا گېرمانىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىش، ئۇنىڭ قورال - ياراغ ئىشلەپچىقىرىشىغا چەك قويۇپ، ئۇنى قايتا باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا ھەرقايسى تەرەپلەر يول قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىمۇ ھەل بولدى.

فىيۇمې پورتى ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ تۈگۈنى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ۋېنگىرىيەنىڭ ئۆزماللىرىنى چىقىرىدىغان مۇھىم



www.uyghurkitap.com

ئېغىزى بولۇپ ، يۇگوسلاۋىيە ئۇنى سىلوۋېنىيە ياكى كىرودىيەگە تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. 1915 ـ يىلىدىكى لوندون مەخپىي كېلىشىمىدە ئۇ كىرودىيەگە ئايرىپ بېرىلگەنىدى. ئورلاندو سۆلھى يىغىنىدا لوندون مەخپىي كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن يەنە فىيۇمې پورتىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئامېرىكا بالقان دۆلەتلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىتالىيەنىڭ فىيۇمې پورتىغا ئېرىشىش قارا نىيىتىنى قوللىمىدى. يەنە تېخى، ئۈچ كاتتىباش ئاتالمىش ۋىلسون سىزىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لوندون مەخپىي كېلىشىمىدە ئىتالىيىگە بېرىلمەكچى بولغان زېمىننى ئازايتىماقچى بولدى. ئورلاندو شۇ ئاچچىقىدا پارىژدىن دۆلىتىگە قايتىپ مۇشۇ ئارقىلىق قوقاق سالدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى، نەتىجىدە ئۇ يەنە غىپپىدە قايتىپ كەلدى. بۇ ئىتالىيەنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

شەندۇڭ مەسىلىسىدە جۇڭگو ۋە ياپونىيە سۆلھى يىغىنىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىشتى، شۇنىڭدەك بۇ يەنە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئاسىيادىكى زىددىيىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى. ياپونىيەنىڭ سۆلھى يىغىنىغا قاتنىشىشتىكى ئاساسلىق نىشانى ئۆزى ئۇرۇش ۋاقتىدا تارتىۋالغان گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ۋە گېرمانىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئاراللىرىنى باشقىلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى زومىگەرلىكىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئىدى. جۇڭگو ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى بارلىق زېمىنى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. جۇڭگو ۋەكىلى گۇ ۋېيجۈن يىغىندا قائىدە سۆزلەپ قاتتىق

تىركەشتى. ئۇ: گېرمانىيە قورال كۈچى ئارقىلىق كونسىسىيەگە ئېرىشكەن، 21 ماددا تەھدىت ئاستىدا ئىمزالانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغدا گېرمانىيە بىلەن تۈزۈشكەن بارلىق شەرتنامىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلىغان، شۇڭا گېرمانىيەنىڭ بۇ يەرلەرنى ياپونىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى يوق، شەندۇڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر كۈچىنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ياپونىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئاتتانتا دۆلەتلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ياپونىيەنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقتىن، ماكىنو نوبائاكى بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، «سۈلھى شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويمايدىغانلىقى، خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق ۋە جۇڭگودىكى ئورنىنى كۈچەيتىۋېلىشنى توسۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىنى يول قويۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا ۋىلسون خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش نىشانىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ يول قويدى. ئۈچ كاتتىباش گېرمانىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ياپونىيەگە بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇنى ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىگە ئېنىق يېزىپ كىرگۈزدى. جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى مەملىكەت ئىچىدە «4 ـ ماي ھەرىكىتى» نى پەيدا قىلدى. جۇڭگو ۋەكىللى شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى.

رۇسىيە مەسىلىسى كۆنتەرتىپكە قويۇلمىدى، لېكىن

«رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ كۆلەڭگىسى دەسلەپتىلا سۇلھى يىغىنىغا تەسىر كۆرسەتتى». شۇڭا، سۇلھى يىغىنى رەسمىي باشلىنىشتىن بۇرۇنلا كۆچلۈك دۆلەتلەر رۇسىيە مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قانچە قېتىم مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. فىرانسىيە ئۇمىدىنى قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشكە باغلاپ، 2 مىليون كىشىلىك يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن تەشكىللەپ، سوۋېت رۇسىيەسىنى «بويسۇندۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ قوشۇن چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تېزلا ئوتتۇرىغا قويدى. لىلويىد جورجى رۇسىيە بىلەن دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەھدىت سېلىش ۋە ئازدۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسىنى باش ئەگدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ پىكىر ۋىلسوننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، «پىرىنسىپ ئارىلى يىغىنى» نىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىشى بىلەن سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن بولغان سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىن كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىش ۋە پىلانلاش ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىپ، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ دۆلەت ۋە فىنلاندىيەدىن رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توسىدىغان مۇداپىئە بەلبېغى شەكىللەندۈرۈش قارار قىلىندى. سۇلھى يىغىنى يەنە سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىش پىلانىنى تەستىقلىدى.

**ۋېرسال سۇلھى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى** پارىژ سۇلھى يىغىنىدا بىر نەچچە ئاي كەسكىن تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن كۈچلۈك دۆلەتلەر بەزى ئاساسلىق مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، گېرمانىيەگە قارىتىلغان شەرتنامە لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاندىن گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بروكدورفنى ۋېرسالغا چاقىرتىپ شەرتنامە لايىھەسىگە 15 كۈن ئىچىدە يازما جاۋاب قايتۇرۇش، تالاش - تارتىش قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. شەرتنامە لايىھەسىدە گېرمانىيەنىڭ ئەڭ نارازى بولغىنى ئۇرۇش جاۋابكارلىقى ھەققىدىكى 231 - ماددا بولۇپ، گېرمانىيە

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۇرۇشنى قوزغاشتا مەلۇم جاۋابكارلىقى بار، دەپ قارايتتى. شەرتنامىدىكى ماددىلار بەك ئېغىر بولغاچقا، گېرمانىيە ۋەكىلى ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىدى. 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گېرمانىيە جاۋاب قايتۇرۇپ، شەرتنامىدىكى بارلىق ماددىلارنى دېگۈدەك ئىنكار قىلدى. ئانتانتا دۆلەتلىرى شەرتنامىگە ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن گېرمانىيەنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىدى. گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىروكدورف ئىمزا قويۇشقا پېتىنالماي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. ئانتانتا دۆلەتلەر ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىمىز دەپ تەھدىت سالغانلىقتىن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئاخىر شەرتنامىنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ يېڭى دىپلوماتىيە مىنىستىرى مىللېر ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى بېل گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ۋېرسال سارىيىنىڭ ئەينەكلىك زالىدا «ئەھدىلەشكەن ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيەگە قاراتقان سۈلھى شەرتنامىسى»، يەنى ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويدى.

ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنى كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، جەمئىي 15 قىسىم 432 ماددىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇنىڭ 1 ـ قىسىمدىكى 26 ماددىسى خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى، قالغان 406 ماددىسى گېرمانىيەگە قارىتىلغان سۈلھى شەرتنامىسى ئىدى.

ئۇرۇش جاۋابكارلىقى توغرىسىدا، شەرتنامىنىڭ 231 ـ ماددىسىدا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر ئۇرۇشنىڭ بارلىق جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ قارىلىپ، «ئانتانتا دۆلەتلەر ھەم ئۇلار بىلەن بىرلەشكەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى ھەم گېرمانىيەمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، گېرمانىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشى

تۆپەيلىدىن ئانتانتا دۆلەتلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىرلەشكەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىگە ھەم ئۇلارنىڭ خەلقىگە تاڭغان ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بارلىق زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىقلارغا نىسبەتەن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ» دېيىلدى.

گېرمانىيەنىڭ زېمىنى توغرىسىدا، شەرتنامىدە گېرمانىيەنىڭ غەربىي چېگراسى 1870 — 1871 - يىللاردىكى ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، دەپ بەلگىلىنىپ، ئالساس ۋە لوررايىن يېڭىباشتىن فىرانسىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى، سائار رايونى فىرانسىيەنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتە خەلقئارا ئىتتىپاق ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان، 15 يىلدىن كېيىن ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەۋەلىكى بېكىتىلىدىغان بولدى. ئوبان ۋە مالمېيدى رايونى بېلگىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. رېيىن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى ھەربىيسىز رايون قىلىنىپ، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى تەسىس قىلىنمايدىغان بولدى، غەربىي قىرغىقى ئۈچ ئىشغالىيەت رايونىغا بۆلۈنۈپ، ئانتانتا دۆلەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش يىل، ئون يىل ۋە 15 يىل ئىشغال قىلىدىغان بولدى. شەرقىي تەرەپتە، گېرمانىيە پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، پولشا پوزنانغا، غەربىي پىرۇسسىيەنىڭ كۆپ قىسمىغا ۋە يۇقىرى سىلىسىيە، پومېرانىيە، شەرقىي پىرۇسسىيەنىڭ بىر قىسمىغا ئىگە بولدى؛ پولشا كارىدورى شەرقىي پىرۇسسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ باشقا رايونلىرىنى پۈتۈنلەي ئايرىۋەتتى. مۇھىم پورت بولغان دانزىگ خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ قوغدىشىدىكى ئەركىن شەھەر قىلىنىپ، بۇ پورتنى پولشا تاموژنىسى باشقۇرىدىغان بولدى، پولشا بۇ شەھەرنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتى ۋە مۇھاجىر پۇقرالىرىنى قوغدايدىغان ھەمدە پولشالىقلارنىڭ بۇ شەھەرگە ئەركىن كىرىپ، چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى. ئۇ پولشا كارىدورى بىلەن بىرلىكتە پولشانىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى قىلىندى.

گېرمانىيە شەرقىي پرۇسسىيەنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى مېمېل رايونىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى ئانتانتا دۆلەتلەر ۋاقىتىنچە ئىشغال قىلىدىغان بولدى (1923 ـ يىلى لىتۋاغا قوشۇۋېتىلدى)؛ جەنۇبىي تەرەپتە، گېرمانىيە ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە مەڭگۈ بىرلەشتۈرۈلمەيدىغان بولدى، گېرمانىيە چېخسلوۋاكىيەنىڭ ئانتانتا دۆلەتلەر بەلگىلىگەن چېگرا ئىچىدە تامامەن مۇستەقىل بولۇشىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە سىلسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى گورچىن رايونىنى چېخسلوۋاكىيەگە بۆلۈپ بەردى. شىمال تەرەپتە، گېرمانىيە بىلەن دانىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىلسۋىك ـ خولستېيىن رايونى يېڭىباشتىن دانىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. ئومۇمەن گېرمانىيە جەمئىي 1/8 قىسىم زېمىنى ۋە 1/10 قىسىم نوپۇسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسى توغرىسىدا، شەرتنامىنىڭ 119 ـ ماددىسى بويىچە گېرمانىيە «ئۆزىنىڭ چەت ئەلدىكى زېمىنلىرىغا بولغان بارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى»، ئۇنى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش» شەكلى بىلەن بۆلۈشۈۋالدى. ئافرىقىدا توگو بىلەن كامىرون ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە بېرىلدى، فرانسىيە بۇ ئىككى مۇستەملىكىنىڭ كۆپ قىسىم يېرىگە ئېرىشتى، ئەنگلىيە گېرمانىيەگە قاراشلىق شەرقىي ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. كېيىن غەربىي شىمالدىكى ئاز بىر قىسىم يەرنى، يەنى رىۋاندا بىلەن بورونديىنى بېلگىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. گېرمانىيەگە قاراشلىق غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا ئەنگلىيەنىڭ دومىنئونى بولغان جەنۇبىي ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. تىنچ ئوكياندا ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىدىكى گېرمانىيەگە قاراشلىق ئاراللار ئىچىدىكى ساموئا ۋە ناۋرودىن باشقا ئاراللارنىڭ ھەممىسى ئاۋستىرالىيەنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. ئېكۋاتورنىڭ

شىمالىدىكى مارىئاننا تاقىم ئاراللىرى، كارولىن تاقىم ئاراللىرى ۋە مارشال تاقىم ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاراللار ياپونىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى. ئومۇمەن گېرمانىيەنىڭ بۇ بۆلۈشۈۋېلىنغان مۇستەملىكىلىرىنىڭ يەر مەيدانى 3 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 13 مىليوندىن ئاشاتتى.

ئىقتىساد ۋە تۆلەم مەسىلىسى توغرىسىدا، شەرتنامىدە گېرمانىيەنىڭ تاموژنا بېجى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولمايدۇ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيەگە چىقىرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كىرگۈزىدىغان ماللىرى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ؛ ئېلبى دەرياسى، ئودېر دەرياسى، نېمان دەرياسى، ۋىلتاۋېر دەرياسى، دوناي دەرياسى قاتارلىق مۇھىم دەريالار خەلقئارا دەريا قىلىنىدۇ؛ چەت ئەل ھەربىي پاراخوتلىرى ۋە سودا پاراخوتلىرى كىيىل قانىلىغا ئەركىن كىرىپ چىقسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيە 1600 توننىلىق سودا پاراخوتلىرىنىڭ ھەممىسىنى، 1400 توننىلىق سودا پاراخوتلىرىنىڭ 1/2 قىسمىنى، بېلىقچى كېمىلىرىنىڭ 1/4 قىسمىنى ۋە ئىچكى دەريا كېمىلىرىنىڭ 1/5 قىسمىنى تاپشۇرىدۇ، بەش يىل ئىچىدە ئانتانتا دۆلەتلەرگە 200 مىڭ توننىلىق پاراخوت ياساپ بېرىدۇ، ئون يىل ئىچىدە فىرانسىيە، بېلگىيە، ئىتالىيەگە كۆپلەپ كۆمۈر، ماشىنا - ئۈسكۈنە، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. تۆلەم پۇلىنىڭ سوممىسى توغرىسىدا شەرتنامىدە: بۇنى ئانتانتا دۆلەتلەر يەۋقۇلئاددە كومىتېتى بېكىتىدۇ ھەمدە 1921 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرىدۇ، تۆلەم تۆلەش مۇددىتى ۋە پىلانىنىمۇ مۇشۇ كومىتېت بەلگىلەيدۇ، شۇنىڭغىچە گېرمانىيە ئاۋۋال 20 مىليارد مارك تۆلەم تۆلەيدۇ، ئىشغالىيەتچى ئارمىيەنىڭ بارلىق خىراجىتىنىمۇ گېرمانىيە ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرى توغرىسىدا،

www.uyghurkitap.com

شەرتنامىدە: گېرمانىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى، باش ئىشتابى ۋە ھەربىي مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، قورۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 100 مىڭدىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېرلار سانى 4000 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، گېرمانىيەنىڭ ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەك، تانكا ۋە ھاۋا ئارمىيەسىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. پەقەت 280 دالا زەمبىرىكى ساقلاپ قېلىنىدۇ. دېڭىز ئارمىيەسىدە كۈرەشچى پاراخوتىدىن ئالتىسى، يېنىك ئوكيان چارلاش پاراخوتىدىن ئالتىسى، قوغلىغۇچى پاراخوتىدىن 12 سى ۋە مىنا تازىلاش پاراخوتىدىن 12 سى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئاساسىي پاراخوت ۋە سۇ ئاستى كېمىسى بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 15 مىڭدىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېرلار سانى 1500 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، گېرمانىيەنىڭ باشقا جايلاردىكى بارلىق ھەربىي پاراخوتلىرى بىردەك ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ بۇزۇۋېتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، گېرمانىيە رېيىن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 50 كىلومېتىر دائىرىدىكى ئىستىھكاملارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، لېكىن شەرقىي ۋە جەنۇبىي چېگرادىكى مۇداپىئە قورۇلۇشلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى ئۆزى ئىشغال قىلغان دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقىدۇ، ئانتانتا دۆلەتلەر مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىپ يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى نازارەت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇنىڭدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر كۆزلىگەن نىشانىغا تولۇق يەتكەنىدى. جۈملىدىن، ئەنگلىيە، فرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى يېتەكچى ئورنى مۇستەھكەملەنگەنىدى، ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى قوغداپ قالغانىدى، ياپونىيە بولسا يىراق شەرقتىكى غايەت زور

ئۇستۇنلۇكىنى ساقلاپ قالغانىدى، لېكىن بۇ دۇنياغا زومىگەر بولۇش كويىدا يۈرگەن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى، شۇڭا ئامېرىكا تۆۋەن پالاتاسى بۇ شەرتنامىنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى. 1921 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيە ئايرىم شەرتنامە ئىمزالىدى.

**ۋېرسال سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى** ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر گېرمانىيەنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتار شەرتنامىلەرنى تۈزۈشكە باشلىدى.

1919 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر ئاۋستىرىيە بىلەن سايىنت گېرمان شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ئاۋستىرىيە بىلەن ۋېنگىرىيە ئىككى مۇستەقىل دۆلەت قىلىپ ئايرىلىدۇ، ئاۋستىرىيەنىڭ مۇستەقىللىق ئورنى خەلقئارا ئىتتىپاق مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئۆزگەرتىلمەيدۇ، يەنى گېرمانىيە بىلەن ئاۋستىرىيە قوشۇۋېتىلمەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. چېخسلوۋاكىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىندى. جەنۇبىي تىرول، تىرانتىنو، ترىيېسېت، ئېستىرىيە ۋە دالماتىيە سىرتىدىكى بىر قانچە ئارال ئىتالىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا، دالماتىيە قىرغىقىدىكى جايلار يۇگوسلاۋىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ بۇكوۋىنا رومىنىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ بوھېمىيە، مولداۋىيە ۋە سىلسىيەنىڭ بىر قىسمى چېخسلوۋاكىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ گالىسىيە پولشاغا بۆلۈپ بېرىلدى؛ فيۇمې پورتى ئەركىن پورت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋستىرىيە ئەسلىدىكى زېمىنى ۋە نوپۇسىنىڭ پەقەت 1/4 نى ساقلاپ قېلىپ، ئاران 84 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر زېمىنى ۋە 6 مىليون 500 مىڭ نوپۇسى بار كىچىك دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرتنامىدە يەنە ئاۋستىرىيەنىڭ ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ

ئەسكەر سانى 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، دوناي دەرياسىنى چارلاش ئۈچۈن پەقەت ئۈچ كىچىك پاراخوتنى ساقلاپ قېلىشىدۇ، قالغان بارلىق پاراخوت ۋە قورال ـ ياراغلىرى بىردەك ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، سۇ ئاستى كېمىسى ۋە هاۋا ئارمىيەسى بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئاۋستىرىيەنىڭ تۆلەم سوممىسى 1922 ـ يىلى بېكىتىلگەندىن كېيىن 30 يىل ئىچىدە تۆلىتىۋېلىنىدۇ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە ئاۋستىرىيەنىڭ مالىيەسىنى نازارەت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1919 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بۇلغارىيە بىلەن پارىژ ئەتراپىدىكى نايىدا نايى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى، شەرتنامىدە: بۇلغارىيە يۇگوسلاۋىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە بالقان ئۇرۇشى ۋە 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئېرىشكەن كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، غەرب تەرەپتىكى ماكېدونىيە ۋە دېموك دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارنى يۇگوسلاۋىيەگە بۆلۈپ بېرىدۇ؛ جەنۇبىي دوبرۇدجا رايونىنى رومىنىيەگە بۆلۈپ بېرىدۇ؛ غەربىي تراسىينى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ (كېيىنچە گىرېتسىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى) دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن بۇلغارىيە ئالېكساندىر پورتى ۋە ئېگېي دېڭىزىغا تۇتىشىدىغان بارلىق ئېغىزلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. شەرتنامىدە يەنە بۇلغارىيەنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى بىكار قىلىنىدۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ ئەسكەر سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، دېڭىز، هاۋا ئارمىيەسى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، تۆلەم سوممىسى 445 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ، بۇنى 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ 37 يىلدا تۆلەپ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1920 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋېنگىرىيە پىرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قوراللىق ئارىلاشقاندىن

كېيىن ۋېرسالدىكى تىرىيانون سارىيىدا ۋېنگرىيە بىلەن تىرىيانون شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە شەكىل جەھەتتە ۋېرسال شەرتنامىسى ۋە سايىنت گېرمان شەرتنامىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇش جاۋابكارلىقىغا دائىر ماددىلار بولغاندىن سىرت، يەنە قورال ـ ياراغ، تۆلەم پۇلى ۋە چېگراغا دائىر ماددىلار بار ئىدى. شەرتنامىدە: ۋېنگرىيە 35 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ۋە دوناي دەرياسىنى چارلايدىغان ئۈچ پاراخوتىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ؛ 2 مىليارد 200 مىليون ئالتۇن فرانك تۆلەم تۆلەيدۇ؛ سىلوۋاكىيە ۋە تاشقى كارپاتىيەنى چېخسىلوۋاكىيىگە بۆلۈپ بېرىدۇ، كىرودىيە ـ سىلوۋېنىيە ۋە باتنانىڭ غەربى قىسمىنى يۇگوسلاۋىيەگە بۆلۈپ بېرىدۇ، باتنانىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ترانسىلۋانىيەنى رومىنىيەگە بۆلۈپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ۋېنگرىيە ئەسلىدىكى زېمىنىنىڭ ئاران 28.6% ىنى ساقلاپ قېلىپ، زېمىنى 92 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرغا، نوپۇسى ئاران 8 مىليونغا چۈشۈپ قالدى.

1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر تۈركىيە سۇلتانلىق ھۆكۈمىتى بىلەن پارىژ ئەتراپىدىكى سېۋىردا سېۋىر شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە بويىچە تۈركىيە ھىجاز بىلەن ئەرمېنىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى، مىسسوپوتامىيە (ھازىرقى ئىراق) ۋە پەلەستىن ئەنگلىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى، سۇرىيە ۋە لىۋان فىرانسىيەنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى، تۈركىيەنىڭ ياۋروپادىكى زېمىنىدىن ئىستانبۇل ۋە يېقىن ئەتراپىتىكى رايونلاردىن باشقا، شەرقىي تراسىي ۋە ئىزمىر گىرېتسىيەگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ بوسفور بوغۇزى ۋە داردانىل بوغۇزى ھەرقايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئورتاق باشقۇرۇلۇپ، مەيلى ئادەتتىكى ۋاقىت ياكى ئۇرۇش مەزگىلىدە بولسۇن، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي

پاراخوتى، سودا پاراخوتلىرى ۋە ھەربىي، سودا ئايروپىلانلىرىغا ئىچىۋېتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيە 4/5 قىسىم زېمىنىدىن ئايرىلىپ پەقەت ئاناتولىيە ئېگىزلىكىدىلا ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيەنىڭ قوراللىق كۈچلىرى 50 مىڭ كىشى ئەتراپىدىلا تىزگىنلىنىپ، ئالتە قوغلىغۇچى پاراخوتى ۋە يەتتە توپچى پاراخوتى ساقلاپ قېلىندى، ھاۋا ئارمىيەسى ۋە توپچى قىسمى بولۇشىغا يول قويۇلمىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، شەرتنامىدە يەنە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيەدىكى كونسۇللار ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر تۈركىيەنىڭ مالىيە خىراجىتى ۋە تاموژنا بېجىنى نازارەت قىلىدىغان بولدى. سېۋر شەرتنامىسى بارلىق شەرتنامىلەر ئىچىدىكى ئەڭ رەھىمسىز شەرتنامە بولۇپ، بۇ تۈركىيەنى مۇستەقىللىق ئورنىدىن مەھرۇم قالدۇردى. لېكىن، بۇ شەرتنامە ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇلمىدى، چۈنكى تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن شەرتنامىگە ئىمزا قويغان سۇلتانلىق ھۆكۈمەت بىكار قىلىنىپ، بۇ شەپقەتسىز شەرتنامە ئېتىراپ قىلىنمىدى.

يۇقىرىقى شەرتنامىلەر ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىر شەرتنامە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، بۇ سىستېما ئارقىلىق جاھانگىرلىكنىڭ ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى خەلقئارا «يېڭى تەرتىپى» ئورنىتىلىپ، بۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي پائالىيەتلىرى قايتىدىن كونتروللۇققا ئېلىندى. بۇ سىستېما «ۋېرسال سىستېمىسى» دەپ ئاتالدى.

ۋېرسال سىستېمىسى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى دۇنياۋى جاھانگىرلىك «تىنچلىق سىستېمىسى» بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ياۋروپانىڭ تىنچلىقىنى قىسقا ۋاقىتلا ساقلاپ، ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرى پەيدا قىلغان زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئاخىر بەربات

www.uyghurkitap.com

بولدى.

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرگە بەك ئېغىر شەرتلەرنىڭ قويۇلۇشى بۇ سىستېمىنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى بىر سەۋەب ئىدى. گەرچە گېرمانىيە شەرتنامىگە مەجبۇرىي ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى زور ئەنئەنىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۇزاققىچە چەيلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، ھەتتا يىرتىپ تاشلايتتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بەزى دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇ شەرتنامىنى ئىجرا قىلغۇسى يوق بولۇپ، ئۇلار: زىيادە قاتتىق جازا ماددىلىرى بولغان بۇ شەرتنامىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەكسىچە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆچ ئېلىش پسىخىكىسىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ، دەپ قارايتتى. لىلويىد جورجى پارىژ سۈلھى يىغىنى مەزگىلىدىلا بۇ مەسىلىنى كۆرۈپ يېتىپ، «فونتايىنبېلاۋ ھۆججىتى» دە: «سىلەر گېرمانىيەنىڭ مۇستەملىكىسىنى تارتىۋېلىشىڭلار، ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئازايتىۋېتىشىڭلار، ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى قىسقارتىۋېتىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ، ئەگەر گېرمانىيە 1919 ـ يىلىدىكى شەرتنامىنى ئادالەتسىز دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەردىن ئۆچ ئېلىش ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنى قاتتىق جازالاش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن ئېغىر شەرتلەرگە تولغان شەرتنامە پەقەت مۇنداق ئىككى خىل رول ئوينايتتى: بىر جەھەتتىن، گېرمانىيە بۇ شەرتنامىنى زادىلا ئىجرا قىلىشنى خالىمايتتى ياكى ئىجرا قىلىپ بولالمايتتى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەرنىڭمۇ گېرمانىيەنى شەرتنامىنى ئىجرا قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

مەجبۇرلىغۇسى يوق ئىدى. دېمەك، بۇ شەرتنامە گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەمەلىي كۈچىنى ۋەيران قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ شەرتنامە گېرمان مىللىتىنىڭ غۇرۇرىغا ئازار بېرىپ، كۈچلۈك قىساس ئېلىش كەيپىياتىنى قوزغايتتى. دەرۋەقە سۇلھى يىغىنى ئەمدىلا ئاياغلىششى بىلەنلا گېرمانىيە قىساسچىلىرى «ۋېرسال شەرتنامىسى يوقالسۇن» دېگەن شوئارنى توۋلاپ، ۋېرسال شەرتنامىسىنى ئىنكار قىلىدىغان مىللىي كەيپىياتنى قوزغاپ، ھىتلېرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت تەقسىماتى ئۇلارنىڭ دۇنيا يېڭى تەرتىپىدىكى ئورنىنى قايتىدىن بېكىتتى، ھالبۇكى بۇ خىل تەقسىمات ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى ئەمەلىي كۈچى، ئاساسلىقى ھەربىي كۈچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېرىشكەن ھوقۇق - مەنپەئەتنىڭ پەرقى چوڭ بولدى، بۇ پەرق ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەسلەپتىلا مۇكەممەل بولمىغان ۋېرسال سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىنى كۈندىن - كۈنگە يوقىتىۋەتتى. ئەنگلىيە كۆپلىگەن مۇستەملىكىنى ئىگىلىۋېلىپ، گېرمانىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، خەلقئارا ئىتتىپاقتىكى ئاساسلىق كونترول قىلغۇچىغا ئايلىنىپ، دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. فرانسىيە گېرمانىيەنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇشتەك ئاساسىي مەقسىتىگە يېتىپ، ئەڭ كۆپ تۆلەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇستەملىكىلەرنى ئىگىلەش جەھەتتە ئەنگلىيەدىنلا كېيىن تۇردى ھەمدە خەلقئارا ئىتتىپاقتىكى يەنە بىر ئاساسلىق كونترول قىلغۇچىغا ئايلىنىپ، «ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سىياسەتنى قوغلىشىش» ئاساسىدا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى

تىكلىدى. ياپونىيە بولسا ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىپ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئۈستۈنلۈكىنى مۇستەھكەملىدى. ئىتالىيە گەرچە بەزى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ 1915 ـ يىلىدىكى مەخپىي كېلىشىمدە بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلمىغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولدى. ئامېرىكا بولسا گېرمانىيە مەسىلىسى، ئەركىن دېڭىز قاتنىشى مەسىلىسى، جۇڭگونىڭ شەندۇڭ مەسىلىسى، خەلقئارا ئىتتىپاق مەسىلىسىدە تەلەپ قاندۇرۇلماي ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا بولۇپ، ئامېرىكا پارلامېنتى شەرتنامىنى تەستىقلىمىدى. ئۇلجا بۆلۈشۈش تەكشى بولمىغانلىقتىن، چوقۇم يېڭى تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقاتتى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زېمىنگەرلىك تالىشىش كۈرىشى ۋېرسال سىستېمىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ قالدى.

مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ يېڭىچە شەكلى بولغان «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق» تۈزۈمى مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسىدىكى كىرىزىسنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ قالالمايتتى. لېنىن: ۋېرسال سىستېمىسى «دۇنيادىكى ئوندىن يەتتە قىسىم نوپۇسنى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق بىر ئوچۇم دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىگە تايىنىپ ئورنىتىلغان پۈتكۈل خەلقئارا سىستېما، خەلقئارا تەرتىپ يانارتاغ ئۈستىدە قالدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلاردا كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى ۋېرسال سىستېمىسىغا زەربە بېرىۋاتاتتى.

كونا ئىمپېرىيەلەرنىڭ خارابىسىدە بەزى يېڭى «مىللىي» مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇلدى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر بۇنى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان، دەۋالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئايرىلغانىدى. بۇ جايلاردا ئەسلىدىنلا ساقلانغان مىللىي مەسىلە ۋە چېگرا ماجىرالىرى بۇنىڭلىق بىلەن ھەل بولمىدى. يېڭى قۇرۇلغان ھەربىر مىللىي دۆلەتتە دېگۈدەك باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بار ئىدى، مەسىلەن، چېخسلوۋاكىيەدە ۋېنگىرلار، پولشادا ئۇكرائىنلار، لىتۋادا پولەكلەر دېگەندەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ئىزچىل تۈردە شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئەمىن تاپتۇرمىدى، چېخسلوۋاكىيەدىكى سودېتېن رايونىدىكى گېرمانلار مەسىلىسى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدىكى مىيۇنخېن كرىزىسىنى بىۋاسىتە پەيدا قىلدى.

ۋاھالەنكى، مۇشۇنداق قاتمۇقات زىددىيەتلەر بىلەن تولغان ناھايىتى مۇقىمسىز سىستېما ئىچىدە يەنە بەزى ئىلغار تەرەپلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، گېرمانىيەگە قارىتىلغان شەرتنامىدە بىر يېڭى قاراش، يەنى ئۇرۇش بىر خىل جىنايى قىلمىش، شۇڭا ھامان بىرسى ئۇرۇشقا جاۋابكار بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇرۇش جاۋابكارلىقىنى كىم ئۈستىگە ئېلىش بولسا يەنە بىر ئىش ئىدى. خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇشنىڭ ئۆزىلا خەلقئارادىكى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇشقا قاراپ تاشلانغان بىر قەدەم بولۇپ، ھەتتا ئۇنى خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ يېڭى شەكلىنى ياراتتى، دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى 1934 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن بۇ ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى، ئامېرىكا بولسا ئەزەلدىن بۇ ئىتتىپاققا قاتناشمىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان، ئۇلار بەرپا قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى ساقلايدىغان

قورالغا ئايلىنىپ قالدى.

**خەلقئارا ئىتتىپاق** خەلقئارا ئىتتىپاق پارىژ سۈلھى يىغىنىنىڭ يەنە بىر مەھسۇلاتى بولۇپ، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ۋىلسون ئۆزىنىڭ «14 نۇقتىلىق» نۇتقىدا خەلقئارالىق ئىتتىپاق قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭدىن باشقا، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەمۇ خەلقئارالىق تەشكىلات قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققانىدى.

فىرانسىيەنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش لايىھەسىنى ئەمگەك مىنىستىرى لېئون بۇرژوا باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئالاھىدە كومىتېتى تەييارلىغان بولۇپ، ناھايىتى روشەن ھالدىكى گېرمانىيەگە قارشى خاھىشقا ئىگە ئىدى. لايىھەدە گېرمانىيەنى خەلقئارا تەشكىلاتقا قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارىلىپ، خەلقئارا تەشكىلات ئاستىدا خەلقئارا ئارمىيە قۇرۇش، خەلقئارا باش ئىشتاب تەسىس قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسىنى لورد پىلمور باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت كومىتېتى تەييارلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى خەلقئارا بىخەتەرلىك تەشكىلاتى بولماستىن، پەقەت ئىتتىپاققا قاتناشقان بىرقانچە چوڭ دۆلەت ئارىسىدىكى كېڭەش چىقىرىش ئاپپاراتى ئىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى «ئىتتىپاق» تىكى مەلۇم بىر ئەزا دۆلەتنىڭ يەنە بىر ئەزا دۆلەتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى. ئامېرىكىنىڭ لايىھەسىنى پولكوۋنىك خوس باشچىلىقىدىكى كومىتېت تەييارلىغان بولۇپ، ئۇ شەكىل جەھەتتە ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسىدىنمۇ بەكرەك خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىگە يېقىن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭدا ئىتتىپاققا ئەزا بولغۇچىلارنىڭ چوڭ دۆلەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، لايىھەدە خەلقئارا ئىتتىپاق ۋە ئۇنىڭ دائىمىي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىش، بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ «زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىگە»،

شۇنىڭدەك «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» پرىنسىپىغا كاپالەتلىك قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پارىژ سۈلھى كېڭىشى ئومۇمىي يىغىنى ئالىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش تەكلىپىنى ماقۇللىدى ھەمدە بۇنى ئومۇمىي تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلىشنى قارار قىلدى. ئارقىدىنلا ۋىلسون رەئىسلىكىدىكى كومىتېت خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنى تەييارلىدى. ۋىلسون خوسنىڭ لايىھەسىنى ئۆرنەك قىلىپ، پارىژ لايىھەسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېڭى لايىھەنى، يەنى خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ لايىھە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ لايىھەسى ئاساسىدىكى مۆتىدىل لايىھە بولۇپ، كەسكىن تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن 1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە گېرمانىيە، ئاۋسترىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيەگە قارىتىلغان شەرتنامىلەرنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىندى. 1920 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاق رەسمىي قۇرۇلدى.

خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇش جەريانىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋىلسون ناھايىتى زور رول ئوينىدى، ھەتتا بەزىلەر «خەلقئارا ئىتتىپاق ۋىلسوننىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە باھا بەردى. لېكىن، پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئامېرىكا ھېچقانچە ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇ تۈزگەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك پىلان ۋە قىسقا مەزگىللىك نىشان ئەمەلگە ئاشماي، بۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلدى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى: ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە بەلگىلەنگەن «خەلقئارا ئىتتىپاققا ئەزا دۆلەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ھازىرقى سىياسىي مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ھەم ئۇنى

قوغدايدۇ، تاشقى تاجاۋۇزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېگەن ماددا ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، بۇ، ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا نۇرغۇن مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىدى. ۋىلسون بولسا بۇ ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ يادروسى دەپ قاراپ، بۇ ماددىنى ئۆزگەرتىشنى رەت قىلدى، شۇ سەۋەبتىن ۋىلسوننىڭ سىياسىي دۈشمىنى بولغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى كېڭەش پالاتاسى ئۇ ئىمزا قويۇپ بولغان ۋېرسال شەرتنامىسىنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى ھەم خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىشنىمۇ رەت قىلدى.

خەلقئارا ئىتتىپاققا دەسلەپتە 44 دۆلەت ئەزا بولدى، كېيىن ئەزا بولغان دۆلەتلەر 63 كە يەتتى، گېرمانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى 1926 ـ يىلى ۋە 1934 ـ يىلى ئاندىن ئەزا قىلىندى.

خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتى بارلىق ئەزا دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر يىغىنى، مەمۇرىي پالاتا ۋە دائىمىي كاتىبات باشقارمىسى بولدى. جەنۋە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ باش ئىشتابى تۇرىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى. خەلقئارا ئىتتىپاق يىغىنىنى كەم دېگەندە ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىش، زۆرۈر تېپىلغاندا پەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىش، ھەربىر ئەزا دۆلەت ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇش، كۆپ بولغاندا ئۈچ ۋەكىل ئەۋەتىش، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولۇش قارار قىلىندى. بۇنىڭدا ھەربىر ئەزا دۆلەت چوڭ يىغىندا پىكىر قىلسا، مۇنازىرە يۈرگۈزسە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى «ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلارنى ياكى دۇنيا تىنچلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا چېتىلاتتى». ۋاھالەنكى، ئاساسلىق قارارنى خەلئارا ئىتتىپاقنىڭ مەمۇرىي پالاتاسى چىقىراتتى، مەمۇرىي پالاتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە،

ئىتالىيە ۋە ياپونىيەدىن ئىبارەت بەش دائىمىي ئەزا دۆلەت (ئامېرىكا خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتناشمىدى، گېرمانىيە كېيىن دائىمىي ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشتى) ۋە چوڭ يىغىن سايلاپ چىققان تۆت بىرەسىمىي دائىمىي ئەزا دۆلەت (كېيىن توققۇزغا كۆپەيدى) تىن تەركىب تېپىپ، ھەر يىلى كەم دېگەندە تۆت قېتىم يىغىن ئاچىدىغان بولدى، ئۇ تەدرىجىي ھالدا چوڭ يىغىننىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا ئايلىنىپ، چوڭ يىغىن پىرىنسىپ جەھەتتە قوبۇل قىلغان سىياسەتلەرنى تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. خەلقئارالىق يىغىن ئادەتتە بويىچە، يۇقىرىقى ئىككى ئاپپاراتنىڭ قارارلىرى ئادەتتە بارلىق ئەزالارنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. دائىمىي كاتىبات باشقارمىسى خەلقئارا ئىتتىپاقتىكى ئەڭ يېڭىچە تەركىب دەپ قارالدى، ئۇنىڭغا سىر ئېرىك درۇمموند باش كاتىپ بولدى. باش كاتىپ يىغىنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دوكلات ۋە ئەرز ـ شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىش، شەرتنامىلەرنى تىزىملاش، چوڭ يىغىن ۋە مەمۇرىي پالاتانىڭ ھۆججەتلىرىنى تەييارلاش، نەشر بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

بۇ ئۈچ ئاساسلىق ئاپپاراتتىن باشقا، خەلقئارا ئىتتىپاقتا يەنە دائىمىي خەلقئارا سوت، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى، دائىمىي مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق كومىتېتى قاتارلىق ئالتە دائىمىي ئاپپارات، مەخسۇس كومىتېت ۋە نۇرغۇن ياردەمچى ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنىپ، كۆپلىگەن كونكرېت، مۇرەككەپ خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى. مەسىلەن، قەرز پۇل تارقىتىش، ئەپيۇن سودىسىنى چەكلەش، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سەرگەردانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرەتتى. خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە، ئەھدىنامىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى «خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا تىنچلىق ۋە

بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسىتىلىپ، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، مەمۇرىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ۋە تاشقى تاجاۋۇزدىن مۇداپىئە كۆرۈش، بىر ـ بىرى ئارىسىدىكى تىنچلىقنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ئۇرۇش قوزغىغۇچىلارنى جازالاش دېگەندەك بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. ئەھدىنامىدە يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا تۈزۈلگەن، خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەرتنامىلەر بىردەك بىكار قىلىنىپ، «ئاشكارا دىپلوماتىيە يولغا قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

ھالبۇكى، بۇ ماددىلاردىكى بەزى كۆز قاراشلار بىرلىككە كەلمىگەن، شۇنىڭدەك ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىدى. مەسىلەن، ئەھدىنامىدە بارلىق تالاش ـ تارتىشلار سوتتا بىر تەرەپ قىلىش، كېسىم قىلىشقا سۇنۇش ياكى مەمۇرىي پالاتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، ئەگەر تالاش ـ تارتىش قىلغان مەلۇم بىر تەرەپ ئۇرۇش ۋاسىتىسىگە تايىنىپ تاجاۋۇزچىلىق قىلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جازا بېرىلىدۇ ۋە كوللېكتىپ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ناھايىتى ئېنىق، تەپسىلىي بېكىتىلگەن، ھەربىي تەدبىرلەر بولسا مۇجمەل، تۇتۇق بېكىتىلگەنىدى. ئەگەر توقۇنۇشقان ئىككى تەرەپ يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۇسۇل بويىچە يارىشالمىسا ياكى مەمۇرىي پالاتانىڭ تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىش دوكلاتى بارلىق ئەزالارنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىدىن ئۆتمىسە، ئۇنداقتا ئۇلار ئۇرۇش ۋاسىتىسىگە تايانسا بولاتتى، يەنە كېلىپ جازاغا ئۇچرىمايتتى. دېمەك، ئەھدىنامىدە ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

مۇمكىنچىلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغانىدى، شۇنىڭدەك ئۇرۇشنىڭ قانۇنسىز قىلمىش ئىكەنلىكى جاكارلانمىغانىدى. ئەھدىنامىدە يەنە «ئەزا دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغۇدەك ۋە خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئورتاق ئادا قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ بىر قۇرۇق گەپ ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەرقايسى دۆلەتلەر قوشۇنلىرىنىڭ كونكرېت سانى ياكى ھەربىي ھازىرلىقنى قىسقارتىش نىسبىتى بەلگىلەنمىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلەش كۈچى يوق ئىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەر كۆپىنچە «دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش» ۋە «خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش» نى دەستەك قىلىپ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشنى رەت قىلالايتتى.

خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە يەنە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمى بەلگىلەندى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا باش مىنىستىرى گېنېرال سىمۇسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى، ۋىلسوننىڭ قوللىشى بىلەن خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ 22 - ماددىسىدا بېكىتىلدى. مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدىغان جايلار ئا، ب، س ئۈچ تۈرگە بۆلۈندى، ئا تۈردىكىسى ئىلگىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولغان ئەرەب زېمىنى بولۇپ، «ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋاقىتىنچە مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى»، لېكىن «يەنىلا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ مەمۇرىي يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى، تاكى مۇستەقىل بولغۇچە شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى». ب تۈردىكىسى ئىلگىرى گېرمانىيەگە تەۋە بولغان ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەر بولۇپ، «ئۇنىڭ تەرەققىياتى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۆلەتلەر يەرلىككە مەمۇرىيەت

يۈرگۈزمىسە بولمايدىغان دەرىجىدە ئىدى»، لېكىن مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار باشقا دۆلەتلەرنى «سودا جەھەتتە تەڭ ـ باراۋەر پۇرسەت بىلەن تەمىنلەش» كە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىدى. بۇ ئىككى تۈردىكى رايونلارنىڭ قاچان مۇستەقىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىدى. س تۈردىكىسى ئىلگىرى گېرمانىيەگە تەۋە بولغان غەربىي جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىلەر ۋە تىنچ ئوكياندىكى ئاراللار بولۇپ، ئۇ «مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ بىر زېمىنى سۈپىتىدە» ئۇلارنىڭ قانۇنى بويىچە باشقۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. يۇقىرىقى ئۈچ تۈردىكى مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدىغان جايلارنىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 250 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 19 مىليون، يىللىق سودا ئومۇمىي سوممىسى 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇرۇشتىن كېيىن مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىدىن قورقۇپ مۇستەملىكە سىستېمىسىغا كىرگۈزگەن بىر خىل ئۆزگەرتىش بولۇپ، ئۇ ئىلغارلىقنى ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، لېكىن مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى پارىژ سۈلھى يىغىنىدا تۈزۈلگەن تۈرلۈك شەرتنامىلەرگە كىرگۈزۈلدى، بۇ ئۇنىڭ ۋېرسال سىستېمىسىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. خەلقئارا ئىتتىپاق دۇنيادىكى تۇنجى خەلقئارا سىياسىي تەشكىلات بولۇش سۈپىتىدە، 20 ـ ئەسىردىكى دۇنيانىڭ ئۆزئارا باغلانغان ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ 1946 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى چوڭ يىغىندا رەسمىي تارقىتىۋېتىلدى.

www.uyghurkitap.com

# 3 - بۆلۈم ۋاشىنگتون يىغىنى

كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يىراق شەرق، تىنچ ئوكيان رايونىنى يېڭىباشتىن تالىشىشى ۋېرسال سىستېمىسى پەقەت جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنى تەڭشىدى، ئەمما ئۇلار يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆزئارا توقۇنۇشقانىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چاررۇسىيە يوقىلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ رايوندىكى رىقابەتتىن چېكىنىپ چىقتى. گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئۇنىڭ ئۆز زېمىنى سىرتىدىكى ھەرقانداق رايوندا قايتا مەنپەئەتكە ئېرىشىشىگە يول قويمىدى، فىرانسىيە ئۇرۇشتا ئېغىر چىقىم تارتقانلىقتىن، بۇ چاغدا ئۇرۇش يارىسىنى ساقايتىش ۋە ئۆزىنىڭ ياۋروپادا ئېرىشكەن مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىنى تالىشىشقا قول تىقالمىدى، بۇنىڭ بىلەن يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئاساسلىقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە ياپونىيەلا تالاش - تارتىش قىلىشتى، بۇلار ئارىسىدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ زىددىيىتىمۇ، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ زىددىيىتىمۇ بار ئىدى، ئەڭ گەۋدىلىك زىددىيەت ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىدا بولۇپ، تالاش - تارتىشنىڭ مەركىزى جۇڭگودا ئىدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ياپونىيە ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئورتاق ھالدا گېرمانىيە ۋە چاررۇسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇردى. ياپونىيە 1904 ـــ 1905 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا رۇسىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى تېزلىتىپ، ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ شەرققە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكياندىكى كۈچىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، گېرمانىيەدىن تىنچ ئوكياندىكى مارشال تاقىم ئاراللىرى، كارولىن تاقىم ئاراللىرى ۋە مارىئانا تاقىم ئاراللىرىنى تارتىۋالدى؛ ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭگونىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى ھەمدە 1915 ـ يىلى يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنى جۇڭگونى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان «21 ماددا» نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگونى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ياپونىيەنىڭ بۇ بىر قاتار ھەرىكەتلىرى گەرچە ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتا ياپونىيەنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ، جۇڭگونى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ۋاقتىنچە ياپونىيە بىلەن سۇلھى قىلىشتىن ئايانمىدى. 1917 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە «لانسىڭ ـ ئىشىئى كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە ئامېرىكا «ياپونىيەنىڭ جۇڭگودا، بولۇپمۇ ياپونىيە زېمىنىغا يېقىن جايلاردا پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى بارلىقى»نى ئېتىراپ قىلدى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۆزىنىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پىرىنسىپىغا مەڭگۈ ئەمەل قىلىدىغانلىقى» نى قايتا تەكىتلىدى. بۇ ياپونىيەنىڭ كۈچىنى ناھايىتى تېز ئاشۇردى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ياپونىيە جۇڭگونىڭ تاشقى سودىسىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىدى،

ئەنگلىيە بولسا ئاران 17.1% نى، ئامېرىكا 16.1% نى ئىگىلىدى. ياپونىيە يەنە كۆپلىگەن مالىلىرىنى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرگە چىقىرىپ، بۇ رايونغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ بوسۇغىسىدىكى مېكسىكىدا ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلەشتى.

ئامېرىكا ياپونىيەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا كاپىتال چىقاردى. 1918 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆزى ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە بىرلىشىپ يېڭى خەلقئارا بانكا گۇرۇھى قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدا جۇڭگوغا بېرىلىدىغان تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بانكا گۇرۇھى مونوپول قىلىدۇ ھەمدە بانكا گۇرۇھى قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى كونترول قىلىدۇ، دېيىلدى. ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ بانكا گۇرۇھىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇ كۆرۈنۈشتە بانكا گۇرۇھىغا قاتنىشىشقا قوشۇلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئامالىنىڭ بارىچە بانكا گۇرۇھىنىڭ كەسپىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشىغا توسالغۇ بولۇپ، بۇ توغرىدىكى سۆھبەتنى ئىككى يىلغا سوزۇپ نەتىجىسىز قالدۇردى. ئامېرىكىنىڭ بۇ پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، جۇڭگو ئىنقىلابىي يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋەزىيەتتە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بانكا گۇرۇھىنىڭ قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىشىدىكى قۇل قىلىش خاراكتېرلىك شەرتلىرىنى قوبۇل قىلالمىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن يىراق شەرق بازىرى ئامېرىكىغا نىسبەتەن بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قالدى. 1920 ـ يىلى رەسمىي قاتناش باشلانغان پاناما قانىلى ئامېرىكىنىڭ مۇھىم پورتلىرى بىلەن يىراق شەرق ئارىسىدىكى ئارىلىقنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقنى تالىشىش ئارزۇسىنى بارغانسېرى كۈچەيتتى، يىراق شەرقنى تالىشىش، بولۇپمۇ جۇڭگونى

تالىشىش ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە باش ئورۇنغا قويۇلدى. ۋەھالەنكى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە مەملىكەت ئىچىدە ئۇرۇشقا قارشى كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئامېرىكىنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلىمىسىز ھالدا كېڭەيتەلمەيدىغان قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ جۇڭگودىكى پۇل مۇئامىلە بازىرى ۋە تاۋار بازىرىنى تارتىۋېلىش نىشانى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئىشقا ئاشمايتتى. ئامېرىكا ئالدى بىلەن ياپونىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئۆزى بىلەن قارشىلىشىدىغان يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگەتمەكچى بولدى.

ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىككىلا تەرەپكە نىسبەتەن پايدىلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى 1902 ـ يىلى ئىمزالىنىپ، 1905 ـ يىلى ۋە 1911 ـ يىلى يەنە ئىككى قېتىم قايتا ئىمزالانغان بولۇپ، ۋاقتى 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا توشاتتى. ياپونىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىتتىپاقداشلىق 20 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىكى خەلقئارالىق تۈۋرۈكى بولغانىدى. ئەنگلىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىتتىپاقداشلىق ئۇنىڭ فىرانسىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ۋە رۇسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش، كېيىن گېرمانىيە بىلەن قارشىلىشىشتا ئۆز فىلوتىنى يىراق شەرقتىن بوشىتىپ ھىندىستان ۋە ئاسىيادىكى باشقا مۇستەملىكىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرەتتى.

ۋاھالەنكى، ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئەنگلىيەگە نىسبەتەن پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولۇپ قالدى. ياپونىيە بۇ ئىتتىپاقداشلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتۇالدى: جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە

ئەنگلىيەدىن قېلىشمىدى، جۇڭگوغا تاۋار چىقىرىش جەھەتتە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىغا، شۇنداقلا شياڭگاڭ، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، سىنگاپور، بىرما، ھەتتا ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا سىڭىپ كىرىپ كېڭەيمىچىلىك قىلدى. بۇ ئەنگلىيەنى بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشىمىز بىزنى يىراق شەرقتىن قوغلاپ چىقارماقچى ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ زىددىيىتى 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، ئەنگلىيە مۇددەتتى توشۇش ئالدىدا تۇرغان ئەنگلىيە - ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى داۋاملىق تۈزۈش - تۈزمەسلىكتىن قەتئىينەزەر، چوقۇم يىراق شەرقتىن يېڭى ئىتتىپاقداش تېپىش كېرەك، دەپ قارىدى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىددىيەت ئاساسلىقى تاۋار سېتىش بازىرىنى، مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنى ۋە خام ئەشيا بازىرىنى تالىشىش ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان كانادا، ئاۋستىرالىيەگە سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى. ئەنگلىيە جۇڭگوغا ئەڭ دەسلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۆلەت بولۇش سۈپىتىدە، جۇڭگونىڭ ئەڭ باي جەنۇبىي رايونىنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالدى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئەنگلىيە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ ئامېرىكىنىڭ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىگە پاسسىپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ۋە يىراق شەرقتىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن، ھەم ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىقتىسادىي ھۇجۇمى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇيالمىدى، ھەم ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالمىدى، بۇ خىل ئەھۋالدا ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ «ئىشىكنى

ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى قوللاپ، ئامېرىكىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ياپونىيىنى چەكلەپ، ئۆزىنىڭ ئېرىشىپ بولغان مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە يەنە ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ ياپونىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرۇشتىكى شېرىكلەرگە ئايلاندى، چۈنكى ئامېرىكىغا شۇ ئايان ئىدىكى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا ياپونىيەنى تىزگىنلەش ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك هوقۇقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك ئىدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلە دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرى ۋە ئەنگلىيە ـ ياپونىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مەسىلىسى ئىدى. 1919 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا تۈزۈلۈپ بولغان دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇلۇشى پىلانىنى تەستىقلىدى، بۇ پىلان بويىچە ئامېرىكا فىلوتى 1924 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك فىلوتقا ئايلىناتتى. بۇ ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكىگە بىۋاسىتە خىرىس شەكىللەندۈرەتتى، هالبۇكى ئەنگلىيەنىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا مادارى يوق ئىدى. ئەنگلىيە ياپونىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مەسىلىسىدە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قاتماللاشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ياپونىيە بىلەن داۋاملىق شەرتنامە تۈزمەسلىككە قوشۇلدى.

**دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرى مۇسابىقىسى** دېڭىز ئارمىيەسى ئەزەلدىن جاهانگىرلارنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ۋە دۇنياغا زومىگەر بولۇشنى تالىشىشتىكى ئاساسلىق قورالى بولۇپ، دېڭىز ئارمىيە كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى زومىگەرلىك تالىشىشنىڭ نەتىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دېڭىز

www.uyghurkitap.com

ئارمىيە هازىرلىقلىرى مۇسابىقىسى گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ يوقىلىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ شىمالىي دېڭىز ۋە ئاتلانتىك ئوكيان رايوننى تالىشىشىدىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ تىنچ ئوكيان رايوننى تالىشىشىغا يۆتكەلدى.

ئەنگلىيە ئۇرۇشتىن كېيىن يەنىلا ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىلەن كۈچ سىنىشالايتتى. ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىر - بىرىنى يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ زومىگەرلىك هوقۇقىنى تالىشىشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ قارايتتى. ياپونىيە هەربىي ئىشتابى 1907 - يىلىلا تېننۇغا (ساماۋى پادىشاهقا) «ئىمپېرىيە دۆلەت مۇداپىئە فاڭجېنى» نى سۇنۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكىنى رۇسىيەدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تەسەۋۋۇردىكى دۈشمەن دەپ قارىغان، 1923 - يىلى بۇ فاڭجېنغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن چاغدا تەسەۋۋۇردىكى بىرىنچى چوڭ دۈشمەننى ئامېرىكا دەپ بېكىتكەنىدى. ئامېرىكىمۇ خېلى بۇرۇنلا ياپونىيەگە قارىتىلغان ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشنى ئويلاشقان بولۇپ، 1913 - يىلى ئامېرىكا هەربىي ئىشتابى ياپونىيەنى ئوبيېكت قىلغان «سېرىق رەڭلىك ئۇرۇش پىلانى» نى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن جەهەتتە، ياپونىيە ئامېرىكىغا قارىغاندا ئەۋزەل ئورۇندا تۇراتتى، ئۇ تەيۋەن، رىيۇكيۇ ئاراللىدا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرغان، ساخالىن ئارىلى، كورىل تاقىم ئارالى، مارىيانىنا تاقىم ئاراللىرى، كارولىن تاقىم ئاراللىرى، مارشال تاقىم ئاراللىرىدا تايانچ نۇقتا تەسىس قىلغانىدى، كەڭ تىنچ ئوكيان رايونىدا ئۆز فىلوتىنى خالىغانچە يۆتكىيەلەيتتى، ئامېرىكىغا نىسبەتەن بۇنداق قىلىش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. گەرچە ئامېرىكا 1920 - يىلى ئۆز فىلوتىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئاتلانتىك ئوكياندىن تىنچ ئوكيانغا يۆتكەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 1921 - يىلىغا

كەلگەندىلا پارلامېنت ئاندىن پۇل ئاجرىتىپ فىلىپپىن ۋە گۇئام ئارىلىدا بازا قۇرۇشنى تەستىقلىغاندى، تاسادىپىي ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئامېرىكا غەربىي تىنچ ئوكياندا تايانچ بازىسى بولمىغان ئەھۋالدا ياپونىيەدىن دېڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكنى تالىشالمايتتى. شۇڭا، ئامېرىكا ھەدەپ دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى.

پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە، ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا باشلىدى، ۋىلسون ئىلگىرى «دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت بىلەن ئەڭ زور كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى(بولۇپمۇ دېڭىزدا) ساقلىيالايدىغان» دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇشنى ئوتتۇرغا قويغانىدى. ئەنگلىيە بولسا ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاشقا بەل باغلىغانىدى. ئەنگلىيە باش ۋەزىرى لىلويىد جورجى ئامېرىكىلىق پولكوۋنىك خوسقا «ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ بارلىق پۇلىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ ئامېرىكا ۋە باشقا ھەرقانداق دۆلەتكە نىسبەتەن دېڭىز ئارمىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قالىدۇ» دېگەنىدى. ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ۋىنىستون چېرچىل تېخىمۇ قەتئىي ھالدا: « مەيلى قانداقلا كۆزقاراش، قانداقلا بەس ـ مۇنازىرە ۋە قانداقلا پەندى ـ نەسىھەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىز دۆلىتىمىز تايىنىپ تۇرۇۋاتقان دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ» دېگەنىدى. 1918 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىلسون ئامېرىكا پارلامېنتىغا 600 مىليون دوللار ئاجرىتىپ دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتىش پىلانىنى سۇندى. ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە بۇنىڭدىن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەندى. 1919 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارىژ سۈلھى يىغىنىنىڭ سىرتىدا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بىر مەيدان سۆھبەت ئېلىپ باردى، بۇ «پارىژدىكى دېڭىز ئارمىيە سۆھبىتى» دەپ ئاتالدى، سۆھبەتتە ئەنگلىيە ئامېرىكىدىن يېڭى دېڭىز پىلانىدىن ۋاز كېچىشنى ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ كۈچلۈك دېڭىز

ئارمىيەسى بولۇشىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياج تۇيۇلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە سۇلھى كېڭىشىدىكى بەزى شەرتلەر ئارقىلىق ئۇنى قىستىدى. ۋىلسون ئەنگلىيەنىڭ تەلىپىگە مەجبۇرىي ماقۇل بولدى. ھالبۇكى، بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ 1919 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئامېرىكا پارلامېنتى دېڭىز ئارمىيەسىنى كېڭەيتىش پىلانىنى تەستىقلاپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ئون ئاساسىي پاراخوت، ئالتە ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە 50 قوغلىغۇچى پاراخوتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 137 ھەربىي پاراخوت ياساشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا يېڭى پاراخوت ياساش ئۈچۈن 1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 187 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ بولدى، پىلاننى پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ پىلان ئىشقا ئاشسا، ئامېرىكا 1924 ـ يىلى 38 ئاساسىي پاراخوتقا ئىگە بولۇپ، ئەنگلىيەدىن ئېشىپ (ئەنگلىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتا 32 ئاساسىي پاراخوتى بار ئىدى)، دۇنيادىكى بىرىنچى كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيە دۆلىتىگە ئايلاندى.

ئەنگلىيە ئۇزاقتىن بۇيان «ئىككىدىن كۈچلۈك بولۇش» (يەنى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى دېڭىز ئارمىيەسى ئەڭ كۈچلۈك باشقا ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر بولۇش) سىياسىتىنى يولغا قويغانىدى. ئۇ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي، 1921 ـ يىلى ياسىلىپ بولغان ئون ئاساسىي پاراخوتتىن باشقا يەنە 40 مىڭ تونناژلىق تۆت چوڭ پاراخوت ياساش، ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئون ئوكيان چارلاش پاراخوتى ۋە 30 نەچچە سۇ ئاستى كېمىسى ياساشنى قارار قىلدى. بۇ دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرىنى كېڭەيتىش پىلانى ئەنگلىيەنىڭ مالىيەسىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. 1919 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دېڭىز ئارمىيە خىراجىتى 1913 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكىنىڭ ئۈچ

ھەسسىسىدەك كۆپەيدى.

ياپونىيەنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ ئېشىپ باردى. ئۇ 1917 ـ يىلى «8 ـ 4» فىلوت قۇرۇش پىلانىنى ماقۇللاپ، 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە يەنە «8 ـ 8» فىلوت قۇرۇش پىلانى (يەنى فىلوتلارنى ھەر سەككىز يىلدا بىر قېتىم يېڭىلاش، سەككىز ئاساسىي پاراخوتقا ئىگە ئىككى فىلوت قۇرۇش) نى ماقۇللىدى. مۇشۇ پىلان بويىچە بولغاندا 1928 ـ يىلىغا بارغاندا ياپونىيە ئاساسىي پاراخوتتىن سەككىزنى، يېڭىچە ئوكيان چارلاش پاراخوتىدىن سەككىزنى كۆپەيتەلەيتتى، بۇ پىلاننى ئورۇنلاش ئۈچۈن ياپونىيە 1921 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيەسىگە 500 مىليون يېن ئاجرىتىپ بەردى، بۇ ئورۇشتىن بۇرۇنقىدىن تەخمىنەن بەش ھەسسە كۆپ بولۇپ، ياپونىيەنىڭ دۆلەت خامچوتىنىڭ 1/3 ىنى ئىگىلەيتتى.

1921 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈچى نىسبىتى ئامېرىكىنىڭكىنى 10 دەپ قارىغاندا 13.5:10:4.9 بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي پاراخوت (ئوكيان چارلاش پاراخوتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىسبىتى 13.9:10:6.8 بولدى؛ ئەگەر ياسىلىشقا باشلىغان پاراخوتلارنى ھېسابلىغاندا، ئاساسىي پاراخوت نىسبىتى 10.6:10:8.7 بولاتتى. ئەنگلىيە ئەمدى ھېچقانچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەيدىغان بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پاراخوتلىرىنىڭ كونىراپ كېتىش دەرىجىسى ئامېرىكىدىن ئۈستۈن تۇراتتى.

كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدا بارغانسېرى جىددىيلىشىۋاتقان دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى مۇسابىقىسى ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۈنجى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تەسىرىدە سەل بوشاپ قالدى. بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مالىيە قىيىنچىلىقى ئۇنى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق قىلىپ قويدى، ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، 850 مىليون فوندستېرلىڭلىق ئۇرۇش قەرزىنى

قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، 1921 ـ يىلى فوندستېرلىڭنىڭ باھاسى ئۇنىڭ ئالتۇن قىممىتىنىڭ 75%ىگە چۈشۈپ قالدى. لىلويىد جورجى دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى مۇسابىقىسىنىڭ ئەنگلىيەنى گۇمران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئامېرىكىغا مادارا قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1920 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى لانگېر ئوتتۇق سۆزلەپ، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تەڭ ـ باراۋەر دېڭىز ئارمىيەسىگە ئىگە بولۇشىنى كېڭىشىپ بېكىتىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1921 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ھالدا ئەنگلىيەنىڭ «ئىككىدىن كۈچلۈك بولۇشتەك ئەنئەنىۋى سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارلانغانلىقى»نى ئۇقتۇردى. ياپونىيە گەرچە قارا نىيەتتى زور بولسىمۇ، 1919 ـ يىلىدىن كېيىن تاشقى سودىسىدا ھەر يىلى پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. بولۇپمۇ 1920 — 1921 ـ يىللىرىكى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ناچار ۋەزىيەتنىڭ زەربىسىدە، پاراخوت ياساش مۇسابىقىسىدىكى ئېغىر چىقىمنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئامېرىكىنىڭ گەرچە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، كاپىتالى ئەنگلىيەدىنمۇ كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دېڭىز ئارمىيە كۈچى ئەنگلىيەدىن ئارقىدا قالغان، باشلىنىش نۇقتىسى ناھايىتى تۆۋەن، يەنە كېلىپ تىنچ ئوكيان رايونىدا ھېچقانچە دېڭىز ئارمىيە بازىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دېڭىزغا زومىگەرلىك قىلىش پىلانى تېز ئىشقا ئاشمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، رىقابەتچىلىرىگە چەك قويماقچى بولدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى كەيپىياتى ئۇزلۇكسىز ئەۋجگە چىقتى، شەرقتە كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ بورىنى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسەتتى،

بولۇپمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئويغىنىشى ۋە پارتىژ سۇلھى يىغىنى مەزگىلىدە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى قۇل قىلىدىغان قىلمىشلىرىغا قاتتىق قارشى تۇرۇشى، جاھانگىرلارنى جۇڭگودىكى مەنپەئەتى ۋە پۈتكۈل تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈشتە ئوبدانراق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ھەربىي كۈچكە ئىلتىجا قىلىشقا مادارى قالمىغانلىقتىن، پەقەت خەلقئارالىق يىغىن ئېچىش ئارقىلىق مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداق قىلىپ، ۋاشىنگتون يىغىنى ئېچىلدى.

**ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى** 1921 ـ يىلى 5 ــ 6 ـ ئايلاردا ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ كېڭەش ۋە ئاۋام پالاتالىرى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ۋىلىيام بولات ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرىغا چەك قويۇش خەلقئارالىق يىغىنىنى ئېچىش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئەنگلىيە پارلامېنتىمۇ تىنچ ئوكيان ۋە يىراق شەرق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان خەلقئارالىق يىغىن ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا، تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈش ئۈچۈن 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى خاردىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خوگېسقا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە جۇڭگوغا ۋاشىنگتوندا ئالتە دۆلەتنىڭ يىغىنىنى ئېچىش تەكلىپىنى بېرىش توغرۇلۇق كۆرسەتمە بەردى.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ تەكلىپىگە ناھايىتى تېزلا ماقۇل بولدى، پەقەت ياپونىيەلا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي ئۆز پىكرىدە قالدى. ئەمەلىيەتتە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلەش مۇزاكىرىسىگە قاتناشقۇسى يوق ئەمەس ئىدى، پەقەت

www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان ۋە يىراق شەرق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى مۇددىئاسىدىن گۇمان قىلاتتى، بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاۋۋال كېلىشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى ئورنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. لېكىن ئامېرىكا «دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانىكەن، ئۇنى رەت قىلسا بولمايتتى، بولمىسا دىپلوماتىيە جەھەتتە يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيە تەكلىپنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىغا چەك قويۇش مەسىلىسىنى «يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش» نى، يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان مەسىلىسىدە پەقەت ئادەتتىكى پىرىنسىپلار بىلەنلا چەكلىنىشنى، يەنى «پەقەت بىردەكلىك ۋە سىياسەتتىكى ئورتاقلىق ئۈستىدە چۈشىنىش هاسىل قىلىشنى»، «21 ماددا» ۋە ياپونىيەنىڭ شەندۇڭدىكى هوقۇق-مەنپەئەتى مەسىلىسىدە «ئېهتىياتچان بولۇشنى»، «ئۆتمۈشتىكى كونا هېسابقا ئېسىلىۋالماسلىق» نى، يەنى جۇڭگو مەسىلىسىنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گېرمانىيە ئورنىدا مەغلۇپ بولغان دۆلەت سۈپىتىدە يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مۇستەملىكىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىدى، سوۋېت رۇسىيەسى ۋە يىراق شەرق جۇمهۇرىيىتىمۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنمىدى. بۇنىڭغا قارىتا سوۋېت هۆكۈمىتى ئامېرىكىغا نوتا تاپشۇرۇپ، «رۇسىيە هۆكۈمىتى ئۆزى قاتناشتۇرۇلمىغان، ئۆزىگە بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان يىغىنلاردا هەرقانداق چوڭ دۆلەتنىڭ ئۆزىدىن يوشۇرۇنچە تىنچ ئوكيانغا ئالاقىدار قارار چىقىرىشىغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ» دېدى هەمدە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ قارارلىرى هېچقانداق قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، دەپ جاكارلىدى.

1921 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى

خاردىلىك ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، جۇڭگو بەش دۆلەتنى ۋاشىنگتون خەلقئارا يىغىنىغا قاتنىشىشقا رەسمىي تەكلىپ قىلىپ، «دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىغا چەك قويۇش» ھەمدە «تىنچ ئوكيان ۋە يىراق شەرق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيەمۇ يىغىن مەزمۇنى بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، يىغىنغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيەنىڭ ھەرقايسى دومىنىئونلىرى ۋە ھىندىستانمۇ مۇستەقىل ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا جەمئىي 14 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىن 1921 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئېچىلىپ ئىككى يېرىم ئاي داۋام قىلىپ، 1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خوگېس يىغىن رەئىسى بولدى.

ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ ئاساسلىق قارالمىسى ئىككى، جۈملىدىن بىرىنچىسى، دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىغا چەك قويۇش مەسىلىسى؛ ئىككىنچىسى، تىنچ ئوكيان، يىراق شەرق مەسىلىسى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يىغىندا ئىككى كومىتېت تەسىس قىلىندى: «ھەربىي هازىرلىقلارنى چەكلەش كومىتېتى»غا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە بەش دۆلەت قاتناشتى. «تىنچ ئوكيان ۋە يىراق شەرق مەسىلىسى كومىتېتى»غا توققۇز دۆلەت ۋەكىلى قاتناشتى. ئىككى كومىتېت ئايرىم ـ ئايرىم مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

پارىژ سۈلھى يىغىنىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئوچۇق ئېچىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرى گېزىتتە ئېلان قىلىندى، شۇڭا غەرب گېزىتلىرى «مەخپىي دىپلوماتىيەمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاخىرلاشتى» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل يىغىندىكى قارار چىقىرىش ھوقۇقى يەنىلا ئامېرىكا، ئەنگلىيە،

ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ قولىدا، يەنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خوگېس، ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بالفور ۋە ياپونىيە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى كاتو توموسابۇرونىڭ كونتروللۇقىدا بولدى، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئۇلارنىڭ كونترونلۇقىدىكى ئىككى كومىتېت ۋە كىچىك گۇرۇپپىلار مەخپىي ھەل قىلدى. ئاشكارا ئېچىلغان ئومۇمىي يىغىندا پەقەت رەسمىي دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، كومىتېتنىڭ قارارلىرى تەستىقلاندى، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلمىدى، باشقا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ پىكرى كەمدىن ـ كەم ئېتىبارغا ئېلىندى.

يىغىننىڭ ئۆزىدە يەتتە شەرتنامە، 12 قارار لايىھەسى تەستىقلاندى ۋە ماقۇللاندى، يەنە ئىككى شەرتنامىنى يىغىنغا قاتناشقۇچى دۆلەتلەر يىغىن سىرتىدا كېڭىشىپ بېكىتتى، بۇلار ئاساسلىقى «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى»، «بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسى»، «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» ۋە جۇڭگو ـ ياپونىيەنىڭ «شەندۇڭ مەسىلىسىدىكى قېلىپ قالغان ئىشلارنى ھەل قىلىش شەرتنامىسى» ئىدى.

**«تۆت دۆلەت شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى** ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىق مەسىلىسى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمىدى، لېكىن ئىش ناھايىتى روشەن ئىدى، ئەگەر بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا باشقا مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىش تەس ئىدى. شۇڭا، بۇ، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى قىلىندى، ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىنى بىكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ قارىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ئۈچ دۆلەت مۇشۇ ئىش ئۈستىدە مەخپىي مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا ئامېرىكا ئەنگلىيەگە قايتا ـ قايتا بېسىم ئىشلەتتى: بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيەدىن ئۇرۇش قەرزىنى قايتۇرۇشنى سوپلەپ، ئەنگلىيەنىڭ پۇل مۇئامىلە

بازىرىدا كۆرۈلگەن مۇقىمسىز ۋەزىيەتنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن چوقۇم ئامېرىكىغا تايىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىرېلاندىيە مەسىلىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە داۋاملىق ئىتتىپاق تۈزسە، ئامېرىكا ئىرېلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدۇ دەپ، ئەنگلىيەنى بوي ئېگىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىدىكى بەزى دۆلەتلەرمۇ بۇ ئىتتىپاقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، دەپ قاراپ، ياپونىيە بۇ ئىتتىپاقداشلىقتا تايىنىپ بەك پايدا ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ئامېرىكا بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئىمپېرىيەنىڭ سىياسەت ئاساسى قىلىش كېرەك، دەپ ئويلىدى. ياپونىيە ئەلۋەتتە ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ ۋاقتى توشۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى تەخت ۋارىسى خىروخىتونى ئەنگلىيەگە ئەۋەتىپ، شەرتنامىنى داۋاملىق تۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى، لېكىن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنى داۋاملىق تۈزۈش ـ تۈزمەسلىك ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيەگىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق ئىدى.

ئەنگلىيە مالىيە جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى، لېكىن يەنە ياپونىيەنى رەنجىتىپ قويغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا ئەنگلىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا ئۈچ دۆلەت ئىتتىپاقىنى ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى. 1921 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ مەخپىي يىغىنىدا ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بالفور رەسمىي تۇردە بۇ لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھە تىنچ ئوكياندىكى تاقىم ئاراللارغىلا ئەمەس، جۇڭگوغىمۇ چېتىلاتتى، ئۇنىڭدا دىپلوماتىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىش بەلگىلىنىپلا قالماي، يەنە ھەربىي كۈچنى ئىشقا سېلىشمۇ

بەلگىلەنگەندى. بۇ لايىھەدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيتىلىشى بولۇپ، بۇ، ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئامېرىكا: بۇ ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىقىنى ئۆزگەرگەن يوسۇندا ساقلاپ قېلىش، ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئەنئەنىۋى سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ هەم بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ فاكجېنىغا خىلاپ، ئىتتىپاق تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ھەربىي قوشۇن ئىشلىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك، شەرتنامىنىڭ دائىرىسى تىنچ ئوكيان رايونى بىلەنلا چەكلىنىشى، جۇڭگو مەسىلىسى ھەققىدە ئايرىم «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» تۈزۈش كېرەك، دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە فىرانسىيەنى بۇ ئىتتىپاققا قاتناشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. چۈنكى، ئامېرىكا ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ يېقىن شەرقنى تالىشىشتىكى ۋە گېرمانىيە مەسىلىسىدىكى زىددىيىتىنىڭ كۆپلۈكىنى، بولۇپمۇ فىرانسىيەنىڭ ئامېرىكىغا قاتموقات قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى، فىرانسىيەنى بۇ كېلىشىمگە سۆرەپ كىرگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە، ياپونىيە بىلەن تىركىشىشتىكى كۈچىنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، بۇنداق بولغاندا «تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى» شەكىللىنەتتى. ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسى ۋە ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى ئاساسىدا ياپونىيە ۋەكىلى بىر تۈزىتىلمە لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ لايىھە يىغىندا ماقۇللانغاندىن كېيىن خوگېس ئۇنى فىرانسىيەگە ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى.

1921 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە فىرانسىيە «تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى قارام جايلار ۋە زېمىنلار توغرىسىدىكى شەرتنامە»، يەنى «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى ئون يىل قىلىپ بېكىتىلدى. شەرتنامىدە «شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى قارام جايلىرى ۋە

زېمىنلىرىغا بولغان ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ»، ئەگەر بۇ ھوقۇق ھەرقانداق دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزى سەۋەبىدىن تەھدىتكە ئۇچرىسا، «شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتلەر ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن كېڭىشىپ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بىرلىشىپ ياكى مۇستەقىل ھالدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. يەنە بۇ شەرتنامە ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، «ئەنگلىيە ۋە ياپونىيەنىڭ 1911 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لوندوندا تۈزگەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى بىكار قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ، تۆت دۆلەت ئىتتىپاقى ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىپ، ئامېرىكا ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنى بۇزۇۋېتىش مەقسىتىگە يەتتى، ياپونىيە ۋەكىلى ھەسرەت بىلەن ئەنگلىيە ۋەكىلىگە: «سىلەر ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىغا كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردىڭلار» دېدى.

«تۆت دۆلەت شەرتنامىسى» ئىمزالىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قوشۇمچە باياناتمۇ ئىمزالاندى. باياناتتا: تۆت دۆلەت شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئامېرىكىنىڭ مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇ «ئامېرىكا بىلەن مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئاراللارغا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. 1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەنە بىر تولۇقلىما كېلىشىم ئىمزالىنىپ، «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى» دىكى بەزى كونكرېت ماددىلارنىڭ مەزمۇنى چۈشەندۈرۈلۈپ، شەرتنامىدە دېيىلگەن «قارام جايلار ۋە زېمىنلار ياپونىيەگە نىسبەتەن پەقەت كارافۇتۇ ئارىلى(ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبى)، تەيۋەن ئارىلى، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى ۋە ياپونىيە مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەرقايسى ئاراللارنىلا كۆرسىتىدۇ»

دېيىلدى.

«تۆت دۆلەت شەرتنامىسى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشى ھەم كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئۆتكۈر زىددىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ھەم ئۇلارنىڭ مۇئەييەن دائىرىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى زور غەلىبىسى ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، يىراق شەرقتە زومىگەرلىك تالىشىشتىكى بىر توسالغۇنى يوقاتتى. ئىتتىپاقداشلىقنىڭ دىپلوماتىك كېڭىشىش خاراكتېرى يەنە ئامېرىكىنى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن قورال كۈچى ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتىدىن قۇتۇلدۇردى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىمۇ تىنچ ئوكياندىكى غايەت زور ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى مۇستەھكەملىۋالدى. ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى V بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، بۇ شەرتنامە ھەم ئەنگلىيە ـ ياپونىيەنىڭ دوستلۇقىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ قالدى، ھەم ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈردى، دەپ قارىدى. ئۇ بالفورنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا لوردلۇق مەرتىۋىسى بەردى. ۋاھالەنكى، بۇ شەرتنامە ياپونىيەگە كۆپ تەرەپتىن تەسىر كۆرسەتتى، جۈملىدىن ياپونىيە بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى بولغان ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ قالدى، ھەتتا بەزىدە ئەنگلىيە ئامېرىكا تەرەپتە تۇرۇپ ياپونىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇردى. ياپونىيە قورال كۈچى ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشتا سەل ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇ شەرتنامە ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ ياپونىيە خەلقئارادا ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن تەڭ

www.uyghurkitap.com

ئورۇنغا ئۆتۈپ، تۆت كۈچلۈك دۆلەتنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇڭا، ياپونىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى ئوكادا كوساي «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتى بولدى، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە خەلقئارادا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشتى» دېدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ياپونىيە ۋاشىنگتون يىغىنىدا مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

**«بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى** دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىغا چەك قويۇش مەسىلىسى ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ ئاساسلىق قاراملىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا تالاش ـ تارتىش ئىنتايىن كەسكىن مەسىلە ئىدى. 1921 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىنى چەكلەش توغرىسىدىكى بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئاساسىي پاراخوت ياساشقا بولمايدۇ، بۇ هازىر ياسىلىۋاتقان يېڭى پاراخوتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ مەلۇم ساندىكى كونا پاراخوتلار بۇزۇۋېتىلىدۇ؛ هازىرقى دېڭىز ئارمىيە كۈچىگە ئاساسەن هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي پاراخوتلىرىنىڭ تونناژىنىڭ نىسبىتى 5:5:3 بولىدۇ، يەنى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ پاراخوتلىرىنىڭ تونناژى 500 مىڭ توننا، ياپونىيەنىڭ 300 مىڭ توننا بولىدۇ؛ يېڭىدىن ياسىلىدىغان ئاساسىي پاراخوتلارنىڭ سۇ سىقىپ چىقىرىش مىقدارى 35 مىڭ توننىدىن (پاناما قانىلىنىڭ ئەڭ چوڭ قاتناش ئىقتىدارى) ئېشىپ كەتمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئەنگلىيە بۇ يىغىندىن بۇرۇنلا ئەنئەنىۋى «ئىككىدىن كۈچلۈك بولۇش» سىياسىتىدىن ۋاز كەچكەنىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۆزى بىلەن ئامېرىكىنىڭ باراۋەر بولۇش پىرىنسىپىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ياپونىيەنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىگىمۇ باشقىچە پىكىر دە بولمىدى، جۈملىدىن بۇ پەرق ياپونىيەگە تاقابىل تۇرۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ، دەپ قارىدى. ياپونىيە

ۋەكىلى بولسا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ئارىسىدىكى نىسبەتنىڭ 10:10:7 بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، ھۇجۇمچى فىلوت تاقابىل تۇرغۇچى فىلوتقا نىسبەتەن چوقۇم 50% تىن يۇقىرى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلىشى كېرەك، مۇداپىئەچى فىلوت بولسا دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ فىلوتىغا نىسبەتەن چوقۇم 70% تىن يۇقىرى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ بۇ تەلىپىگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەم ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، ياپونىيە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان بولسا، ناۋادا ئۇ بىر پاراخوت ياسىسا ئامېرىكا تۆت پاراخوت ياسايدۇ، دەپ داۋراڭ سالدى. ياپونىيە نائىلاج ئامېرىكا ئوتتۇرىغا قويغان نىسبەتنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى. لېكىن، ئىككى شەرتنى، يەنى بىرىنچىسى، ياپونىيەنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئامېرىكا تىنچ ئوكياندا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا ياپونىيە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتكە ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرقاتار تالاش - تارتىشلار ئارقىلىق فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ ئاساسىي پاراخوتلىرىنىڭ تونناژى 175 مىڭ توننا قىلىپ بېكىتىلدى.

ياردەمچى پاراخوت جەھەتتە، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئاۋىياماتكىلارنىڭ ئومۇمىي تونناژىغا چەك قويۇش مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلگەندىن سىرت، قالغان ئىشلاردا كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. سۇ ئاستى ياردەمچى پاراخوتى، يەنى سۇ ئاستى كېمىسى مەسىلىسى تالاش - تارتىشنىڭ بىر مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئامېرىكا ئۆزى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ تونناژى 90 مىڭ توننا، ياپونىيەنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ تونناژى 54 مىڭ توننا بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. فىرانسىيە ئۆزىنىڭ سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ تونناژى 90 مىڭ توننا بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاساسىي پاراخوت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تولدۇرماقچى بولدى. ئەنگلىيە

بولسا فىرانسىيەنىڭ بۇ تەلىپى ئەنگلىيەنىڭ كانىيىنى سىقىپ قويىدۇ، بۇ ئەنگلىيە ئۇچۇن ئىنتايىن خەتەرلىك، دەپ قارىدى. سۇ ئۈستى ياردەمچى پاراخوتى جەھەتتە، ئامېرىكا ئۆزى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ياردەمچى پاراخوتىنىڭ ئومۇمىي تونناژى 400 مىڭ توننا، ياپونىيەنىڭ ياردەمچى پاراخوتىنىڭ تونناژى 270 مىڭ توننا بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، فىرانسىيە بولسا ئۆزىنىڭ ياردەمچى پاراخوتىنىڭ تونناژى 350 مىڭ توننا ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ ياردەمچى پاراخوتىنىڭ تونناژىنىڭ 400 مىڭ بولۇشىغىمۇ رازى بولماي، سۇ ئۈستى ياردەمچى پاراخوتلىرىغا قويۇلغان چەكنى رەت قىلدى. ئىختىلاپ بەك چوڭ بولغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر - بىرىگە يول قويۇشماي، ياردەمچى پاراخوت مەسىلىسىدە ھېچقانداق بەلگىلىمە چىقىرىلمىدى.

ئۈچ ئايغا يېقىن كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىش ئارقىلىق، 1922 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە «دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرىنى چەكلەش شەرتنامىسى»، يەنى ۋاشىنگتون «بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، بەش دۆلەتنىڭ ئاساسىي پاراخوتلىرىنىڭ ئومۇمىي تونناژ چېكى: ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ 525 مىڭ توننا، ياپونىيەنىڭ 315 مىڭ توننا، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ 175 مىڭ توننا بولىدۇ، يەنى 5:5:3:1.75:1.75 لىك نىسبەتتە بولىدۇ، ئاساسىي پاراخوتلارنىڭ سۇ سىقىپ چىقىرىش مىقدارى 35 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، پاراخوتتىكى زەمبىرەكلەرنىڭ كالىبىرى 16 ديۇيمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بەش دۆلەتنىڭ ئاۋىياماتكىلىرىنىڭ ئومۇمىي تونناژ چېكى: ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ 135 مىڭ توننا، ياپونىيەنىڭ 81 مىڭ توننا، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ 60 مىڭ توننا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يەنە ئامېرىكا ئاليوشېن تاقىم ئاراللىرى، ساموئا، گۇئام ئارىلى ۋە فىلىپپىندا يېڭى دېڭىز

ئارمىيە بازىسى ۋە ئىستىھكام قۇرمايدۇ؛ ئەنگلىيە شياڭگاڭ ۋە شەرقىي ئۇزۇنلۇق 110 گرادۇسنىڭ شەرقىدىكى ئاراللاردا مۇداپىئە ئەسلىھەسى قۇرماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدۇ، لېكىن كانادا دېڭىز بويى ئەتراپى، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە بۇ دائىرىگە كىرمەيدۇ؛ ياپونىيە تەيۋەن،پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى، رىيوكيۇ تاقىم ئاراللىرى، كورىل تاقىم ئاراللىرى، ئوگاساۋارا تاقىم ئاراللىرى، ئوشىما ئارىلى ۋە تىنچ ئوكياندىكى ھازىر ھەم كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان بارلىق ئاراللىرىدا يېڭىدىن ھەربىي بازا قۇرماسلىققا ۋەدە بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. كېيىن ئەنگلىيەنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن ياپونىيە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سىنگاپوردا يېڭى بازا قۇرۇشىغا ھەم ئۇلارنىڭ يىراق شەرقتىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسىنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىشىگە قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن سىنگاپوردىن باشقا، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ بارلىق دېڭىز ئارمىيە بازىلىرى ياپونىيە تۇپرىقىدىن 5000 ــ 6000 كىلومېتىر يىراقلىقتا قالدى، بۇ ئەھۋال ياپونىيەگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

«بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى يەنە بىر غەلىبىسى بولدى. ئۇ ئامېرىكىنى ئەنگلىيە بىلەن تەڭ تۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ دېڭىزدىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئاخىرلاشتۇردى. ياپونىيە گەرچە ھەربىي پاراخوتلارنىڭ تونناژى جەھەتتە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، دېڭىز ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئاساسەن چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى، بۇنىڭ بىلەن سىنگاپورنىڭ شىمالىدىكى تىنچ ئوكيان دائىرىسىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ غەربىي تىنچ ئوكيانغا كېڭىيىشىنى چەكلەپ، ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا ئۆز دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ تىنچ ئوكياندا تەشەببۇسكارلىققا ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولدى.



www.uyghurkitap.com

بۇ شەرتنامە دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش كېلىشىمى ئىدى، لېكىن ئۇ ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى تۈپتىن چەكلىيەلمىدى، جۈملىدىن ھەم ياردەمچى پاراخوت ۋە 35 مىڭ توننىدىن تۆۋەن ئاساسىي پاراخوتلارنى ياساشنى چەكلىمىدى، ھەم ھاۋا ئارمىيەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى قىسقارتىش توغرۇلۇق ھېچقانداق بەلگىلىمە چىقارمىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا قالماستىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى خەلقئارا تالاش ـ تارتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى.

**جۇڭگو مەسىلىسى ۋە «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى»** ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم قارالمىسى «يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان مەسىلىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى جۇڭگو مەسىلىسى ئىدى. چۈنكى، كۈچلۈك دۆلەتلەر يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتا مۇقەررەر ھالدا جۇڭگونى تالىشاتتى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋاشىنگتون يىغىنىدا پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى قايتا تەكىتلىدى، باش ۋەكىل شى جاۋجى ئون چوڭ پىرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىش؛ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە ئالاھىدە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى بىكار قىلىش؛ جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسىي، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان شەرتنامىلىرىنىڭ مۇددەتسىزلىرىنى مۇددەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، تەكلىپتە يەنە «جۇڭگو ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوۋۋەتلەيدۇ، يەنى ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ سودا ـ سانائەت پۇرسىتىدىن تەڭ

بەھرىمەن بولۇشىغا قوشۇلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىختىيارى بىلەن بۇ سىياسەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولغا قويىدۇ» دېيىلگەنىدى. بۇ ئۈچ چوڭ پرىنسىپ ھەم 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئويغىنىشقا باشلىغانلىقىنى، ئەمدى ھەرقانداق كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قول قىلىشىغا قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزگەنىدى، ھەم شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ يەنىلا جاھانگىرلىكنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالماي، مۇستەقىل ھالدا ئۆزىگە خوجا بولۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى. ئىلگىرى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خاي جون «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش»نى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ پەقەت كونسىسسىيە ۋە تەسىر دائىرە بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، ئەمدىلىكتە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بولسا ئۇنى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئىلگىرى پۇرسەتتە تەڭ ـ باراۋەر بولۇش، ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىمۇ، ئۇ پەقەت سودا بىلەنلا چەكلەنگەنىدى، ئەمدىلىكتە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بولسا ئۇنى سانائەتكىچە كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇنداق بولغاندا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى.

جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللىدى، ئامېرىكا ۋەكىلى لوت ئۈچ پرىنسىپنى تۆت پرىنسىپقا يىغىنچاقلاپ، ئۇنى جۇڭگو مەسىلىسىگە دائىر قارار لايىھەسى قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: بىرىنچى، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىش، يەنى جۇڭگونىڭ زېمىن ۋە مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ ئىككىنچى، جۇڭگوغا پۇرسەت بېرىپ بىر كۈچلۈك ھەم مۇستەھكەم ھۆكۈمەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ساقلاپ قېلىش؛ ئۈچىنچى، ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگودا سودا ـ تىجارەت جەھەتتە باراۋەر

پۈرسەتكە ئىگە بولۇش؛ تۆتىنچى، ھەرقانداق دۆلەت جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق ھەم باشقا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا ياردەم بەرمەسلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ياپونىيە ۋەكىلى كاتو توموسابۇرو «مەمۇرىي پۈتۈنلۈك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، لوت: بۇ قانۇنلۇق ئالاھىدە ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، دېدى. ياپونىيە ۋەكىلى بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتالمىش جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك، پەقەت جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ھالىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ، «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» ۋە «پۈرسەتتە تەڭ ـ باراۋەر بولۇش» سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا قولايلىق يارىتىش، دېگەنلىك ئىدى. لېكىن، بۇ تۆت پىرىنسىپ جۇڭگونى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن ياپونىيە ئۈچۈن بىر زەربە بولدى، ئەمما ياپونىيەنىڭ ئەسلىدىكى مەنپەئەتى ساقلاپ قېلىنغاچقا، ياپونىيەمۇ بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇنى جۇڭگو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپى قىلدى.

«لوتنىڭ تۆت پىرىنسىپى»غا ئاساسەن جۇڭگو ۋەكىللىرى شەندۇڭنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن جۇڭگو ۋەكىللىرى يەنە «يىراق شەرق كومىتېتى»غا: «21 ماددا» جۇڭگونىڭ مەۋجۇتلۇقى، مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزدى، ئۇنى بىكار قىلىش كېرەك، دېگەن تەلەپنى قويدى. ياپونىيە ۋەكىلى بولسا بۇ جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى مەسىلە، ئۇنى چوڭ يىغىندا مۇزاكىرە قىلىشقا

بولمايدۇ، بۇنى پەقەت جۇڭگو بىلەن ياپونىيە قوش تەرەپلىمە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ قارشى تۇرىدىغىنى دەل ياپونىيە بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىدى، بۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنى تەڭقىسلىقتا سېلىپ قويدى. ئۇلار دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكىلەرنىڭ پىكرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەم جۇڭگونىڭ ھەققانىي تەلىپىنى ئاشكارا قوللىشى، ھەم ياپونىيەنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ، باشقا سۆھبەتلەرگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ پىكرى بىلەن مۆتىدىل چارە قوللىنىلىپ، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە يىغىن سىرتىدا سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كۆزەتكۈچى سالاھىيىتىدە سىرتتىن قاتنىشىدىغان بولدى.

سۆھبەت 1921 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي باشلاندى، سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ كەسكىن تالاش - تارتىش قىلغىنى جياۋجۇ - جىنەن تۆمۈريولى مەسىلىسى بولدى. ياپونىيە گېرمانىيەنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ، تۆمۈريولنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە تۆمۈريول ئۆتكەن رايونلاردىكى قېزىلما بايلىق ۋە پۈتكۈل شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. جۇڭگو ۋەكىللىرى بولسا بارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتنى قايتۇرۇۋېلىش، جياۋجۇ - جىنەن تۆمۈريولىنى سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇردى، ئۇلار قائىدە سۆزلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىمۇ بېسىم ئىشلەتكەچكە، ياپونىيە ئاخىرىدا يول قويۇپ، تۆمۈر يولنى جۇڭگو - ياپونىيە شىركەتلىرى بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن گەرچە تۆمۈريولنى جۇڭگوغا سېتىپ بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە جۇڭگونىڭ نەق پۇل تۆلەپ سېتىۋېلىشىنى رەت قىلىپ، مۇشۇ ئارقىلىق تۆمۈريولنى داۋاملىق تىزگىنلىمەكچى بولدى. جۇڭگو

ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى خاردىڭنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپونىيەنىڭ لايىھەسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

«21 ماددا» ھەققىدىكى سۆھبەت ناھايىتى چالا ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەت ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل بولمىغان ئەھۋالدىمۇ بىرمەھەل توختىتىلىپ، تاكى چوڭ يىغىن ئاخىرلىشاي دېگەندە، يەنى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىلا ئاندىن ئەسلىگە كەلدى. سۆھبەت جەريانىدا ياپونىيە ۋەكىلى: «21 ماددا» ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەسمىي تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن، خەلقئارا ئادەتكە تامامەن ئۇيغۇن، دەپ جار سالدى ھەمدە ئەگەر بۇ شەرتنامە بىكار قىلىنسا، ئاسىيا، ياۋروپا ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتتە مۇقىمسىز ۋەزىيەت كۆرۈلۈپ، بۇنىڭدىن ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، دەپ تەھدىت سالدى. جۇڭگو ۋەكىلىنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن ياپونىيە شەرتنامىنىڭ بەزى مۇھىم بولمىغان ماددىلىرىدىن ۋاز كەچتى، مەسىلەن، «جەنۇبىي مانجۇرىيە» ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىدە تۆمۈريول ياساشقا قەرز بېرىشتە ئاۋۋال قەرز بېرىش ھوقۇقى ھەم بۇ ئىككى رايوندىكى تۇرلۇك باج پۇللىرىنى رەنە ئېلىپ قەرز بېرىشتە ئاۋال قەرز بېرىش ھوقۇقىنى تۆت دۆلەت بانكا گۇرۇھىغا ئۆتۈنۈپ بەردى، «جەنۇبىي مانجۇرىيە»گە مەسلىھەتچى ۋە ئىنستىروكتور ئەۋەتىشتە ئاۋۋال ئەۋەتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى. جۇڭگو ۋەكىلى ياپونىيەنىڭ يول قويۇشىدىن رازى بولماي داۋاملىق مۇزاكىرىلەشمەكچى بولدى، لېكىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ يول قويۇشى ئەڭ زور چەككە يەتتى، جۇڭگو ئەمدى رازى بولۇشى كېرەك، شۇڭا مۇزاكىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراپ، سۆھبەتنى ئالدىراپلا تۈگەتتى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە

«شەندۇڭ مەسىلىسىدىكى قېلىپ قالغان ئىشلارنى ھەل قىلىش شەرتنامىسى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ياپونىيە گېرمانىيەنىڭ كونا كونسېسسىيەلىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، جۇڭگو بۇ جايلارنى سودا پىرىستانى قىلىدۇ؛ چىڭداۋ، جىياۋجۇ ـ جىنەن تۆمۈريولى ھەم ئۇنىڭ تارماق لىنىيەلىرى بويىدا تۇرۇۋاتقان ياپونىيە قوشۇنلىرى دەرھال چېكىنىدۇرۇلىدۇ، چىڭداۋ تاموژنىسى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، جىياۋجۇ ـ جىنەن تۆمۈريولى ۋە ئۇنىڭ تارماق لىنىيەلىرى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، لېكىن جۇڭگو تۆمۈريولنىڭ ھازىرقى قىممىتى (53 مىليون 400 مىڭ ئالتۇن ماركىغا ياپونىيە باشقۇرغان مەزگىلدىكى رېمونت ھەققىنى قوشۇپ) بويىچە ياپونىيەگە پۇل تۆلەيدۇ، بۇنىڭ مۇددىتى 15 يىل بولىدۇ؛ يۇقىرىدا دېيىلگەن پۇللارنى قايتۇرۇپ بولۇشتىن بۇرۇن، تۆمۈر يول باشلىقلىقى بىلەن باش بوغالتىرلىقنى ياپونىيەلىكلەر ئۈستىگە ئېلىپ (جۇڭگومۇ بىر باش بوغالتىر قويىدۇ) تىرانسپورت ۋە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ ئىلگىرى گېرمانىيە ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان كۆمۈر كان، تۆمۈر كانلارنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە شېرىكلىشىپ ئاچىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. قوشۇمچە ھۆججەتتە ياپونىيەلىكلەر ۋە چەت ئەللىك مۇھاجىرلارنىڭ نۇرغۇن ئىمتىيازلىرى بەلگىلىنىپ، جۇڭگو «گېرمانىيەنىڭ كونا كونسېسسىيەسىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن چەت ئەللىكلەردىن گېرمانىيە ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىلدە ياكى ياپونىيە ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە قانۇنلۇق، ئادىل يوللار بىلەن ئىمتىيازغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ» دېيىلدى. بۇ ھۆججەت ياپونىيەنىڭ شەندۇڭدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئورنىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى، شۇنىڭدەك ئامېرىكىنىڭ شەندۇڭغا كېڭىيىشىگە پۇرسەت بەردى. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەنىلا جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىسى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ

بىلەن ۋېرسال شەرتنامىسىدىكى شەندۇڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارغا مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولدى، جۇڭگو شەندۇڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە جياۋجۇ ـ جىنەن تۆمۈريولىغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالدى.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، پورتۇگالىيە ۋە جۇڭگو «جۇڭگوغا تەتبىقلىنىدىغان پىرىنسىپلار ۋە سىياسەتلەر توغرىسىدىكى شەرتنامە»، يەنى «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» نى رەسمىي ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى توققۇز ماددا بولۇپ، لوت ئىخچاملىغان تۆت پىرىنسىپ 1 ـ ماددا قىلىنغانىدى، بۇ مۇشۇ ئەھدىنامىنىڭ يادرولۇق قىسمى ئىدى. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ھۆرمەت قىلىش، زېمىن ۋە مەمۇرىي پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە «تەڭ ـ باراۋەر پۇرسەت بېرىش» پىرىنسىپىنى يولغا قويۇش بېكىتىلدى. 1ـ ماددىدىكى مەزمۇنلارنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2 ـ ماددىدا «ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن ياكى ھەرقانداق بىر دۆلەت، ياكى بىرنەچچە دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ شەرتنامە، كېلىشىم ياكى پۈتۈم تۈزمەيدۇ»، 1 ـ ماددىدا دېيىلگەن پىرىنسىپلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدۇ ياكى توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 3 ـ ماددىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، پۇرسەتتە تەڭ ـ باراۋەر بولۇش پىرىنسىپى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بىرەر دۆلەت خەلقىنىڭ «جۇڭگودىكى ھەرقانداق بېكىتىلگەن رايوندا سودا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئادەتتىكى ئەۋزەللىك ھوقۇقىغا ئېرىشىۋېلىشىغا» بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو يىغىندا يەنە تاموژنا بېجىنى ئۆزى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، نامدىكى 5% لىك تاموژنا بېجىنى 12.5% كە ئۆستۈرۈش؛ كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش

www.uyghurkitap.com

هوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ چەت ئەل پوچتا ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق باج ئوغرىلاش ۋە چەكلەنگەن بۇيۇملارنى جۇڭگوغا كۆپلەپ ئېلىپ كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودىكى راتسىيەلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قوشۇن، ساقچىلىرىنى چېكىندۈرۈش؛ «چەت ئەل كونسىسىيەلىرىنى بالدۇرراق بىكار قىلىش»؛ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاھالەنكى، «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» ۋە جۇڭگوغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئون نەچچە قارارلار گەرچە جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى ھۆرمەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى تەلەپلەردىن پەقەت چەت ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى بىر قىسىم راتسىيەلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋېيخە يۈي، گۇاڭجۇ قولتۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغاندىن باشقا، قالغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى پرىنسىپ جەھەتتىلا ئېتىراپ قىلىنىپ ياكى مۇزاكىرە قىلىنماي تاشلاپ قويۇلۇپ، رېئال ھالەت ساقلاپ قېلىندى.

«توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن ئامېرىكا ئۆزىنىڭ پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خوگېس: «بۇ ئەھدىنامىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىشى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى» دېدى. بۇ ئەھدىنامە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى، يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا زومىگەرلىك تالىشىشنى شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا يالغۇز زومىگەر بولۇش ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ ھەقتە ماۋ زېدۇڭ: «1-دۇنيا ئۇرۇشى ياپونىيە جاھانگىرلىكىگە بىر مەزگىل جۇڭگوغا يالغۇز زومىگەر بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ

بەرگەندى... 1922 ـ يىلى ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان توققۇز دۆلەت يىغىنى بىر ئەھدىنامە ئىمزالاپ، جۇڭگونى يەنە بىرقانچە جاھانگىر دۆلەت ئورتاق باشقۇرىدىغان ۋەزىيەتكە قايتۇرۇپ كەلدى» دەپ كۆرسەتكەندى.

ۋاشىنگتون سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋاشىنگتون يىغىنى ماھىيەتتە پارىژ سۈلھى يىغىنىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ھەل قىلىنمىغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. يىغىندا ماقۇللانغان «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى»، «بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە شەرتنامىسى»، «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» ۋە جۇڭگو ـ ياپونىيە مەسىلىسىگە دائىر بەزى كېلىشىملەردە پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئىمزالانغان بىرقانچە شەرتنامىنىڭ قىسمەن ماددىلىرى تولۇقلىنىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكياندىكى مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ، بۇ رايوننىڭ «يېڭى تەرتىپى» ئورنىتىلدى. شۇڭا، ئۇ «ۋاشىنگتون سىستېمىسى» دەپ ئاتالدى.

ۋاشىنگتون سىستېمىسى ۋېرسال سىستېمىسىغا ئوخشاشلا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسەن بېكىتىلگەندى. ۋېرسال سىستېمىسى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ ئۇستۇنلۈكنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا جاھانگىرلىكنىڭ غەربتىكى مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى؛ ۋاشىنگتون سىستېمىسى بولسا ئامېرىكىغا پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا جاھانگىرلىكنىڭ يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مۇناسىۋىتىنى تەڭشىدى. لېكىن، ۋاشىنگتون سىستېمىسى پەقەتلا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى جىددىيلەشكەن مۇناسىۋىتىنى ۋاقتىنچە پەسەيتتى. ئامېرىكا ۋاشىنگتون يىغىنىنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى ۋە ئەڭ زور مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىنى بىكار قىلىپ، ياپونىيەنىڭ جۇڭگوغا يالغۇز زومىگەر بولۇشىنى ۋاقتىنچە توسۇپ، ئەنگلىيە بىلەن دېڭىزدا تەڭ تۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئورۇننى قولغا كەلتۈردى. ياپونىيە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ھەم دىپلوماتىيە جەھەتتىكى تۈۋرۈكى بولغان ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتتىپاقىدىن مەھرۇم قالدى، ھەم جۇڭگو مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمايتتى، پۇرسەت بولسىلا ۋاشىنگتون سىستېمىسىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جۇڭگوغا يالغۇز زومىگەر بولۇشتىن ئىبارەت ئاللىقاچان بېكىتكەن دۆلەت سىياستىنى قايتىدىن يولغا قوياتتى، بۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئارىسىدىكى يېڭى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، ئەنگلىيە بولسا ئاللىقاچانلا چېكىنىپ، دېڭىزدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، ئەگەر ئىلگىرىكى ھەيۋىسىگە تايىنىپ جۇڭگو ۋە يىراق شەرقتىكى مەنپەئەتىنى ساقلاپ قالالىسا مۇشۇنىڭدىن رازى بولاتتى. ئەمما، ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سىياستىنى يۈرگۈزۈشتە مۇقەررەر ھالدا ئەنگلىيەنى ئۆزىگە توسالغۇ دەپ قارايدىغان بولۇپ، ئەگەر ئەنگلىيەنى سىقىپ چىقارمىسا، جۇڭگونى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالاتتى، بۇ ۋەجىدىن ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ توقۇنۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئومۇمەن ئەنگلىيە ـ ياپونىيە، ئامېرىكا ـ ياپونىيە ئارىسىدىكى زىددىيەت تەرەققىي قىلىپ مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ يېڭى ئاساستىكى رىقابىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ۋاشىنگتون سىستېمىسىنى ئەڭ ئاخىرىدا يىمىرىلىش گىردابىغا ئاپىرىپ قوياتتى.

ۋاشىنگتون سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە خەلقئارا تەرتىپنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن، ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسىنى ئورناتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇ تولىمۇ مۇقىمسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل بەربات بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

بەشىنچى باب

# ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر

## 1 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپا ـ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى

**پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئۆزگىرىشى** 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا پەن ـ تېخنىكىدا غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە فىزىكا ئىنقىلابى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ باشلامچىسى گېرمانىيەلىك فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىن (1879 — 1955 ـ يىللار) ئىدى. 1905 ـ يىلى ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن ئېينىشتېيىن تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيەنىڭ يادروسى ۋاقىت ۋە بوشلۇقنىڭ بىرلىكىنى دەلىللەش بولۇپ، بۇنىڭدىن يېپيېڭى، نىسپىي ۋاقىت — بوشلۇق قارىشى تىكلەندى. نيۇتوننىڭ مېخانىكىسى تۆۋەن تېزلىكتىكى جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنىلا چۈشەندۈرگەن بولسا، ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ھەم تۆۋەن تېزلىكتىكى جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى، ھەم نۇر تېزلىكىدىكى ياكى نۇر تېزلىكىگە يېقىنلاشقان تېزلىكتىكى جىسىمنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. 1915 ـ يىلى ئېينىشتېيىن يەنە كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،

تۆت ئۆلچەملىك ۋاقىت ـ بوشلۇق بىلەن جىسىمنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ۋاقىت، بوشلۇقنىڭ جىسىمدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، بوشلۇقنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خاراكتېرىنىڭ جىسىمنىڭ جايلىشىشىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. نىسپىيلىك نەزەرىيەسىدە جىسىم نۇر تېزلىكىگە يېقىنلىشىدىغان سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلغاندا، ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمدىكى سائەت ئاستىلاپ، ئۇزۇنلۇق قىسقىرايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىسىمنىڭ ماسسىسى ۋە ئېنېرگىيەسى ھەرىكەت تېزلىكىگە ئەگىشىپ ئاشىدۇ، دەپ قارالدى. كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ئەمەلىيەتتە بىر خىل تارتىشىش كۈچى نەزەرىيەسى بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر مەنىدىن نيۇتوننىڭ مۇتلەق ۋاقىت ـ بوشلۇق قارىشىنى ئىنكار قىلدى. ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ ئۇلىغا ئايلىنىپ، 20 ـ ئەسىردىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نەزەرىيەۋى ئاساس سېلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ نۇر تېزلىكىگە يېقىنلىشىدىغان ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىشتا زور نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

ئىلىم ـ پەندىكى يەنە بىر تەرەققىيات كىۋانت مېخانىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيەلىك فىزىكا ئالىمى پىلانىك (1858 — 1947 ـ يىللار) كىۋانت ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: جىسىم رادىياتسىيە قويۇپ بەرگەندە ياكى قوبۇل قىلغاندا ئېنېرگىيەسى ھەرگىز چەكسىز بۆلۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك، بۆلۈنمەيدىغان ئېنېرگىيەسى «ئاتوم» ياكى «كىۋانت» بولىدۇ، دەپ قارىدى. 20 ـ يىللاردا گېرمانىيەلىك فىزىكا ئالىمى ھايسېنبېرگ (1901 — 1976 ـ يىللار) ئاۋستىرىيەلىك فىزىكا ئالىمى شرودىڭگېر (1887 — 1961 ـ يىللار) بۇ قاراشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1925 ـ يىلى كىۋانت مېخانىكىسىنى بارلىققا

كەلتۈردى. بۇ مىكرو دۇنيادىكى زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ئىدى. بۇ ئىلىمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاتومنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم ئاتوم ئىچىدىكى ئېلېكترونىنىڭ ھەرىكىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇ ئېلېكترون تېخنىكىسى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسى ۋە لازېر تېخنىكىسىغا نەزەرىيەۋى ئاساس سالدى. كىۋانت مېخانىكىسىنىڭ بۇ مەزگىلدە قوللىنىلىشى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ بىلەن نىسپىيلىك نەزەرىيەسى بىرلىشىپ ئاتوم يادرو فىزىكىسىنى شەكىللەندۈردى. 1932 - يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم لاۋرېنس (1901 — 1958 - يىللار) سىكلوترون تېزلەتكۈچنى كەشىپ قىلدى. 1934 - يىلى ئىتالىيەلىك فىزىكا ئالىمى فېرمى (1901 — 1954 - يىللار) نېيترون بىلەن سوقۇش ئارقىلىق ئېغىر ئېلېمېنت ئورانىنىڭ يادروسىنى پارچىلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. 1938 - يىلى ئاۋستىرىيە ۋە گېرمانىيە ئالىملىرى فېرمىنىڭ سىناقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يادرو پارچىلىنىشنىڭ زەنجىرسىمان رېئاكسىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىدى. ئالىملار ئاتوم يادروسىنى توك بىلەن ئارقىمۇئارقا سوقۇپ پارچىلىغاندىن كېيىن، ئوران ئاتومىنىڭ يادروسى پارچىلانغاندا ئىنتايىن زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، بىر گىرام ئوران پارچىلانغاندا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيەنىڭ ئۈچ توننا كۆمۈر ياكى 200 لىتىر بېنزىن كۆيگەندە ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيەگە تەڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پارتلاش كۈچىنىڭ 20 توننا سېرىق پارتلاتقۇچنىڭ پارتلاش كۈچىگە تەڭ كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئاتوم ئېنېرگىيەسىنىڭ نەزەرىيەۋى تەييارلىقى گەرچە ياۋروپادا تاماملانغان بولسىمۇ، تېخنىكا جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئالدى بىلەن ئامېرىكىدا ئىشقا ئاشتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا يادرو پارچىلىنىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنى تېزلىتىپ، ئاۋۋال ئۇنى يېڭى

قورال ياساشتا قوللىنىپ، 1945 ـ يىلى ئاخىر ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدا ئېلېكتر ۋە ئېلېكترون سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. توك ھەم قولايلىق، ھەم ئەرزان ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرىدىغان، ئاپتوماتلاشتۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولدى. بۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى ئومۇمىي توك تارقىتىش مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلىدى. توك چىقىرىش ئۇسكۇنىسى جەھەتتە، ئىلغار پار تۇربىنىسى تەدرىجىي ھالدا پورشېنلىق پار ماشىنىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ كۈنسايىن كۆپەيدى. 1936 ـ يىلى ئامېرىكا كولورادو دەرياسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ياسىدى، ئۇنىڭ دامبىسىنىڭ ئېگىزلىكى 222 مېتىر كېلەتتى. ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ توك تارقىتىش مىقدارىنى تېز ئاشۇردى. 20 نەچچە يىل ئىچىدە گېرمانىيەنىڭ توك تارقىتىش مىقدارى 11 ھەسسە، ئامېرىكىنىڭ ئالتە ھەسسىگە يېقىن، ئەنگلىيەنىڭ تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك، فرانسىيەنىڭ ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشتى①.

ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى تەدرىجىي توك ئىشلىتىشكە

① كەينىدىكى جەدۋەلدىكى سانلار نەق شۇ يىلنىڭ ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا يېقىن يىللارنىڭ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ «248 تۈمەن كىلوۋات» دېگىنى 1912 ـ يىلىغا، فرانسىيەنىڭ «82 تۈمەن كىلوۋات» دېگىنى 1921 ـ يىلىغا، ئەنگلىيەنىڭ «242 تۈمەن كىلوۋات» دېگىنى 1937 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

| توك تارقىتىش مىقدارى (يىرلىكى تۈمەن كىلوۋات) | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | ئامېرىكا | ئەنگلىيە | فىرانسىيە | گېرمانىيە |
| 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1913 ـ يىلى | 248 | 45 | 82 | 51 |
| 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى 1939 ـ يىلى | 1613 | 242 | 220 | 614 |

باشلىدى. كىرئالغۇ، چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ، توڭلاتقۇ دېگەندەك ئېلېكتىر سايمانلىرىمۇ تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى رادىيو ۋە كىنونىڭ تەرەققىياتى بولدى. رادىيو ئارقىلىق خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئالىملار يەنە قىسقا دولقۇن ۋە ئۇلترا قىسقا دولقۇن تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، رادىيو ئارقىلىق خەۋەرلىشىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئارىلىقىنى ئۈزۈكسىز كېڭەيتىپ، رادىيو ئىشلىرىغا ئاساس سالدى. 1920 ـ يىلى ئامېرىكا ئالدى بىلەن رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇپ، مۇنتىزىم هالدا قەرەللىك ئاڭلىتىش بەردى. ئارقىدىنلا فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە 1922 ـ يىلى، گېرمانىيە 1923 ـ يىلى، ئىتالىيە 1924 ـ يىلى رادىيودا ئاڭلىتىش بەردى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ تورلىشىشى بىلەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك رادىيو سىستېمىسى شەكىللەندى. رادىيو قوبۇللىغۇچ ئەڭ بازارلىق مالغا ئايلاندى. 1922 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە ئامېرىكىدا رادىيو قوبۇللىغۇچنىڭ سېتىلىش سوممىسى 13 هەسسە ئېشىپ، 60 مىليون دوللاردىن 840 مىليون دوللارغا يەتتى. بۇ مەزگىلدە كىنو تېخنىكىسى تېز يۈكسەلدى. ئەڭ دەسلەپتە ئاۋازسىز كىنو قويۇلغان ياكى كىنوغا

پاتېفون بىلەن ئاۋاز بېرىلگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمىدى. 1930 ـ يىلى تۇنجى ئاۋازلىق كىنو بارلىققا كەلدى. 1935 ـ يىلى تۇنجى رەڭلىك كىنو بارلىققا كەلدى، 20 ـ يىللاردا تېلېۋىزور بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1933 ـ يىلى ئىلغار تېلېكامېرا كەشىپ قىلىندى. 1941 ـ يىلى رەڭلىك تېلېۋىزور مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى.

ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن توك مۇقىم ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىندى. ئەمما، ئۇ كۆچمە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرگە ماس كەلمەي قالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل يەنىلا ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قۇرۇلمىسى بولدى. 1920 ـ يىلى ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېلنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى بىرلەمچى دىۋىگاتېلنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى. ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل ترانسپورتتا كەڭ ئىشلىتىلدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئاپتوموبىل ھەسسىلەپ ئاشتى. 1916 ـ يىلى دۇنيادىكى ئاپتوموبىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى 1900 ـ يىلدىكىدىن 166 ھەسسە ئېشىپ، 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى.

ئاپتوموبىلنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا، گېرمانىيە

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردىكى ئاپتوموبىللارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىشى (بىرلىكى تومەن دانە)

| | ئامېرىكا | ئەنگلىيە | فىرانسىيە | گېرمانىيە |
|---|---|---|---|---|
| 1913 ـ يىلى | 48.6 | 3.4 | 4.5 | 1.6 |
| 1939 ـ يىلى | 357.7 | 50.4 | 22.9 | 33.8 |

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسىدى. ئاپتوموبىل شەھەرلەر ئارا قاتناش ـ ترانسپورتتا بارغانسېرى زور رول ئويناشقا باشلىدى ھەم تەدرىجىي شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى مەھكەم باغلىدى. تاشيول تورى كۆنسايىن كېڭەيدى. ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېلمۇ دېڭىز ۋە دەريا ترانسپورتىدا كەڭ ئىشلىتىلدى. 1918 ـ يىلىدىن 1928 ـ يىلىغىچە ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېللىق كېمە ـ پاراخوتلارنىڭ توشۇش مىقدارى توققۇز ھەسسە ئاشتى. 1927 ـ يىلى دۇنيادىكى ھەرقايسى كېمىسازلىق زاۋۇتلىرى ياسىغان ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېللىق كېمىلەرنىڭ سانى تۆنجى قېتىم ئەينى ۋاقىتتىكى پار ماشىنىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كېمىلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى خەلق ئاۋىياتسىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1918 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى نيۇيورك بىلەن ۋاشىنگتون ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىدى. كېيىنكى يىلى گېرمانىيەدىكى بېرلىن بىلەن ۋېيمار ئارىلىقىدا قەرەللىك ئايروپىلان قاتنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى دېگۈدەك ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى ھاۋا يولى ئېچىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسى ئارىلىقىدىمۇ ھاۋا يولى ئېچىلدى.

ئاپتوموبىل، ئايروپىلاننىڭ تەرەققىياتى كۆپلىگەن رېزىنكە (كاۋچۇك) بالونلارغا ئېھتىياجلىق بولدى. 1910 ـ يىلى بىرىكمە كاۋچۇك ياسالدى، ئەمما ئۇنىڭ سۈپىتى تەبىئىي كاۋچۇكتىن ناچار بولۇپ، باھاسىمۇ قىممەت ئىدى. 30 ـ يىللاردا ئامېرىكا سۈپىتى ياخشى، تەننەرخى تۆۋەن بىرىكمە كاۋچۇكنى ياساپ چىقتى. 1935 ـ يىلى ئامېرىكىدا نىلون مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلىپ، ئۇنىڭدىن چىش چوتكىسى ياسالدى، كېيىن كۆپلەپ نىلون پايپاق ئىشلەپچىقىرىلدى. 1940 ـ يىلى ئەنگلىيەلىكلەر

دىلونىنى ياساپ چىقتى. 30 ــ 40 ـ يىللاردا ھەر خىل سولياۋلار بارلىققا كېلىپ، سانائەت ۋە كۆندىلىك تۇرمۇشتا بارغانسېرى زور رول ئوينىدى. خىمىيە سانائىتىدىن باشقا مېتال تاۋلاش، ماشىنىسازلىقمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1921 ـ يىلدىن 1929 ـ يىلغىچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سانائىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۈكسىلىش سۈرئىتى خېلىلا تېز بولدى. جۈملىدىن فىرانسىيەنىڭ 9.4%، گېرمانىيەنىڭ 7.1%، ئامېرىكىنىڭ 4.3%، ياپونىيەنىڭ 3%، ئەنگلىيەنىڭ 1.7% بولدى. 1924 ــ 1929 ـ يىللاردا ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ھەربىر ئىشچىنىڭ سائەتلىك ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 20% ــ 15% ئاشتى. ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىلا ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنىدى. فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1924 ـ يىلى، 1927 ـ يىلى ۋە 1929 ـ يىلى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى. 1924 ـ يىلدىن 1928 ـ يىلغىچە تەخمىنەن 20 دۆلەت پۇلىنىڭ ئالتۇن بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاقما ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ۋە پارچە دېتاللارنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋاملىق كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مونوپول كاپىتال خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. نۇرغۇن مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ كۆلىمى، كۈچى ۋە ئالاقىسى ئېشىپ، يەنە بىر تۈركۈم يېڭى مونوپول تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا خەلقئارا مونوپوللۇقمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئەمما، يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرى ئۈچقاندەك



www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلغان بىلەن كۆمۈرچىلىك، ئاياغچىلىق دېگەندەك ئەنئەنىۋى سانائەت تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا ئاستىلاپ كەتتى، ھەتتا توختاپ قالدى. يېزا ئىگىلىك ئۇزاق مۇددەت ئاستا تەرەققىي قىلغانلىقتىن، يوشۇرۇن كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. يېڭى گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرىدا ئىشچىلارنىڭ مائاشى گەرچە ئاز - تولا ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشىدىن تۆۋەن بولدى. بۇ كېيىن ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ پارتلىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە 1929 - يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سانائەتنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1930 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۈكسىلىش سۈرئىتى ئاران 2.7%، ئامېرىكىنىڭ 0.67%، فىرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ 3.9% ۋە 0.7% بولدى. بۇ، كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىنتايىن مۇقىمسىزلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئىنتايىن تەڭپۇڭسىز بولدى. گېرمانىيە 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بېسىمغا ئۇچراپ، ئىقتىسادى خارابلىشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭكىدىن كېيىن قالدى، 1929 - يىلغا كەلگەندە يەنە ئەنگلىيە، فىرانسىيەدىن ئېشىپ كېتىپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدا 2 - ئورۇننى ئىگىلىدى.

**ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالى** 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادىكى ئۈچ ئەكسىيەتچىل، قالاق ئىمپېرىيە گۇمران بولدى. رۇسىيە، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرو - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىسىدە سوۋېت رۇسىيەسى، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، پولشا،

چېخسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە، لىتۋا، فىنلاندىيەدىن ئىبارەت توققۇز جۇمھۇرىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ بىر تارىخىي ئىلگىرىلەش ئىدى. ئەمما، ياۋروپادا يەنىلا نۇرغۇن پادىشاھلىق دۆلەتلەر ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن، غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئىتالىيە، ئىسپانىيە، شىمالىي ياۋروپادىكى شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە، رومىنىيە، گرېتسىيە، ئالبانىيە دېگەندەك. ئەلۋەتتە، بۇ پادىشاھلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى، بەزىلىرى قالاق فېئودال پادىشاھلىقلار بولۇپ، پادىشاھى ناھايىتى زور ھوقۇققا ئىگە ئىدى. بەزىلىرى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بولۇپ، پادىشاھى پەقەتلا ئالىي ھۆكۈمراننىڭ سىمۋولى ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە سايلام تۈزۈمىمۇ تەرەققىي قىلىپ، كاپىتالىستىك دېموكراتىك تۈزۈم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. كەڭ خەلق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن نەزىرىنى كېڭەيتىپ، ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويدى. دانىيە 1918 ـ يىلى، گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە 1919 ـ يىلى ئەر ـ ئايال پۇقرالارنىڭ ئوخشاشلا سايلام ھوقۇقى بارلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا 1920 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاياللارغا سايلام ھوقۇقى بەردى. ئەنگلىيە 1918 ـ يىلى 21 ياشتىن يۇقىرى ئەرلەر ۋە 30 ياشتىن يۇقىرى ئاياللارنىڭ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. 1928 ـ يىلى 21 ياشتىن يۇقىرى ئاياللارنىڭمۇ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئاياللار ئىلگىرى ئەرلەر تەنھا ئىگىلىگەن

www.uyghurkitap.com

«ساھەلەر»گە كىرىپ، ئادۋوكات، دوختۇر، ھەتتا پارلامېنت ئەزاسى ۋە ئىچكى كابىنېت ۋەزىرى بولدى. 1919 ـ يىلى ئىتالىيەمۇ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەمما موسسولىن تەختكە چىققاندىن كېيىن 1928 ـ يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرغان ياكى 100 لىرا باج تاپشۇرغان ئەرلەرنىڭلا سايلام ھوقۇقى بارلىقىنى بەلگىلىدى. ياپونىيەمۇ ئۇرۇشتىن كېيىن سايلام تۈزۈمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى. فىرانسىيە بولسا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاندىن ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئوخشاشلا بىرنەچچە بۇرژۇئازىيە پارتىيەسى ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، نۆۋەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. يېڭى ئەھۋال شۇكى، تېخنىك ئىشچىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ، بەزى ئاساسلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە تەختكە چىقىپ كابىنېت تەشكىللەشكە باشلىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشچىلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان پىرولېتارىيات پارتىيەسى بولۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقى ئىشچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، كېيىن تەدرىجىي بۇرژۇئازىيەنىڭ سول قانات پارتىيەسىگە ئايلاندى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئۇلار ئاشكارا ھالدا ئۆز دۆلىتىدىكى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنى قوللىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمەتلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئۆز تەركىبىگە قوبۇل قىلىپ ئىشچىلارنى ئالدىدى، خەلقنى ئۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشقا قىزىقتۇردى. 1918 ـ يىلى گېرمانىيەدە نويابىر ئىنقىلابى پارتلاپ، بۇرژۇئازىيە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقتىن، ھاكىمىيەتنى دەرھال سوتسىيال دېموكراتلار

پارتىيەسىدىن بولغان ئېبېرت ۋە سىدېرمانغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1919 ـ يىلى ۋېيمار ئاساسىي قانۇنى ماقۇللىنىپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئاۋستىرىيەدىكى ئەھۋالمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولدى. ئاۋستىرو ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى بەربات بولۇۋاتقان چاغدا، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان رېننېر باش مىنىستىر بولدى. گېرمانىيە، ئاۋستىرىيەدە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ئىنقىلاب ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى قوغداش رولىنى ئوينىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئىنقىلاب پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، خەلق كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى يەنىلا داۋاملىشىپ، بەزى دۆلەتلەردىكى بۇرژۇئازىيە ئۆز كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدى. ئىچكى كابىنېت كىرىزىسى يۈز بەرگەن ياكى ئەنئەنىۋى بۇرژۇئازىيە پارتىيەسى پارلامېنتتا مۇتلەق كۆپ ئورۇننى ئىگىلىيەلمىگەن چاغدا، ھۆكۈمرانلار سىنىپى كۆپىنچە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاردى. مەسىلەن، ئەنگلىيەدە بۇرژۇئازىيە پارلامېنتتا كۆپ ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن لىبېراللار پارتىيەسىنى (ئىشچىلار پارتىيەسىنى) تەختكە چىقاردى. شۇ يىلى دانىيەدە سوتسىياللار پارتىيەسىدىكىلەر، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن نورۋېگىيەدە ئىشچىلار پارتىيەسىدىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كابىنېت تەشكىللىدى. فىرانسىيەدە سوتسىياللار پارتىيەسىدىكىلەر گەرچە 1924 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەشكىللىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما رادىكال سوتسىياللار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلاشتى. 1936 ـ يىلى سوتسىياللار پارتىيەسىدىن بولغان بلۇم تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى بولدى. سوتسىياللار پارتىيەسىدىكىلەر تەختكە چىققاندىن كېيىن كۆپىنچە سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويدىغانلىقىنى جاكارلاپ،

بۇرژۇئازىيە يول قويغان دائىرىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدىغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەلۋەتتە، بۇ تەدبىرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەمما، ئىنقىلاب شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن چاغدا، ئۇلار يەنىلا مۇئەييەن دەرىجىدە خەلقنىڭ رايىنى ئىپادىلىگەنىدى.

ئەكسىيەتچىل ئىمپېرىيەلەرنىڭ گۇمران بولۇشى، ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن ئىبارەت بۇرژۇئا سىياسىي سەھنىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ۋە خەلق كۈرىشىنىڭ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىتالىستىك تۈزۈمدە يەنە بىر ئۆزگىرىش بولدى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەدە ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل فاشىستىك پارتىيەلەر ۋە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرىدىغان ئىستىبدات تۈزۈم بارلىققا كېلىپ، ئۇلار كېيىن ياۋروپا، ئاسىيادىكى ئىككى ئۇرۇش ئوچىقىغا ئايلىنىپ، ئىنسانىيەتكە ئېغىر كۆرۈلمىگەن ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

## 2 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە

**ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەنگلىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى** ئەنگلىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە ئەڭ چوڭ رەقىبى گېرمانىيەنى يېڭىپ، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەتلەردىن ئەڭ چوڭ مۇستەملىكىگە ئېرىشتى. جۈملىدىن ئوتتۇرا شەرقتە ئىراق، پەلەستىن، تاشقى ئىيوردانىيەگە، ئافرىقىدا تانگانىكا، توگونىڭ

بىر قىسمى ۋە كامىروننىڭ بىر قىسمىغا، تىنچ ئوكياندا تاۋرۇ ئاراللىرىغا ئىگە بولدى. ئەنگلىيەنىڭ دومىنىيونلىرى غەربىي جەنۇبىي ئافرىقا، تىنچ ئوكياندىكى ساموئا تاقىم ئاراللىرى ۋە يېڭى گىۋىنېيە تاقىم ئاراللىرىنىڭ بىر قىسمىغا مانداتلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئىلگىرى ئەنگلىيە بىلەن نوچىلىق تالاشقان گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئەمەلىيەتتە ئاجىزلاپ كەتتى. ئىلگىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىلەن بازار تالاشقان گېرمانىيە سودا ـ سانائەتچىلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە ھالىدىن كەتتى. قارىماققا ئەنگلىيەنىڭ زومىگەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن، ھەتتا تېخىمۇ ئۆسكەندەك قىلاتتى. ئەمما، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزم سىستېمىسىدىن يوچۇق ئېچىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا قاتتىق ھالسىراپ، 3 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى، يارىلاندى، 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق خىراجىتى چىقىم بولدى، 2000 دىن ئارتۇق سودا كېمىسى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى بازارلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە دومىنىيونلىرىدىكى مىللىي سانائەت خېلى تەرەققىي قىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە ھەقدار دۆلەتتىن قەرزدار دۆلەتكە ئايلىنىپ، مۇقىم كاپىتالنى يېڭىلايدىغان مەبلەغى كېمىيىپ، دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرى ۋە دومىنىيونلىرىدىكى مىللىي سانائەت خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئامېرىكا، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئەنگلىيەنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەنئەنىۋى بازارلىرىنى ھەدەپ ئىگىلىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئەنگلىيەنىڭ ئىقتىسادى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە يۈكسەلمەي، ئۇزاققىچە تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. بۇ، ئەنگلىيەنىڭ باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر



www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوخشمايدىغان يېرى ئىدى. ئەنگلىيەدە 1920 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سودا بىر مەھەل گۈللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تېزلا ئۆرۈشتىن كېيىنكى 1 ـ قېتىملىق كىرىزىس يېتىپ كېلىپ، 1922 ـ يىلىغا بارغاندا ئاندىن ھەرقايسى تارماقلار كىرىزىستىن قۇتۇلدى. گېرمانىيەنىڭ رىقابىتىدىن ۋاقىتىنچە قۇتۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت بەزى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقتىن، ئەنگلىيەنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرى، مەسىلەن، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، رەڭلىك مېتاللچىلىق ۋە خىمىيە سانائىتى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشى ئامېرىكىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەت تارماقلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتكۈل سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 1917 ـ يىلىدىكى 6.5% تىن 13.6% كە ئۆستى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە سانائىتىنىڭ ئاساسىنى ھاسىل قىلغان ئەنئەنىۋى سانائەت تارماقلىرى كۆنىسىپ چېكىنىپ كەتتى. مەسىلەن، كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 1913 ـ يىلىدىكى 291 مىليون توننىدىن 1929 ـ يىلى 261 مىليون توننىغا، چويۇن مەھسۇلات مىقدارى 10 مىليون توننىدىن 7 مىليون 700 مىڭ توننىغا چۈشۈپ قالدى. ئەنگلىيەنىڭ كاپىتالىزم دۇنياسى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا تۇتقان سالمىقى 1913 ـ يىلىدىكى 14.5% تىن 1929 ـ يىلى 9% كە چۈشۈپ قالدى. 1930 ـ يىلى يەنە گېرمانىيەنىڭ كەينىدە قالدى. ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ دۇنيا ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە تۇتقان سالمىقى 1913 ـ يىلىدىكى 13.9% تىن 1929 ـ يىلى 10.8% كە چۈشۈپ قالدى. 1921 ـ يىلىدىن 1927 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيەنىڭ ئېكسپورت سوممىسى بەشتىن بىر ئۈلۈش ئازىيىپ كەتتى. ھالبۇكى، مۇشۇ ۋاقىتتا دۇنيا سودا سوممىسى 18% ئاشتى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئۇزاق مۇددەت مۇستەملىكىگە ۋە تاشقى

سودىغا تايىنىپ كەلگەن، سانائىتى، سودىسى پۈتۈنلەي ئېكسپورت سودىسىغا تايىنىدىغان، ئېكسپورت مەھسۇلاتى ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ياكى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ناۋادا ئېكسپورت تۆۋەنلەپ كەتسە، دەرھاللا پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتەتتى. ناۋادا ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيە ئىقتىسادىنىڭ تۇرغۇنلۇقتا قېلىشىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئېكسپورت سودىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بولدى دېسەك، ئۇنداقتا ئۇنىڭ روشەن ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى دەل ئىشسىزلارنىڭ ئۈزۈكسىز ئېشىشى بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگلىيەدە ئىشسىزلارنىڭ سانى ئۇزاققىچە 1 ـ 2 مىليوندىن كۆپرەك بولدى. بولۇپمۇ كېمىسازلىق، ماشىنىسازلىق، پولات ـ تۆمۈر قاتارلىق ئاساسىي تارماقلاردا ئىشسىزلىق ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئەنگلىيەنىڭ سانائەت تېخنىكىسىمۇ ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭكىدىن ئارقىدا قالدى. ئەنگلىيە كۆمۈرچىلىكتى ئاران 19% ماشىنىلاشتۇرغان بولسا، ئامېرىكا 70% ماشىنىلاشتۇردى. بۇمۇ ئەنگلىيەنى دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەتتە پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئاشلىقنى تۆۋەن باج بىلەن ئىمپورت قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، بۇ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۇنسايىن تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سىياسىي جەھەتتە، ئەنگلىيەدە بۇرۇندىن لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى 1 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنى ئىككى پارتىيە بىرلىشىپ تەشكىللىدى. باش ۋەزىر لىلوىد جورجى بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چېكىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت سانائەتنى قوغداش قانۇنىنى ماقۇللاپ، تاموژنا بېجىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلىپ، بارلىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى (خىمىيەۋى دورىلار،

ئوپتىك ئەينەكلەر، نازۇك ئەسۋابلار قاتارلىقلار)دىن %33.3 تاموژنا بېجى ئېلىشنى قارار قىلدى ھەم بىر قىسىم ئىشسىزلارنى مۇستەملىكىلەرگە ۋە دومىنىئونلارغا كۆچۈردى. 1919 ـ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيەتلەر ھوقۇقى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، دىنىي جەمئىيەتلەرگە تېخىمۇ زور ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بەردى. 1920 ـ يىلى يەنە سوغۇرتا قانۇنىنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 2/3 قىسىم ياللانما خادىمغا كېڭەيتتى. 1921 ـ يىلى ئەنگلىيە سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. ۋاھالەنكى، لىلويىد جورجىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار: ھۆكۈمەت سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىماسلىقى، جەنۇبىي ئىرېلاندىيەگە ئاپتونومىيە بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى، دەپ قارىدى. 1922 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكىلەر ئىچكى كابىنېتتىن چېكىنىپ، لىلويىد جورجى ئامالسىز ئىستېپا بەردى. شۇ ئايدا پارلامېنت يېڭىباشتىن سايلام ئۆتكۈزگەندە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىدىكىلەر غەلىبە قىلدى. بۇ پارتىيەدىن بانىا لاۋ باش ۋەزىر بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ستانلى بالدۋىن (1867 ـــ 1947 ـ يىللار) ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. 1923 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمىدا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 347 دىن 259 غا چۈشۈپ قالدى. ھالبۇكى، لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 142 دىن 191 غا چىقتى. لىبېرالىستلار پارتىيەسى 158 ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن لىبېرالىستلار ئۆزئارا پۈت تېپىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىنى قوللىمىدى. شۇ سەۋەبتىن، لىبېرالىستلار پارتىيەسى پارتىيەسىنىڭ قوللىشى بىلەن لېيبورىستلار

پارتىيەسى تۇنجى قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، بۇ پارتىيەنىڭ داھىيسى رامساي ماكدونالد① (1866 — 1937 - يىللار) تۇنجى نۆۋەتلىك لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىشچىلار پارتىيەسى لىبېراللار پارتىيەسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن ئالمىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. لېيبورىستلار پارتىيەسى 1900- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىشچىلار بىرلەشمىسى، فابىئان جەمئىيىتى②، سوتسىيال دېموكراتلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەنىدى. بۇ پارتىيە 1918 - يىلى ماقۇللىغان «ئەمگەك ۋە يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپ» دېگەن پروگراممىسىدا، خەلق باشقۇرۇشى ئاساسىدا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى بارلىق ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ سانائەتكە دېموكراتىك نازارەتچىلىك يۈرگۈزۈپ، ئىشچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاشى ۋە ئەڭ يۇقىرى ئىش ۋاقتىنى بەلگىلەش؛ مالىيە ئىنقىلابىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى كىرىملىكلەردىن ئېغىر باج ئېلىش ھەم مالىيە كىرىمىنى ئىمكانقەدەر مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئىشچىلارنى ئاساس قىلغان بۇرژۇئاز سول قانات پارتىيەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشچىلار

① ماكدونالد شوتلاندىيەلىك، نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، 1906 - يىلى تۆۋەن پالاتا ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، 1922 — 1931 - يىللىرى لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتىكى تەشكىلىنىڭ رەئىسى بولغان.

② فابىئان جەمئىيىتى 1884 - يىلى ۋېبىر، بېرنارد شاۋ قاتارلىق ئەنگلىيە زىيالىيلىرى قۇرغان «سوتسىيالىزم تەشكىلاتى». بۇ جەمئىيەت قەدىمكى رىم قوماندانى فابىئان ماكسىموسنىڭ ئىسمىنى ئۆز نامى قىلغان. چۈنكى، فابىئان ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ جەڭدىن چەتلەپ، پۇرسەت كۈتۈپ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تاكتىكىسىغا ماھىر ئىدى. بېرناد شاۋ باش بولۇپ تۈزگەن «فابىئان سوتسىيالىزمى ماقالىلەر توپلىمى»دا، سالماق ئىلگىرىلەيدىغان ئىسلاھاتچىلىق چارىسىنى قوللىنىپ، بۇرژۇئا دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ، يەرنى ۋە كاپىتالنى تەدرىجىي جامائەتنىڭ، يەنى ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىنغان.

پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن بۇرژۇئازىيە سىنىپى يول قويغان دائىرىدە ئەمگەكچى خەلققە پايدىلىق بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پاراۋانلىقنى كۆچەيتتى. مەسىلەن، «ۋىتلېي تۇرالغۇ پىلانى»نى ماقۇللاپ، دۆلەتنىڭ ياردەم پۇلى بىلەن تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتتى. ياشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلى ۋە مېيىپلىك پېنسىيە پۇلىنى ئاشۇرۇپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، 1924 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ، ھەپتىدە ئىشسىز ئەرلەرگە بېرىلىدىغان 15 شىللىڭنى 18 شىللىڭغا، ئىشسىز ئاياللارغا بېرىلىدىغان 12 شىللىڭنى 15 شىللىڭغا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىشسىز پەرزەنتلىرىگە بېرىلىدىغان بىر شىللىڭنى ئىككى شىللىڭغا ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. يەنە يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاشىنى بېكىتىپ، تاماكا، قەنت ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال بېجىنى تۆۋەنلەتتى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە، دومىنىئون، مۇستەملىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىيە، سودا مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما، بەزى ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە، لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ياكى لىبېرالىستلار پارتىيەسىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمىدى. جۈملىدىن ھۆكۈمەت ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىنى قوللىمىدى، ئەمگەك ماجىرالىرىدا كاپىتالىستلار تەرەپتە تۇردى. تاشقى جەھەتتە، داۋاملىق مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئىراقتىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قەبىلىلەرنى ئايروپىلان ئەۋەتىپ بومباردىمان قىلدى، ھىندىستاندا ساقچى تېررورلۇقىنى يولغا قويۇپ، بومبايدىكى ئىش تاشلىغان توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنى باستۇردى.

لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتىدىن ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئۈمىدسىزلەندى ھەم نارازى بولدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى بىلەن لىبېرالىستلار

پارتىيەسى بولسا، ئۇلارنىڭ بەزى رادىكال تەدبىرلىرىدىن خاتىرجەمسىزلەندى. ماكدونالد ۋەزىپە ئۆتەپ بىر يىل بولمايلا 1924 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىستىپپا بەردى. ئۇنى ئىستىپپا بېرىشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەب «كامبېل دېلوسى» ئىدى. كامبېل ئەنگلىيە كومپارتىيەسىنىڭ گېزىتى ــ «ئىشچىلار ھەپتىلىك گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى بولۇپ، ئۇ بۇ گېزىتتە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سىياسىتىنى تەنقىد قىلغانلىقتىن، لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ھەم سوراق قىلىنغان، كېيىن ھۆكۈمەت جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئۇنى قويۇپ بەرگەنىدى. ئاما، ئىشچىلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولسا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتنى «ئەنگلىيەنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان تەشۋىقاتقا يول قويدى» دەپ ئەيىبلىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى سايلامدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن گېزىتتە «زىنوۋيېفنىڭ خېتى»نى ئېلان قىلىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئەنگلىيە كومپارتىيەسىگە قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن، دېدى. زىنوۋيېف شۇ ۋاقىتتىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئىدى. بۇ ئىش لېيبورىستلار پارتىيەسىنىڭ ئابرۇيىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 1925 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ستانلى بالدۋىن يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. كىشىلەر بۇ ھۆكۈمەتنى بالدۋىننىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى دەپ ئاتاشتى. چېرچىل بۇ ھۆكۈمەتتە مالىيە ۋەزىرى بولدى. ئاۋستېن چېمبېرلىن (1863 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ياشىغان، مادараچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن باش ۋەزىر نېۋىللى چېمبېرلىن بىلەن دادا بىر، ئانا باشقا ئاكا ـ ئۇكا) دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولدى. بۇ ھۆكۈمەت 1929 ـ يىلىغىچە بەش يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بالدۋىن تەختكە

چىققاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئىقتىسادىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1925 ـ يىلى لوندوننىڭ دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركىزىلىك ئورنىنى قايتا تىكلەش غەرىزىدە فوندستېرلىڭنىڭ ئالتۇن بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆزۈكسىز ئازايتىپ، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىش تاشلاشنى باستۇردى. تاشقى جەھەتتە ھىندىستان، ئىرېلاندىيە، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنى باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1927 ـ يىلى يەنە جۇڭگونىڭ 1 ـ قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلاب ئۇرۇشىغا ئارىلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك قىلىپ، 1927 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل جاھانگىر ماھىيىتىنى ئىپادىلىدى.

1926 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيەدە پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان زور ئىش تاشلاش يۈز بەردى. بۇ ئىش تاشلاش ئاساسلىقى كان غوجايىنلىرىنىڭ ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى مەجبۇرىي 10% چۈشۈرگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانىدى. كۆمۈركان غوجايىنلىرى بىرلىشىپ تىجارەتنى توختىتىمىز، دەپ تەھدىت سېلىپ، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى بىكار قىلىشنى، ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلىپ، مەملىكەت مىقياسىدا كوللېكتىپ توختام تۈزۈشنى رەت قىلدى. بۇ تەلەپنى ئىشچىلار رەت قىلغاندىن كېيىن كان غوجايىنلىرى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىرلىشىپ تىجارەتنى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئىشچىلىرى ئەنگلىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلىدى. ئىش تاشلاشقا كۆمۈركان ئىشچىلىرىدىن باشقا، تىرانسپورت، تۆمۈريول ۋە ماشىنىسازلىق ئىشچىلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئىش تاشلىغانلار ناھايىتى تېزلا 6 مىليون ئادەمگە يېتىپ، زاۋۇتلارنىڭ

تاقىلىشىنى، قاتناشىنىڭ توختىشىنى، شەھەرلەرنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشچىلار «ئىش تاشلاش كومىتېتى» ۋە «ھەرىكەت كومىتېتى» تەشكىللەپ، پويىز، پاراخوتلارنىڭ يول خېتىنى تارقىتىش ۋە ئاشلىق تەقسىملەشنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس بەزى فۇنكسىيەلەرنى يۈرگۈزدى. ئەنگلىيە كومپارتىيەسى كۈرەشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن كۈرەشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىيەلمىدى. خەلقئارادىكى پرولېتارىيات ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ كۈرىشىگە كۈچلۈك يۆلەك بولدى ۋە ياردەم بەردى. ئىش تاشلاشنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى كۈرەشنى ئىقتىسادىي ساھەدىلا چەكلىمەكچى بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن مەخپىي سۆھبەتلىشىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئامالسىز ئىشقا چۈشتى. كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ كۈرىشى 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرژۇئازىيە ئىشچىلاردىن قاتتىق ھېساب ئالدى. 1927 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بالدۋىن ھۆكۈمىتى «سانائەت ماجىراسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاشنى قانۇنسىز، دەپ جاكارلاپ، ھەرقانداق «قانۇنسىز ئىش تاشلاشنى تەشكىللىگەن ياكى ئۇنىڭغا قاتناشقانلارغا جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى ياكى ئىككى يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىقى»، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىشچىلار بىرلەشمىسىگە كىرىشىگە بولمايدىغانلىقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتتە ئىئانە توپلىشى قاتتىق چەكلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. كېيىن كان ئىشچىلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن كۈنلۈك ئىش ۋاقتىنى يەتتە سائەتتىن سەككىز سائەتكە ئۇزارتتى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا

يەنە بەزى بەزلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، 65 ياشقا توشقان پېنسىيەگە چىققان ئىشچىلارغا ياشانغانلىق پۇلى بېرىش قانۇنى، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم پۇلى بېرىش قانۇنى، يېڭى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى نىزامىنى ماقۇللىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كېڭىشى ۋەكىللىرى بىلەن كارخانىچىلار گۇرۇھى ۋەكىللىرى كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ۋەكىللىرىدىن مەملىكەتلىك سانائەت كومىتېتى تەشكىللەپ، «مۇرەسسە تۈزۈمنى»نى ئىش تاشلاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى «مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ»، كاپىتالىزمنى «ياخشىلاپ»، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەدىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋاقىتنچە پەسىيىپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، مونوپول كاپىتالىستلار زور پايدىغا ئېرىشتى. ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى تېخىمۇ ئاشتى. 1926 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ زور ئىش تاشلىشى ھەم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلدى، ھەم ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيەسىنىڭ ئىشچىلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تەجرىبىلىكلىكىنى، تەشكىللىكلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئىرېلاندىيەنىڭ ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشى ۋە ئەنگلىيە دومىنىئونلىرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ نۇرغۇن مۇستەملىكىلىرىدە ۋە بېقىندى ئەللىرىدە داغدۇغىلىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى پارتلاپ، ئەنگلىيە بىلەن ئۇنىڭ دومىنىئونلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ، مۇستەملىكىچىلىك سىستېمىسى پەيدىنپەي يىمىرىلدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىرېلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى قايتا ئەۋجگە چىقتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىرېلاندىيە ئەنگلىيەنى قوللاپ ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئەمما، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى

ئىرېلاندىيەلىكلەرنى كەمسىتىپ، قوشۇندا ئىرېلاندىيەلىكلەردىن مۇستەقىل قىسىم قۇرۇشنى چەكلىدى. ئىرېلاندىيەلىكلەر بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر ئارىلاش قىسىملاردا ئىرېلاندىيەلىكلەر ئىشەنچكە ۋە ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشەلمىدى. 1916 ـ يىلى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرى دۇبلىندا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. نەتىجىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولدى. 15 رەھبەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولغان دې ۋالېرا چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. 1918 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنت سايلىمىدا ئىرېلاندىيە ئېرىشكەن 105 ئورۇننىڭ 73 ىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىگىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ 36 سى تېخى تۈرمىدە ئىدى. جۇمھۇرىيەتچى پارلامېنت ئەزالىرى پارلامېنتقا چىقىشنى رەت قىلدى. 1919 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇمھۇرىيەتچىلەر دۇبلىندا يىغىلىپ، مۇستەقىل ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە تۈرمىسىدە تۇرۇۋاتقان دې ۋالېرا پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردە يەرلىك مەمۇرىيەت ئورگىنى، سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، دۇبلىن ھۆكۈمىتى «ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسى» تەشكىللەپ، «ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيەسى» (ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئاتىشى) ۋە ئەنگلىيە كونتروللۇقىدىكى ساقچى قىسىمغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلدى. ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتى يەنە ۋېرسال يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. ئامېرىكىدىكى ئىرېلاندىيەلىك مۇھاجىرلار ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قوللىدى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى قارار ماقۇللاپ، پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ئويلىشىشنى ئۈمىد قىلدى. ئىرېلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىگە قارىتا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى باشتا تىرىرورلۇق

ۋاسىتىسىنى قولىنىپ، ئالاھىدە قىسىم ئەۋەتىپ جۇمھۇرىيەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، جۇمھۇرىيەت ئارمىيەسىنىڭ بەزى ئەسكەرلىرىنى سوراق قىلمايلا ئېتىۋەتتى. 1921 ـ يىلى ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىشكە باشلاپ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ ئىرېلاندىيە شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئىرېلاندىيەنىڭ جەنۇبىدىكى 26 ۋىلايەت «ئىرېلاندىيە ئەركىن ئېلى» بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ دومىنىئونى بولىدۇ، شىمالىدىكى ئالتە ۋىلايەت ئەنگلىيەگە قوشۇۋېتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ نامى «بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقى»غا ئۆزگەردى. ئەنگلىيە ـ ئىرېلاندىيە شەرتنامىسى ئىرېلاندىيە پارلامېنتىدا مۇزاكىرە قىلىنغاندا پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىقىپ، ئاخىرىدا ئاران ماقۇللاندى. پرېزىدېنت دې ۋالېرا بۇ شەرتنامىگە قارشى چىققانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يېڭى ھۆكۈمەتتە گرىففىز پرېزىدېنت، كوللىنس باش مىنىستىر بولدى. ئىرېلاندىيەدىكى رادىكاللار بىلەن مۆتىدىللەر داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، 1922 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، 1923 ـ يىلى ئاندىن تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى. شۇ يىلى ئىرېلاندىيە خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ دومىنىئون سۈپىتىدە كۆپ قېتىم ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئىمپېرىيە يىغىنىغا قاتناشتى. 1925 ـ يىلى ئۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئىرېلاندىيەنىڭ چېگراسى ئاخىر بېكىتىلدى.

ئەنگلىيەنىڭ دومىنىئونلىرى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئىچىدىكى بىر خىل سىياسىي شەكىل ئىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا كانادا، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، نېۋفوندلاند، جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئىبارەت بەش دومىنىئون بار ئىدى. دومىنىئونلار ئەنگلىيەنىڭ كېڭىيىشى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەنگلىيە بىلەن ئالاقىسى زىچ ئىدى. ئەنگلىيە 1887 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى دومىنىئونلار،

مۇستەملىكىلەر ۋە بېقىندى ئەللەر باشلىقلىرىنىڭ قەرەللىك يىغىنىنى ئېچىپ، مۇداپىئە، سودا قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ كەلگەندى. 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەرقايسى دومىنىئونلارنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە مۇستەقىللىق تەلىپى كۈچەيگەنلىكتىن، ئەنگلىيە يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دومىنىئونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە باشلىدى. 1926 ـ يىلى 10 ـ ئايدا لوندوندا ئېچىلغان ئىمپېرىيە يىغىنىدا «بايفور خىتابنامىسى» ماقۇللىنىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەركىن بىرلەشكەنلىكى، ئەنگلىيە بىلەن ھەرقايسى دومىنىئونلارنىڭ باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدىغانلىقى؛ ئورتاق ھالدا ئەنگلىيە پادشاھىغا قارام بولۇپ، پادىشاھقا سادىق بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ھەرقايسى دومىنىئونلار مۇداپىئە جەھەتتە ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قوغدىشىغا موھتاج بولغانلىقتىن، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن زىچ ئىقتىسادىي ئالاقىسى بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ يەنىلا ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەنگلىيە پادشاھىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1931 ـ يىلى 12 ـئايدا بايفور خىتابنامىسى «ۋېستمىنىستىر قانۇنى» بولۇپ ماقۇللىنىپ، ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ كاتتا نىزامنامىسى دەپ ئاتالدى. نىزامنامىگە ھەرقايسى دومىنىئونلارنىڭ باشلىقلىرىدىن سىرت، ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسىمۇ ئىمزا قويدى. ئەنگلىيە: ھىندىستان 1919 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەت ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئەنگلىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئەزالىق ئورنىنى تىكلىگەن دەپ قارىدى. «ۋېستمىنىستىر قانۇنى»دا، دومىنىئونلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، لوندوندىكى

پارلامېنت پەقەت دومىنىئونلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاندىن دومىنىئونلارغا قوللىنىدىغان قانۇنلارنى ماقۇللايدۇ، دومىنىئونلارنىڭ پارلامېنتى ماقۇللىغان قانۇنلار ئەنگلىيەنىڭ قانۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئىناۋەتسىز قىلىنمايدۇ، ئەنگلىيە پادىشاھىمۇ ئەنگلىيە ۋەزىرلىرىنىڭ پىكرى بىلەنلا دومىنىئونلار پارلامېنتىنىڭ قانۇنلىرىنى رەت قىلمايدۇ، دومىنىئونلارنىڭ ئىشلىرىنى چوقۇم دومىنىئونلار ۋەزىرلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يۈرگۈزىدۇ. دومىنىئونلار پارلامېنتى لوندون ماقۇللىغان، ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان قانۇنلارنى بىكار قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن 1865 ـ يىلى ماقۇللانغان قانۇندىكى بەلگىلىمە، يەنى مۇستەملىكىلەر پارلامېنتى تۈزگەن قانۇنلار لوندون ماقۇللىغان قانۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى كېرەك دېگەن بەلگىلىمە ئۆزگەرتىلىپ، دومىنىئونلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى چوڭايدى.

**20 ـ يىللاردىكى فىرانسىيە** فىرانسىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆز زېمىنى ئاساسلىق جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن زور زىيان تارتتى. ئۇنىڭ شىمالدىكى ئون ۋىلايىتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، 80 نەچچە مىڭ يۇرۇش ئۆي ۋەيران بولۇپ، نەچچە مىڭ مىل ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈريول، قانال ۋە تاشيول كاردىن چىقىپ، 2 مىليون گېكتاردىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەر قاقاسلىشىپ كېتىپ، ئىگىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىسە ۋە قايتا راۋاجلاندۇرۇلمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. فىرانسىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىن تۆمۈر ۋە كۆمۈر كۆپ چىقىدىغان ئالساس ۋە لوررايىن رايونلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ تۆمۈر كېنىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بائۇكسىت بايلىقىدا ياۋروپادا ئەڭ ئالدىدا، سۇ ـ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىدە ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. فىرانسىيە يەنە گېرمانىيەنىڭ غايەت زور تۆلەم پۇلىغا ئېرىشتى. گېرمانىيە 1931 ـ يىلىغىچە

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرگە تۆلىگەن 20 مىليارد 600 مىليون ئالتۇن ماركتىن فرانسىيە 8 مىليارد ئالتۇن ماركقا ئېرىشىپ، ئەڭ كۆپ تۆلەم ئالغان دۆلەت بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيە يەنە گېرمانىيەنىڭ قولىدىن يېڭى مۇستەملىكىگە ئېرىشىپ، مۇستەملىكە ئىگىلەش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فرانسىيە شەرقىي شىمالدىكى رايونلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقتىن، جەنۇبتا بىر تۈركۈم يېڭى سانائەت تارماقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشتا يەنە يېڭى تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەرنى كۆپلەپ ئىشلەتكەن، شۇنداقلا شىمالدا يېڭى زامانىۋى سانائەت مەركەزلىرىنى قايتا قۇرغانىدى. بۇلار فرانسىيە ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىنى خېلى تېزلەتتى. 1926 - يىلىغا كەلگەندە ۋەيران بولغان رايونلارنىڭ ئىگىلىكى ئاساسەن ئەسلىگە كەلدى. فرانسىيەنىڭ سانائەت كۆرسەتكۈچى 1913 - يىلى 100، 1919 - يىلى 57 بولغان بولسا، 1930 - يىلى 140 بولدى. 1920 - يىلى فرانسىيەنىڭ سانائىتى دۇنيا سانائىتىدە 5% سالماقنى ئىگىلىگەن بولسا، 1930 - يىلى 8% سالماقنى ئىگىلىدى. فرانسىيە 20 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى پاختا توقۇمىچىلىق دۆلەتلىرى ئىچىدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرۇپ، يىپەكى ئەتىۋارلىق ئېكسپورت تاۋارغا ئايلاندى. فرانسىيە نۇرغۇن يېڭى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، رېنائۇلت بىلەن سىگفرىد دۇنيا ئاپتوموبىل سانائىتىدىكى داڭلىق ماركىلاردىن بولۇپ قالدى. ئاۋىياتسىيە، كاۋچۇك سانائىتىمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن فرانسىيە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىگىلىكى گۈللەنگەن دۆلەتكە ئايلاندى.

ۋاھالەنكى، فرانسىيە يەنىلا كىچىك سانائەت كارخانىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن دۆلەت بولۇپ، تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسىم كارخانىدا مائاشلىق ئىشچىلار يوق ئىدى، پەقەت 0.5% كارخانىسىدىلا يۈزدىن يۈز نەچچىگىچە مائاشلىق ئىشچى

يالـلىنىپ ئىشلەيتتى. بۇ چوڭ كارخانىلاردا يالـلىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئومۇمىي مائاشلىق ئىشچىلارنىڭ تەخمىنەن 45% نى ئىگىلەيتتى. يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر ئاستا ئىدى. يېزا ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىدە يەنىلا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن گەرچە نوپۇسنىڭ شەھەرلەرگە يۆتكىلىش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈپ، دېھقانلار ئازايغان بولسىمۇ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ۋە خىمىيەلىك ئوغۇتنى كۆپلەپ ئىشلىتىش بىلەن فىرانسىيەنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلاپ كەلدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئېلېكتىرلىشىشىنىڭ تەرەققىياتى زور بولدى. فىرانسىيە يەنىلا ئۇششاق دېھقانلار دۆلىتى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ 2.5 ئاكىر (ئىنگلىز موسى)دىن تۆۋەن يېرى بارلىرى تەخمىنەن 25%، 2.5 ئاكىردىن 25 ئاكىرغىچە يېرى بارلىرى 47% ئىدى. كۆلىمى 125 ئاكىردىن ئاشىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بارلىرى ئاران 2% ئىدى. 1926 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ سانائەت نوپۇسى تارىختا تۇنجى قېتىم يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن ئاشتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە فىرانسىيە قوغداش تاموژنا بېجى سىياسىتىنى كۈچەپ يولغا قويغانلىقتىن، باج كىرىمى 1913 ـ يىلىدىكى سەۋىيەدىن خېلىلا ئاشتى. 1927 ـ يىلىغا كەلگەندىلا فىرانسىيە ئاندىن يېمەكلىكلەرنى ئېكسپورت قىلماسلىقتا ئائىت بارلىق چەكلەش پەرمانلىرىنى بىكار قىلدى.

سىياسىي جەھەتتە، فىرانسىيە كۆپ پارتىيەلىك تۈزۈمنى يولغا قويغانىدى. پارلامېنت سايلىمىدا كۆز قاراشلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان پارتىيەلەر ئىتتىپاقلىشىپ سايلامغا قاتنىشاتتى. پارتىيەلەر كۆپ، ئىنتىزامچانلىقى كەمچىل بولغانلىقتىن، باش مىنىستىر پارلامېنتنى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى كونترول قىلىپ بولالماي، ئىچكى كابىنېتتىكىلەر كۆپ ئالمىشاتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە فىرانسىيەدە جەمئىي 27 نۆۋەت ئىچكى كابىنېت

تەشكىللەندى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە گېرمانىيەدىن ھەزەر ئەيلەش ۋە كوممۇنىزمغا بولغان دۈشمەنلىك فىرانسىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. 1919 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى چوڭ سايلامدا ئوڭ قانات پارتىيىلەر تەشكىللىگەن مىللىي ئىتتىپاق غەلىبە قىلىپ، پارلامېنتتىكى 602 ئورۇننىڭ 425 ىنى ئىگىلىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى كېلېمانسو ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، مىللېراند (1859 ـــ 1943 ـ يىللار) باش مىنىستىر بولدى. 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مىللېراند پرېزىدېنتلىققا سايلىنىپ، بىرىئاند (1862 ـــ 1932 ـ يىللار) باش مىنىستىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. مىللىي ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى گېرمانىيەگە قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، گېرمانىيەنى بېسىپ، ۋېرسال شەرتنامىسىنى قەتئىي قوغداپ، گېرمانىيەنى شەرتنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇرلىدى. 1921 ـ يىلى گېرمانىيەدە پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى يۈز بەرگەنلىكتىن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇش تۆلىمى تۆلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە فىرانسىيەگە بۇ تەلەپنى ئويلىشىپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى. بىرىئاند ئەنگلىيە بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن ئىلگىرى، مىللېراند ئۇنىڭغا بىر نوتا بېرىپ، ئۇنىڭ تۆلەم مەسىلىسىدە زادىلا يول قويماسلىقىنى، گانا (ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئەمەلدارلىرى ئۇچرىشىدىغان جاي)دا تۆلەم مەسىلىسىگە مەسئۇل گېرمانىيە ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى، تۆلەم مەسىلىسىنىڭ «تۆلەم كومىتېتى»نىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ مۇشۇ ئورگىنىنىڭلا بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە سۆھبىتىدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن بىرىئاند ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 1922 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پوئېنگاي

(1860 ــ 1934 ـ يىللار) ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. 1922 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گېرمانىيە 1921 ـ يىللىق تۆلەم پۇلىنى تۆلەشكە قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى، مۇددەتنى ئالتە ئاي ئۇزارتىپ بېرىشنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويغاندا، پوئىنىگلاي ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلدى ھەم بۇنى باھانە قىلىپ ئەسكەر چىقىرىپ، رۇر رايونىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ، گېرمانىيەنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، فىرانسىيە مالىيەسىنىڭ يامانلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، فىرانسىيە خەلقئارادا يېتىم قالدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۆلەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەشەببۇسكارلىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. رۇر رايونىنى ئىگىلەش فىرانسىيەنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىق قوزغاپ، ئۇرۇشنىڭ ئازابىنى تارتقان فىرانسىيە خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ فىرانسىيەنى يېڭى ياۋروپا ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىشىدىن ئەنسىرىدى. 1924 ـ يىلى پوئىنىگلاي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 1924 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى چوڭ سايلامدا سول قانات ئىتتىپاق دېموكراتىك، تىنچلىقپەرۋەر پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سايلامدا غەلىبە قازىنىپ، پارلامېنتتىكى 584 ئورۇندىن 315 نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ رەھبىرى رادىكال سوتسىياللار پارتىيەسىدىن بولغان خېررىئوت (1872 ــ 1957 ـ يىللار) باش مىنىستىر بولدى. سول قانات ئىتتىپاق 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1926 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېررىئوت، پاۋل ۋالېرېي، ئاستىرىد بىرىئاند باش مىنىستىر بولدى. بۇ، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا ئەنگلىيە لېيبورىستلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان يەنە بىر دېموكراتىك، تىنچلىقپەرۋەر بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى ئىدى. خېررىئوت ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، تۆلەم مەسىلىسىدە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ كېسىمىنى قوبۇل قىلدى؛ داۋىس پىلانىنى ماقۇللىدى؛ 1924 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى؛ دۆلەت ئىچىدە سىياسىي جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىپ، 1920 ـ يىلى ئىش تاشلاشقا قاتناشقانلىق سەۋەبىدىن ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىلارنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، مەمۇرلارغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش هوقۇقىنى بەردى، ئاياللارغا شەھەر ۋە ناھىيە سايلىمىغا قاتنىشىش هوقۇقىنى بەردى. ئالساس ۋە لورراييندىكى كاتولىك دىنى چېركاۋلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى چەكلىدى. ھالبۇكى، خېررىئوتنىڭ بىر قاتار رادىكال تەدبىرلىرى ئوڭ قانات پارتىيەلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مالىيەسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، 1925 ـ يىلى خېررىئوت ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. ۋالېرىي ھۆكۈمىتى تەختكە چىققاندىن كېيىن تېزدىن ئوڭچىل سىياسىي لۇشيەننى يولغا قويۇپ، مال ـ مۈلۈك بېجى ئېلىش لايىھەسىنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. ئەمما، مىللىي ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى ئەمگەكچى خەلقتىن ئالغان تۆرلۈك باج ـ سېلىقلارنى پۈتۈنلەي ساقلاپ قالدى. مۇستەملىكە سىياسىتى جەھەتتە، ماراكەش رىف جۇمھۇرىيىتى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ، سۈرىيەدىكى دروز خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. مۇستەملىكە ئۇرۇشىنىڭ چىقىمى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇپ، كەڭ خەلق ۋە سول قانات ئىتتىپاق ئىچىدىكى قىسمەن پارتىيەلەر ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇپ، سول قانات ئىتتىپاقىنىڭ مالىيە سىياسىتىدىن ئىزچىل نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان چوڭ بۇرژۇئازلار ھۆكۈمەتكە قاتتىق بېسىم چۈشۈردى. نەتىجىدە سول قانات ئىتتىپاق تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. 1926 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پوئېنگلاي قايتا باش مىنىستىر بولۇپ، ھەرقايسى ئوڭ قانات پارتىيەلەرنى تايانچ قىلغان، سول قانات ئىتتىپاقىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى قاتناشقان «مىللىي بىرلىك» ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. «مىللىي بىرلىك» ھۆكۈمىتى مالىيە ئىسلاھاتى ۋە

مەمۇرىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئۆزۈكسىز كۈرسى چۈشۈپ كېتىۋاتقان پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سىرتقا ئېقىپ كەتكەن مەبلەغنى قايتۇرۇپ كېلىپ، خامچوتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئىگىلىكى گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. «مىللىي بىرلىك» ھۆكۈمىتى بۇرژۇئازلارنىڭ مەنپەئەتىنى تېخىمۇ چىڭ قوغداپ، ھەربىي ھازىرلىقىنى پائال كېڭەيتىپ، ھەربىي خامچوتنى ئاشۇرۇپ، ھەربىي پاراخوتلارنى كۆپلەپ ياساپ، مەجبۇرىيەت خاراكتېرلىك ئومۇميۈزلۈك ھەربىي مەشىقنى يولغا قويدى. 1927 - يىلى ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىن فىرانسىيە ھۆكۈمىتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات قوزغاپ، قاچاق ئاق گىۋاردىيەچىلەرنى پاناھىغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىقتىسادىي ئىمبارگو يۈرگۈزدى.

فىرانسىيە گەرچە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەت، شۇنداقلا ئەنگلىيەدىنلا كېيىن تۇرىدىغان چوڭ مۇستەملىكىچى دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە قوشنىسى بولغانلىقتىن ھەمىشە ئۆز بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيەنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن، ۋېرسال سىستېمىسىنى ھەممىدىن بەك قوغدايتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن تۈزۈلگەن سۇلھىگە ئامېرىكا قاتناشمىغانلىقتىن، كېيىن تۆلەم مەسىلىسىدە ئەنگلىيە بىلەن تىركىشىپ قالغانلىقتىن، شۇنداقلا يەنە سوتسىيالىستىك سوۋېت رۇسىيەسىدىن خەۋپسىرىگەنلىكتىن، ئۆزىنى يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. فىرانسىيە ئۇرۇشتىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە، چېخسلوۋاكىيە، رومىنىيەنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىتتىپاق تۈزۈپ (بۇلار كىچىك ئانتانتا دۆلەتلەر دەپ ئاتالدى)، شەرق ۋە جەنۇبتىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر (گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق) دىن ئورتاق پەخەس بولۇپ،

ۋېرسال سىستېمىسىنىڭ بۆزۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ياۋروپادا پائال قوللىغۇچى ئىزدىدى. بۇنىڭ بىلەن 1921 ـ يىلى پولشا بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. 1924 ـ يىلى چېخسلوۋاكىيە بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. 1926 ـ يىلى رومىنىيە بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. 1927 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزدى. فىرانسىيە يەنە لوكارنو ئەھدىنامىسىگە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ ئەھدىنامىدە گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ھەم گېرمانىيە بىلەن بېلگىيەنىڭ چېگراسى ئېنىق ئايرىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، فىرانسىيە دۆلەت مۇداپىئەسىدە قوغدىنىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، 1929 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئۆز چېگراسىدا ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان «ماگىنوت مۇداپىئە لىنىيەسى» (قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ماگىنوتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان)نى بەرپا قىلدى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بۇنى ياساشقا غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىپ، ئۇنى بىخەتەر توسۇق دەپ قارىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ رولى يوقلۇقى مەلۇم بولدى. گېرمانىيەلىكلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇنى تولۇق ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى.

فىرانسىيە خەلقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نىسپىي مۇقىم دەۋردە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن پائال كۈرەش قىلدى. 1925 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كومپارتىيە بىلەن باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 24 سائەت داۋاملاشقان، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى قاتناشقان ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى بىرلىكتە تەشكىللەپ، ماراكەش بىلەن سۈرىيەدىن دەرھال قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1929 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئۇرۇشقا

قارشى تۇرۇش كۇنى» ئۆتكۈزدى. 1928 ـ يىلى 11 ـ ئايدا رادىكال سوتسىيالىلار پارتىيەسىدىن بولغان مىنىستىرنىڭ ئىچكى كابىنېتتىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن «مىللىي بىرلىك» ھۆكۈمىتى يىمىرىلدى.

## 3 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئامېرىكا

ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى ئامېرىكا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا ئاندىن ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۆز زېمىنى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىمىغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەر بىلەن قورال ـ ياراغ سودىسى قىلىپ خېلى بېيىۋالغانىدى. ئامېرىكا كاپىتالىستلىرى ئۇرۇش مەزگىلىدە زور پايدىغا ئېرىشىپ، مۇقىم كاپىتالىنى يېڭىلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ توپلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشتىن كېيىن سانائەتنى باشقۇرۇش ياخشىلانغانلىقتىن ھەم تېخنىكا ئىنقىلابى تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئامېرىكا ئىقتىسادى 1920 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىدىن 1921 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىسقا مەزگىللىك كاساتلىشىشتىن كېيىن تېزلا قايتا جانلىنىپ، پەيدىنپەي گۈللىنىشكە يۈزلەندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1923 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە بولغان ئالتە يىل ئىچىدە پولات مەھسۇلاتى 44 مىليون 900 مىڭ توننىدىن 56 مىليون 400 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ %26 ئاشتى؛ توك تارقىتىش مىقدارى 71 مىليارد 300 مىليون كىلوۋاتت سائەتتىن 116 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە كۆپىيىپ %65 ئاشتى. ئاپتوموبىل ياساش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى، ئېلېكتىرومېخانىكا ۋە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، سىمسىز

www.uyghurkitap.com

رادىيو ئۈسكۈنىلىرى، ئاۋىياتسىيە، كىنوچىلىق قاتارلىق يېڭى سانائەتلەر تەرەققىي قىلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئاپتوموبىللار 1900 ـ يىلىدىكى 4000 دانىدىن 1929 ـ يىلىدىكى 4 مىليون 794 مىڭ 898 دانىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى يول ـ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ۋە ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نېفىت، بالون ياساش، تاشيول ياساش ۋە پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈپ، ماي قاچىلاش پونكىتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇملاشتۇردى. كولدجې ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە پاي چېكى باھاسى تېز ئۆرلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئېشىپ، رادىيو، كىر ئالغۇ، پىكاپ زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئايلاندى. كىچىك شەھەرلەر تېزلا نوپۇسى زىچ چوڭ شەھەرلەرگە ئۆزگەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە تۇرالغۇلارنىڭ زور كۆلەمدە ئازىيىشى ئۇرۇشتىن كېيىن تۇرالغۇلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن كەڭ بازار ئېچىپ بەردى. نەچچە ئون قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك قەد كۆتۈردى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ياۋروپالىقلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، كىشىلەر بۇ دەۋرنى «كولدجې زامانىدىكى گۈللىنىش دەۋرى» دەپ ئاتاشتى. 1929 ـ يىلى كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئىشلىتىلگەن ماشىنىنىڭ 81% ىنى ئامېرىكا تەمىنلىدى. رادىيومۇ ئادەتتىكى ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشتى. ئاپتوموبىل سانائىتى، ئېلېكترون سانائىتى ۋە بىناكارلىق 20 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. ئومۇمىي مىللىي دارامەت 1919 ـ يىلىدىكى 65 مىليارد 90 مىليون دوللاردىن 1929 ـ يىلى 82 مىليارد 810 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 1919 ـ يىلىدىكى 620 دوللاردىن 1929 ـ يىلى 681 دوللارغا كۆپەيدى. ئامېرىكىنىڭ چەت ئەلگە چىقارغان مەبلىغى 1919 ـ

يىلىدىكى 7 مىليارد دوللاردىن 1929 ـ يىلى 17 مىليارد 200 مىليون دوللارغا كۆپەيدى (بۇلار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بېرىلگەن قەرزنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورت قىلغان تاۋار سوممىسى 1922 ـ يىلىدىكى 3 مىليارد 971 مىليون دوللاردىن 1929 ـ يىلى 5 مىليارد 157 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. ئومۇمەن، 1919 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە، پۈتكۈل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 40%، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى 26% ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى قەرزدار دۆلەتتىن بىر سەكرەپلا ھەقدار دۆلەتكە ئايلىنىپ، نيۇيورك لوندوننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئەمما، ئىقتىساد گۈللىنىش بىلەن بىللە يەنە يوشۇرۇن كرىزىسمۇ ساقلاندى. بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق ئۇزاق مەزگىل يۈكسەلمىدى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ، دېھقانلار ئېغىر قەرزگە بوغۇلدى، ھەتتا بەزىلىرى ئېتىزلىرىدىن ئايرىلىپ، يۇرتلىرىدىن چىقىپ كەتتى. نۇرغۇن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىگىلىرىمۇ ۋەيران بولدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ، سېتىۋېلىش كۈچى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يېتىپ، ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان يېنىك سانائەت تېز يۈكسەلمەي، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەنىدى. ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم سانائەت تارماقلىرى، مەسىلەن، توقۇمىچىلىق، كۆمۈركانچىلىق، كېمىسازلىق، كۆن ـ خۇرۇمچىلىق ئۇزاققىچە تۇرغۇنلۇقتا قېلىپ، كۆپلىگەن ئىشچىلار ئىشسىز قالدى. ئۈچىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى يوقىرىلاپ، قوشۇۋېلىش

شاملى ئەدىگەنلىكتىن، ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار سىقىپ چىقىرىلىپ، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشى بەكلا پەرقلىنىپ كەتتى. فېدېراتسىيە سودا كومىتېتىنىڭ 1926 ـ يىلىدىكى بايلىق ۋە كىرىمگە ئائىت دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، «نوپۇسنىڭ 1% نى ئىگىلىگەن چوڭ كاپىتالىستلارنىڭ ئىگىلىگەن بايلىقى 59% كە يەتكەن؛ نوپۇسنىڭ 12% نى ئىگىلىگەن كىچىك كاپىتالىستلارنىڭ ئىگىلىگەن بايلىقى 33% كە يەتكەن؛ ھالبۇكى، نوپۇسنىڭ 87% نى ئىگىلىگەن سانائەت ئىشچىلىرى، ئۇششاق دېھقانلار ۋە كىچىك دۇكاندارلارنىڭ ئىگىلىگەن بايلىقى بولسا 8% بولغان». 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە، 15 چوڭ شىركەت گۇرۇھى پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ 80% نى، 20 شىركەت گۇرۇھى قىتئە ھالقىغان ئېلېكتىر يولىنىڭ 98.5% نى كونترول قىلغان. 1929 ـ يىلى تەخمىنەن 60% ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئامېرىكا ئومۇمىي مىللىي دارامىتىدە تۇتقان سالمىقى 24% كىمۇ يەتمىگەن، ئېغىرى شۇكى، 21% ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ مىللىي دارامەتتە تۇتقان سالمىقى 4% كىمۇ يەتمىگەن. تۆتىنچىدىن، بۇ مەزگىلدە پۇلنى بۆلۈپ تۆلەيدىغان نېسىگە ئېلىش تۈزۈمى كەڭ ئومۇملىشىپ، 1927 ـ يىلى 60% ئاپتوموبىل پۇلنى بۆلۈپ تۆلەش شەكلىدە سېتىلدى، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇدىن تارتىپ خۇسۇسىي تۇرالغۇلارغىچە كۆپىنچە نېسىگە سېتىۋېلىندى. بەشىنچىدىن، بۇ مەزگىلدە ھايانكەشلىك ئەدەپ، پاي چېكى، زايوم قاتارلىقلار كۆپلەپ تارقىتىلىپ، چوڭ كارخانا ئىگىلىرى، پۇل مۇئامىلە دوكالىرى ھەدەپ ھايانكەشلىك قىلىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ كۆپلەپ پاي چېكى سېتىۋېلىپ تېز بېيىش قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. يەنە خەلقئارا ئىقتىسادتىكى يوشۇرۇن ئامىللارمۇ ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى. 1920 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياۋروپا قاتارلىق قىتئەلەردىكى ئەللەر



www.uyghurkitap.com

ئامېرىكىغا جەمئىي 13 مىليارد 300 مىليون دوللار قەرز بولۇپ قالدى. ياۋروپانىڭ نامراتلىقى ۋە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى تاموژنا بېجى ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى بازارلىرىنى كۆنسايىن تارايتىۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

سىياسىيدىكى مۇتەئەسسىپلىك ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش بارلىققا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي جەھەتتە مۇتەئەسسىپلىك مەيدانغا كەلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، كاپىتالىستلار ئىشچىلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېرىشكەن بەزى نەتىجىلىرىنى بىكار قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئازايتىپ، ئىشچىلارنى كۆپلەپ قىسقارتىۋەتكەنلىكتىن، يەنە كېلىپ، تېز ئۆسكەن مال باھاسى جان بېقىشنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ئامېرىكىدا ئىش تاشلاش ئەۋج ئالدى. 1919 ـ، 1920 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تۆمۈريول ئىشچىلىرى، پولات ـ تۆمۈر ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى يۈز بەردى. 1919 ـ يىلىلا 3600 قېتىمدىن كۆپرەك ئىش تاشلاش يۈز بېرىپ، ئىش تاشلاشقا قاتناشقانلار 4 مىليوندىن كۆپرەككە يەتتى. ئاخىرىدا ئىش تاشلاش ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇشى ۋە ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۇچچى داھىيلىرىنىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. ئەمما، 1919 ـ يىلىدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىدا ئامېرىكا كومپارتىيەسى دۇنياغا كەلدى. كومپارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلسون ھۆكۈمىتىنىڭ غالجىرلارچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، مەخپىي پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇشتىن كېيىن خەلقئارا ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئامېرىكىدا يەنە «قىزىل تېررورلۇق» دولقۇنى مەيدانغا كەلدى. بەزى شەھەرلەردە

ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ پارتلىتىش ۋەقەلىرى كۆرۈلگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئارمىيە، ساقچىلارنى چىقىرىپ «رادىكال ئۇنسۇرلار»نى كۆپلەپ تۇتتى. 1920 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 6000 ئادەم تۇتۇلۇپ، نۇرغۇن گۇناھسىز پۇقرالار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

ئامېرىكا كۆچمەنلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولسىمۇ، غەربكە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكچىلەر ۋە ئەمگەك تەشكىلاتلىرى يېڭى كۆچمەنلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئەمگەكچىلەر بازىرىنى تارايتىۋېتىدۇ، ئەمگەك تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ قاراپ، كۆچمەنلەرنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 15 يىلىدا، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون كۆچمەن چېگرادىن كىردى. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى. 1917 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پارلامېنت كۆچمەنلەرنى مەجبۇرىي ھالدا مەدەنىيەت جەھەتتىن سىناش لايىھەسىنى ماقۇللىدى. شۇنداقتىمۇ، 1920 — 1921 ـ يىللاردا يەنىلا 1 مىليون 230 مىڭ كۆچمەن يوپۇرۇلۇپ كىردى. «چەت ئەللىكلەر ۋە يات پەلسەپىلەر» ئاممىۋى ئاغدۇرمىچىلىق ۋەھىمىسى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، ئامېرىكا كۆچمەنلەرنى چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئەمگەكچىلەر كۆچمەنلەرنى چەكلەشنى تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر تۈركۈم رادىكال يۈرتۋازلار ياكى ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىنى توستى، ياكى يەھۇدىي دىنى، كاتولىك دىنىغا بىر تەرەپلىمە قارىدى ۋە ياكى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپالىقلار، ئاسىيالىقلارنى چەتكە قاقتى. بۇ ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ تەلىپى ئاستىدا، 1921 ـ يىلى پارلامېنت ئاۋام پالاتاسى ۋاشىنگتون ئىشتاتىدىن كەلگەن پارلامېنت ئەزاسى ئېبېرت جونسون ئوتتۇرىغا قويغان كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىشنى بىر يىل توختىتىش توغرىسىدىكى لايىھەنى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن لايىھەسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ تۈزىتىشىدىن

ئۆتۈپ، كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى 1910 ـ يىلى چەت ئەللەردە تۇغۇلغان ئامېرىكىلىقلار سانىنىڭ 3% ى ئىچىدە چەكلەش بەلگىلىنىپ، 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پىرېزىدېنت خاردىڭ تەرىپىدىن تەستىقلاندى. بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى گەرچە كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى ئازايتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كىشىنى رازى قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1924 ـ يىلى يەنە يېڭى كۆچمەنلەر قانۇنى تۈزۈلۈپ، شەرقلىق كۆچمەنلەرنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلەش ھەم ياۋروپالىق كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى 1890 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان چەت ئەللىكلەر نوپۇسىنىڭ 2% ى ئەتراپىدا تىزگىنلەش بەلگىلەندى. بۇ قانۇندا يەنە 1927 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن ھەر يىلى 150 مىڭ كۆچمەن قوبۇل قىلىش، بۇ ساننى 1920 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا خەلقىنىڭ مىللەت ئايرىمىسىغا ئاساسەن تەقسىملەش بېكىتىلدى. بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى شەرقىي ياۋروپالىق، جەنۇبىي ياۋروپالىق يېڭى كۆچمەنلەرنى سان جەھەتتىن چەكلەشكە تېخىمۇ پايدىلىق بولدى. 20 ـ يىللاردا ئامېرىكا كۆچمەنلەرنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپلا قالماي، ئامېرىكىدا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان چەت ئەللىك ئىشچىلارغىمۇ سىياسىي زىيانكەشلىك قىلىپ، نەچچە يۈز مۇھاجىر ئىشچىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقاردى. بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ساككو ۋە ۋانزېتتى ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ. ساككو ۋە ۋانزېتتى ئىتالىيەلىك كۆچمەن بولۇپ، 1908 ـ يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ ماسساچۇستېس ئىشتاتىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. ساككو موزدوزلۇق قىلىدىغان، ۋانزېتتى كۈنلۈك ئىشلەيدىغان، قوشۇمچە بېلىق ساتىدىغان بولۇپ، ئىككىيلەن ماسساچۇستېستىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپلىرى ئىدى. كومپارتىيەگە قارشى تۈرۈش دولقۇنىدا 1920 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇلار 15 مىڭ دوللارنى

بۇلىغان دەپ قارىلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. گەرچە نۇرغۇن پاكىتلار ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، بۇ نائادىل ھۆكۈم پۈتۈن ئامېرىكا، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنىلا ئۇلارنى يەتتە يىل قامىغاندىن كېيىن توك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلتۈردى. 1927 - يىلى 7 - ئايدا ۋانزېتتى ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا: «مەن ئۆمرۈمدە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىدىم، پەقەت جىنايەتلەرنى تۈگىتىشنى ئويلىدىم، مەن دەل رادىكال بولغاچقا، چەت ئەللىك بولغاچقا، مۇشۇنداق قىسمەتكە ئۇچرىدىم» دەپ خىتاب قىلدى.

20 - يىللاردا ئۇزاق يىل مەۋجۇتلۇقتىن قالغان ئۈچ K پارتىيەسى قايتا تىرىلدى ھەم زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1920 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ K پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى تەخمىنەن 4000 — 5000 بولۇپ، ئاساسلىقى جەنۇبتىكى يەتتە ئىشتات (ئىندىئانا، ئوخېيئو، كالىفورنىيە، تېكساس، ئوكلاخوما، ئاركانزاس ۋە ئورېگون)قا تارقالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1922 — 1925 - يىللار ئەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلى بولدى. 1925 - يىلى ئۈچ K پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى تەخمىنەن 4 - 5 مىليونغا يەتتى. ئۈچ K پارتىيەسى ئىرقىي ئۆچمەنلىكنى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يامراتتى؛ ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرگە ئۆچمەنلىك قىلدى؛ خىرىستىيانلار يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلدى؛ پىروتېستانت دىنىدىكىلەر كاتولىك دىنىدىكىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلدى. ئۈچ K پارتىيەسى ئامېرىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەيلىگە قويۇۋېتىشى بىلەن دائىم سىرلىق يىغىلىش ۋە نامايىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، ھەممىلا يەردە ھەر خىل ياۋۇزلۇقلارنى قىلىپ، قارا تەنلىكلەر ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىرىگە قارىتىلغان يوشۇرۇن جازالاش، ئۆلتۈرۈشنى ئەدىتىۋەتتى. ئۈچ K پارتىيەسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى يەنە سىياسىي پائالىيەتلەرگە

قاتناشتى. بولۇپمۇ جەنۇبتا ئۇلار سىياسىينى تىزگىنلىۋېلىپ، شەھەر باشلىقى، ئىشتاتلىق پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئىشتات باشلىقىنى سايلاپ، «شەكىلسىز ئىمپېرىيە»گە، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەتكە ئايلاندى. 1914 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە جەنۇبتىكى 600 مىڭدىن ئارتۇق قارا تەنلىك شىمالغا كۆچتى، نۇرغۇن قارا تەنلىك ماشىنا ساقلاۋاتقاندا قانۇنسىز تۇتۇپ كېتىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئىرقلار زىددىيىتى ئۆتكۈرلەشكەنلىكتىن، جەنۇبتىكى يېڭى ئۈچ K پارتىيەسىنىڭ پائالىيىتى ئەدىگەنلىكتىن، قارا تەنلىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن، ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەر ئامېرىكىدا تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولالىشىغا ئىشەنمەي، قارا تەنلىك داھىي ماركوس گاۋي (1887 ــ 1940 ـ يىللار) تەشەببۇس قىلغان «ئافرىقىغا قايتىش» ھەرىكىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى نەچچە ئون مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇ، ئامېرىكا قارا تەنلىكلەر ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئافرىقىغا قايتىشنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتى ئىدى.

دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان پىرېزىدېنت ۋىلسون 1920 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن بوشانغاندىن كېيىن، 20 ـ يىللاردا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئۈچ پىرېزىدېنت، يەنى خاردىڭ (1921 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1923 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە)، كولىدجې (1923 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1929 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە) ۋە خوئوۋېر (1929 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىن) ئارقا ـ ئارقىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. كىشىلەر تەرىپىدىن «كارغا يارىماس پائا- لىيەتچى» دەپ ئاتالغان ئانچە ئىقتىدارى يوق خاردىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن «نورمال ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» سىيا- ستىنى، يەنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دۆلەت مونوپولىيەسىنى ئە- مەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى خۇسۇسىيلار مونوپو- لىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ ئەركىن تىجارەت قىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى قورۇقچىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تاموژنا بېجى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇشى، بىرلىشىشى ۋە پاي چېكى تارقىتىشىغا ئارىلاشتۇرماي، مال باھاسىنى تىزگىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەشتىن ۋاز كېچىپ، ھەممىنى كاپىتالىستلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر توركۇم «ئوخبىئولۇق» سىياسەتۋازلار ئۇيۇشۇپ، نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئىچىدە خىيانەتچىلىك قىلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ۋەقەلىرى ئۈزۈكسىز كۆرۈلۈپ توردى: ئارمىيەدىن بوشانغان ھەربىيلەر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى فوربىس يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان ماددىي ئەشيالار بىلەن ھەربىيلەر دوختۇرخانىسى سېلىپ، ئوتتۇرىدىن 200 مىليون دوللاردىن كۆپرەك خىيانەت قىلدى. ئۇنىڭ خىيانەتچىلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، يەنە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى فورۋېلىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ 3 ـ نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقىنى شەخسىي كارخانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئارىلىقتىن نۇرغۇن پارا ئالغانلىقى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى دوگېرتىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتۇۋالغانلىقى بايقالدى، خاردىڭ ئوخبىئو گۇرۇھىنىڭ چۈشكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 1923 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققاندا، يولدا تۇيۇقسىز كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا كولدجى چىقتى. ئۇ خاردىڭدىنمۇ بەكرەك چوڭ كارخانىلار بىلەن يېقىن ھەمكارلىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ يەنىلا ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش ۋە «ئۆز يورۇشىگە قويۇۋېتىپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتىنى قوللاندى. «ئامېرىكا سودا دۆلىتى، سودا ھۆكۈمىتىگە موھتاج» دېگەن مەشھۇر سۆزى بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ پۇل تېپىۋېلىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى خىراجەت ۋە باج كىرىمىنى

تېجىشىنى، ھەممە كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ كاپىتا-لىستلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىنى تەكىتلىدى. ئۇ «پەقەت بايلارنىڭ قىممىتى بولغانىكەن، ھۆكۈمەت كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىگە ئېھتىيات بىلەن قارىشى كېرەك، نامراتلىق — جىنايەت-نىڭ تارتقۇلۇقى بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت ئالىيجاناب بايلاردىن باج يىغىپ، پەس نامراتلارنى يۆلىمەسلىكى لازىم. بايلار ئۆز مەن-پەئەتىنىڭ نەدىلىكىنى ئەڭ چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ كارخانىلىرىغا ئارىلاشماسلىقى، بەلكى كارخانىلارنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك» دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. بۇ مەزگىلدە ئىقتىسادنىڭ دەرمەھەل گۈللەنگەنلىكىدىن نۇرغۇن كىشىلەر قا-رىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتىغا بېرىلىپ كەتتى، ھەتتا پىر-ىېزىدېنتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. خوئوۋېر 1929 - يىلى 10 - ئايدىكى سايلام نۇتقىدا: «بۈگۈن بىز خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى نامراتلىق ۋە ۋەھىمىنى يوقىتىش غايىسىگە ھەرقانداق جايدا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بەكرەك يېقىنلاشماقتىمىز»، «بىز ئۆت-كەنكى سەككىز يىللىق سىياسەتنى داۋاملىق ئىجرا قىلساقلا، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن پات ئارىدا نامراتلىقنى بۇ دۆ-لەتتىن يوقىتالايمىز» دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدە ئامېرىكىدا كىشىلەر شەيئىلەرنى سو-غۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپلا قالغا-نىدى. خوئوۋېر پرېزىدېنت بولغاندىن كېيىن «ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ يېتىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى شەخسچىلىك» دېگەن مەشھۇر تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق شەخسچىلىك ئەركىن كارخانا تۈزۈمى بىلەن باغلانغان بو-لۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىشىغا قارشى ئىدى. بۇ تەشەببۇسلار بىلەن 20 - يىللاردا ئامېرىكىدا سىياسىي نىسبەتەن مۇتەئەسسىپلىشىپ، ئىسلاھات ئاساسەن توختاپ قالدى. مۇ-شۇنداق بولۇپلا قالماي، 1920 - يىلى يازدا «قىزىل تېررورلۇق»

دولقۇنى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى يەنىلا دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراپ، نۇرغۇن ئىشتاتلار ئۇرۇش مەزگىلىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق بولغان جاسۇسلارنى جازالاش قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. تاشقى سىياسەت جەھەتتە يەككىچىلىكتىن ئاساسەن ۋاز كېچىلدى. بىراق، ئامېرىكا ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنى تەستىقلىمىغان، خەلقئارا ئىتتىپاققىمۇ قاتناشمىغانىدى. ئۇرۇش قەرزى مەسىلىسىدە، 1924 — 1930 ـ يىللاردا ئامېرىكا داۋىس پىلانى ۋە يۇنگ پىلانى ئارقىلىق گېرمانىيەگە 2 مىليارد 500 مىليون دوللار قەرز بەردى. گېرمانىيە تۆلەم پىلانىنى ئىجرا قىلىپ 2 مىليارد دوللارنى قايتۇردى. بۇنىڭ ئالدىدا ئانتانتا دۆلەتلەر ئامېرىكىغا ئۇرۇش قەرزى ئۈچۈن 2 مىليارد 600 مىليون دوللار قايتۇرغانىدى. 1931 ـ يىلىغا كەلگەندە دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىغانلىقتىن، خوئوۋېر ئۇرۇش قەرزىنى قايتۇرۇشنى بىر يىل ئۇزارتىشنى جاكارلىدى. كېيىن كرىزىس داۋاملىق كېڭەيگەنلىكتىن، ئۇرۇش قەرزىنى بىكار قىلىشنى قارار قىلدى.

70 ـ يىللاردا پوتكول ئامېرىكىدا ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى پەيدىنپەي ئۆزگەردى. ئامېرىكا كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇپ، پۇرىتانلارنىڭ تىرىشچانلىق، كۆرەشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق، ئەقلىنى ئۇلۇغلاش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش دېگەندەك قىممەت قاراشلىرى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ئىدى. 20 ـ يىللاردا بۇنداق ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى ئاۋۋال شەھەرلەردە غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ھاراق سېتىش ئەۋج ئېلىپ، پاراغەتنى قوغلىشىش، بايلىققا ئىنتىلىش، ھايانكەشلىك قىلىش ئادەتكە ئايلاندى. تەشكىللىك جىنايەتلەر كۆپىيىپ، جىنايەتتە ئاپتومات، پارتلاتقۇچ، قۇۋۋىتى يۇقىرى ئاپتوموبىللار ئىشلىتىلىپ،

كىشىلەرنى قاتتىق چۆچۈتتى، ئايالالار ئورنى ئۆسكەنلىكتىن سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇلاردا پەرداز قىلىش مودا بولدى، بۇنىڭ بىلەن گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۇلار يەنە ئاشكارا تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىدىغان، بىلەك ـ يوتىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، جىنسىي مەسىلە ئۈستىدە ئاشكارا پاراڭلىشىدىغان، دائىم ئەر دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، ئەرلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ تۇرىدىغان بولدى، بەزىلەر ھەتتا تۇرمۇشتا ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. بەزىلەر ئەركىن ـ ئازادە ياشاش ئۈچۈن توي قىلماي ياكى كېچىكىپ توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولمىدى ياكى ئاز پەرزەنتلىك بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىدا تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، ئەكسىچە ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەپ، ئائىلە مۇقىم بولمىدى. جەمئىيەتتىكى جىددىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ يېزىلار ۋە كىچىك شەھەرلەردىن چىققان كىشىلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ، ياشلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە تۇرمۇشى تەۋرىنىپ، ئىلگىرىكى ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشقا قايتىش چاقىرىقى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامېرىكىدا 20 ـ يىللاردا مەدەنىيەت تېپىلىشى ۋە چاكىنىلاشتى. گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، كىنو، رادىيولاردا بەزى چاكىنا ئەسەرلەر پەيدا بولدى. مەسىلەن، كىنودا ئىشقىۋازلىق مەزمۇنىدىكى فىلىملەر 1 ـ ئورۇندا، جىنايەت مەزمۇنىدىكى فىلىملەر 2 ـ ئورۇندا تۇردى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە تاۋارلىشىشقا ۋە بازارلىشىشقا يۈزلىنىپ، كۆپىنچە قاتىللىق، ئىشقىۋازلىق، تەۋەككۈلچىلىكنى تېما قىلدى. 20 ـ يىللاردا پىراگماتىزملىق (سوپىسىزمالچىلىق) پەلسەپە ئىدىيەسى ئامېرىكىدا باش كۆتۈرۈپ، ئىنتايىن كەڭ تەسىر پەيدا

www.uyghurkitap.com

قىلدى. پىراگماتىزمنىڭ بەرپاچىلىرىدىن بىرى جامىس: ئالەمدىكى ئەڭ ئىگىزلىك نەرسە «ساپ تەجرىبە»، بارلىق شەيئىي مۇشۇنداق «ساپ تەجرىبە»دىن ھاسىل بولغان دەپ، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئومۇمەن بۇرژۇئازىيەگە «قولايلىق» ۋە «كېرەكلىك» بولغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت، دەپ قارىدى. ئامېرىكىدىكى بەزى تارىخشۇناسلار 20 ـ يىللاردىكى ئامېرىكىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلاپ، بۇ دەۋرنى مەنىۋى «ئاچارچىلىق» دەۋرى ياكى «ئەسەبىي 20 ـ يىللار» دەپ ئاتىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكا ئىقتىسادى گۈللەنگەندە، ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى ھەرھالدا ئۆستى، تۇرمۇش سەۋىيەسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ، تېخنىكىنىڭ ئىلغارلىشىشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىشچىلار كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى»دە ئامېرىكىدىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى ھەر يىلى 2 مىليوندىن كەم بولمىدى، جەمئىيەتتىكى مۇقىم كەسپى يوق نامراتلار 8 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئالدى بىلەن ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ ئۆسۈشى جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق كاتتا كىشىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئۆسۈشىدىن بەكلا ئارقىدا قالدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1923 — 1929 ـ يىللاردا ئامېرىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ پايدىسى 62% ئاشقان، ھالبۇكى ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئاران 11% ئاشقان. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ ئۆسۈشى ئەمگەك سىجىللىقى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشىدىن ئارقىدا قالدى. ئۈچىنچىدىن، ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىم پەرقى چوڭىيىپ كەتتى. جۈملىدىن گۈللىنىۋاتقان يېڭى سانائەت تارماقلىرىدىكى ئىشچىلار، پىشقان ئىشچىلارنىڭ مائاشى خېلى ئۆستى، ۋاھالەنكى

قالاق ئەنئەنىۋى سانائەت تارماقلىرىدىكى ئىشچىلار، پىشمىغان ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئانچە ئۆسمىدى، ھەتتا سەل چۈشۈپ كەتتى. بۇرژۇئازلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە سىياسىينىڭ مۇقىملىقىدىن پايدىلىنىپ ئاتالمىش «كاپىتالىزم پاراۋانلىقى»نى يولغا قويۇپ، ئىشچىلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىشچى ئاقسۆڭەكلەرنى يېتىشتۈرۈپ، سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتتى. بۇرژۇئازلار ۋە ئۇلارنىڭ خۇشامەتچى ئەدىبلىرى: ئامېرىكا كاپىتالىزمى ئاللىقاچان ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، «ئەبەدىي گۈللىنىش» باسقۇچىغا كىردى، دەپ تەلۋىلەرچە جار سېلىپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلارنىڭ ھەمكارلىقى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، دېگەن سەپسەتىنى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ كۆرىشى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. 1919 ـ يىلى 4 مىليون 160 مىڭ ئىشچى جەمئىي 3630 قېتىم ئىش تاشلاشقا قاتناشقان بولسا، 1928 ـ يىلى ئاران 314 مىڭ ئىشچى 604 قېتىملا ئىش تاشلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 20 ـ يىللاردا بازىنى ئۇزۇكسىز قولدىن بېرىپ قويدى. 1920 ـ يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەزالىرى 5 مىليونغا يەتكەن بولسا، 1923 ـ يىلى 3 مىليون 600 مىڭغا چۈشۈپ قالدى، 1929 ـ يىلى تېخىمۇ ئازىيىپ 3 مىليون 450 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، توقۇمىچىلىق، كۆمۈركانچىلىق قاتارلىق گۈللەنمىگەن سانائەت تارماقلىرىدا مائاش تۆۋەن، خىزمەت شارائىتى ناچار، ئىشسىزلىق ئېغىر بولغانلىقتىن، ئىشچىلار كۆپ قېتىم باتۇرلارچە ئىش تاشلىدى. 1927 ـ يىلى 100 مىڭ كۆمۈركان ئىشچىسىنىڭ بىر يىل ئىش تاشلىشى ئامېرىكىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى نىسپىي مۇقىم مەزگىلدىكى ئەڭ زور ئىش تاشلاش بولۇپ قالدى. بۇرژۇئازلار بولسا ئىشچىلارنىڭ كۆرىشىنى باستۇرۇپ تاشلىدى.

## 4 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە

**ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى** گېرمانىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى. 1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم II تەختتىن چۈشتى. بۇ چوڭ ئىمپېرىيە ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابنىڭ زەربىسىدە يىمىرىلدى. 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلق پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى داڭلىق مەدەنىيەت شەھىرى ۋېيماردا پارلامېنت يىغىنى ئېچىلدى. پارلامېنت سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئوڭ قانات داھىيسى فرىدرىخ ئېبېرتنى گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتلىقىغا سايلىدى. ئەمما، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى پارلامېنتتا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت تەشكىللىيەلمەي، دېموكراتلار پارتىيەسى خەلق پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ كابىنېت تەشكىللەپ، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان باش مىنىستىر بولدى. 1919 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سىدېرمان ئانتانتا دۆلەتلەر گېرمانىيەگە تاڭغان ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىگە ئەزا قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان پوۋېل باش مىنىستىر بولۇپ، دىپلوماتىيە مىنىستىرى مىللېرنى پارىژغا سۈلھى شەرتنامىسىگە ئىمزا قويۇشقا ئەۋەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پارلامېنت ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنى تەستىقلىدى.

1919 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پارلامېنت 13 باب، 181 ماددىدىن تەركىب تاپقان يېڭى ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى.



www.uyghurkitap.com

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پرېزىدېنت ئېبېرت ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ، 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن كېيىن بۇ ئاساسىي قانۇن كۈچكە ئىگە بولدى. ۋېيمار ئاساسىي قانۇنىدا: گېرمانىيە جۇمھۇرىيەت بولىدۇ، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، ھەرقايسى ئىشتاتلار ئۆز پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىدۇ، ئۆز يېرىنىڭ مەمۇرىيەت، مائارىپ، ساقچى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، مالىيە، تاموژنا بېجى، پوچتا ئىشلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزگۈچ ئورگىنى كېڭەش پالاتاسى ۋە پارلامېنتتىن تەركىب تاپىدۇ، كېڭەش پالاتاسى ھەرقايسى ئىشتاتلار ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن تەشكىللىنىدۇ، ئاساسلىقى مەسلىھەت بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، ئەمما ھەر تۈرلۈك قانۇنلار ئۇنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتىدۇ. پارلامېنت 20 ياشقا توشقان ئەر ـ ئايال پۇقرالارنىڭ سايلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇ قانۇن تۈزۈش ۋە خامچوتنى بېكىتىشكە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋە سۈلھى قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ، ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىقلارنىڭ مىنىستىرلىرى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ناۋادا پارلامېنتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىسە، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدۇ، پرېزىدېنت ئومۇمىي خەلقنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى يەتتە يىل بولىدۇ، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ، ئۇ باش مىنىستىرنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ. پۇقرالار جىسمانىي ئەركىنلىككە، ئالاقە، تۈرالغۇ، سۆز، يىغىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، «بارلىق گېرمانىيەلىكلەر قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. ئاساسىي قانۇننىڭ 48 ـ ماددىسىدا يەنە گېرمانىيەنىڭ ئەمىنلىكى ۋە تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، پرېزىدېنتقا ئالاھىدە

هوقۇق بېرىلدى. ۋېيمار ئاساسىي قانۇنى خېلى مۇكەممەل ئاساسىي قانۇن بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتتە ئەسلىدىكى ئىمپېرىيە ئاساسىي قانۇنىغا قارىغاندا يەنىمۇ ئىلغارلاشقانىدى. بۇرژۇئازىيە گېرمانىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا بارغانسېرى زور رول ئويناۋاتاتتى. ئەمما، ۋېيمار ئاساسىي قانۇنى پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ۋە تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتالمىدى. گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات قىلىنمىغانلىقتىن، يەر ئىسلاھاتىنى يولغا قويمىغانلىقتىن، شەرقىي پرۇسسىيەدىكى يونكېر پومېشچىكلار يەنىلا چوڭ يەر - مۈلۈكىنى ساقلاپ قالدى، كونا ئىمپېرىيەنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرى يەنىلا ئۆز ئەمەللىرى ۋە ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قالدى، شۇڭا ۋېيمار جۇمھۇرىيىتى ئاجىز جۇمھۇرىيەت بولۇپ قېلىپ، بارلىققا كەلگەندىن تارتىپلا ئوڭ قانات كۈچلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇردى.

1920 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 — 17 - كۈنلىرى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرىدىغان كاپ توپىلىڭى يۈز بەردى. گېرمان مىللىي پارتىيەسىدىن بولغان كاپ (1858 — 1922 - يىللار) كېلەڭسىز دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ئەسكەر قىسقارتىشقا، قورال - ياراغلارنى ئاتانتا دۆلەتلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىماي، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى فون لۇتۋىتس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بېرلىندىكى ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزى باش مىنىستىر بولۇۋالدى. توپىلاڭچىلار بېرلىنغا قاراپ يۈرۈش قىلغاندا، ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىدىن باستۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار «دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىدىكىلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشمايدۇ» دەپ رەت قىلدى. ئېبېرت ھۆكۈمىتى ھودۇقىنىدىن شتۇتگارتقا قېچىپ كەتتى. بېرلىن ئىشچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاپ،



www.uyghurkitap.com

بىرلىنىنىڭ سىرت بىلەن بولغان خەۋەر ۋە قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىپ، بىرلىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئومۇمىي ئىش تاشلاش پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. توپىلاڭچىلار قولىلاشقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن ئارقا ـ ئارقىدىن قېچىپ كەتتى. كاپ بېرلىندىن يوقالدى، لوتۋېتس يونكىرلارنىڭ قورۇقىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. گېرمانىيە پرولېتارىياتى جۇمھۇرىيەتنى قوغداپ قالدى. ئېبېرت ھۆكۈمىتى دەسلەپتىلا ئىقتىدارسىزلىق قىلدى، كېيىنمۇ توپىلاڭچىلارنى جازالىمىدى. 1920 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەلق پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى 50 ئورۇندىن مەھرۇم قېلىپ، مەركەز پارتىيەسى كابىنېت تەشكىللىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۆلەم مەسىلىسى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىساد مەسىلىسى ئىزچىل ھالدا گېرمانىيەدىكى ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتلەر دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلە بولدى. 1921 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر تۆلەم كومىتېتى گېرمانىيە تۆلەيدىغان تۆلەمنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى 132 مىليارد ئالتۇن مارك قىلىپ بېكىتىپ، گېرمانىيە 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر يىلى 2 مىليارد ئالتۇن مارك تۆلەپ، 66 يىلدا تۆلەپ بولىدۇ، 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئاۋۋال 1 مىليارد ئالتۇن مارك تۆلەيدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1921 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇ لايىھەنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1922 — 1923 ـ يىللاردا غايەت زور تۆلەم قەرزى سەۋەبىدىن گېرمانىيەدە ئاپەت خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقى ۋە مالىيە كرىزىسى كۆرۈلدى. كىشىلەرنىڭ ئامانەت پۇلى، سۇغۇرتا پۇلى بىردەمدىلا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ، مائاش جىددىي ئۆسكەن مال باھاسىغا بويلىيالماي، جازانىخورلار، ھايانكەشلەر، كارخانىچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېيىدى، ھالبۇكى ئاددىي خەلق تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيال-

مىدى، ھەتتا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالدى. 1922 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گونوت باش مىنىستىر بولغاندا
ئانتانتا دۆلەتلەردىن تۆلەم تۆلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە رەت قىلىندى. ئانتانتا دۆلەتلەر تۆلەم
كومىتېتى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن گېرمانىيە تۆلەم تۆلەش
مەجبۇرىيىتىنى قەستەن ئادا قىلمايۋاتىدۇ، دەپ بېكىتتى.
فىرانسىيە، بېلگىيە 1923 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 100
مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، رۇر رايونىنى ئىشغال قىلىپ،
گېرمانىيەنى تۆلەم تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا قىستى-
دى. گونوت ھۆكۈمىتى پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى
جاكارلاپ، تۆلەم تۆلەشنى توختىتىپ، ئىشغالىيەتچى قوشۇن ئى-
گىلىۋالغان رايوندىكى كارخانىلارنى بىردەك ئىش توختىتىشقا
بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن تۆلەپ
بېرىشنى قارار قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئىشغالى-
يەتچى قوشۇننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىق ھەققىدە يوليو-
رۇق بېرىپ، تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ فىرانسىيەگە ۋە بېلگى-
يەگە يەتكۈزۈلىدىغان ماللارنى قاچىلىشى ۋە توشۇشىنى چەكلەپ،
بۇ ئارقىلىق فىرانسىيە، بېلگىيەنى يول قويۇشقا مەجبۇرلىماقچى
بولدى. ئەمما، نەتىجىدە خەلقئارا ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈپ،
دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كىرىزىسنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.
دۆلەتتە سانائەت مەھسۇلات مىقدارى جىددىي تۆۋەنلەپ، نۇرغۇن
ئىشچىلار ئىشسىز قېلىپ، پۇل پاخاللىشىپ، ماركىنىڭ قىممىتى
بەكلا چۈشۈپ كەتتى. 1923 ـ يىلى رېيىن رايونى ۋە ۋېستفالى-
يەدىكى چوڭ سانائەتچىلەرگە تۆلەپ بېرىلگەن زىيان پۇلىلا 7
مىليون ئالتۇن ماركقا يەتتى. ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مارك-
نىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى 1923 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 40:1 مىل-
يارد بولغان بولسا، يىل ئاخىرىدا شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، 1: 42
تىرىليون بولدى. 8 ـ ئايدا پۈتۈن مەملىكەتنى دېگۈدەك قاپلىغان
ئومۇمىي ئىش تاشلاش پارتلاپ، قاتناشقانلار 3 مىليونغا يېتىپ،

گونوت ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. پارلامېنت تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان، خەلق پارتىيەسى داھىيسى گۇستاف ستىرېسمان (1878 ـــ 1929 ـ يىللار) پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ، فىرانسىيە بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق رۇرنىڭ ئىگىلىۋېلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. پرېزىدېنت ئېبېرت ئۇنى باش مىنىستىرلىققا تەيىنلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ستىرېسمان ھۆكۈمىتى پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىنى چىقىرىپ، مالىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پۇل قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، 3 مىليارد 200 مىليون مارك قىممىتىدىكى يەر ۋە سانائەتنى كېپىل قىلىپ يېڭى مارك تارقاتتى. مالىيە مىنىستىرلىقى چىقىمنى تېجەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرماقچى بولدى. 1923 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماركىنىڭ قىممىتى تەدرىجىي مۇقىملاشتى. ستىرېسمان ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ تەھدىتىگىمۇ دۇچ كەلدى. 1923 ـ يىلى كۈزدە قايتىدىن ئىنقىلاب ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1923 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ساكسوندا، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تورىڭگىندا كوممۇنىستلار قاتناشقان «سولچى ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھامبورگدا تېلمان رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. پارلامېنت 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىش قانۇنى»نى ماقۇللىدى. ئارقىدىنلا ستىرېسمان ھۆكۈمىتى جىددىي ھالەت جاكارلاپ، ئىش تاشلاشنى چەكلەپ، دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسىنى ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ھۆكۈمەت ھامبۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرغاندىن كېيىن، 11 ـ ئايدا ساكسون ۋە تورىڭگىندىكى سولچى ئىتتىپاق

ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، گېرمانىيە كومپارتىيەسىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىدى. ستىرېسماننىڭ ئىنقىلابنى باستۇرغانلىقى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ستىرېسمان ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

رۇر كىرىزىسى مەزگىلىدە ھەر خىل ئوڭچى كۈچلەر مۇجانلاندى، ھىتلېر باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە مىللىي سوتسىيالىستچىلار پارتىيەسى دەل شۇلارنىڭ ئاساسلىقى ئىدى. ھىتلېر ئاۋستىرىيەدىكى خارابلاشقان كىچىك بۇرژۇئاز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىقنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، «تۆمۈر كرېست ئوردېنى»غا ئېرىشتى. 1919 - يىلى كۈزدە گېرمانىيە قوراللىق ئارمىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ميۇنخېندىكى كىچىك سىياسىي تەشكىلات — «گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيەسى»نى تەكشۈرۈپ، كېيىن بۇ پارتىيەنى تىزگىنلىدى. گېنېرال لودېندورفنىڭ قوللىشى بىلەن 1923 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە ئۇ باۋارىيە ئىشتاتىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ پىۋىخانىدا يىغىلغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قوراللىق ناتسىستلارنى باشلاپ ئۇ يەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى نەزەربەند قىلىپ، باۋارىيە ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتنى يەڭگۈشلەيدىغانلىقىنى ۋە مەملىكەتلىك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەتىسى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار نامايىش قىلدى. ھىتلېر ميۇنخېننى بازا قىلىپ، بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ناتسىستلار پارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتماقچى بولدى. ئەمما، ئەينى ۋاقىتتا بۇ پارتىيەنىڭ كۈچى بەك ئاجىز بولغانلىقتىن، مونوپول بۇرژۇئازىيەمۇ ئۇلارنى ياقتۇرمىغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى «پىۋىخانا

ئىسيانى» ناھايىتى تېز لا مەغلۇپ بولدى. ھىتلېر تۇتۇلۇپ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

1924 ـ يىلى داۋىس پىلانىنى ئىمزالاش ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ تۆلەم پۇلى تەڭشىلىپ، ئىقتىسادى تەدرىجىي مۇقىملاشتى. گېرمانىيەنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ستىرېسمان 1924 ـــ 1929 ـ يىللاردا دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولغاندا بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رېيىن رايونىنىڭ چېگراسىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە ئۆز ئارا كاپالەتلىك قىلىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 1926 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق، بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شۇ يىلى گېرمانىيە خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىپ، خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. 1927 ـ يىلى خەلقئارا ئىتتىپاق كېڭىشى گېرمانىيەدىكى ھەربىي كومىتېتنى چاقىرتىۋېلىشنى قارار قىلدى. 1928 ـ يىلى ئاتانتا دۆلەتلەر پارىژ يىغىنىدا 1930 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىنى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ رېيىن رايونىدىن چېكىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرۈكى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. گېرمانىيە قانۇنلۇق يوللار بىلەن ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى چۈشىكىدىن قەدەممۇقەدەم قۇتۇلۇپ، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتا تىكلىدى. بۇ مەزگىلدىكى گېرمانىيەنىڭ دىپلوماتىيەسى ستىرېسمان دىپلوماتىيەسى دەپ ئاتالدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى نىسپىي مۇقىم يىللاردا چەت ئەل كاپىتالى، بولۇپمۇ ئامېرىكا كاپىتالى ئۆزلۈكسىز كىرىپ قۇۋۋەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغانلىقتىن، گېرمانىيە ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، سانائەت

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئەنگلىيەدىنلا كېيىن تۇرۇپ، كاپىتالىزم دۇنياسىدا 2 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتى 1927 ـ يىلى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى. مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى خارابىلىكتە قايتىدىن باش كۆتۈرگەن گېرمانىيە كاپىتالىزمىنىڭ مونوپوللىشىش دەرىجىسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، كۆمۈركان سانائىتىنىڭ 93% ىنى، بوياقچىلىق سانائىتىنىڭ 96.3% ىنى، ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ 86.9% ىنى، ئەينەكچىلىك سانائىتىنىڭ 90% ىنى، ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقىنى كونسېرنلار كونترول قىلغان. دۆلەت مونوپول كاپىتالىزمىمۇ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. گېرمانىيە بۇ مەزگىلدە سانائەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، سانائەتتىكى مۇقىم ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاپ، قالاق كارخانىلارنى شاللاپ، ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى كۈچەيتتى. ئەمما، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گېرمانىيەنىڭ خام ئەشيا مەنبەسى ۋە تاۋار بازىرى قىيىنچىلىقتا يولۇقۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى بازار كېڭىيەلمەي، دۆلەت سىرتىدىكى بازارلارغا بولغان تايىنىشچانلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، بۇ ئېغىر يوشۇرۇن كىرىزىسنى پەيدا قىلدى.

1925 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پىرېزىدېنت ئېبېرت ئالەمدىن ئۆتتى. 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا يېڭى پىرېزىدېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. پېشقەدەم مارشال فون ھىندېنبورگ (1847 ـــ 1934 ـ يىللار) 14 مىليون 650 مىڭ ئاۋاز بىلەن پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. ھىندېنبورگ ئارمىيە ئىچىدىلا ئەمەس، ئوڭ قانات پارتىيەلەر ئىچىدىمۇ تەسىرگە ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ، ئادەتتىكى خەلقمۇ ئۇنى گېرمان مىللىتىنى گۈللەندۈرىدىغان سىمۋول دەپ قارايتتى. ئۇ بىر كونا

مىلىتارىزمچى بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي سەپتىكى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولغان، ئالىي باش قوماندانلىق ئىشتابى قورۇلغاندىن كېيىن ئەمەلىيەتتە پۈتۈن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ پرېزىدېنتلىققا سايلىنىشى گېرمانىيە مىلىتارىزمى ۋە ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولدى.

گېرمانىيە پرولېتارىياتى ۋېيمار ئاساسىي قانۇنى كاپالەتلىك قىلغان دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇردى. گېرمانىيە كومپارتىيەسى نويابىر ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىدا بارلىققا كەلگەنىدى، 1920 ـ يىلى گېرمانىيە كومپارتىيەسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مۇستەقىل سول قانىتى بىلەن قوشۇلدى. 1923 ـ يىلى گېرمانىيە كومپارتىيەسى ھامبورگ ئىشچىلار قوزغىلىڭىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. 1925 ـ يىلى 3 — 4 ـ ئايلاردا تېلمان كومپارتىيەنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە پرېزىدېنت سايلىمىغا قاتنىشىپ، 1 مىليون 930 مىڭ ئاۋازغا ئېرىشتى. 1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇ گېرمانىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1926 ـ يىلى گېرمانىيە كومپارتىيەسى سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسى بىلەن بىللە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەقسىز مۇسادىرە قىلىش قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى ئۆستۈردى. 1928 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى پارلامېنت سايلىمىدا گېرمانىيە كومپارتىيەسى 3 مىليون 300 مىڭ ئاۋازغا ئېرىشىپ، پارلامېنتتىكى 3 ـ چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى.

**ئىتالىيەدە فاشىستىك دىكتاتۇرىنىڭ ئورنىتىلىشى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ئىتالىيە بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىتالىيە ئەنگلىيە، فىرانسىيە،

رۇسىيە بىلەن لوندوندا مەخپىي شەرتنامە ئىمزالاپ، ئانتانتا دۆلەتلەر تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئۇرۇش ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى كەڭ زېمىننى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ، تارىختىكى «بۈيۈك ئىتالىيە» چۈشىنى قايتا كۆرمەكچى بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئانتانتا دۆلەتلەر ۋەدىسىدە تۇرماي، ئىتالىيە پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئاران تىرانتىنونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليون 600 مىڭ ئاھالىسى بار 8900 كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنغا ئېرىشتى. گېرمانىيەنىڭ ئافرىقىدىكى مۇستەملىكىسىدىن بىر غېرىچ يەرگىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئۇرۇشتا ئىتالىيە فىيۇمې ۋە دالماتىيەنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇشتىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە بىلەن ماجىرالىشىپ قالدى. 1919 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئانتانتا دۆلەتلەر لوندوندا يىغىن ئېچىپ قارار چىقىرىپ، دالماتىيەنى ئىتالىيەگە، فىيۇمېنى يۇگوسلاۋىيەگە تەۋە قىلدى. ئىتالىيە بۇنداق زېمىن ئايرىشتىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئۇرۇشتا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادىمىمىز ئۆلگەن ۋە يارىلانغان بولسىمۇ، تېگىشلىك «شان ـ شەرەپ»تىن بەھرىمەن بولالمىدۇق، ئېرىشكىنىمىز پەقەت ئاپەت ۋە ھاقارەت بولدى، دەپ قارىدى. ئىتالىيەدىكى مىللەتچىلىك كەيپىياتى ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتتى.

ياۋروپادىكى باشقا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىتالىيە كەمبەغەل ھەم ئاجىزراق ئىدى. ئۇرۇش ئىتالىيەنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى بۇرۇندىن بار بولغان زىددىيەتنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىكى باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ زىددىيىتىنىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە ئىتالىيەنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي مىللىي دارامىتى ئاران 20 مىليارد لىرا بولۇپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىي چىقىمى 145 مىليارد 936 مىليون لىراغا

يەتكەن، بۇنىڭ 20 مىلىيارد لىراسى تاشقى قەرز، 35 مىلىيارد لىراسى ئىچكى قەرز ئىدى. بۇنداق غايەت زور قەرز ئۇرۇشتىن كېيىن پۇلنىڭ پاخاللىشىشى، مال باھاسىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، پۇل مۇئامىلىنىڭ قاتتىق قالايمىقانلىشىشى ۋە مالىيەنىڭ ئىنتايىن خارابلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نۇرغۇن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ، ئىشسىزلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1919 ـ يىلى پارلامېنت سايلىمىدا ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈۋاتقان لىبېراللار پارتىيەسى ئېرىشكەن ئاۋاز جىددىي تۆۋەنلەپ، سوتسىيالىستلار پارتىيەسى ئېرىشكەن ئاۋاز ھەدەپ ئاشتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، سىياسىي داۋالغۇش ھەم سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى، يەنە ئىتالىيەنىڭ ئۇرۇشتا يەڭگۈچى دۆلەت تۇرۇقلۇق تۇزۇك نەپ ئالالمىغانلىقى، كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللەتچىلىك كەيپىياتىنىڭ كۆچىيىشى ئاقىۋەتتە مونوپول بۇرژۇئازىيەنى فاشىستلار ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىش يولىنى تاللاشقا ئۈندەپ، ئىتالىيەدە دۇنيادىكى تۇنجى فاشىستىك ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

1919 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دىئاننۇنزو (1863 — 1938 ـ يىللاردا ياشىغان، مىللەتچىلەرنىڭ داھىيسى) لوندون يىغىنىدىكى كېلىشىمگە قارىماي، ئەبجەش قاچاق ئەسكەرلەرنى باشلاپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن فىيۇمېنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى دېدى. 1920 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىتالىيە ۋە يۇگوسلاۋىيە ۋەكىللىرى راپاللودا فىيۇمې مەسىلىسىنى كېڭىشىپ، فىيۇمې ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئەركىن ئىشتات قىلىپ قۇرۇشقا قوشۇلدى. ئەمما، دىئاننۇنزو زادىلا ئەسكەر چېكىندۈرمىدى. 1920 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھۆكۈمەت ئارمىيەسى فىيۇمېنى توپقا تۇتۇپ، دىئاننۇنزونىڭ پىدائىي قوشۇنىنى قوغلىۋەتتى. دىئاننۇنزو تېرىبېستقا قېچىپ بېرىپ، فاشىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىتالىيە ئىشچىلىرى ئۇرۇشتىن كېيىن سوتسىيالىلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش تاشلاش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى، 1919 ـ يىلى ئىتالىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئىش تاشلاش 1871 قېتىمغا، قاتناشقانلار 554 مىڭ ئادەمگە يەتتى؛ 1920 ـ يىلى ئىشچىلار ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن ئىش تاشلاش 2070 قېتىمغا، قاتناشقانلار 2 مىليون 314 مىڭ ئادەمگە يەتتى. ئىشچىلار مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى، تەمىناتنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ زاۋۇتنى باشقۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار جەسۇرلۇق بىلەن زاۋۇتنى ئىگىلەپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بەزى شەھەرلەردە ئىشچىلار پارلامېنت بىناسىنىڭ ئۈستىگە قىزىل بايراق قاداپ، بىنادىكى پادىشاھنىڭ رەسىمىنى ئېلىۋېتىپ، ئورغاق ـ بولقا رەسىمىنى چاپلىدى. ئىشچىلار ھەرىكىتى دېھقانلارغا زور ئىلھام بەردى. يېزىلاردا ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان ئىجارىگە، باجغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى، ئارمىيەدىن بوشانغان ھەربىيلەرنى ئاساس قىلغان يەر ئىگىلەش ھەرىكىتى ئىنتايىن ئەۋج ئالدى. 1920 ـ يىلى 4ـ ئايدىلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىليونلىغان دېھقان ۋە ئارمىيەدىن بوشانغان ھەربىي جەمئىي 191 ئاقسۆڭەك ۋە پومېشچىكنىڭ 2 مىليون 710 مىڭ گېكتار يېرىنى ئىگىلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەت ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماسلىقتىن ئەنسىرەپ، 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوتسىياللار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سوتسىياللار پارتىيەسىدىكى دۇرانت ۋەكىللىكىدىكى ئوڭ قانات كۈچلەر ئىش تاشلاشنى ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىشتىكى ۋاستە دەپ قاراپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشكە جۈرئەت قىلماي، ئاسانلا ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. 1921 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گىرانسى① باشچىلىقىدىكى سول قانات

كۈچلەر سوتسىيالىستلار پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، كومپارتىيەنى قۇردى. ئەمما، كومپارتىيە كۈچى تېخى ئاجىز بولغانلىقتىن، سىياسىي تۇرمۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىيالمىدى. ۋاھالەنكى، مۇسسولىنى باشچىلىقىدىكى فاشىستىك كۈچلەر تېز باش كۆتۈردى.

مۇسسولىنى 1883 - يىلى تۆمۈرچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ياش ۋاقتىدا سوتسىيالىزمغا مايىللىشىپ، ئىتالىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىگە قاتناشقانىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئاشكارا قوللىغانلىقتىن، پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1914 - يىلى 10 - ئايدا ئۇ ئىتالىيەدىكى تۇنجى فاشىستىك تەشكىلات — «خەلقئارا ھەرىكەت ئىنقىلابىي فاشىزمى»غا قاتناشتى، ئىككىنچى يىلى بۇ تەشكىلات ئۆز نامىنى «ئىنقىلابىي ئارىلىشىش ھەرىكىتى فاشىزمى»غا ئۆزگەرتىپ، مىلاندا مەملىكەتلىك تەشكىل قۇرغاندا، ئۇ بۇ تەشكىلدىكى يادرولۇق شەخسكە ئايلاندى. ئىتالىيە ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن ئۇ ھەربىي سەپكە كىردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ فاشىستىك تەشكىلنى قايتا قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1919 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ مىلاندا جەڭگىۋار فاشىستلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى ۋە ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانىنى بىكار قىلىش، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىنى مۇسادىرە قىلىش، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى بېكى-

① گىرانسى (1891 — 1937 - يىللار) ئىتالىيە كومپارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1913 - يىلى ئىتالىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىگە كىرگەن. 1921 - يىلى ئىتالىيە كومپارتىيەسىنى قۇرغان. 1924 - يىلى ئىتالىيە كومپارتىيەسىنىڭ پارلامېنتتىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1926 - يىلى فاشىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1928 - يىلى 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، يەنكۇچە ئازاب تارتىپ، 1937 - يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تۈرمىدىكى خاتىرىلەر»، «تۈرمىدىكى خەتلەر» دېگەن ئەسىرى بار.

تىش، ئىشچىلارنىڭ نەپىقە پۇلى ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى كۆپەيتىش، چوڭ كاپىتالىستلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئاشۇرۇش، دىنىي جەمئىيەتنىڭ يەر - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، يەرنى دېھقانلارغا مەنسۇپ قىلىش، ئومۇمىي سايلامنى يولغا قويۇش دېگەندەك ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات پىروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى. دەسلەپتە فاشىستلار تەشكىلاتىغا ئانچە كۆپ كىشى قاتناشماي، ئۇنىڭ تەسىرى سوتسىياللار پارتىيەسى، خەلق پارتىيەسىنىڭكىگە يەتمىدى، مونوپول كاپىتالىستلار، قالدۇق فېئودااللار ۋە ھوقۇقدارلارمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىدى. مۇسسولىنى ئېرىيېستتا قېچىپ كەتكەن دىئاننۇنزوغا ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ كۈچى بىلەن فاشىستلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. 1920 - يىلىدىن كېيىن سوتسىياللار پارتىيەسى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچى تېز تەرەققىي قىلغاندا، مۇسسولىنى ھۆكۈمەت، كارخانىچىلار، پادىشاھ جەمەتىنىڭ كوممۇنىزمدىن قورقىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمرانلارغا بېقىنىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، جەڭگىۋار فاشىستلار تەشكىلاتى «ئىتالىيەنى كوممۇنىزمنىڭ تېررورلۇقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ» دەپ جاكارلىدى. جەڭگىۋار فاشىستلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئۇچىسىغا قارا چاپان كىيىپ، ئىشچىلارنىڭ يىغىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوتسىياللار پارتىيەسىنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىنى ۋەيران قىلدى، ساقچىلار بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى. كارخانىچىلار ئاستىرتىن ياردەم بەردى. بۇنىڭ بىلەن جەڭگىۋار فاشىستلار تەشكىلاتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچىنى زورايتىپ، 1921 - يىلى 5 - ئايدا ئەزالىرىنى تەخمىنەن 190 مىڭغا يەتكۈزدى، 1921 - يىلى 11 - ئايدا فاشىستلار پارتىيەسى رەسمىي قۇرۇلدى، 1922 - يىلى ئەزاسى 300 نەچچە مىڭغا يەتتى. 1922 - يىلى 7 - ئايدا فاكتا ھۆكۈمىتى كىرىزىستا قېلىپ، فاشىستلار پارتىيەسىنى ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. 8 - ئايدا سوتسىياللار پارتىيەسى

www.uyghurkitap.com

مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى قوزغاپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى تۇردى. ئەمما، ئومۇمىي ئىش تاشلاش ياخشى تەشكىللەنمىگەنلىكتىن، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ، ھەرىكەتتە بىرلىككە كەلمىدى، فاشىستلار پارتىيەسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىگە زەربە بېرىپ، مىلان شەھىرىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. دەسلەپتە مۇسسولىن فاشىزم پەقەت بىر خىل مەنىۋى كۈچ، ئۇنىڭ نىشانى دۆلەتتە تەرتىپ، ئىنتىزام، نوپۇز ئورنىتىش، ئىتالىيەنى قايتىدىن قۇدرەت تاپتۇرۇش دېگەنىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ فاشىزمنى مەنىۋى كۈچ دەپ قارىماي، لىبېراللار پارتىيەسى بىلەن بىرلىشىپ كابىنېت تەشكىللەشكىمۇ رازى بولمىدى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناپلېستا ئېچىلغان فاشىستلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا، مۇسسولىن: ھوقۇقنى ھۆكۈمەت بەرسۇن ياكى ئۆزىمىز تارتىۋالايلى، بىز رىمغا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز، دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن 30 مىڭ فاشىست تۆت يولغا بۆلۈنۈپ رىمغا يۈرۈش قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە ھودۇقۇپ كەتكەن فاكتا ھۆكۈمىتى رىمدا ھەربىي ھالەتنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئەمما، ياش پادىشاھ ۋىكتور ئىممانوئېل Ⅲ ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇ ئارمىيەنىڭ فاشىستلار پارتىيەسىگە ئاشكارا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ كۈچىدىن گۇمانلىنىپ، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقىنىڭ پادىشاھ جەمەتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىدى. بۇنداق ئەھۋالدا فاكتا ھۆكۈمىتى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە، مۇسسولىن رىمغا كېلىپ، پادىشاھ تەرىپىدىن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى. 31 ـ كۈنى ئۇ 1 ـ نۆۋەتلىك فاشىستلار ھۆكۈمىتى تەشكىللىدى. شۇنداق قىلىپ، فاشىستلار پارتىيەسى ئاخىر تەختكە چىقتى.

مۇسسولىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، فاشىستلار پارتىيەسى پارلامېنتتا ئاران 35 ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. سوتسىياللار پارتىيەسى بىلەن خەلق پارتىيەسى بولسا %43.2 ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئىچكى كابىنېتنىڭ 14 ئەزاسى ئىچىدە ئاران تۆتەيلەن فاشىستلاردىن ئىدى. بۇ، مۇسسولىنىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئورنىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مۇسسولىن بىر تەرەپتىن، مونوپول كاپىتالىستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، تۈرلۈك نام ۋە شەكىللەر بىلەن چوڭ كاپىتالىستلارغا مەبلەغ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى ۋە قوراللىق فاشىستلارنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بارلىق پارتىيەلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ۋە 40 مىڭ كىشىلىك پادىشاھ جەمەتى مۇھاپىزەتچى قىسمىنى تارقىتىۋېتىپ، جەڭگىۋار فاشىستلار ئەترىتىنى دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم قوراللىق كۈچىگە ئايلاندۇردى. فاشىستلار پارتىيەسىنى پارلامېنتتا كۆپ سانلىق ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇسسولىن پارلامېنتنى مەجبۇرلاپ يېڭى سايلام قانۇنى ماقۇللاتقۇزۇپ، ھەرقانداق پارتىيە سايلامدا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشسە، ئېرىشكەن ئاۋاز سانى ئومۇمىي ئاۋاز سانىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئاشسىلا، پارلامېنتتا ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئورۇنغا ئېرىشەلەيدۇ، قالغان ئۈچتىن بىر قىسىم ئورۇن ئېرىشكەن ئاۋاز نىسبىتى بويىچە باشقا پارتىيەلەرگە بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەتكۈزدى. 1924 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، فاشىستلار پارتىيەسى %65 ئاۋازغا ئېرىشىپ پارلامېنتنى تىزگىنلىدى. مۇسسولىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن فاشىستلار پارتىيەسى تەشكىلىنى كېڭەيتىشتىن باشقا، يەنە ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا

فاشىستلار تەشكىلى قۇردى. فاشىستلارنىڭ تەتۈر ھەرىكەت قىلىشى كەڭ خەلق ۋە باشقا پارتىيەلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىست پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى، ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى ماتتېئود «فاشىستلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلىپ، مۇسسولىنىنىڭ تەختكە چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى نەچچە يۈز خىل جىنايىتىنى تەلتۆكۈس ئېچىپ تاشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ رەزىل قىلمىش پۈتۈن ئىتالىيەدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېموكراتلاردىن بولغان 150 پارلامېنت ئەزاسى پارلامېنتتىن چېكىنىپ چىقىش ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاۋنتىن ئىتتىپاقى (رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمدە رىمدىكى ئاۋام خەلق ئاقسۆڭەكلەر بىلەن كۆرەش قىلغاندا ئاۋنتىن تۆپىلىكىگە چېكىنىۋالغانىكەن)نى تەشكىللەپ، پادىشاھتىن فاشىستلار پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. گىرامسى باشچىلىقىدىكى كومپارتىيە ئاۋنتىن ئىتتىپاقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئېلان قىلىش ۋە ئالاھىدە پارلامېنت تەشكىللەپ، فاشىستلار پارلامېنتى بىلەن تىركىشىپ، فاشىستلارغا قارشى ئومۇمىي ئىش تاشلاش ئۇيۇشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئاۋنتىن ئىتتىپاقى بۇ تەشەببۇسنى رەت قىلدى. مۇسسولىن ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ قاتىللىق دېلوسى بىلەن چېتىشلىقى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، بارلىق گۇمانلىق ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل ئاخباراتنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ يىغىلىشىنى چەكلىدى. فاشىستلار ھۆكۈمىتى بۇ كىرىزىستىن ئۆتۈۋېلىپ پادىشاھ جەمەتى ۋە ۋاتىكاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىنقىلابىي كۈچلەردىن ھەدەپ تەتۈر ھېساب ئالدى. 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مۇسسولىن پارلامېنتتا

فاشىستلارغا قارشى پائالىيەتلەرنى قوراللىق باستۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلاپ، كابىنېتنى ئۆدا بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتتىكى فاشىستلاردىن بولمىغان بارلىق ۋەزىرلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، فاشىستلارنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئورناتتى؛ 1925 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «مەخپىي تەشكىلاتلارغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، يىغىلىش ۋە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئاخبارات تەكشۈرۈش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، سۆز ئەركىنلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى؛ 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «ھۆكۈمەت باشلىقى، كابىنېت ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ئۆزىگە مۇستەبىتلىك ھوقۇقى بەردى. 1926 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنى قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش پەرمانىنى جاكارلىدى. 11 ـ ئايدا ئۆزىنى قەستلەش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پەۋقۇلئاددە پەرمان جاكارلاپ، فاشىستلار پارتىيەسىدىن باشقا بارلىق پارتىيەلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1927 ـ يىلى ئەمگەك نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىپ، ئىش تاشلاشنىڭ جىنايى قىلمىش ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا 13 چوڭ كەسىپ تەشكىلاتىدىن تەركىب تاپقان كەسىپ تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشمىسى قۇردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى سودا، پۇل مۇئامىلە، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، دېڭىز ـ ھاۋا ترانسپورتى، قۇرۇقلۇق ترانسپورتى ئىشچىلىرىغا، ئالتىسى بۇ ساھەلەردىكى خوجايىنلارغا، ئون ئۈچىنچىسى كەسپىي خادىملار ۋە زىيالىيلارغا ۋەكىللىك قىلىدى، 1934 ـ يىلى كەسىپ تەشكىلاتلىرى 22 گە يەتتى). 1928 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «فاشىستلار باش كومىتېتى ھوقۇقى قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەت باشلىقلىقى ۋە فاشىستلار كومىتېتى باشلىقلىقىنى ئۆزى ئۆتەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1929 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە، ھۆكۈمەت باشلىقى بولغان مۇسسولىنى ھۆكۈمەتتىكى

13 مىنىستىرلىق ئىچىدىكى ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسى، كەسىپ تەشكىلاتلىرى، مۇستەملىكە ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش قاتارلىق سەككىز مىنىستىرلىقنىڭ ۋەزىرلىكىنى ئۆزى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۇ يەنە بارلىق تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى قورغىتىپ، ئۆز ئىناۋىتىنى تىكلەپ، شەخسكە چوقۇنۇشنى يولغا قويۇپ، فاشىستلار پارتىيەسى ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، فاشىستلار پارتىيەسىنى ئۆزىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇردى. يەنە كەسىپ تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشمىسى «سىنىپتىن ھالقىغان، ئۇ مەلۇم بىر سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ» دەپ، ماھىيەتتە «سىنىپىي ھەمكارلىق»، «مىللىي مەنپەئەت» بايرىقى ئاستىدا مونوپول بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئىتالىيەدە فاشىستىك ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئەكسىيەتچىللىك، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا نىسبەتەن بىر تەتۈرلۈك ئىدى.

## 5 ـ بۆلۈم ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ياپونىيە

**ئىقتىسادنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ياپونىيەگە سىرتقا كېڭىيىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش يولى ئېچىپ بەردى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونىيە جاھانگىرلىكى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ شەرقتە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىراق شەرق ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى پائال كېڭەيتتى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ياپونىيە تاۋارلىرى ئاسىيادىكى جۇڭگو، ھىندىستان، جەنۇبىي دېڭىز ئەللىرىنىڭ بازارلىرىغا كۆپلەپ كىرىپ، بۇ رايونلاردىكى ياۋروپا ماللىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى. ياپونىيەنىڭ باشقا رايونلارغا بولغان ئېكسپورتىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ياپونىيەنىڭ مەشۇت ۋە باشقا ھەر خىل تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش يولى ناھايىتى كېڭىيىپ، رۇسىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيەمۇ ياپونىيەدىن قورال ـ ياراغ، ھەربىي لازىمەتلىك ۋە يېمەكلىك سېتىۋالدى. ياپونىيەنىڭ ئېكسپورت سودىسى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1915 ـ يىلدىن 1918 ـ يىلغىچە ياپونىيەنىڭ ياۋروپاغا قىلغان ئېكسپورتى 60%، ئاسىياغا قىلغان ئېكسپورتى 125%، جەنۇبىي ئامېرىكىغا قىلغان ئېكسپورتى 629%، ئافرىقىغا قىلغان ئېكسپورتى 1002% ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ رۇسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سودىدىكى ئىزچىل پاسسىپ بالانسى 1915 ـ يىلدىن باشلاپ زور ئاكتىپ بالانسقا ئۆزگىرىپ، ئېكسپورت سوممىسى ناھايىتى تېز ئاشتى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى تۆت يىلدا ياپونىيەنىڭ تاشقى سودا سوممىسى ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ، ئاكتىپ بالانس سوممىسى جەمئىي 1 مىليارد 400 مىليون يەنگە يەتتى. ئۇرۇشتا ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرى كۆپلەپ چۆكۈپ كەتكەن ھەم دېڭىزدا قامالغا ئۇچرىغانلىقتىن، ياپونىيە يەنە خەلقئارا دېڭىز ترانسپورتىدا ئاساسلىق رول ئوينىدى، ياپونىيە كېمىلىرى ئوتتۇرا دېڭىز، ئاتلانتىك ئوكيان، ھەتتا جەنۇبىي ـ شىمالىي ئامېرىكا دېڭىز بويلىرىدا توختاۋسىز قاتناپ، بۇنىڭدىن زور كىرىم قىلدى. سودا ۋە باشقا تۈرلۈك كىرىم ئارقىلىق نۇرغۇن ئالتۇن ياپونىيەگە ئۆزلۈمەي كىردى. ياپونىيەنىڭ ئالتۇن زاپىسىنىڭ قىممىتى 1914 ـ يىلى 250 مىليون يەن بولغان بولسا، 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 مىليارد يەندىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيە سىرتقا كاپىتال

چىقىرىپ، ئەنگلىيە، روسىيە، فىرانسىيەگىلا جەمئىي 500 مىليون يەن قەرز بەردى. ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي گۈللىنىش ياپونىيەنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى پاسسىپ بالانسلىق دۆلەتتىن ئاكتىپ بالانسلىق دۆلەتكە، قەرزدار دۆلەتتىن (1914 ـ يىلىغىچە ياپونىيەنىڭ 1 مىليارد 100 مىليون يەن تاشقى قەرزى بار ئىدى) ھەقدار دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

ھەربىي جەھەتتە، ياپونىيە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ، يەڭگۈچى دۆلەت بولدى. ياپونىيە ئەسكەر چىقىرىپ گېرمانىيەنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئاراللىرى (مارىئاننا تاقىم ئارىلى، مارشال تاقىم ئارىلى، كارولىن تاقىم ئارىلى)نى ئىگىلىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ شەندۇڭنى بېسىۋالدى. 1915 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى يەنە يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى بىلەن «21 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالاپ، جۇڭگونى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى، يىراق شەرق رايونىغا خوجا بولماقچى بولدى.

سىرتقا قارىتىلغان ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كېڭەيمىچىلىك ياپونىيەنىڭ سانائەتكە مەبلەغ سېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مونوپول كاپىتالنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. ياپونىيە سانائىتى 1915 ـ يىلىدىن، بولۇپمۇ 1916 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى كاسات ھالەتتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، ئېكسپورت سانائىتى ۋە كېمىسازلىق سانائىتىنى مەركەز قىلغان كارخانىلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلدى. 1914 — 1919 ـ يىللاردا كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 500 مىليون يەندىن 40 نەچچە مىليارد يەنگە كۆپەيدى؛ شىركەتلەر 16 مىڭ 858 دىن 26 مىڭ 280 گە يەتتى؛ بەشتىن ئارتۇق ئىشچى ياللىغان زاۋۇتلار 32 مىڭدىن 44 مىڭغا يەتتى؛ ئىشچىلار 948 مىڭدىن 1 مىليون 610 مىڭغا يەتتى. شۇ مەزگىلدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 340 مىليون يەندىن 6 مىليارد 540 مىليون يەنگە

كۆپىيىپ، تەخمىنەن تۆت ھەسسە ئاشتى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە، ياپونىيەدىكى بارلىق سانائەت تارماقلىرى خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ياسىمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى قازمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن، ئېغىر سانائەتنىڭ تەرەققىياتى يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىدىن تېز بولدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى پولات – تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، كېمىسازلىق قاتارلىق ئېغىر سانائەتلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆمۈر زاۋۇتلىرى ۋە ھەربىي زاۋۇتلارنى مەركەز قىلغان، ئەل ئارىسىدىكى ئېغىر سانائەتمۇ ئاساسلىقى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەلىرى ۋە تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ زاكازىغا تايىنىپ ئۆزىنى قامداپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئېغىر سانائەتلەر پۇلدار زومىگەر كارخانىلارنىڭ مونوپوللۇقىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە پۇقراۋى ئېغىر سانائەت تېز تەرەققىي قىلىپ، مەھسۇلاتلىرىمۇ پۇقرالارغا يۈزلەندى. ئوخشاش مەزگىلدە، پۇلدار زومىگەرلەرمۇ بەس – بەستە يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئاساسلىق تارماقلارغا كىرىپ، بۇ ئارقىلىق رىقابەتنى كۈچەيتىپ، ئېغىر سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئېغىر سانائەت ئىچىدە كېمىسازلىقنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولدى. 1914 – يىلى ياپونىيە جەمئىي 82 مىڭ 800 توننىلىق 79 پاراخوت ياسىغان بولسا، 1918 – يىلى جەمئىي 540 مىڭ 500 توننىلىق 443 پاراخوت ياساپ، سانىنى ئالتە ھەسسىگە يېقىن كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيەنىڭ كېمىسازلىقى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيادىكى 6 – ئورۇندىن بىراقلا 3 – ئورۇنغا ئۆتتى. كېمىسازلىقنىڭ تەرەققىياتى يەنە پولات – تۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى بىۋاستە سىلجىتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسلىدىن بار بولغان پولات – تۆمۈر كارخانىلىرى كېڭەيدى ھەم 1915 — 1918 – يىللاردا يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5000

توننىدىن ئاشىدىغان 32 پولات ـ تۆمۈر شىركىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 1917 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى پولات ـ تۆمۈر كارخانىلىرىنى مۇكاپاتلاش قانۇنىنى ئېلان قىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان پۇقراۋى پولات زاۋۇتلىرىغا تىجارەت بېجى، تاپاۋەت بېجى تۆلىمەسلىك ھەم يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى بەردى. بۇنىڭ بىلەن پولات ـ تۆمۈر مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1914 ـــ 1919 ـ يىللاردا ياپونىيەنىڭ چويۇن مەھسۇلات مىقدارى 300 مىڭ توننىدىن 613 مىڭ توننىغا، پولات مەھسۇلات مىقدارى 400 مىڭ توننىدىن 813 مىڭ توننىغا كۆپىيىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 48% كە ۋە 73% كە يەتتى. ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. 1913 ـ يىلىدىن 1919 ـ يىلىغىچە ئېنېرگىيەگە ئىشلىتىلگەن توك 4.3 ھەسسە ئاشتى، 1917 ـ يىلى ئېلېكتىر دىۋىگاتېلىنىڭ قۇۋۋىتى پار ماشىنىسىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئېشىپ كەتتى. خىمىيە سانائىتىمۇ ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان تارماق بولدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان بوياق، دورا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىنىڭ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى ئاشقانلىقتىن، كاپىتالىستلار بەس ـ بەستە خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىغا مەبلەغ سېلىپ، بوياق، پارتلاتقۇچ، گلىتسېرىن ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر تۈركۈم يېڭى كارخانىلار قۇرۇلدى.

يېنىك سانائەت جەھەتتە، توقۇمىچىلىق ئىمپورتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى. پاختا يىپ تۆت ھەسسە، پاختا توقۇلما بۇيۇملار يەتتە ھەسسە ئاشتى. يىپەكچىلىك ئامېرىكىغا مەشۇت چىقىرىش سەۋەبىدىن تېز گۈللەندى. يىپەك مەھسۇلات مىقدارى 1.7 ھەسسە ئېشىپ، مەھسۇلات سوممىسى 5.2 ھەسسە كۆپەيدى.

سانائەت تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ياپونىيەنىڭ

ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 400 مىليون يېن، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 370 مىليون يېن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. 1919 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 160 مىليون يېنغا، سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بولسا 6 مىليارد 540 مىليون يېنغا يېتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئاسىيادىكى 1 ـ كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى. بىراق، سانائەتتە ئېغىر سانائەت تېز تەرەققىي قىلغان بىلەن ئاساسى يەنىلا ئاجىز ئىدى، يېنىك سانائەت يەنىلا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيتتى. 1919 ـ يىلى يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 70% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىدى، جۈملىدىن توقۇمىچىلىق 47.9% نى، ماشىنىسازلىق ۋە خىمىيە سانائىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 10% تىن 20% نى ئىگىلىدى، پولات ـ تۆمۈر، توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى يەنىلا ئىمپورت قىلىناتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇرۇش مەزگىلىدە غەلىتە گۈللەنگەن ياپونىيە ئىگىلىكى كىرىزىسقا يېتىپ قالدى. پۈتكۈل 20 ـ يىللاردا ياپونىيە ئىقتىسادى ئاساسەن تۇرغۇنلۇقتا قالدى. سانائەت جەھەتتە، 1919 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى 484 (1914ـ يىلىدىكىنى 100 دەپ قارىغاندا) بولغان بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن يىلسېرى تۆۋەنلەپ، 1922 ـ يىلى 399.5 كە چۈشۈپ قالدى، 1923 ـ يىلىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولۇپ، 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاران 500 گە چىقتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق بازىلىرىنى مۇستەملىكىلەرگە كۆچۈرۈش سىياستىنى ئىزچىل يۈرگۈزگەنلىكتىن، دېھقانچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشى ياخشىلىنالىمىدى. 1920 ــ 1929 ـ يىللاردا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1919 ـ يىلىدىكى سەۋىيەدىن ئىزچىل تۆۋەن بولدى. ئاساسلىق زىرائەت بولغان شالىنىڭ مەھسۇلاتى 1927 ـ يىلى 1919 ـ يىلىدىكىدىن سەل يۇقىرى بولغاندىن باشقا، قالغان يىللاردا 1919 ـ يىلىدىكىدىن تۆۋەن بولدى. دۆلەت ئىچىدە دائىم 1 مىليون ئىشسىز ۋە يېرىم ئىشسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تاشقى سودىنىڭ ئېشىشى ئاستىلاپ، 20 ـ يىللاردا پاسسىپ بالانس ھەر يىلى 187 ــ 730 مىليون يەن ئارىلىقىدا ئايلىنىپ، ئالتۇن زاپىسىنى خورىتىۋەتتى. تاشقى پېرېۋوتنىڭ سېلىنىشتۇرما باھاسى ئۆزۈكسىز چۈشۈپ، ھۆكۈمەت يۇقىرى ئۆسۈملۈك تاشقى قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. 1923 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توكيو، يوكوخامانى مەركەز قىلغان كانتۇن رايونىدا 7.9 بال يەر تەۋرەپ، 3 مىليون 400 مىڭ ئادەم ئاپەتكە ئۇچراپ، 2 مىليونغا يېقىن ئادەم ئۆلۈپ ھەم يارىلىنىپ، يەر تەۋرىگەن ئىككى جايدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كان ـ زاۋۇتلار ۋەيران بولۇپ ياكى زىيانغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي زىيان 10 مىليارد يىنغا يەتتى. ھۆكۈمەت زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، زىيانغا ئۇچرىغان كاپىتالىستلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، يېرىم يىل ئىچىدىلا 1 مىليارد 730 مىليون يەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە قەرزى تارقاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ زور قەرز ياردىمى بىلەن ياپونىيە ئىقتىسادى ئاستا ـ ئاستا تۇرغۇن ھالەتتىن قۇتۇلدى. 1925ـ يىلى ياپونىيەنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئېكسپورت سوممىسى 1919 ـ يىلىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

تاۋارلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تاشقى سودىنىڭ ناچارلىشىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق سانائەتتە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى كەڭ يولغا قويۇپ، نۇرغۇن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ئوخشاش كەسىپتىكى چوڭ كارخانىلارغا

قوشۇۋەتتى. 20 ـ يىللاردا مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى كۈنسېرى كۈچىيىپ، مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كارتېللار 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى يەتتىدىن 1929 ـ يىلىدىكى 31 گە يېتىپ، پولات ـ تۆمۈر، مىس، كۆمۈرچىلىك، توقۇمىچىلىق، شېكەرچىلىك، ئۇنچىلىق سانائەتلىرى ئاساسەن مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ مونوپوللۇقىغا ئۆتتى.

**گۇرۇچ بۇلاش دولقۇنى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئىچكى كابىنېتىنىڭ قۇرۇلۇشى** ئۇرۇش مەزگىلىدە سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى ۋە مەركەزلىشىش جەريانى ئىنتايىن تېزلەشتى. ھەرقايسى تارماقلاردا ھايانكەشلىككە تايىنىپ قالتىس بېيىغان كاتتا پۇلدارلار ئۈزۈكسىز مەيدانغا كەلدى. ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرىدا چوڭ سانائەت كاپىتالى بىلەن چوڭ پۇل مۇئامىلە كاپىتالى بارغانسېرى بىرلىشىپ، ئەمەلىي كۈچى زور، تاشقى رىقابەت كۈچى بار چوڭ مونوپول كاپىتالنى شەكىللەندۈردى. بۇرژۇئازىيەنىڭ مونوپول پايدىسى 200% ـــ 300% كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 600% كە يەتتى. ئۇرۇشقا تايىنىپ سەمرىگەن مونوپول بۇرژۇئازىيە ياپونىيەنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى تەدرىجىي تىزگىنلەپ، سانائەت، سودا، قاتناش ۋە بانكا ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇنداق گۇللىنىشتە، مىتسۇبىشى، مىتسۇئى، سۇمىتومو، ياسودا تۆت مالىيە زومىگەرىنى باش قىلغان مونوپول كاپىتال رەسمىي شەكىللەندى.

ئۇرۇش بۇرژۇئازلار، پومېشچىكلارنى قاتتىق بېيىتتى، ۋاھالەنكى خەلققە نامراتلىق، ئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى ۋە ئەمگەك سىجىللىقى ھەدەپ ئاشتى. مال باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن ھەم كاپىتالىستلار مائاشنى تۇتۇپ قالغانلىقتىن، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ناچارلاشتى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1917 ـ يىلى ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ ئۆسۈشى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىدىن بەكلا ئارقىدا قالغان، ئەمەلىي مائاش 30% چۈشۈپ كەتكەن. دېھقانلار فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ئاستىدا قېلىپ، نۇرغۇن كىشى يېرىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولۇپ، شەھەرلەرگە كىرىپ ئىشلەمچى بولۇشقا ياكى ئىجارىكەش بولۇشقا مەجبۇر بولدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانائەتتىن ئارقىدا قېلىشى، يەنە كېلىپ ئۇرۇش مەزگىلىدە سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ، شەھەر نوپۇسىنىڭ جىددىي ئېشىشى ئاشلىق تەمىناتىنى كۈنسېرى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمما، پومېشچىكلار ۋە كاپىتالىستلار ئۇرۇش ۋە قەھەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بېسىمدارلىق قىلىپ، گۈرۈچ باھاسىنى ناھايىتى تېز ئۆرلىتىۋەتتى. 1918 ـ يىلى ئەتىيازدا ھەر كۈرە گۈرۈچنىڭ باھاسى ئىككى موغا، يازدا بەش مو بەش پۇڭغا چىقتى. گۈرۈچ باھاسىنىڭ تېز ئۆرلىشى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى قاتتىق قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى.

1918 ـ يىلى يازدا ياپونىيەدە ئاچ قالغان خەلقنىڭ گۈرۈچ بۇلاش ھەرىكىتى يۈز بەردى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى توياما ناھىيەسى سىنكاۋا يېزىسى ئۇزۇ كەنتىدىكى ھامماللىق قىلىدىغان بېلىقچى ئاياللار ئاۋۋال قوزغىلىپ، مەزكۇر ناھىيەنىڭ گۈرۈچنىڭ سىرتقا توشۇلۇشىنى توستى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى توياما ناھىيەسى غەربىي سوگىيو كەنتىدىكى 200 دىن ئارتۇق بېلىقچى ئايال گۈرۈچ دۇكىنىنى قورشىۋېلىپ، باستۇرۇشقا كەلگەن ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان ئاممىۋى گۈرۈچ بۇلاش ھەرىكىتى باشلاندى. ئەتىسى شەرقىي سوگىيو كەنتىدىكىلەرمۇ قوزغىلىپ گۈرۈچ دۇكىنىنى ۋەيران قىلىپ، مەككار سودىگەرلەر

بېسىپ قويغان گۇرۇچنى پاك ـ پاكىز ئېلىپ كەتتى. غەربىي، شەرقىي سوگىيو كەنتىدىن باشلانغان گۇرۇچ بۇلاش ھەرىكىتى ناھايىتى تېزلا يىراق ـ يېقىندىكى كەنتلەرگە كېڭەيدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەرىكەت 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە تويامـا ناھىيەسى بىلەنلا چەكلەندى. ئەمما، 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ تويامـا ناھىيەسىدىن ھالقىپ، يېزىدىن شەھەرگە، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ـ كەنتلەرگە كېڭەيدى، ناگويا، ئوساكا، كوبې، توكيو، يوكوخاما قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىمۇ بۇ ھەرىكەت يامراپ، زور گۇرۇچ بۇلاش دولقۇنى شەكىللەندى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئەكسىيەتچىل ھەربىي ـ ساقچىلارنىڭ باستۇرۇشى بىلەن ھەرىكەت تەدرىجىي پەسكويغا چۈشتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ ئاي داۋاملاشقان بۇ ئاممىۋى ئىنقىلابىي ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم رايوننى قاپلاپ، ئىشچىلار، دېھقانلار، بېلىقچىلار، شەھەر كەمبەغەللىرى، ئوقۇغۇچىلار، خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھەرىكەتكە قاتناشتى، ھەتتا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىمۇ بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلدى. كۈرەشمۇ ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، گۇرۇچ دۇكىنىنى قورشاش، مەككار سودىگەر، بايلارنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈشتىن ساقچى مەھكىمىسىنى ۋەيران قىلىش، ھەربىي، ساقچىلار بىلەن ئېلىشىش، ئىش تاشلاشقىچە تەرەققىي قىلدى. يەنە تېخى «ئىچكى كابىنېتنى يوقىتايلى!» دېگەن شوئار بارلىققا كەلدى. بۇ، گۇرۇچ بۇلاش ھەرىكىتىنىڭ ئىقتىسادىي كۈرەشتىن باشلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تېننوغا (ساماۋى پادىشاھقا) ۋە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان سىياسىي كۈرەش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

گۇرۇچ بۇلاش ھەرىكىتى ياپونىيە تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك زور ئىسيان بولسىمۇ، ئەمما

بەربىر ئىشچى، دېھقانلارنىڭ ئاچارچىلىقتا، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلغان ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتى ئىدى، تەشكىللىك رەھبەرلىك كەم بولغانلىقتىن، ئىسيان ئاخىر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇۋېتىلدى، ئەمما ئۇ ياپونىيە بۇرژۇئازلىرى ۋە پومېشچىكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەردى.

گۈرۈچ بۇلاش ھەرىكىتى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ياپونىيەدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ھەرىكىتى يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. 1920 ـ يىلى ياپونىيەدە ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلاپ، ئىشسىزلار 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشى كۈنسېرى ئاممىۋىلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامرات دېھقانلارنىڭ فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشىگە قارشى كۈرىشىمۇ تېز زورايدى. 1920 ـ يىلى ياپونىيەدە 3000 قېتىمدىن كۆپرەك يەر ئىجارىسى ماجىراسى يۈز بەردى. دېھقانلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتانلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر ئىدى. دېھقانلار ھەرىكىتىدە ئىجارىكەش دېھقانلارنى يادرو قىلغان دېھقانلار ئۇيۇشمىسى — «ياپونىيە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. ياپونىيە دېھقانلىرى تەشكىللىك كۈرەش يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتى كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقان ئەھۋالدا، پېرولېتارىيات ئىلغارلىرى ئۆزىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. گۈرۈچ بۇلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن سوتسىيالىزم تەشكىلاتلىرى ئۇزۇلكسىز قۇرۇلدى. 1922 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كاتاياما سېن، ۋاتانابې ماسانوسۇكې، توكۇدا كيۇئىچى قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن توكيودا ياپونىيە كومپارتىيەسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ياپونىيە كومپارتىيەسى قۇرۇلدى. ياپونىيە ئەكسىيەتچى

هۆكۈمىتى «ئامانلىقنى ساقلاش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى ماقۇللاپ، ياپونىيە كومپارتىيەسى ۋە باشقا ئىشچى - دېھقانلار تەشكىلاتلىرىنى باستۇردى. ئەمما، ياپونىيە كومپارتىيەسى مۇشكۇل شارائىتتىمۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ياپونىيە ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

مونوپول كاپىتالنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ياپونىيە بۇرژۇئا پارتىيەلىرى سىياسىي سەھنىدە جانلىنىشقا باشلىدى. 1918 - يىلى 9 - ئايدا ياپونىيە تارىخىدىكى تۇنجى پارتىيە - گۇرۇھلار ئىچكى كابىنېتى — خاراسا توشى ئىچكى كابىنېتى تەشكىللەندى، خاراسا تاكاشى مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، «پۇقرا باش ۋەزىر» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچكى كابىنېتىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ۋەزىرى، دېڭىز ئارمىيەسى ۋەزىرى ۋە دىپلوماتىيە ۋەزىرىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىدى. 1929 - يىلى 1 - ئايدا مونوپول كاپىتالىستلار ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي قانۇنچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسى خەلق پارتىيەسى ئىلغارلىرىدىن تەشكىللەنگەن «ئىسلاھاتچىلار كۇلۇبى» بىلەن سۆھبەتلىشىپ، «ئاساسىي قانۇننى قوغدىغۇچى ئۈچ گۇرۇھ»نى شەكىللەندۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ گۇرۇھ» «ئومۇمىي سايلامنى قەتئىي يولغا قويۇش»، «ئاقسۆڭەكلەر پالاتاسىنى ئىسلاھ قىلىش»، «مەمۇرىيەت، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش» شوئارى ئاستىدا ئاساسىي قانۇننى قوغداش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. 1924 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا «ئۈچ گۇرۇھ» زور غەلىبە قازىنىپ، ئۈچ گۇرۇھ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى.

ئۈچ گۇرۇھ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلقنىڭ كۈرەشكە قارىتا داۋاملىق بېسىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىنىپىي

زىددىيەتنى پەسەيتىش مۇددىئاسىدىكى بەزى سىياسەتلەرنىمۇ قوللاندى. 1925 ـ يىلى 3 ـ ئايدا«ئەرلەر سايلام ھوقۇقى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، 25 ياشقا توشقان ئەرلەرنىڭ سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ، سايلىغۇچىلارنى ئۈچ مىليوندىن 12 مىليونغا كۆپەيتىپ، دېموكراتىيەنىڭ دائىرىسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە كېڭەيتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مالىيەنى قىسىش فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ، 1925 ـ يىلى خامچوتنى 250 مىليون يىن ئازايتىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلارنى قىسقارتتى. ھەربىي جەھەتتە، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ 25 دىۋىزىيەسىنى تۆت دىۋىزىيەگە قىسقارتىپ، سامۇرايلاردىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن كونا ئوفىتسېرلارنى شاللاپ، شەھەر ـ يېزا بۇرژۇئازلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر تۈركۈم يېڭى ئوفىتسېرلارنى ئۆستۈردى ھەم قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەلىرىنىڭ خىراجىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئازايتتى. دىپلوماتىيە جەھەتتە، ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ ياردىمىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئامالسىز مۇناسىپ مۇرەسسەچىلىك قىلدى. 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1927 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولغان شىدېخارا ئاتالمىش «شىدېخارا دىپلوماتىيەسى»نى يولغا قويدى. ئاساسلىقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ساخالىن ئارىلىنىڭ شىمالىدىن ئەسكەر چېكىندۈردى؛ 1925 — 1926 ـ يىللاردا بېيجىڭدا ئېچىلغان جۇڭگو تاموژنا بېجى مەسىلىسى، ۋە جۇڭگو قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ھوقۇقى مەسىلىسى يىغىنىدا، كۆرۈنۈشتە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى، جۇڭگونىڭ تاموژنا بېجىغا ئۆزى خوجا بولۇش

تەلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگونى ياپونىيەگە پايدىلىق بولغان ئايرىم باج سىياسىتى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. «شىدېخارا دىپلوماتىيەسى» مەملىكەت ئىچىدە چوڭ كاپىتالىستلار ۋە مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 1927 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياپونىيەدە پۇل مۇئامىلە كرىزىسى پارتلاپ، ئىچكى كابىنېت ئىستېپا بەردى. 4 ـ ئايدا مەسلەكداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، ناگاسۇلۇق مىلىتارىست تاناكا گىئىچى تەختكە چىقىپ ئىچكى كابىنېت تەشكىللەپ، ئۆزى قوشۇمچە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بولدى. تاناكا ئىچكى كابىنېتى قاتتىق ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتمەكچى بولدى. ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە ئىلغار ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن «ئامانلىق ساقلاش قانۇنى»نى ئۆزگەرتىپ، سىياسىي جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بەلگىلىدى. 1928 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىر ئۆلكە، ئۈچ ۋىلايەت، 27 ناھىيەدە بىرلا ۋاقىتتا كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ، 1600 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۈرمىگە سولىدى. دىپلوماتىيە جەھەتتە، قوراللىق كېڭەيمىشنى پائال تەرغىب قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشنى يوشۇرۇن پىلانلىدى. 1926 ـ يىلى 6 — 7 ـ ئايلاردا تاناكا توكيودا شەرق يىغىنىنى ئېچىپ، ئاساسلىقى خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلدى ھەم تاشقى سىياسەتنى، بولۇپمۇ جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسەتنى تۈزدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاناكا گىئىچى يىغىنىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تېننوغا بىر دوكلات سۇندى. بۇ دوكلات «تاناكا مەلۇماتنامىسى» دەپ ئاتالدى. دوكلاتتا: «جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال مانجۇرىيە، موڭغۇلىيەنى بويسۇندۇرۇش، دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ جۇڭگو سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشىدىكى توسالغۇ، ياپونىيە جەزمەن ئۇلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىشىنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. «تاناكا مەلۇماتنامىسى» ئەمەلىيەتتە ياپونىيە مىلىتارىزمىنىڭ سىرتقا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىنىڭ يىپتەكچى پىروگراممىسى ئىدى. ئەمما، تاناكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسىتى مەملىكەت ئىچىدە كۈچلۈك زەربىگە ئۇچراپ، 1929 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تاناكا ئامالسىز تەختتىن چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالتىنچى باب

# 20 ـ يىللاردا ياۋروپا تەرتىپىنىڭ تەڭشىلىشى

20 ـ يىللاردا ياۋروپا ۋە دۇنيا نىسپىي تىنچ، مۇقىم ھالەتتە تۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن شەكىللەنگەن چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە بەرپا بولغان ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى يەنىلا 20 ـ يىللاردىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتى ۋە كاپىتالىزم دۇنياسى تەرتىپىنىڭ ئاساسى بولدى.

ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇرەسسەسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۆزىدە نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ساقلىغانىدى. گېرمانىيە قاتارلىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەتلەر ئۆزلىرىگە تېڭىلغان ۋېرسال سىستېمىسىدىن نارازى بولۇپ، پۇرسەت بولسىلا ئۇنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ قالماي، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرمۇ ئۆزئارا ئېغىر زىددىيەتتە ئىدى. ئەنگلىيە گەرچە دېڭىزدىكى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ۋاقىتىنچە يېتەكچىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغىنىدىن خاۋاتىرلىنىپ، فىرانسىيەنى بېسىپ، گېرمانىيەنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىمۇ مەنپەئەت توقۇنۇشى بار

ئىدى. ئامېرىكا پارىژ سۇلھى يىغىنىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ياۋروپا ئىشلىرىغا ئارىلىشالمىغىنىدىن نارازى بولۇپ، ھەر دائىم ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ياۋروپا ئىشلىرىغا قول تىقىشنى ئويلايتتى ھەم ئۆزىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدا ئەنگلىيە، ياپونىيە بىلەن تىركىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ زىددىيەتلەر ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسىدىكى تۇراقسىزلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرى ئىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا مۇھىتتىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسىدىكى تۇراقسىزلىق ئامىللىرى كۆپەيدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدا، چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا، ئەزگۈچى مىللەتلەر بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئارىسىدا ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسىنى قوغداش ياكى بۇزۇش، ئۆز دۆلىتىنىڭ بۇ سىستېمىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ياكى ئۆزگەرتىش، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەپ خەلقئارا يىغىن، كۆپ تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ سۆھبىتى، شەرتنامە تۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى قانات يېيىپ، ۋېرسال سىستېمىسى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى ھەم ۋېرسال ـ ۋاشىنگتون سىستېمىسى قىسمەن تەڭشىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپانىڭ تەرتىپى ۋە خەلقئارا تىنچلىق ساقلاندى. بۇ بىر قاتار پائالىيەتلەر 20 ـ يىللاردىكى ياۋروپا ئەللىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولدى.

## 1 ـ بۆلۈم گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە زىددىيىتىنىڭ تەڭشىلىشى

گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسى ۋە رۇر كىرىزىسى ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادىكى ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان فىرانسىيە، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت بولدى. گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ھاقارەتلىك ئورنىغا تەن بەرمىدى، ھالبۇكى فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ گېرمانىيەگە ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە تۇتۇشى ئۇلار ئارىسىدىكى ياۋروپانىڭ يېڭى زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش جەھەتتىكى نازۇك ھەم كەسكىن كۈرەشنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بەردى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادىكى زىددىيەت ئاساسلىقى گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى چۆرىدەپ قانات يايدى. پارىژ سۈلھى يىغىنىدا گەرچە گېرمانىيەنىڭ تۆلىمى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن 20 مىليارد ئالتۇن مارك تۆلىشى بەلگىلەنگەن ھەم تۆلەم كومىتېتى قۇرۇپ تۆلەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تۆلەمنىڭ ئومۇمىي سوممىسى، تۆلىنىش شەكلى، تۆلىنىش مۇددىتى ۋە تۆلەم پۇلىنى قانداق بۆلۈشۈش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغانىدى، بۇ، گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى مۇرەككەپ خەلقئارا مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپادا بۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى چۆرىدەپ كۈرەش قانات يايدى.

گېرمانىيەنىڭ ئاساسلىق رەقىبى بولغان فىرانسىيە

گېرمانىيەدىن ئەڭ كۆپ تۆلەم ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن، گېرمانىيەنى ئاجىزلىتىپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتا تارتقان زور زىيىنىنى تولدۇرۇپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى. ئەزەلدىن چوڭ قۇرۇقلۇق تەڭپۇڭلۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە بولسا تۆلەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىسىمۇ، گېرمانىيەنى زىيادە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىماي، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز تاۋارلىرىغا كەڭ بازار ھازىرلاشنى ھەم ئۇنىڭ كۈچى ئارقىلىق فىرانسىيەگە قارشى تۇرۇپ، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى ئويلايتتى. ئامېرىكا بولسا گېرمانىيەدىن زور تۆلەم ئېلىشقا قارشى بولۇپ، ناۋادا تۆلەم سەۋەبىدىن گېرمانىيە ئىقتىسادتا خارابلىشىپ، تۆلەم پۇلىنى قايتۇرالماي قالسا، ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ ئۆزىدىن ئالغان ئۇرۇش قەرزىنى قايتۇرالماي قېلىشىدىن، بۇ سەۋەبتىن ئۆز تاۋارلىرىنىڭ ياۋروپادا سېتىلىشىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەنگلىيەمۇ، فىرانسىيەمۇ، ئامېرىكىمۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن، بۇ مەسىلىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئىنتىلدى.

ۋېرسال شەرتنامىسىگە ئاساسەن قۇرۇلغان تۆلەم كومىتېتى پارىژدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيەنىڭ بىردىن ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقان، فىرانسىيە ۋەكىلى رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، فىرانسىيە گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىدىكى تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلىگەنىدى. بەلگىلىمە بويىچە كومىتېت رەئىسى ئاۋاز تەڭ بولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئاخىرقى قارار

چىقىرالايتتى. مەزكۇر كومىتېت 1920 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ تۆلەم پۇلىنى تەقسىملەش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، فىرانسىيە 52% نى ئېلىش، ئەنگلىيە 22% نى ئېلىش، ئىتالىيە 10% نى ئېلىش، بېلگىيە 8% نى ئېلىش، گىرېتسىيە، رومىنىيە، يۇگوسلاۋىيە، ياپونىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 8% نى ئېلىشنى بەلگىلىگەنىدى.

1921 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۆلەم كومىتېتى يەنە قارار چىقىرىپ، گېرمانىيەنىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى 132 مىليارد ئالتۇن مارك، يەنى 33 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى (بۇ ۋېرسال شەرتنامىسىدە بەلگىلەنگەن 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن تۆلىنىدىغان، ئەمما تېخى تۆلەنمىگەن 20 مىليارد ئالتۇن ماركنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىلىپ بەلگىلىدى. 1921 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۆلەم كومىتېتى گېرمانىيەگە ئاخىرقى ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرۇپ، گېرمانىيەنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن بۇرۇن بارلىق قەرزنى 30 يىلدا تۆلەپ بولۇش (جۈملىدىن ھەر يىلى 2 مىليارد ئالتۇن ماركنى ۋە 26% ئېكسپورت تاۋىرى پۇلىنى تۆلەش، بۇنى نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم بىلەن قايتۇرۇش) توغرىسىدا ۋەدە بېرىشنى، بۇنىڭغا قوشۇلمىسا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ رۇر رايونىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە پۈتۈنلەي ۋەيرانچىلىققا تولغان بولۇپ، ئېغىر تۆلەم يۈكىنى كۆتۈرەلمەيتتى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى گەرچە تۆلەم تەلىپىنى ئامالسىز قوبۇل قىلىپ، 1921 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 1 مىليارد ئالتۇن مارك تۆلىگەن بولسىمۇ، ئەمما «تۆلەمنىڭ ئۆزى ئۇنى ئادا قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى». 1922 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئاپەت خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقى كۆرۈلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇنى باھانە قىلىپ تۆلەم تۆلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ

تەلىپىنى قوللاپ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى گېرمانىيەنىڭ تۆلەم تۆلەش مۇددىتىنى تۆت يىل ئۇزارتىش ھەم تۆلەم سوممىسىنى 500 مىليون ئالتۇن مارك ئازايتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ فىرانسىيەنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئارىسىدىكى ئىختىلاپ كۈچىيىپلا قالماي، فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈچىيىپ، فىرانسىيە قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىشقا تەييارلاندى.

1923 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى فىرانسىيە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، گېرمانىيە تۆلەم تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى، دېگەن سەۋەب بىلەن بېلگىيە بىلەن بىرلىكتە 100 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ گېرمانىيەنىڭ رۇر سانائەت رايونىنى ئىگىلەپ، 20 ـ يىللاردىكى ياۋروپادىكى ئەڭ ئېغىر توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

فىرانسىيەنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى قورال كۈچى بىلەن گېرمانىيەنى تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاشلا ئەمەس، بەلكى رۇر رايونىدىن چىقىدىغان تۆمۈر، كوكس، چويۈن بىلەن ئۆزىنىڭ لورراين رايونىدىن چىقىدىغان تۆمۈر رۇدىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ پولات ـ تۆمۈر دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ياۋروپادىكى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ماددىي ئاساس سېلىش ئىدى. فىرانسىيە، بېلگىيە ئىشغالىيەتچىلىرى رۇر رايونىدا مەجبۇرىي ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، مەمۇرىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كان، كارخانا ۋە تۆمۈريولنى ئىگىلىدى. ئىشغال قىلىنغان رايون ۋە ئىشغال قىلىنمىغان رايوندا ئۆتكەل قۇرۇپ باج ئېلىدى. بويسۇنمىغانلارنى قاتتىق باستۇرۇپ، ئىشغالىيەت رايونىدىكى ئاھالە بىلەن قانلىق توقۇنۇشتى. ئاقىۋەتتە نەچچە مىڭ ئادەمنى تۈرمىگە تاشلاپ، تەخمىنەن 145 مىڭ ئادەمنى ئىشغالىيەت رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى.

www.uyghurkitap.com

فىرانسىيە، بېلگىيەنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە قارىتا، گېرمانىيە گونوت ھۆكۈمىتى ئامېرىكا، ئەنگلىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، فىرانسىيە، بېلگىيەنىڭ ۋېرسال شەرتنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇ ئىككى دۆلەتتىكى باش ئەلچىلىرىنى چاقىرتىۋېلىپ، بارلىق تۆلەمنى تۆلەشنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە رۇر رايونىدىكى ئەمەلدارلارغا ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق، ئىشغالىيەت رايونىدىكى كارخانىلارغا پۈتۈنلەي ئىش توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ زىيىنىنى دۆلەت تۆلەپ بېرىش، ئىشسىز ئىشچىلارنى دۆلەت قۇتقۇزۇشنى بەلگىلىدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن رۇر رايونىدىكى ئەمەلدارلار ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، كۆمۈركان ئىشچىلىرى ئىشنى ئاقسىتىپ ياكى ئىش تاشلاپ، تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىشغالىيەتچىلەرگە كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرمەي، گېرمانىيەدىن فىرانسىيە، بېلگىيەگە تۇتىشىدىغان بارلىق تۆمۈريوللارنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن ئىشغالىيەت رايونىدىكىلەرنىڭ قارشىلىشىش ھەرىكىتى رۇر كرىزىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

رۇر كرىزىسى توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككىلا تەرەپنى زور ئىقتىسادىي، سىياسىي كرىزىسقا پاتۇرۇپ قويدى. گېرمانىيەدە پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن گېرمانىيەنىڭ كۆمۈر، چويۈن، پولات مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلەيدىغان رۇر رايونى زاۋۇتلارنىڭ «قەبرىستانلىقى»غا ئايلىنىپ، گېرمانىيەنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 50% تۆۋەنلەپ كېتىشىنى، نورغۇن كاپىتالنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1923 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا بىر قاداق

كالا گۆشى 3400 مارك بولغان بولسا، 11 ـ ئايدا 2 مىليارد 800 مىليون ماركقا چىقىپ، مارك كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەيران بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇزاق يىل توپلىغان پۇلى ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ئىشسىز ئىشچىلار 5 مىليونغا يېتىپ، خەلق تۇرمۇشتا قاتتىق قىيىنچىلىققا پېتىپ، ئىش تاشلاش ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەنسىزلىكتە قالدى. بۇ، گېرمانىيەدە قايتا ئىنقىلاب كرىزىسى پەيدا قىلدى. كرىزىس سەۋەبىدىن «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان گونوت ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. 1923 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ستىرېسمان ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. ستىرېسمان كابىنېت تەشكىللەپلا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئىنقىلاب كرىزىسى ئالدىدا قورققىنىدىن: «ئەگەر پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كەچمىسەك، ئۇ بىزنى بولشېۋىكلاشتۇرۇۋېتىدۇ» دەپ جار سالدى. يېڭى ھۆكۈمەت «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش»نى توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئىشچىلارنىڭ كۈرىشى يەنىلا داۋاملاشتى. 10 ـ ئايدا ساكسون ۋە تورېنگىندا ئىشچىلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ھامبورگ ئىشچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىش تاشلاشى قوراللىق قوزغىلاڭغا ئايلاندى. گېرمانىيەدىكى ئىنقىلاب كرىزىسى گېرمانىيە، فىرانسىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئوخشاشلا ئېغىر تەھدىت كەلتۈردى.

فىرانسىيەمۇ رۇر رايونىنى ئىگىلەشتىن ھېچقانداق نەپ ئالالمىدى. رۇر رايونىدىكى «پاسسىپ قارشىلىق» سەۋەبىدىن ئۇ يەردىن كىرگۈزۈلگەن كۆمۈر ۋە كوكس كۆپەيمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئازىيىپ، بۇ سەۋەبتىن فىرانسىيەنىڭ چويۇن مەھسۇلات مىقدارى 35% تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن سىرت، رۇر رايونىنى ئىگىلىگەن مەزگىلدە فىرانسىيە 1 مىليارد فىرانك ئىگىلەش خىراجىتى چىقىم قىلغانلىقتىن،

مالىيە يۈكى ئېغىرلىشىپ، فىرانكىنىڭ قىممىتى 25% چۈشۈپ كەتتى. تەۋەككۇلچىلىك سىياسىتىنى ئىجرا قىلغان پوگىنگالاي هۆكۈمىتىمۇ خەلقنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلەش ساداسى ئىچىدە تەختتىن غۇلىدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا رۇر كرىزىسىنىڭ گېرمانىيە ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىپ، ئىنقىلاب كرىزىسىنى پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەگە ئايرىم - ئايرىم هالدا بېسىم ئىشلىتىپ، رۇر كرىزىسىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە فىرانسىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئەگەر فىرانسىيە ئەسكەر چېكىندۈرمىسە تۆلەم مەسىلىسىدە فىرانسىيەنى يەنە قوللىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامېرىكىمۇ ئەنگلىيەگە ئوخشاش پوزىتسىيە تۇتتى. فىرانسىيەنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن، فىرانسىيە مالىيەسى كرىزىسقا ئۇچرىغان پەيتتە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە بازىرىغا نۇرغۇن فىرانكنى تۆكمە قىلىپ سېلىپ، فىرانكىنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، فىرانسىيەنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە گېرمانىيەدىن «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش» سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

رۇرغا قىلىنغان تەۋەككۇلچىلىك فىرانسىيەنىڭ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپاغا خوجا بولۇشنى ئىستىشىدىكى بىر قېتىملىق سىنىقى ئىدى. رۇر كرىزىسى بىلەن فىرانسىيە، گېرمانىيە سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا جەمئىيەت كۈچلۈك بېسىم چۈشۈرگەنلىكتىن، فىرانسىيەمۇ، گېرمانىيەمۇ ئۆزىنىڭ مەيدانى ۋە ئىستراتېگىيەسى هەم قارشى تەرەپنىڭ مەيدانى ۋە ئىستراتېگىيەسى ئۈستىدە خېلى سەگەك تونۇشقا كەلدى، شۇ

سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە تۇتقان يولىدىن ئامالسىز ۋاز كېچىپ، تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان يولنى تۇتتى. 1923 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيە «پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش»نى ئاخىرلاشتۇردى. ئىككى ئايدىن كېيىن فىرانسىيەمۇ ئىككى خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشىغا قوشۇلدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ تۆلەم مەسىلىسىگە قول تىقىشىغا قولايلىق ياراتتى.

**داۋىس پىلانى** ئامېرىكا، ئەنگلىيە بۇرۇنلا فىرانسىيە، بېلگىيەنىڭ تۆلەم كومىتېتىنى تىزگىنلىۋالغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، پۇرسەت بولسىلا گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىگە قول تىقىشنى ئويلايتتى. 1922 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى خۇگېس مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇپ تۆلەم مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە بۇنىڭغا قوشۇلغان، فىرانسىيە قارشى تۇرغانىدى. رۇر كىرىزىسىدىن كېيىن فىرانسىيە ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئامېرىكىدىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق مالىيە قىيىنچىلىقىدىن ئۆتۈۋېلىشنى شەرت قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. 1923 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۆلەم كومىتېتى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، ئىتالىيە بەش دۆلەت ۋەكىلى قاتناشقان ئىككى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، بىر كومىتېتنى گېرمانىيەنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، خامچوتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىشقا، يەنە بىر كومىتېتنى گېرمانىيەنىڭ سىرتقا ئېقىپ كەتكەن مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىش چارىسىنى بېكىتىشكە مەسئۇل قىلدى، ئىككى كومىتېتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى قايتا قاراپ چىقىش بولدى. مۇشۇنداق قىلىپ، تۆلەم مەسىلىسىدىكى قارار قىلىش ھوقۇقى

ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

1924 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئامېرىكىلىق بانكىر داۋىس (1865 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە ياشىغان) باشچىلىقىدىكى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى لوندوندا خىزمىتىنى باشلىدى. 4 ـ ئايدا گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىگە ئائىت دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8 ـ ئايدا تۆلەمنى قوبۇل قىلغان ھەرقايسى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى لوندوندا ئاچقان خەلقئارا يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ گېرمانىيە تۆلەم مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى، يەنى «داۋىس پىلانىنى» رەسمىي تەستىقلىدى.

داۋىس پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئاۋۋال گېرمانىيەنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئاندىن مۇشۇ ئاساستا تۆلەمنى تۆلىتىۋېلىش ئىدى. ھالبۇكى تۆلەم سوممىسىنى بېكىتىشتە گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئويلىشىش كېرەك ئىدى. پىلاندا ئامېرىكا، ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن 800 مىليون ئالتۇن مارك قەرز بېرىش، تۆلەمنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى ئېنىق بەلگىلىمەي، پەقەت پىلان يولغا قويۇلغان بىرىنچى يىلى، يەنى 1924 ــ 1925 ـ يىلى تۆلەمنى 1 مىليارد ئالتۇن مارك قىلىش، شۇنىڭدىن كېيىن يىلسېرى ئاشۇرۇپ بەش يىلدىن كېيىن ھەر يىلى 2 مىليارد 500 مىليون ئالتۇن مارك قىلىش، گېرمانىيەنىڭ سانائەت كارخانىلىرىدىن ۋە تۆمۈريولدىن قىلغان كىرىمىنى، شۇنداقلا تاموژنا بېجى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋاسىتىلىك بېجىنى تۆلەمنىڭ مەنبەسى قىلىش، گېرمانىيەنىڭ مالىيە، ئىقتىسادىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ تۆلەم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلىرى نازارەت قىلىش بەلگىلەنگەنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش،

ھەرقانداق چەت ئەل تەشكىلاتى گېرمانىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلماسلىق، جۈملىدىن فىرانسىيە، بېلگىيە رۇر رايونىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى. نەتىجىدە گېرمانىيە بۇ پىلاننى قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا فىرانسىيە بىلەن فىرانسىيە، بېلگىيە ئارمىيەسىنىڭ بىر يىل ئىچىدە رۇر رايونىدىن چېكىنىشى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1924 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى داۋىس پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1925 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فىرانسىيە، بېلگىيە رۇر رايونىدىن ئەسكەر چېكىندۈردى.

رۇر كرىزىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە داۋىس پىلانىنىڭ ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلۇشى گېرمانىيە، فىرانسىيەگە، شۇنداقلا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپا ئەللىرى مۇناسىۋىتىگە خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. داۋىس پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە گېرمانىيە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىن 20 مىليارد ئالتۇن ماركتىن ئارتۇق قەرز ئالدى. ھالبۇكى ئوخشاش مەزگىلدە ئاران 11 مىليارد ئالتۇن مارك تۆلەم تۆلىدى. چەت ئەلدىن ئېلىنغان نۇرغۇن قەرز گېرمانىيە ئىقتىسادىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. 1927ـ يىلى گېرمانىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يەتكۈزدى. 1929 ـ يىلى يەنە ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىپ، ياۋروپادىكى ئىقتىسادى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. بۇ ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە جانلىنىشىغا ۋە ئاقىۋەتتە ۋېرسال شەرتنامىسىنى بۇزۇشىغا ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىپ بەردى.

ۋاھالەنكى، مۇشۇ مەزگىلدە فىرانسىيەنىڭ 1919 ــ 1923 ـ يىللاردا ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئېرىشكەن ياۋروپادىكى خوجىلىق ھوقۇقى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. رۇر كرىزىسى فىرانسىيەنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش، ياۋروپانى باشقۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تەنھا چىقالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. يەنە كېلىپ، داۋىس

پىلانى فىرانسىيەنى تۆلەم مەسىلىسىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، بۇ مەسىلىدىكى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قوش قوللاپ ئامېرىكا، ئەنگلىيەگە تۇتقۇزۇپ، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىنى يەنە تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە بولسا زور كىرىزىسى ۋە داۋىس پىلانىدىن ئوبدان نەپ ئالدى. ئامېرىكا نۇرغۇن دوللارنى گېرمانىيەگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ياۋروپاغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىردى ۋە ياۋروپا ئىشلىرىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتتى. ئەنگلىيەمۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىش، فىرانسىيەگە زەربە بېرىش، گېرمانىيەنى يۆلەشتىن ئىبارەت ياۋروپا تەڭپۇڭلۇقى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. داۋىس پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ياۋروپادىكى جىددىي ۋەزىيەت خېلىلا پەسەيدى. بۇ، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ داۋىس پىلانى ئارقىلىق گېرمانىيەگە چۈشكەن بېسىمنى يەڭگىللەتكەنلىكى، گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بەرگەنلىكى، ۋېرسال سىستېمىسىنى تەڭشىگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

يونگ پىلانى داۋىس پىلانى تۆلەم مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان فىرانسىيە، گېرمانىيەنىڭ ئۆتكۈر زىددىيىتىنى ۋە ياۋروپا ئەللىرى مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما تۆلەم مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلالمىدى. گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەلقئارا تالاش - تارتىش ۋە مۇرەسسە - مادارا يەنىلا داۋاملاشتى. داۋىس پىلانى پەقەت ھەر يىلى تۆلىنىدىغان تۆلەم سوممىسىنى بەلگىلەپ، ئومۇمىي تۆلەم سوممىسىنى ئېنىق بېكىتمىگەن بولۇپ، تۆلەم تۆلەش تەرتىپىدىمۇ بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ساقلانغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە تۆلەم تۆلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە زور قەرز ئۆسۈمى قايتۇرىدىغان بولۇپ، بۇمۇ خېلى چوڭ يۈك ئىدى.

1928 ـ يىلى گېرمانىيە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى سەۋەب قىلىپ، داۋېس پىلانىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1929 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكىلىق مالىيە مۇتەخەسسىسى ئوۋېن يونگ (1874 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە ياشىغان) باشچىلىقىدىكى يېڭى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى قۇرۇلۇپ، گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. 6 ـ ئايدا بۇ كومىتېت يېڭى تۆلەم لايىھەسىنى، يەنى «يونگ پىلانى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىلان 1930 ـيىلى 1 ـ ئايدا گائاگا يىغىنىدا تەستىقلىنىپ كۈچكە ئىگە بولدى.

يونگ پىلانىدا گېرمانىيەنىڭ تۆلىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 113 مىليارد 900 مىليون ئالتۇن مارك قىلىپ بېكىتىلىپ، ئەسلىدىكىدىن 20% ئازايتىلىپ، ئۇنى 59 يىلدا تۆلەپ بولۇش، ھەر يىلقى تۆلەم تەخمىنەن 2 مىليارد ئالتۇن مارك بولۇش، بۇنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى شەرتسىز ھالدا تۆلەش، قالغان قىسمىنى قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن ئەھۋالدا ئىككى يىل ئۇزارتىپ تۆلەش، بارلىق تۆلەمنى 1988 ـ يىلىغىچە تۆلەپ بولۇش بەلگىلەنگەندى. يەنە ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ گېرمانىيەنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىنى نازارەت قىلىشى بىكار قىلىنىپ، تۆلەم كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تۆلەمنىڭ بارلىق راسچوتىنى ئامېرىكا باشقۇرىدىغان خەلقئارا راسچوت بانكىسى بېجىرىش، تۆلەمنى چوقۇم چەت ئەل پۇلى بىلەن قايتۇرۇش بېكىتىلگەندى.

يونگ پىلانى يولغا قويۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىنلا ئىقتىسادىي كىرىزىس سەۋەبىدىن توختاپ قالدى. 1931 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گېرمانىيە دۇچ كەلگەن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئالدىدا، پرېزىدېنت ھىندىنبورگ ئامېرىكا پرېزىدېنتى خوئوۋېرغا خەت يېزىپ، گېرمانىيەنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن قەرزنى قايتۇرالمايدىغانلىقى، تۆلەمنى ۋە باشقا قەرزلەرنى قايتۇرۇش

مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى گېرمانىيە ئىقتىسادى ۋەيران بولسا ياۋروپانىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى كاپىتال مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئانتانتا دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىگە نوتا يوللاپ، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن تۆلەمنى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى قەرزنى تۆلەش مۇددىتىنى بىر يىل ئۇزارتىشنى، ئەمما باشقا دۆلەتلەر ئامېرىكىدىن ئالغان قەرزنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ «خوئوۋېرنىڭ قەرز مۆھلىتىنى ئۇزارتىش خىتابنامىسى» دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاساسلىق ئانتانتا دۆلەتلەر ھەم گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر لوندوندا ئاچقان يىغىندا قەرز تۆلەش مۇددىتىنى بىر يىل ئۇزارتىش قارارىنى ماقۇللىدى.

ئەمما، گېرمانىيەنىڭ مالىيە ئەھۋالى داۋاملىق يامانلىشىپ كەتتى. بانكىرلاردىن تەشكىللەنگەن بىر مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى ئەنگلىيەلىك ئىقتىسادشۇناس ۋالتېر لېيدېنىنىڭ دوكلاتىنى ماقۇللاپ، گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا چىقىمى مۇقەررەر ھالدا مالىيەنىڭ تۇراقلىشىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. 1932 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھەرقايسى ئالاقىدار دۆلەتلەر لائۇساندا يىغىن ئېچىپ، گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، تۆلەمنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى 3 مىليارد ئالتۇن ماركقا چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. ئەمما، بۇنى تەستىقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئانتانتا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قەرز مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئىدى. ئامېرىكا پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ، ئامېرىكىدىن ئالغان ھەرقانداق قەرزنى ھەرقانداق شەكىل بىلەن يوقىتىۋېتىش ياكى ئازايتىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن، لائۇسان كېلىشىمى ئاقىۋەتتە تەستىقلانمىدى. ھالبۇكى، گېرمانىيە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۆلەم تۆلىمىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ

قەرز قايتۇرۇشنى قايتا تىلغا ئالمىدى. پۈتكۈل 20 ـ يىللاردا ئىزچىل داۋاملاشقان تۆلەم مەسىلىسى ۋە ئۇرۇش قەرزى مەسىلىسى مۇشۇنداق قىلىپ بېسىقىپ قالدى.

گېرمانىيەنىڭ تۆلەم مەسىلىسى 20 ـ يىللاردىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ مۇرەككەپ خەلقئارا مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى، بۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئارىسىدا، ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدا كۆپ قېتىم توقۇنۇش ۋە كېڭىشىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ۋېرسال شەرتنامىسى قايتا ـ قايتا تەڭشەلدى، ئومۇمىي تەڭشىلىش يۆنىلىشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان گېرمانىيەگە بېرىلگەن ئىقتىسادىي جازانى يېنىكلىتىش، ئۇرۇشتىن كېيىنكى فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى خوجىلىق ئورنىغا زەربە بېرىش، فىرانسىيەنى بېسىپ، گېرمانىيەنى كۆتۈرۈش بولدى، گېرمانىيە بۇ سەۋەبتىن ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ ئىقتىسادىي چەكلىمىسىدىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، ئىنگلىزنى گۇللەندۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قورال كۈچى ئارقىلىق ۋېرسال شەرتنامىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇشقا شارائىت ياراتتى.

## 2 ـ بۆلۈم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى

گېنويا يىغىنى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك تۈزۈم رۇسىيەدە بارلىققا كەلگەندە، غەربتىكى كۆپلىگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. 1918 — 1922 ـ يىللاردا ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر «رۇسىيەنى قوغداش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى

www.uyghurkitap.com

بولدى. ياش سوۋېت رۇسىيەسى ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىنى تارمار قىلىپ، دۇنيا ئەللىرى ئارىسىدا قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

ۋاھالەنكى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن كاپىتالىزم دۇنياسى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك قوراللىق مۇداخىلىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن تۈگىمىدى. پارىژ سۈلھى يىغىنىدا، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئولجا بۆلۈشۈش ئۈچۈن زىددىيەتلىشىپ، ئۆزئارا پۇت تىپىشكەن بولسىمۇ، ئەمما سوتسىيالىستىك سوۋېت رۇسىيەسىگە قارشى تۇرۇشتا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، سوۋېت رۇسىيەسىنى يىغىنىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپلا قالماي، بەلكى سوۋېت رۇسىيەسىگە ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزۈش، گېرمانىيەنىڭ شەرقىي سەپتىكى قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش، پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىن تەركىب تاپقان كوممۇنىزمغا قارشى «مۇداپىئە رايونى» قۇرۇش قارارىنى چىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىنى توسماقچى بولدى. پارىژ سۈلھى يىغىنى ھەتتا سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىش پىلانىنى تەستىقلاپ، بۇ ھەرىكەتتە باش ئىشتابلىق رولىنى ئوينىدى.

پارىژ سۈلھى يىغىنىدىن كېيىن غەربتىكى دۆلەتلەر سوۋېت رۇسىيەسىگە يەنىلا ئىنتايىن تەشۋىش ھەم دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، سوۋېت رۇسىيەسىدىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىپ، دۇنيا ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق قورشاپ يوقىتىشى ۋە ئىغۋاگەرچىلىكى ئالدىدا، سوۋېت رۇسىيەسى رەھبەرلىرىمۇ خۇددى رۇسىيە «كاپىتالىزمنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك»، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزم زادى سىغىشالمايدىغاندەك تۇيغۇدا بولدى. سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن

غەرب دۇنياسى ئارىسىدىكى بۇنداق دۈشمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىك ئىنتايىن چوڭقۇرلىشىپ ھەم ئۇزاق داۋاملىشىپ، 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا مۇناسىۋەتكە زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوۋېت رۇسىيەسى تىنچ قۇرۇلۇش قىلىشتەك يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سوۋېت رۇسىيەسى غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشقا ھەم ئۇلاردىن قەرز ئېلىشقا موھتاج ئىدى. بۇ سەۋەبتىن سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى ئەتراپىدىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. 1921 - يىلى 3 - ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى ئاۋۋال ئەنگلىيە بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۆزئارا سودا ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ۋە سىياسىي مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت رۇسىيەسى يەنە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنداق قىلىپ، 1922 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سوۋېت رۇسىيەسى جەمئىي 11 دۆلەت بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ھالبۇكى، غەرب دۆلەتلىرى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن، سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قەرزلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغانلىقتىن ھەم ئىنقىلاب مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان چەت ئەل مۈلكىنى قايتۇرۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، 1921 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك غەرب دۆلەتلىرى سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىنى دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلمىدى. بۇنداق قاتمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى

www.uyghurkitap.com

نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1921 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق بەش دۆلەت ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر سوۋېت رۇسىيەسىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە قەرز بەرگەن ئەھۋالدا، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئالغان تاشقى قەرزلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە خەلقئارالىق يىغىن ئېچىپ سۆھبەتلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بۇ تەكلىپىگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى. 1922 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئانتانتا دۆلەتلەر ئالىي كومىتېتى گانا يىغىنىدا ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي يىغىنىنى ئېچىش، بۇنىڭغا سوۋېت رۇسىيەسى ۋە گېرمانىيە ۋەكىلىنى قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلىپ، «ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمىنى باشقا دۆلەتلەرگە تاڭماسلىقى، چەت ئەل مەبلىغى ۋە پايدىسىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ پەقەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمىتىنىڭ قەرزىنى ئۈستىگە ئالغان ھەم باشقۇرۇۋاتقان چەت ئەل مۈلكىنى قايتۇرغان ۋە تۆلىگەن، مالىيەسىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن ئۇ چەت ئەل ھۆكۈمىتىنىڭ قەرزىگە ھەم ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ» دېگەن سوۋېت رۇسىيەسىگە قارىتىلغان بەلگىلىمىنى ماقۇللىدى.

گانا يىغىنى ۋە ئۇنىڭ قارارى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمدىكى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىدەك بۇ رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىششقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. سوۋېت

روسىيەسى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، لېنىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ يىغىنغا قاتناشتۇرۇشقا تەييارلاندى.

لېنىن ئاقىۋەتتە يىغىنغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشى ئۈچۈن كونكرېت پروگراممىسىنى ۋە تەدبىر تۈزۈپ بەردى. ئۇ: ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گېنۇياغا بېرىشتىكى مەقسىتى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا شارائىت يارىتىش، ئۆمەك يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەردىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر بىلەن مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن، غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن، چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن، شۇنداقلا جاھانگىر ئۇرۇشپەرەسلەر بىلەن تىنچلىقپەرۋەرلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سوۋېت روسىيەسىگە قارشى بىرلىك سەپنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى كېرەك، ناۋادا يىغىندا بۇ مەقسەتكە يېتەلمىسە، «يىغىن سىرتىدا بۇ مەقسەتكە يېتىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

1922 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىقتىسادىي يىغىنى ئىتالىيەنىڭ گېنۇيا شەھىرىدە ئېچىلدى. 34 دۆلەتتىن 2000 ئادەم بۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە، ياپونىيە قاتارلىق بەش باشلامچى دۆلەتتىن باشقا ياۋروپادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھەممە دومىنىئونلىرى يىغىنغا ۋەكىل قاتناشتۇردى. بىرىنچى قېتىم خەلقئارا يىغىنغا قاتناشقان سوۋېت روسىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى چىچېرىن 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا سوۋېت دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى شەرھلەپ، سوۋېت روسىيەسىنىڭ «ئۆزئارا پايدا يەتكۈزگەن، باراۋەر بولغان ھەم ئۆزئارا تولۇق، شەرتسىز ئېتىراپ قىلىشقان ئاساستا» بارلىق

دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمىتى ۋە سودا ساھەسى بىلەن كونكرېت دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىنى، بىر قىسىم ئورمان، كان ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى چەت ئەللەرگە ئىجارىگە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ھالبۇكى، ئانتانتا دۆلەتلەر سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىدىن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئالغان 18 مىليارد 496 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرزنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە ئۇنى تۆلەشنى؛ ئىنقىلاب جەريانىدا دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان بارلىق چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە مۈلكىنى قايتۇرۇشنى ھەم سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەر ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بارلىق زىياننى ئۈستىگە ئېلىشنى؛ تاشقى سودىنى مونوپول قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا، مۇشۇ تەلەپلەر قاندۇرۇلسىلا ئاندىن سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىچېرىن ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ بۇ تەلەپلىرىگە رەددىيە بېرىپ ھەم قەرز مەسىلىسىدە ئەكسىچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر ئانتانتا دۆلەتلەر سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلغانلىقىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان 39 مىليارد 44 مىليون 970 مىڭ ئالتۇن رۇبلىلىق ئىقتىسادىي زىياننى تۆلىسە، ئاندىن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بارلىق قەرزنى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركىشىپ، ئاقىۋەتتە گېنويا يىغىنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

**راپاللو شەرتنامىسى** ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، گېنويا يىغىنىدا بېسىمغا ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان گېرمانىيە سوۋېت

رۇسىيەسىنىڭ ئۆزىدىن تۇلەم تەلەپ قىلماسلىقىنى ئۇمىد قىلاتتى. سوۋېت رۇسىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكى لېنىننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، گېنويا يىغىنى ئارىلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گېنويا ئەتراپىدىكى راپاللودا قايتىدىن سوۋېت ــ گېرمانىيە سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، گېنويا يىغىنى سىرتىدا بىر بۆسۈش ھاسىل قىلدى.

1922 ــ يىلى 4 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى چۈشتىن كېيىن گېرمانىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى راتناۋ بىلەن «گېرمانىيە ــ رۇسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى كېلىشىمى»، يەنى راپاللو شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە: ئىككى تەرەپ ئۇرۇش چىقىمى ۋە ئۇرۇشتا كېلىپ چىققان بارلىق زىياننى تۆلىتىش تەلىپىدىن ئۆزئارا ۋاز كېچىدۇ؛ گېرمانىيە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئىنقىلاب مەزگىلىدە گېرمانىيەنىڭ رۇسىيەدىكى دۆلەت ۋە خۇسۇسىيلار مۈلكىنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىغا قوشۇلىدۇ؛ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ: ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئەڭ مەنپەئەت بېرىش پىرىنسىپى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

راپاللو شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى سوۋېت ــ گېرمانىيە دىپلوماتىيەسىدىكى بىر غەلىبە بولدى. ئۇ ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنى يېتىم قالدۇرۇشى، گېرمانىيەنى بېسىشىدەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ شەرتنامە ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسى گېرمانىيە بىلەن نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپلا قالماي، شەرتنامىدە قوللىنىلغان بارلىق تۆلەمنى ئۆزئارا بىكار قىلىش، نورمال مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش پىرىنسىپىنى كېيىن، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆرنەك قىلدى. ئانتانتا دۆلەتلەر راپاللو

شەرتنامىسى ۋېرسال شەرتنامىسىنى بۇزدى، دەپ ئەيىبلەپ، گېرمانىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، «بۇ شەرتنامىدىكى ۋېرسال شەرتنامىسى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ماددىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ» دېدى. 40 كۈن داۋاملاشقان گېنويا يىغىنى ئاقىۋەتتە بىرەرمۇ كېلىشىم ئىمزالانماي ئاخىرلاشتى. 1922 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە گائاگادا داۋاملىق ئېچىلغان مۇتەخەسسىسلەر بىرلەشمە يىغىنىمۇ قاتمال ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىيالماي، ھېچقانداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ۋاھالەنكى، سوۋېت رۇسىيەسى گېنويا يىغىنى ۋە گائاگا يىغىنىدا ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسەتتىكى پرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلغانلىقتىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ كۈنسېرى مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، غەرب دۆلەتلىرى بارغانسېرى ئۇنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيە گېرمانىيەنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاۋۋال قەرزنى تۆلىتىشتىن ئىبارەت مەيداندا چىڭ تۇرۇۋالماي، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار دۆلەتلەر ئۇلارنى دورىدى. پەقەت ئامېرىكىلا 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 20 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى پەيدىنپەي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى.

بولشېۋىكلار پارتىيەسى دۇنيا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى. 1919 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلدى. ئۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى كومپارتىيەلەر بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، باشقا دۆلەتلەردىكى كومپارتىيەلەرنى پرولېتارىيات ئىنقىلابى قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئاكتىپ چاقىردى. ئۇرۇشتىن



www.uyghurkitap.com

كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن 1921 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى كومپارتىيەلەرنىڭ نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى «ئامما ئىچىگە چۆكۈپ»، ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىرلىك سەپ قۇرۇش، دەپ قارىدى. 1922 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى شەرق ئەللىرى كومپارتىيەلىرىدىن مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدە جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت دۆلىتىمۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بۇرىدى. غەرب دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كۆچەۋاتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بەش يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، پائال تىرىشىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش سىنىقى قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ بۇرۇلۇشى 20 ـ يىللاردا سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسەن تىنچ بىللە تۇرۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب بولدى.

## 3 ـ بۆلۈم ياۋروپانىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك مەسىلىسى

**ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى** ۋېرسال سىستېمىسىنى بەرپا قىلغۇچىلار ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئاساسەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى

ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئاراۋى ئاپپارات — خەلقئارا ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى ۋە تىنچلىقنى ساقلاشنى ئۈمىد قىلدى.

خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر «خەلقئارا ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىنىڭ تاشقى تاجاۋۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ بەلگىلىمە ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا بىخەتەرلىكىنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ۋاھالەنكى، تىنچلىقنى ۋە بىخەتەرلىكنى ساقلاش ئۈمىدى يۈكلەنگەن خەلقئارا ئىتتىپاق قارار ئىجرا قىلىدىغان «نوپۇزلۇق كۈچ»نى ھازىرلىمىغانىدى. ئۇنىڭ قورالى، قوشۇنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى پۈتۈنلەي قۇرۇلتاي بىردەك ماقۇللىغان قارارغا ۋە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارارنى ئىجرا قىلىشتىكى پوزىتسىيەسىگە باغلىق ئىدى. خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلقئارا ئىتتىپاق بېكىتكەن تاجاۋۇزچىلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان ئاتالمىش «جازالاش» تەرتىپى ھەم مۇرەككەپ، ھەم چىگىش بولۇپ، ھەربىر قاراردىكى تەدبىرنى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى يولغا قوياتتى، خەلقئارا ئىتتىپاق ئورگىنىنىڭ تايانغۇدەك ھېچقانداق مەجبۇرلاش كۈچى يوق ئىدى. بۇ ۋەجىدىن خەلقئارا ئىتتىپاق ئورگىنىنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە قىلالايدىغىنى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى، بۇ ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىگە تولىمۇ ئايدىڭ ئىدى. شۇڭا، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتى مەسىلىسى ۋېرسال شەرتنامىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل

قىلالمىغان مەسىلە، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى، ياۋروپا جەمئىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت قىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

50 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان تەلىپى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. پارىژ سۈلھى يىغىنىدا، فىرانسىيە ئۆز زېمىنىغا يېقىن گېرمانىيەنىڭ رېين رايونىدا ئۆزى تىزگىنلەيدىغان بىر ئارىلىق دۆلەت بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ فىرانسىيەنىڭ كۈچىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغان ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. شۇنداقتىمۇ، فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپىگە قايتۇرۇلغان جاۋاب سۈپىتىدە ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىدە گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى چەكلەش، قورallıق كۈچىنى بىكار قىلىش بەلگىلەنگەندىن باشقا، يەنە رېين رايونىنى ئانتانتا دۆلەتلەر قوشۇنلىرى 15 يىل ئىشغال قىلىپ تۇرۇش، ناۋادا گېرمانىيە پارىژ سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ ماددىلىرىغا ئەمەل قىلسا، ھەر بەش يىلدا رېين رايونىنىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدىن بىر تۈركۈم ئەسكەرنى چېكىندۈرۈش، رېين دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى 50 كىلومېتىر دائىرىنى ئەسكەرسىز رايون قىلىش، گېرمانىيە بۇ دائىرىدە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى قۇرماسلىق بەلگىلەندى.

فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپى بۇنىڭلىق بىلەنلا قانائەتلىنىپ كەتمىدى. ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ شەرتنامە شەكلى بىلەن فىرانسىيە، گېرمانىيەنىڭ ھازىرقى چېگراسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىنى، فىرانسىيە گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا فىرانسىيەگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، بۇ پىلان ئامېرىكا كېيىنكى ۋاقىتتا پالاتاسىنىڭ ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىنى تەستىقلىماسلىقى سەۋەبىدىن سۇغا چىلاشتى. فىرانسىيە ئۇرۇشتىن كېيىن ۋېرسال سىستېمىسى پەيدا قىلغان

www.uyghurkitap.com

رېئال ھالەتنى قوغداش ۋە ئۆز بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشتى.

20 ـ يىللاردا فىرانسىيە ياۋروپادا قوللىغۇچى ئىزدىدى. 1920 ـ يىلى ۋە 1921 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېلگىيە ۋە پولشا بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. 1924 ـ يىلى، 1926 ـ يىلى ۋە 1929 ـ يىلى يەنە كىچىك ئانتانتا دۆلەتلەر دەپ ئاتالغان چېخوسلوۋاكىيە، رومىنىيە ۋە يۇگوسلاۋىيە بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. فىرانسىيە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى ئويلىغانىدى. ئەمما، بۇ كىچىك دۆلەتلەر بېرەلەيدىغان ياردەم ھامان چەكلىك ئىدى. رۇر تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە داۋىس پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى فىرانسىيەنىڭ ياۋروپاغا خوجا بولۇش چۈشىنى بارا ـ بارا بەربات قىلىۋەتتى. 1925 ـ يىلى رېين رايونىدىن بىرىنچى تۈركۈمدە ئەسكەر چېكىندۈرۈش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، فىرانسىيە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن تېخىمۇ ۋايىم يەيدىغان بولۇپ قالدى.

1924 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى ۋېرسال شەرتنامىسىدە بېكىتىلگەن چېگرانى قوغداش، ياۋروپانىڭ ھازىرقى ھالىتىگە كاپالەتلىك قىلىش (جۈملىدىن فىرانسىيەنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى قوغداش)نى مەقسەت قىلغان «جەنۋە كېلىشىمى»نى ماقۇللىدى، فىرانسىيە ئالدى بىلەن بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. ئەمما، ئەنگلىيە ياۋروپادا ئۇنچە كۆپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغانلىقتىن، كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش تىرىشچانلىقى يەنە بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىرىئاند فىرانسىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولۇپ، باشقىچە يول تۇتۇپ، تىنچ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق فىرانسىيە ـ

گېرمانىيەنىڭ زىددىيەتتىنى پەسەيتىش، فىرانسىيە ـ گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش بىلەن فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى گېرمانىيە ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ چۈشەكىدىن قۇتۇلۇشقا ھەدەپ تىرىشتى. ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدىكى يېتىم ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىگە ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن گېرمانىيەنىڭ يېقىنلىشىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، فىرانسىيە بىلەن قارشىلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دىپلوماتىيە جەھەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1922 ـ يىلى گېنويا يىغىنىدا سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن راپاللو شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا گېرمانىيەنىڭ قولىدا سوۋېت رۇسىيەسىدىن ئىبارەت بىر كوزىر كۆپەيدى. 1922 ـ يىلى 12 ـ ئايدا رۇر كرىزىسىنىڭ ھارپىسىدا گېرمانىيە باش مىنىستىرى گونوت گېرمانىيە، فىرانسىيەنىڭ شەرتنامە تۈزۈپ 30 يىل ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەمما بۇ تەكلىپكە فىرانسىيە ئاۋاز قوشمىدى. كېيىنكى يىلى رۇر كرىزىسى يۈز بەرگەندە، گېرمانىيە يەنە فىرانسىيە، بېلگىيەنىڭ رۇر رايونىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى، رېين رايونىغا ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، بۇ تەكلىپنىمۇ فىرانسىيە يەنە رەت قىلدى. رۇر تەۋەككۈلچىلىكىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە داۋىس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ياۋروپادىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە گېرمانىيەگە پايدىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. 1923 ـ يىلى ياز، كۈز ئارىلىقىدا تەختكە چىقىپ كابىنېت تەشكىللىگەن، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇدا ئالتە يىل دىپلوماتىيە مىنىستىرى بولغان ستىرېسمان گېرمانىيەگە پايدىلىق بۇ ئۆزگىرىش-

تىن تولۇق پايدىلىنىپ، گېرمانىيە تارىخىدىكى داڭلىق «ستىرېسمان دىپلوماتىيەسى»نى باشلىدى.

ستىرېسمان پىۋا زاۋۇتى خوجايىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كەسكىن ئادەم ئىدى. ئۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى، رادىكال مىللەتچى بولغان، گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى ئاكتىپ قوللىغانىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن دۆلەت ئۇچرىغان بالايىئاپەتتىن ئۇ ھوشىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەقىدىسىنى بارا ـ بارا ئۆزگەرتىپ، بىر يۈرۈش يېڭى دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋېرسال شەرتنامىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن پەيدىنپەي دىپلوماتىيە ئېسىمى چۇشۇرۇش ئارقىلىق ۋېرسال شەرتنامىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ۋە ئۇلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىنچ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى چېگراسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دۇنيادىكى كۆچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى قايتا تىكلەش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ستىرېسمان ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئەپلىشىش، فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىك كاپالەتنى توغرىسىدىكى تەلىپىنى مۇۋاپىق قاندۇرۇشنى پائال تەشەببۇس قىلىپ، بۇ ئارقىلىق فىرانسىيە ـ گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، فىرانسىيە ـ گېرمانىيەنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئۆزئارا كاپالەتلەندۈرمەكچى بولدى. ئۇ گېرمانىيەنىڭ يادرولۇق نىشانىنى چۆرىدەپ، بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 1924 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گېرمانىيە ئانتانتا دۆلەتلەرگە خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىپ سىياسىي جەھەتتە باراۋەرلىككە ئېرىشىش تەلىپىنى قويۇپ، ئەنگلىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1925 ـ يىلىنىڭ بېشىدا رېين رايونىنىڭ چېگراسىغا كاپالەتلىك

قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە بىلەن بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى ئۆزئارا كاپالەتلەندۈرۈش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. 1926 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق، بىتەرەپلىك شەرتنامىسى ئىمزالىدى. ستىرېسمان دىپلوماتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گېرمانىيە قانۇنلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي چۈشكىدىن قەدەممۇقەدەم قۇتۇلۇپ، ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتا تىكلەش نىشانىغا قاراپ دادىل ئىلگىرىلىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەنگلىيە دۆلەت ئىچىدىكى بىر قاتار سىياسىي، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ئۇنچە كۆپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىدى. ئەمما، ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. رۇر كىرىزىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، ئەنگلىيە فىرانسىيەنىڭ گېرمانىيەنى تەنھا جازالىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى، فىرانسىيەنىڭ زىيادە كۈچىيىپ ياۋروپاغا خوجا بولۇشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئەنگلىيەنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى بېسىمدىن غەزەپلەنگەن گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىۋېلىپ ياكى گېرمانىيەدە ئىنقىلاب پارتلاپ، ياۋروپانىڭ تەڭپۇڭ ۋەزىيىتىنى تۈپتىن بۇزۇۋېتىشى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەنگلىيەمۇ گېرمانىيەنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ رېيىن رايونىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بۇزۇۋېتىشىنى، ياۋروپانىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋېتىشىنى ئۈمىد قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى فىرانسىيە، گېرمانىيەنىڭ كۈچىنىڭ تەڭپۇڭلىشىپ ئۆزئارا تەڭ تۇرۇشى، كېلىشىم ئارقىلىق چېگرا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كاپالەتلەندۈرگۈچى دۆلەت بولۇپ، ئەنئەنىۋى «چوڭ قۇرۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقى» سىياسىتىنى قايتا يۈرگۈزۈشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيەنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ستىرېسمان 1922 ـ يىلى گونوت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، 1925 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فىرانسىيە ۋە باشقا ئانتانتا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىگە رېين ئەھدىنامىسىنىڭ نوتىسىنى رەسمىي تاپشۇردى. ئۇ رېين رايونى بىلەن پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار دۆلەتلەرنىڭ بىر ئەھدىنامە تۈزۈپ، رېين رايونىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىپ، تىنچ ئۇسۇل بىلەن بارلىق تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ۋاقىتتا فىرانسىيەدە دەل دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىرىئاند ۋەكىللىكىدىكى فىرانسىيە ـ گېرمانىيەنىڭ يارىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر باش كۆتۈرگەندى. بىرىئاند گېرمانىيەنىڭ تەكلىپىنىڭ ھېچبولمىغاندىمۇ بىر قىسمى فىرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1925 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گېرمانىيەگە بىر جاۋاب نوتا تاپشۇرۇپ، نوتىدا يەنە گېرمانىيە شەرتسىز ھالدا خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىشى، غەرب تەرەپتىكى چېگراغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، شەرق تەرەپتىكى گېرمانىيە ـ پولشا، گېرمانىيە ـ چېخوسلوۋاكىيە چېگراسىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېدى. گېرمانىيە كېيىنكى تەلەپنى كەسكىن رەت قىلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا گېرمانىيەنى ئاكتىپ قوللىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدا فىرانسىيە ئاخىر گېرمانىيە شەرق تەرەپتىكى چېگراغىمۇ كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن تەلىپىدىن ۋاز كەچتى.

لوكارنو ئەھدىنامىسى 1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 — 16 ـ كۈنلىرى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، بېلگىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە يەتتە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ۋە ئىتالىيە ۋەكىلى شىۋېيتسارىيەنىڭ لوكارنو

شەھىرىدە يىغىن ئاچتى. ئامېرىكا يىغىنغا ۋەكىل قاتناشتۇرمىغان بولسىمۇ، ئەنگلىيەنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يىغىن ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىمنامە ۋە يەتتە شەرتنامىنى ئىمزالىدى. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ لوكارنو ئەھدىنامىسى دېيىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقى گېرمانىيە، بېلگىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە بەش دۆلەتنىڭ ئۆزئارا كاپالەت بېرىش شەرتنامىسى، يەنى رېين ئەھدىنامىسى ئىدى. شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: گېرمانىيە ـ بېلگىيە ۋە گېرمانىيە ـ فىرانسىيە ئۆز چېگرالىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلايدۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا قورال كۈچى ئىشلەتمەي، ئۆتتۈرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ رېين رايونىنى ھەربىيسىزلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىنىدۇ؛ 1924 ـ يىلى لوندون يىغىنى ماقۇللىغان داۋىس پىلانى يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛ ئەنگلىيە ۋە ئىتالىيە رېين ئەھدىنامىسىگە كاپالەتلىك قىلغۇچى دۆلەت بولىدۇ، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسىلا، تاجاۋۇزغا يولۇققان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ چىڭ تۇرۇشى ئارقىسىدا، شەرتنامىدە گېرمانىيە بىلەن ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرى بولغان پولشا ۋە چېخوسلوۋاكىيەنىڭ چېگراسى ئۈستىدە كاپالەت بېرىلمىدى. پەقەت گېرمانىيە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىرانسىيە، بېلگىيە، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن كېسىم شەرتنامىسى تۈزۈپ، بارلىق تالاش ـ تارتىشلارنى سۆھبەتلىشىش ۋە كېسىم قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى بەلگىلىدى. ئەمما، گېرمانىيە ـ پولشا، گېرمانىيە ـ چېخوسلوۋاكىيە شەرتنامىلىرىدە ئۇلارنىڭ چېگراسى ئۈستىدە ھېچقانداق كاپالەت بېرىلمىدى. لوكارنو يىغىنىدا، فىرانسىيەمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پولشا ۋە

چېخوسلوۋاكىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ھۆججۆمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ئۆزئارا كاپالەت بېرىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

ئۆزاق مۇددەت تەييارلىق قىلىنغانلىقتىن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەيدانى خېلى يېقىن بولغانلىقتىن، لوكارنو يىغىنىنىڭ كەيپىياتى خېلى ئوبدان بولدى. ئەمما، گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىش مەسىلىسىدە كەسكىن تالاش - تارتىش بولدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە خەلقئارا ئىتتىپاق ئارقىلىق گېرمانىيەنى چەكلەش ھەم گېرمانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىنلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن گېرمانىيەنىڭ شەرتسىز ھالدا خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشىنى تەلەپ قىلدى، ۋاھالەنكى گېرمانىيە غەرب - شەرق ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، غەرب دۆلەتلىرىنى قىستاپ ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى ماددىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، گېرمانىيە خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ 16 - ماددىسىنى ئىجرا قىلالمايدۇ، يەنى تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنى جازالاش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، دەپ چىڭ تۇردى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە 16 - ماددا ئېنىقلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغانىدى. ستىرېسمان لوكارنوغا كېلىشنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كۈندە ئالايىتەن بېرلىنغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزاق سۆھبەتلەشكەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى چىچېرىنغا گېرمانىيە خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتناشقاندا، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا دوستانىلىقىنى ساقلايدۇ، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدۇ، دەپ كاپالەت بەرگەنىدى. لوكارنو يىغىنى مەزگىلىدە گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنى بەزلەش ھەم ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشتىكى دەسمايىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1925 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 -



www.uyghurkitap.com

كۆنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىقتىسادىي شەرتنامە ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە بويىچە گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 300 مىليون مارك قەرز بېرىدىغان بولدى.

لوكارنو يىغىنىدا، ستىرېسمان: گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ 16 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تاجاۋۇزچى دۆلەتلەرنى جازالاشقا قاتنىشالماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، گېرمانىيە ئالىلىقاچان قوراللىق كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن، بىۋاسىتە ھەربىي ھەرىكەتكە قاتنىشالمايدۇ. ناۋادا ۋاسىتىلىك ھالدا ھەربىي ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، چەت ئەل ئارمىيەسىنىڭ ئۆز زېمىنىدىن ئۆتۈشىگە يول قويسا، ئۇ ھالدا ئىغىر ئىچكى - تاشقى ماجىرا يۈز بېرىپ، گېرمانىيەنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا زىيان يېتىدۇ، ئەگەردە گېرمانىيە رۇسىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاشقا قاتناشسا، ئۇنداقتا رۇسىيە ئارمىيەسى گېرمانىيەگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، بولشېۋىكىزم ئېلبې دەرياسىغىچە كېڭىيىدۇ. گېرمانىيە بولسا شەرقىي تەرەپتىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى چېمبېرلىن گېرمانىيەنى خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ناۋادا گېرمانىيە خەلقئارا ئىتتىپاق بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئۇرۇشقا دۇچ كەلسە، دوستلار ياردەم بېرىدۇ، «گېرمانىيەنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلار گېرمانىيەنى قايتىدىن قوراللىق كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلار بولىدۇ» دەپ ۋەدە بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىككىلا تەرەپ ئاز - تولا يول قويدى. 1925 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەھدىنامە رەسمىي ئىمزالانغاندا، باشقا دۆلەتلەر گېرمانىيەگە نوتا تاپشۇرۇپ، نوتىدا خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىنىڭ 16 - ماددىسىنى يېشىپ ئىزاھلاپ، «خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەھۋالىغا ماس كەلگەن، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان

ئەھۋالدا» تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرسا بولىدۇ، دەپ جاكارلىندى. ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيەنىڭ شەرتلىك ھالدا خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشكە يول قويىدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىش مەسىلىسى ئاخىر ھەل بولدى. 1926 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاققا كىرىشىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دائىمىي ئەزا دۆلەت قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى لوكارنو ئەھدىنامىسى كۈچكە ئىگە بولدى. 12 ـ ئايدا ئانتانتا دۆلەتلەر گېرمانىيەنى ھەربىي نازارەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقئارا ئىتتىپاق باشچىلىق قىلغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

لوكارنو ئەھدىنامىسى ۋېرسال سىستېمىسىنى قوغداش بايرىقى ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەمما، ئۇ ئەمەلىيەتتە ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئورنىدا يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش ياسىدى، ۋېرسال سىستېمىسىنىمۇ يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى. گېرمانىيە بۇ ئەھدىنامىدىن ئەڭ مەنپەئەتلەنگەن دۆلەت بولدى. ئۇ بۇ شەرتنامە ئارقىلىق ھېچقانداق يېڭى مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان ھالدا فىرانسىيە ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتە باراۋەر تۇرىدىغان چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقئارا ئىتتىپاققا شەرتسىز ھالدا كىرىشنى ئۇڭۇشلۇق رەت قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن لوكارنو يىغىنى مەزگىلىدە ئىقتىسادىي شەرتنامە تۈزۈپلا قالماي، لوكارنو يىغىنىدىن كېيىنمۇ يەنە دوستلۇق، بىتەرەپلىك شەرتنامىسى تۈزدى، بۇ سەۋەبتىن ئەنگلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، دىپلوماتىيە جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن سىرت، شەرتنامىدە پولشا ۋە چېخوسلوۋاكىيە بىلەن بولغان چېگراسى ئۈستىدە كاپالەت بەرمىگەنلىكتىن، كېيىن شەرق تەرەپتىكى چېگراسىنى

ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىش، دانزىگقا قايتا ئېرىشىش، پولشانى ئىگىلەش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن شارائىت ھازىرلىدى. ستىرېسمان: «لوكارنودا بىز رېين رايوننى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەم شەرقتىكى زېمىننى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق» دېگەنىدى. مەلۇم مەنىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولاتتىكى، لوكارنو شەرتنامىسى گېرمانىيەنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، غەرب ـ شەرق تەڭپۇڭلۇقى دىپلوماتىيەسىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ گېرمانىيەنىڭ كېيىنكى دىپلوماتىيە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

لوكارنو ئەھدىنامىسى ئارقىلىق ئەنگلىيە ئەڭ ئاز مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئېرىشتى ھەم فىرانسىيە، گېرمانىيە ئارىسىدىكى كېسىمچىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ گېرمانىيەنى يۆلەپ فىرانسىيەنى بېسىش، ياۋروپادا كۈچ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نىشانىغا يەتتى. فىرانسىيە گەرچە ئۆز چېگراسىنى كاپالەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئورنى مۇشۇ سەۋەبتىن تۆۋەنلەپ، گېرمانىيە بىلەن تەڭ قاتارغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەت سۈپىتىدە گېرمانىيەنىڭ شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا قارىتا زورغا ئەسكەر چىقارغاندەك جازالاش تەدبىرىنى قايتا يۈرگۈزەلمەيلا قالماي، ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىمۇ ئەنگلىيە ۋە ئىتالىيەنىڭ كاپالىتىگە موھتاج بولدى. ئەھدىنامىدە فىرانسىيەنىڭ شەرقتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن گېرمانىيەنىڭ چېگراسى ئۈستىدە كاپالەت بېرىلمەسلىكى فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداشلىق سىستېمىسىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. بۇ يوشۇرۇن تەسىرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەينى ۋاقىتتا يېتەرلىك دىققەت قوزغىيالمىدى.

لوكارنو يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فىرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىرىئاند خۇشاللانغان ھالدا: «تىنچلىق ئاخىر يېتىپ كەلدى، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەك كاپالەتكە ئىگە بولدى» دېدى، يەنە «لوكارنو روھى» دېگەن تەسىرلىك نۇتقىنى سۆزلىدى. ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېمبېرلىن بولسا، لوكارنو ئەھدىنامىسى «ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنىڭ ھەقىقىي پاسىلى»، ياۋروپانىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تارىخىنىڭ «بۇرۇلۇش نۇقتىسى» دېدى. چېمبېرلىن، بىرىئاند ۋە ستىرېسمان مۇشۇ سەۋەبتىن يەنە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لوكارنو شەرتنامىسى گېرمانىيەنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلىك ئورنىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە قۇتۇلدۇرۇپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلدى. شەرتنامىدە ۋېرسال شەرتنامىسى بېكىتكەن گېرمانىيە ــ فىرانسىيە، گېرمانىيە ــ بېلگىيە چېگرالىرى دەخلىگە ئۇچرىمايدۇ، رېين رايونى ھەربىيسىزلەشتۈرۈلىدۇ، دەپ تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ گېرمانىيە ئەمدى ئالساس ۋە لورراينىنى ئېلىۋالالمايدۇ، رېين رايونىغىمۇ قوشۇن كىرگۈزەلمەيدۇ، فىرانسىيەمۇ رۇرغا ئەسكەر چىقارغاندەك گېرمانىيە زېمىنىنى ئىگىلىۋالالمايدۇ، فىرانسىيە ــ گېرمانىيە، بېلگىيە ــ گېرمانىيە چېگرالىرى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. بۇنى گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ گېرمانىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاشتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، لوكارنو ئەھدىنامىسى غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋاقىتلىق كېلىشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەھدىنامە تۈزگۈچىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ھەم تەشۋىق قىلغاندىكىدەك ياۋروپاغا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئېلىپ كېلەلمەيتتى. شەرتنامىدە يېڭى

زىددىيەتلەر ساقلانغانىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ زىددىيەتلەر تېخىمۇ گەۋدىلەندى. قىسقىغىنا تىنچلىقنى ئاخىر كاپىتالىزىم دۇنياسىدىكى زور ئىقتىسادىي كرىزىس ئۆتكۈرلەشتۈرگەن تۈرلۈك زىددىيەتلەر بۇزۇپ تاشلاپ، تىنچلىقنىڭ ئورنىغا ئۇرۇش دەسسىدى.

## 4 - بۆلۈم ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىسى ۋە پارىژ ئەھدىنامىسى

**ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىسى** 1919 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ماقۇللانغان خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە «دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم تىنچلىقنى ساقلاش كېرەك»، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر «ئۆزىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىيالىغۇدەك ۋە خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئورتاق ئادا قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى زۆرۈر» دەپ جاكارلانغانىدى. ھالبۇكى، 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 20 - يىللاردىكى نىسپىي مۇقىم مەزگىلدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ئېشىشى، غەربتىكى ھەرقايسى ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى بەس - بەستە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي ھازىرلىقلار كۆپەيسە كۆپەيدىكى ھەرگىز ئازايمىدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا 1929 - يىلى فرانسىيەنىڭ ھەربىي خىراجەت چىقىمى 30%، ئەنگلىيەنىڭ 42%، ئىتالىيەنىڭ 44%، ياپونىيەنىڭ 142% ئاشتى. ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقلىرى ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدىن

ئىنتايىن ئەنسىرەپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى چەكلەش، جامائەتچىلىكنى ئالداش، ئۆز خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن، «ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 20 ـ يىللاردا خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدى.

1920 ـ يىلى خەلقئارا ئىتتىپاق غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتى سۈپىتىدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش ۋاقىتلىق كومىتېتىنى قۇرغاندى. بۇ كومىتېت «دۆلەت بىخەتەرلىكى»گە كاپالەتلىك قىلىشنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى قىلغانلىقتىن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشتا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. لوكارنو يىغىنىدىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈنسېرى كۈچەيدى.

1925 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاق جەنۋەدە ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 26 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشقان ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنى رەسمىي قۇردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى 1926 ـ يىلى رەسمىي ئېچىلىدىغان خەلقئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ئىدى.

ھالبۇكى، غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ «ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى مەقسىتى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئازايتىش، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا فىرانسىيەنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى ئازايتىپ، ياۋروپادىكى بىرىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. فىرانسىيە بولسا چوڭ



www.uyghurkitap.com

پاراخوتلارنى ياساشنى چەكلەش ئارقىلىق، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ دېڭىز دىكى كۈچىنى ۋە دېڭىز دىكى زورىمىگەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. گېرمانىيە بولسا ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش باھانىسىدە ئۆزىنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى مەۋجۇت بولغان يەتتە يىلدا نۇرغۇن قېتىم يىغىن ئېچىپ، ھەر قېتىمقى يىغىندا بىر ئەھدىنامە تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1927 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا قاتناشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىتۋىنوف يىغىندا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئازايتىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەلىرىنى تارقىتىۋېتىش، بارلىق قوراللارنى كۆيدۈرۈۋېتىش، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئازايتىش لايىھەسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھەربىي ھازىرلىقلاردىن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆزۈل ـ كېسىل ۋاز كېچەلمىگەن بىۋاسىتە چارە ئارقىلىقلا ئاندىن ئۇرۇش خەۋپىنى تۈگىتىپ، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمما، غەرب دۆلەتلىرى خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىدە ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل چەكلەش ئەمەس، بەلكى ئازايتىشلا بەلگىلەنگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بۇ تەكلىپنى ئىنكار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بومباردىمانچى ئايروپىلان، تانكا قاتارلىق ھۇجۇمچى قوراللارنى زور دەرىجىدە ئازايتىش، چوڭ دۆلەتلەر ھەربىي ھازىرلىقلارنى بارا ـ بارا قىسقارتىشتىن ئىبارەت ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسمەن ئازايتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، كۈچلۈك دۆلەتلەر بۇ تەكلىپنى يەنىلا رەت قىلدى.

تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر زور پىرىنسىپال مەسىلىلەردە زادىلا بىردەك كېلىشىم ھاسىل قىلالمايلا قالماي، تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى تېخنىكىلىق گۇرۇپپىلار بىر تەرەپ قىلىدىغان تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىلەردىمۇ بىردەك پىكىردە بولمىدى. بۇ مەسىلىلەر قارىماققا تېخنىكىلىق مەسىلىلەردەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تالاش - تارتىشنىڭ نېگىزى دەل ئوخشاشمىغان مىللىي مەنپەئەت ۋە مەيداندا ئىدى، ھەتتا «ھەربىي ھازىرلىق»نىڭ نېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ھەربىي كۈچنىڭ كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقى ئۈستىدىمۇ تالاش - تارتىش كۆپ، پىكىر ھەر خىل ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش سۆھبىتى ئۇزاق داۋاملىشىپ، تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ئىشنى يۈرۈشتۈرەلمەي، رەسمىي ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدى.

1930 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ئاندىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش ئەھدىنامىسىنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 46 تۈرلۈك شەرتىنى قوشۇپ، خەلقئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇندى. 1932 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يىراق شەرقتە ئۇرۇش خەۋپى كۈچەيگەن چاغدا، خەلقئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى ئاندىن رەسمىي ئېچىلدى. 62 دۆلەتنىڭ 4000 ۋەكىلى جەنۋەگە يىغىلدى. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى تۈرلۈك ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. فىرانسىيە باش مىنىستىرى تاردىيو ئالدى بىلەن يىغىندا ئېغىر قوراللار ۋە ھۇجۇمچى قوراللارنى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇش، خەلقئارا ساقچى قىسمى قۇرۇش،

خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسىگە ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش ئەھدىنامىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى جازالاشتىن ئىبارەت «تاردىيو لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەنگلىيە ۋەكىلى ياۋروپادا كۈچ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىياسىتىنى چىقىش قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تەلىپىنى قوللاپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى چەكلىك ئازايتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا ۋەكىلى بولسا ئېغىر قوراللار ۋە خىمىيەلىك قوراللارنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت «ھەربىي ھازىرلىقلارنى سۈپەتلىك ئازايتىش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەلەر غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئازايتىش لايىھەسى ئىنكار قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى نىسبەت بويىچە ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. «ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش»نى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدىغان گېرمانىيە، يىراق شەرقتە ئاللىقاچان تاجاۋۇزچىلىقنى باشلىغان ياپونىيە بولسا ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشقا قارشى تۇردى.

يىغىن بەش ئاي كەسكىن تالاش - تارتىشتىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىچىك دۆلەتلەر ۋەكىللىرى ئۈمىدسىزلىنىپ، غەزەپتە قايتىپ كېتىشتى. 7 - ئايغا كەلگەندىلا يىغىن ئاندىن كونكرېت سان - سىپىرمۇ ھەم ئېنىق نىسبەتمۇ يوق، شۇنداقلا ھېچقانداق ئەمەلىي مەزمۇنمۇ ھەم ئەمەلىي چەكلەش كۈچىمۇ يوق ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش كېلىشىمىنى ماقۇللىدى. ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلىشىپ، غەربتىكى ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىدىكى زىددىيىتى ھەل بولماي، ئەكسىچە چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. 1932 - يىلى 9 -

ئايدا گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقتا باراۋەر بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بىرىنچى قېتىم ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىقتى. گېرمانىيەنىڭ قىستىشى ئالدىدا كۈچلۈك دۆلەتلەر ساراسىمىگە چۈشتى. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، گېرمانىيە بەش دۆلەت كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ «كوللېكتىپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى ئىچىدە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى»غا قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەنىڭ «ھەربىي ھازىرلىقلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» تەلىپى ۋە فىرانسىيەنىڭ «بىخەتەرلىك» تەلىپى مۇئەييەن دەرىجىدە قانائەتلىنىپ، گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىغا يەنە قايتىپ كەلدى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى قايتا ئېچىلغاندىن كېيىن، فىرانسىيە گېرمانىيەنى چەكلەش ئۈچۈن يەنە ياۋروپادىكى بارلىق قوشۇنلارنى بىردەك قىسقا مۇددەت ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغان خەلق ئەسكەرلىرىگە ئۆزگەرتىش، ھۇجۇمچى قوراللارنى پەقەت خەلقئارا تەرتىپنى ساقلاشقىلا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت «خېررىئوت پىلانى»نى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ئەنگلىيە بولسا ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر قوشۇنىنىڭ ئادەم سانىنى 700 مىڭ ئىچىدە چەكلەش، گېرمانىيە بەش يىلدىن كېيىن ھەقىقىي ھالدا ھەربىي ھازىرلىقتا باراۋەر بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش، يەنە ئايرىم ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش كومىتېتى قۇرۇپ نازارەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت «ماكدونالد پىلانى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت ھەرقايسى دۆلەتلەر باشلىقلىرىغا ئەنگلىيەنىڭ لايىھەسىنى قوللاشنى مۇراجىئەت قىلدى. ھىتلېرمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، جامائەتچىلىكنى ئالداپ، قايتىدىن قوراللىنىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئاسانلىق يارىتىش

ئۇچۇن، بىر قېتىملىق نۇتقىدا «ماكدونالد پىلانى»نى پرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقىغا ئەڭ سەزگۈرلۈك بىلەن قارايدىغان فىرانسىيە گېرمانىيەنىڭ ئاللىقاچان ئۇرۇش قوزغاشقا تەييارلىق قىلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىشتىن ئىلگىرى ھەربىي ھازىرلىقلارنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا چىڭ تۇردى، يەنە گېرمانىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقتا باراۋەر بولۇش ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىتىنى بەش يىلدىن سەككىز يىلغا ئۇزارتىش، ئالدىنقى تۆت يىلنى سىناق مۇددىتى قىلىش، تۆت يىلدىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى ئازايتىشنى ۋە گېرمانىيەنىڭ قايتىدىن قوراللىنىشىنى قايتا ئويلىشىشنى تەلەپ قىلدى. گېرمانىيە بۇنىڭغا قەتئىي قارشى چىقىپ، مۇشۇ سەۋەبتىن 1933 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىككىنچى قېتىم ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىقتى.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوبدانلا كۈچلىنىپ قالغان ھىتلېر يەنە ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، گېرمانىيەنىڭ 300 مىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا ھەم ۋېرسال شەرتنامىسىدە چەكلەنگەن قوراللارغا ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ شەرتى قىلدى. ئەمما، بۇنى فىرانسىيە رەت قىلدى. گېرمانىيە ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. 1934 ـ يىلى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدا ھېچقانداق ئۈمىد ۋە نەتىجە قولغا كەلمىدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە يېپىلىپ، ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش مەسىلىسى تاشلاپ قويۇلدى.

دېڭىز ئارمىيەسىنى ئازايتىشمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇشكۈل بولدى. 1922 ـ يىلى ھەرقايسى چوڭ دېڭىز ئارمىيە دۆلەتلىرى ۋاشىنگتون يىغىنىدا دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرىنى چەكلەش توغرىسىدا مۇھىم كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق پاراخوتلىرىنىڭ ئومۇمىي توننازى ۋە ئۆز ئارا نىسبىتىنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، سۇ ئاستى كېمىسى، بىرىنىڭ ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوت ۋە ياردەمچى پاراخوتلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارمىغانىدى. ۋاشىنگتون يىغىنىدىن كېيىن دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرى ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىش يەنە كۆتۈرۈلدى. 1927 ـ يىلى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ئۈچ دۆلەت جەنۋەدە دېڭىز ئارمىيەسى يىغىنىنى ئېچىپ، غەيرىي ئاساسىي پاراخوتلارنى چەكلەش مەسىلىسى ئۈستىدە ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. 1930 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بەش كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيە دۆلىتى لوندوندا يەنە دېڭىز ئارمىيەسى يىغىنىنى ئېچىپ، كەسكىن تالاش ـ تارتىش ۋە مۇرەككەپ سۆھبەت ئارقىلىق، ئاخىر ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت «لوندون دېڭىز ئارمىيە ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتلىرىنىڭ نىسبىتى قايتىدىن تەڭشەلدى. شەرتنامىگە ئاساسەن ياپونىيە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتى ۋە قوغلىغۇچى پاراخوتىنىڭ ئومۇمىي توننازىنىڭ 70% ىگە باراۋەر كېلىدىغان توننازدىكى ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوت، قوغلىغۇچى پاراخوت ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش توننازدىكى سۇ ئاستى كېمىسى ياساش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى دېڭىز ئارمىيە كېلىشىمىنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقلىرىنى كېڭەيتىشى ماھىيەتلىك چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى. 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ياسىغان پاراخوتى 37 گە، ئەنگلىيەنىڭ 139 غا، ياپونىيەنىڭ

154 كە يېتىپ، ئەنگلىيە، ياپونىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە هازىرلىقلىرىنى كېڭەيتىش سۈرئىتى ئامېرىكىنىڭكىدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فىرانسىيە، ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى دېڭىز ئارمىيە كۈچى كۆپەيسە كۆپەيدىكى ھەرگىز ئازايمىدى. گېرمانىيە بولسا لوكارنو يىغىنىدىن كېيىن قايتىدىن قوراللىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1928 - يىلى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى 80 مىليون مارك ئاجرىتىپ، 10 مىڭ توننالىق بىرونىلانغان ئۇكيان چارلىغۇچى پاراخوت ياسىدى. 1930 - يىلى يەنە ئەپچىل لايىھەلەنگەن تۇنجى «چاقچاقان پاراخوت»نى ياساپ چىقتى. گېرمانىيەنىڭ ياسىغان پاراخوتلىرى گەرچە شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن «10 مىڭ توننادىن ئاشماسلىق» دېگەن بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇدرەتلىك قورال - جابدۇقلىرى شەرتنامىنىڭ چەكلىمە چىقىرىشتىكى مەقسىتىنى بەربات قىلىۋەتتى. گېرمانىيەنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان دېڭىز ئارمىيە ھازىرلىقى خىراجىتى ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كېيىن قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن بېشارەت بەردى.

پارىژ ئەھدىنامىسى رۇر تەۋەككۈلچىلىكى مەغلۇپ بولۇپ، داۋىس پىلانى ۋە لوكارنو ئەھدىنامىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، فىرانسىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئورنى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. دىپلوماتىيەدىكى بىر قاتار ئوڭۇشسىزلىقلار دۆلەت ئىچىدىكى پارتىيەلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. دۆلەت ئىچىدىكى كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان نارازىلىق كەيپىياتىنى بېسىقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈش ھەم ئامېرىكىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ كۈللىكتىپ بىخەتەرلىككە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىققا تەلپۈنۈشىدىن ھەم ئامېرىكىدا تىنچلىق ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن پايدىلىنىپ، بىر مەيدان تىنچلىق ھەرىكىتى

www.uyghurkitap.com

قوزغاپ، ئۆزىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى نامايان قىلماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن فىرانسىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بىرىئاند ئامېرىكا تىنچلىقپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق باياناتچىسى، كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، كارنېگ خەلقئارا تىنچلىق فوندى جەمئىيىتى ئىقتىساد ۋە تارىخ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شوتۋېل چىقارغان «ئۇرۇشنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ قورالى قىلىشتىن ۋاز كېچىش» دېگەن مۇراجىئەتنى قوبۇل قىلىپ، 1927 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكىنىڭ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا ئامېرىكا خەلقىگە باياننامە چىقىرىپ، فىرانسىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر شەرتنامە تۈزۈپ مەڭگۈ ئۇرۇشماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشنى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىرىئاند يەنە ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كېلوگقا رەسمىي نوتا تاپشۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈپ، ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇرۇشنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ قورالى قىلماي، بارلىق ماجىرالارنى تىنچ ھەل قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئارىسىدا ئەسلىدىن ھېچقانداق زىددىيەت يوق ئىدى، ئەمما ئامېرىكا فىرانسىيە بىلەن ئۆز ئالدىغا شەرتنامە تۈزۈپ قويۇپ، ياۋروپا توقۇنۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايتتى. شۇنداقتىمۇ، فىرانسىيەنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈۋېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كېلوگ يېرىم يىلدەك ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە پىلانلاش ئارقىلىق، ئاخىر فىرانسىيە سۇنغان تىنچلىق بايرىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئىككى تەرەپ تۈزىدىغان شەرتنامىنى كۆپ تەرەپ تۈزىدىغان شەرتنامىگە ئۆزگەرتمەكچى بولدى. 1927 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كېلوگ فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە جاۋاب

قايتۇرۇپ، ئامېرىكا، فىرانسىيە ئورتاق تەشەببۇسچى بولغان ھالدا ئاۋۋال ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئالتە دۆلەت بىرىئاند ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاش، ئاندىن بارلىق دۆلەتلەرنى بۇنىڭغا قاتنىشىشقا ئومۇمىيۈزلۈك تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئامېرىكا بۇنداق قىلسا، بىر تەرەپتىن ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپاغا مەبلەغ سېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ياۋروپانىڭ تىنچلىقىدىن زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھەممە ئەللەر قاتناشقان ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش ئەھدىنامىسى ئارقىلىق ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر يېڭى خەلقئارا تەشكىلاتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە كونترول قىلىۋالغان خەلقئارا ئىتتىپاق بىلەن تىركىشىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پارىژ سۈلھى يىغىنىدا يېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ يېتەلمىگەن دۇنيا سىياسىتىنىڭ خوجىسى بولۇش مەقسىتىگە يېتەلەيتتى.

ھالبۇكى، ئامېرىكىنىڭ جاۋابى فىرانسىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئارزۇسىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىپ قالدى. فىرانسىيە ياۋروپادا گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەگە نىسبەتەن ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايتتى ھەم ئۆزى ۋە ئەنگلىيەنىڭ ۋېرسال سىستېمىسىدىكى مەركەزلىك ئورنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى، شۇنداقلا تىنچلىق ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقلىق رولىنى ئامېرىكىغا بېرىپ قويۇشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئەمما، ئەمدىلا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىرىئاند دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالدىدا «تىنچلىق»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ئۆزى ئەڭ باشتا ئوتتۇرىغا قويغان «تىنچلىق» لايىھەسىنى رەتمۇ قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيە 1928 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئامېرىكىغا ئەھدىنامە ئىمزالاشنىڭ تۆت تۇرلۇك شەرتىنى، يەنى

«بىرىنچى، ئەھدىنامە دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولۇش؛ ئىككىنچى، ئەھدىنامە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقىنى چەتكە قاقماسلىق؛ ئۈچىنچى، ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر ئەھدىنامىنى بۇزغۇچىلارغا قارىتا ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىق؛ تۆتىنچى، ئەھدىنامە ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى ۋە لوكارنو ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتكە دەخلى قىلماسلىق» دېگەن شەرتلەرنى قويدى. فىرانسىيەنىڭ بۇ شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسىتى ئەھدىنامىنى روياپقا چىقارماسلىق ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىلا ئويلايدىغان ئامېرىكا بولسا مۇھىم ھالقا ئالتە دۆلەتنىڭ ئاۋۋال ئەھدىنامىگە ئىمزا قويۇشىدا دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فىرانسىيەنى قايرىپ قويۇپ، باشقا تۆت دۆلەت بىلەن بىۋاسىتە مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. گېرمانىيە ئەھدىنامە «قوش تەرەپلىك»تىن «كۆپ تەرەپلىك»كە ئۆزگەرسە ئۆزىگە پايدىسىز بولۇشتىن كۆرە فىرانسىيەگە پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئاۋۋال قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە گەرچە سوغۇق پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، ھەرھالدا قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەي، پەقەت پىرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى. ئەنگلىيە بۇ خۇسۇستا «پەۋقۇلئاددە مەنپەئەت»نى قوغداش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاتالمىش «پەۋقۇلئاددە مەنپەئەت» — ئەھدىنامە ئەنگلىيەنىڭ «پەۋقۇلئاددە مەنپەئەتى» بار دۆلەتلەرگە، يەنى ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە چېتىلغاندا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى مەخسۇس شەرھلەش ھوقۇقى بولۇشىنى كۆرسىتەتتى. ئامېرىكىمۇ ئەلۋەتتە «پەۋقۇلئاددە مەنپەئەت»نى قوغداشقا موھتاج ئىدى، شۇڭا ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ شەرتىنى ئانچە كۆڭۈلگە ئېلىپ كەتمىدى. ئاخىر ئالتە چوڭ دۆلەت بىردەكلىك ھاسىل

قىلىپ، 1928 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكا، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە پارىژدا «ئۇرۇشنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ قورالى قىلىشتىن ۋاز كېچىش شەرتنامىسى»، يەنى «بىرىئاند ــــ كېلوگ ئەھدىنامىسى» (يەنە «ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش ئەھدىنامىسى»مۇ دېيىلىدۇ)نى ئىمزالىدى.

ئەھدىنامە جەمئىي ئۈچ ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 ـ ماددىسىدا ھەرقايسى ئەھدىلەشكەن دۆلەتلەر «ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە ئۇرۇشنى دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش قورالى قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ» دەپ؛ 2 ـ ماددىسىدا «ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە توقۇنۇشلار مەيلى خاراكتېرى، سەۋەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىدۇ» دەپ؛ 3 ـ ماددىسىدا ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەھدىنامىنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇن تەرتىپى بويىچە تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئەڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنمىغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى: سۆھبەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاتناشتۇرماسلىق ــــ تەشەببۇسچى دۆلەتلەرنىڭ ئەھدىنامىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەھدىنامە ئىمزالىنىدىغان چاغدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئامالسىز تەكلىپ قىلدى. 1928 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئەھدىنامىگە قاتنىشىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئەمما ھەرقانداق قوشۇمچە شەرتكە قوشۇلالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەھدىنامە 1929 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كۈچكە ئىگە بولۇپ، 1931 ـ يىلىغا كەلگەندە جەمئىي 64 دۆلەت ئۇنىڭغا ئىمزا قويدى.

«ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش ئەھدىنامىسى»دە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇرۇش قوزغاشنى چەكلەش جاكارلاندى. ئەمما، بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئەھدىنامىگە ئىمزا قويىدىغان چاغدا قوشۇمچە شەرتنى

ئوتتۇرىغا قويىدى. جۈملىدىن، فىرانسىيە ھەربىر دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق مۇداپىئەلىنىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشنى، ئەنگلىيە بولسا پەۋقۇلئاددە زور مەنپەئەتى بار رايونلاردا ئۆزىنى قوغداشتا ئەھدىنامىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقنى، ئامېرىكا بولسا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش ـ قوغدىماسلىقنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولۇشنى، ياپونىيە بولسا ئۆزىگە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيىتى بار «مانجۇرىيە»گە قورال كۈچى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنداق كۆپ قوشۇمچە شەرتلەر ئەھدىنامىنىڭ ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش مەزمۇنىنى ئىنكار قىلغانغا باراۋەر ئىدى. يەنە كېلىپ، ئەھدىنامىنىڭ ھېچقانداق ماددىسىدا تىنچ تەدبىرنى يولغا قويۇشنى قانداق كاپالەتلەندۈرۈش بەلگىلەنمىگەن، تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ماجىرالارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، زورلۇق ۋاستىلىرىنى يولغا قويۇشنى قانداق جازالاشمۇ ئېيتىلمىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەھدىنامىدە كەمتۈكلۈك ۋە يوچۇقلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ، ئەھدىنامىنى ھېچقانداق چەكلەش كۈچى يوق قۇرۇق قەغەزگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى، ھەتتا ئەھدىنامىنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بولغان كېلوگمۇ بۇ ئەھدىنامىنىڭ پەقەت «تەربىيەۋى ۋە ئەخلاقىي قىممىتى»لا بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

شۇنداقتىمۇ، «ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىش ئەھدىنامىسى» نىمىلا دېگەن بىلەن دۇنيادىكى كۆپ سانلىق دۆلەتلەر ئىمزا قويغان خەلقئارا تىنچلىق شەرتنامىسى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشنى دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش قورالى قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزئارا ماجىرالارنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا قانۇنىي ئاساس سالدى، شۇنداقلا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا سوتنىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە باش ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلىشىغا قانۇنىي ئاساس بولدى. ئۇنى نىسپىي مۇقىم دەۋردىكى تىنچلىقپەرۋەرلىك تىرىشچانلىقىنىڭ بىر مۇھىم نەتىجىسى دېيىشكە بولاتتى.

يەتتىنچى باب

# رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 20 ـ، 30 ـ يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى

## 1 ـ بۆلۈم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى

**فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى** 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى رۇسىيەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە خاراب ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1917 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پېتروگرادتىكى ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

قوزغىلاڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە، پېتروگراد سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاۋرىدې سارىيىدا رەسمىي ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئەڭ دەسلەپتە تەخمىنەن 50 كىشى ئىدى. كېيىن كۆپىيىپ تەخمىنەن 200 كىشىگە يەتتى. قۇرۇلتاي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقىپ، رەئىس مېنشېۋىك چىخېدزې (1864 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە ياشىغان)، مۇئاۋىن رەئىس كېرېنسكى[1] ۋە مېنشېۋىك سكوبېلېف بولدى. ئىجرائىيە

---

① كېرېنسكى (1881 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە ياشىغان) ئادۋوكات، 1912 ـ 1917 ـ يىللىرى دۇما ۋەكىلى بولغان، فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىگە كىرىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە مىنىستىر، باش مىنىستىر بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

كومىتېتىدا مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر كۆپ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ئىككىلا بولشېۋىك بار ئىدى. پېتروگراد سوۋېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشقا چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت قۇرۇلدى. 1917 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رۇسىيەدە جەمئىي 555 سوۋېت بارلىققا كەلدى. پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پېتروگراد سوۋېتى رەھبەرلىك مەركىزىلىك رولىنى ئوينىدى.

سوۋېت بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئۇ ھەربىي كومىتېت قۇرۇپ، ئىنقىلاب نەتىجىسىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى. ئاشلىق كومىتېتى قۇرۇپ، پايتەختنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سوۋېت 1 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنى چىقىرىپ، بارلىق قىسىملارنىڭ ئەسكەرلەر كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشىنى، ئۇنىڭ قىسىمنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، قىسىمنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. سوۋېتنىڭ پائالىيىتى ئۇنىڭ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ بىخى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئەمما، مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ داھىيلىرى رۇسىيە پرولېتارىياتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يوق دەپ قارايتتى. ئۇلار سوۋېت ۋەكىللىرى نامىدا بۇرژۇئازلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ھاكىمىيەت تەشكىللىشىنى ئۈمىد قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. پۈتۈن رۇسىيە يەرلىك ئاپتونوم ئورگانلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى كىنەز لىۋوف (1861 ـ يىلىدىن 1925 ـ يىلىغىچە ياشىغان) باش مىنىستىر، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، ئاساسىي قانۇن دېموكراتىك پارتىيەسىنىڭ (فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن نامىنى خەلق ئەركىنلىكى پارتىيەسىگە ئۆزگەرتكەن) داھىيسى مىليۇكوف

دىپلوماتىيە مىنىستىرى، ئۆكتەبىر پارتىيەسى (فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن نامىنى مىللىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىگە ئۆزگەرتكەن)نىڭ ئەزاسى گۇچكوف قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرى، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى كېرېنسكى ئەدلىيە مىنىستىرى بولدى.

بۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىككى ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇنىڭ بىرى، بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بولۇپ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق ئورگانلارنى تىزگىنلەپ ئاساسلىق ھاكىمىيەتكە ئايلانغانىدى. يەنە بىرى، ئىشچىلار ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتى بولۇپ، ئۇ قوراللىق ئىشچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇرژۇئازىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ، ياردەمچى ھاكىمىيەتكە ئايلانغانىدى. بۇنداق ئىككى ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزىيەت ئۇزاق داۋاملىشالمايدىغان بولۇپ، چوقۇم بىرى يوقالمىسا بولمايتتى.

ئىككى ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇرەككەپ ئەھۋالدا بولشېۋىكلار پارتىيەسى ئۆز كۈرەش فاڭجېنىنى بېكىتىشكە جىددىي موھتاج بولدى. پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر لېنىننىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. 1917 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە لېنىن شىۋېيتسارىيەدىن گېرمانىيە ئارقىلىق رۇسىيەگە ــ پېتروگرادقا قايتىپ كەلدى. مىڭلىغان ئىشچىلار، ئەسكەرلەر پايتەختتىكى فىنلاند ۋوگزالىغا يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىنى قىزغىن قارشى ئالدى، لېنىن بىرونېۋىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇتۇق سۆزلەپ، ئاخىرىدا: «دۇنيا پىرولېتارىيات ئىنقىلابى ياشىسۇن !» دەپ خىتاب قىلدى.

ئەتىسى لېنىن پارتىيە يىغىنىدا دوكلات بەردى. 4 ـ ئاينىڭ

20 ـ كۈنى «ھەقىقەت گېزىتى» لېنىننىڭ دوكلاتىنى «پىرولېتارىياتنىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتىكى ۋەزىپىسى» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلدى، بۇ دەل مەشھۇر «ئاپرېل تېزىسى» ئىدى.

دوكلاتتا لېنىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئىنقىلابتىكى تۈپ مەسىلە ــ ھاكىمىيەت مەسىلىسى، ھازىر ھاكىمىيەت چار پادشاھ باشچىلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىن بۇرژۇئازىيەنىڭ قولىغا ئۆتتى، شۇڭا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئاساسەن تاماملاندى. «روسىيەنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىنقىلابنىڭ 1 ـ باسقۇچتىن 2 ـ باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى»، بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ۋەزىپىسى دەل «ھاكىمىيەتنى پىرولېتارىيات ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش»①. يېڭى قۇرۇلىدىغان دۆلەت پارلامېنت تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەت بولماستىن، بەلكى سوۋېت جۇمھۇرىيىتى بولۇشى كېرەك، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش زۆرۈر. ۋاھالەنكى، ئۇنى ئاغدۇرۇشتا زورلۇق كۈچنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئۇنى قوللايدىغان سوۋېت بىلەن قارشىلىشىپ قېلىپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. «چوقۇم ئۇنى ھەرقانداق قوللاشتىن ئايرىۋېتىش» ھەم «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلىش» لازىم. سوۋېت بارلىق ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالغاندىلا، ئاندىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تىنچ تارتىۋالالايدۇ. ئاندىن كېيىن سوۋېتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئورنىتىش كېرەك. خەلق قورالغا ئىگە بولغاچقا ھەم تاشقى بېسىمغا ئۇچرىمىغاچقا، ئىنقىلاب تىنچ تەرەققىي قىلالايدۇ.

لېنىن يەنە مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر ئىنقىلابنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ ــ ئىنقىلابىي

① لېنىن: «پىرولېتارىياتنىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتىكى ۋەزىپىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 29 ـ توم 114 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

مۇداپىئەچىلىك، نۇرغۇن كىشىلەر رۇسىيە ئىنقىلابىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم دۆلەتنى قوغداش، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، بۇرژۇئازىيەمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ نەزىرىنى بۇراش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىش نامىدا ئەكسىيەتچى قورال‌لىق كۈچ تەشكىللەپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنى باستۇرىدۇ، شۇڭا پۈتۈن پارتىيە خەلققە نۆۋەتتىكى ئۇرۇشنىڭ يەنىلا جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى، ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلغاندىلا ئاندىن دېموكراتىك سۈلھى ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

لېنىننىڭ سۆزى مېنشېۋىكلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بولشېۋىكلار پارتىيەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بۇنى چۈشەنمەي قوللىمىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، نۆۋەتتىكى ۋەزىپە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئورنىتىش ئەمەس، بەلكى ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ئىدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پېتروگراد پارتكومى ئىككىگە قارشى 13 ئاۋاز بىلەن لېنىننىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلدى. ئەمما، لېنىننىڭ تەشۋىق ـ تەرغىباتى بىلەن ئەھۋال ناھايىتى تېزلا ئۆزگەردى. 5 ـ ئاينىڭ 7 — 12 ـ كۈنلىرى بولشېۋىكلار پارتىيەسى 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى 80 مىڭ پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 133 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن قىزغىن مۇزاكىرە ئارقىلىق، لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىنقىلاب لۇشيەنى ۋە فاكجېنىنى ماقۇللىدى.

«ئاپرېل تېزىسى»نىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولشېۋىكلار پارتىيەسى خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىنى تۇتۇپ، ئىشچى ـ دېھقانلارغا: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كاپىتالىستلار، پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خەلققە تىنچلىق، يەر، بولكا بەرمەيدۇ؛ شۇڭا بۇ ھۆكۈمەتتىن ۋاز كېچىپ،

www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيەتنى پۈتۈنلەي سوۋېتقا مەنسۇپ قىلىش كېرەك، دەپ قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رۇسىيە خەلقى تۇنجى قېتىم خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى ئاشكارا تەبرىكلىدى. ئەمما، دەل مۇشۇ كۈندە دىپلوماتىيە مىنىستىرى مىليۇكوف ئانتانتا دۆلەتلەرگە نوتا تاپشۇرۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى «ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئالدىدا ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىدۇ»، دۇنيا ئۇرۇشىنى ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىگە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىدۇ، دەپ جاكارلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ نوتا ئاشكارا ئېلان قىلىندى. ئەسكەرلەر ۋە ئىشچىلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۆزى تەشۋىق قىلغاندىكىدەك «ئىنقىلابنى قوغداش ئۈچۈن» ئەمەس، بەلكى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان «مەجبۇرىيەتنى» ئادا قىلىپ، تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتىسى 100 مىڭ ئادەم ئۆزلۈكىدىن كوچىغا چىقىپ، «مىليۇكوفنى يوقىتايلى!» «گۇچكوفنى يوقىتايلى !»، «مەخپىي شەرتنامە ئاشكارىلانسۇن!»، «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلايلى!» دەپ شوئار توۋلىدى. پايتەختتىكى نامايىش تېزلا موسكۋا، خاركوف قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى جايلاردىكى نامايىشلار ئاممىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقىنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كرىزىسقا پېتىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۇ ئىش رۇس كالېندارى بويىچە 4 ـ ئايدا يۈز بەرگەنلىكتىن، تارىختا «ئاپرېل كرىزىسى» دەپ ئاتالدى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىليۇكوف ۋە گۇچكوفنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ داھىيلىرىدىن ئىچكى كابىنېتقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 1 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. لىۋوف داۋاملىق باش مىنىستىر بولدى. كېرېنىسكى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرى بولدى. مېنشېۋىكلارنىڭ داھىيسى سېرېتېللى ۋە سكوبىلىق پوچتا مىنىستىرى ۋە ئەمگەك مىنىستىرى، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ داھىيسى چېرنوف يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پۈتۈن رۇسىيە ئىشچىلار ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى پېتروگرادتا ئېچىلدى. ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بار 800 دىن ئارتۇق ۋەكىل ئىچىدە بولشېۋىكلار ئاران 105 ئىدى. قۇرۇلتاي ئاساسلىقى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. مېنشېۋىكلاردىن سېرېتېللى: رۇسىيەدە دۆلەتنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشنى خالايدىغان بىرمۇ پارتىيە يوق، دېدى. لېنىن بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: «بار! ھەرقانداق پارتىيە بۇنداق قىلىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، بىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بىز بارلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشكە ھەر ۋاقىت تەييار» دېدى. ئەمما، قۇرۇلتاي مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغانلىقتىن، ئاخىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قوللاش ھەققىدە قارار ماقۇللىدى. قۇرۇلتايدا پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ئۇ 256 ئادەمدىن تەركىب تاپتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولشېۋىكلار 35 ئىدى. رەئىس مېنشېۋىك چىخېدزې بولدى.

سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان مەزگىلدە پېتروگرادتا 500 مىڭ ئاما 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) كوچىغا چىقىپ

نامايىش قىلدى. ئۇلار «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلايلى!»، «ئون كاپىتالىست مىنىستىرنى يوقىتايلى!» دېگەن شوئارلار يېزىلغان نەچچە مىڭ قىزىل بايراق ۋە لوزۇنكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنە بىر قېتىم كىرىزىسقا پېتىپ قالدى.

**ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە كورنىلوف توپىلىڭىنىڭ تارمار قىلىنىشى ۋاقىتلىق** ھۆكۈمەت ئالدىنقى سەپتىكى جەڭ ئارقىلىق خەلقنىڭ نەزىرىنى بۇرىماقچى بولدى. شۇڭا، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رۇسىيە ئارمىيەسىگە غەربىي سەپتە ۋە غەربىي جەنۇبىي سەپتە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، بۇ تەۋەككۈلچىلىك مەغلۇپ بولۇپ، ئون نەچچە كۈنلۈك ھۇجۇمدا 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى. بۇ خەۋەر پايتەختكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. بولشېۋىكلار پارتىيەسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاممىنى تىنچ كۈچ كۆرسىتىشكە يېتەكلەشنى قارار قىلدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 500 مىڭ ئەسكەر، ئىشچى «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلايلى!» دېگەن شوئار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدىنقى سەپتىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، نامايىشچىلارنى باستۇرۇپ، 56 ئادەمنى ئۆلتۈردى، 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇردى. ئارقىدىنلا بۇرژۇئازىيە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قوراللىق ئىشچىلارنى مەجبۇرىي تارقىتىۋەتتى. پارتىيە گېزىتى بولغان «ھەقىقەت گېزىتى»نى پېچەتلىۋەتتى. لېنىن، زىنوۋيېۋ (1883 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە ياشىغان) قاتارلىقلارنى «گېرمانىيەنىڭ جاسۇسى» دەپ قارىدى ھەم ئۇلارنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. يەنە كامېنېۋ (1883 - يىلىدىن

1936 ـ يىلىغىچە ياشىغان)، تروتسكى (1879 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە ياشىغان) قاتارلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى.

ئىيۇل ۋەقەسىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاشكارا ھالدا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ، خەلققە تاقابىل تۇرۇشى ئىنقىلابنىڭ ئەمدى تىنىچ تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت تۇرۇش ۋەزىيىتىمۇ يوقىلىپ، ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيەسى تەرتىپلىك ھالدا يوشۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاختۇرۇپ تۇتۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، لېنىن ۋە زىنوۋيېۋ مەخپىي ھالدا پېتروگرادنىڭ ئەتراپىدىكى رازلىفقا يۆتكەلدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا لېنىن فىنلاندىيەگە كەتتى. چەت ئەلدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، زورلۇق كۈچ بىلەن كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پېتروگراد بىلەن ئىزچىل قويۇق ئالاقە قىلىپ، پارتىيەنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 8 — 16 ـ كۈنلىرى بولشېۋىكلار پارتىيەسى پېتروگرادتا 6 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايغا 162 يەرلىك تەشكىل ۋە 240 مىڭ پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 171 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا سىۋېردولوف (1885 ـ يىلىدىن 1919 ـ يىلىغىچە ياشىغان) تەشكىلىي خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى بەردى، ستالىن سىياسىي خىزمەت خۇلاسە دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتاي ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ فاڭجېنىنى بېكىتتى. سوۋېتنى ئوششاق بۇرژۇئازىيە پارتىيەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقاچقا، ئۇ

ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، قۇرۇلتاي «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلىش» دېگەن شوئارنى ۋاقىتىنچە يىغىشتۇرۇۋېلىپ، «ھاكىمىيەتنى پرولېتارلار ۋە نامرات دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش» دېگەن شوئارنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. قۇرۇلتاي يەنە لېنىن، بۇخارىن (1888 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە ياشىغان)، دزېرژىنىسكى (1873 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە ياشىغان)، زىنوۋيېف، كامېنېف، رىكوف (1881 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە)، سۋېردلوف، ستالىن، تروتسكى قاتارلىق 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى.

ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن لىۋوف ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئىككىنچى نۆۋەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. كېرېنىسكى باش مىنىستىر، قوشۇمچە قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرى بولدى. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرژۇئازىيە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەربىي دىكتاتۇرا ئورنىتىش توغرۇلۇق ئاشكارا جار سالدى. مىليۇكوف خەلق ئەركىنلىكى پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا بولشېۋىكىزمنىڭ خەتىرىنى مەڭگۈ يوقىتىش ئۈچۈن بىر قېتىم «تاشقى ئوپېراتسىيە» قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى، كېرېنىسكى ھۆكۈمىتى «دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇش»نى جاكارلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـــ 28 ـ كۈنلىرى ھۆكۈمەت موسكۋادا دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ئارمىيەنىڭ گېنېراللىرى، بورژۇئا پارتىيەلىرىنىڭ داھىيلىرى، سابىق دۆلەت دۇماسىنىڭ ئەزالىرى، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر ۋە مېنشېۋىكلار قاتناشتى. بولشېۋىكلار بۇ يىغىن ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەست ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلايدىغان يىغىن دەپ قاراپ، قاتنىشىشنى رەت قىلدى ھەم يىغىن ئېچىلغان كۈنى موسكۋادا 400 مىڭ

ئىشچىنى ئىش تاشلاشقا تەشكىللىدى.

دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئالىي باش قوماندانى كورنىلوف (1870 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە ياشىغان) ئوفىتسېرلارغا ئارمىيە ئىنتىزامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە تولۇق ھوقۇق بېرىشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ، قوشۇننى تۈزەش ئارقىلىق ھەربىي دىكتاتۇرا ئورنىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. يىغىندىن كېيىن كورنىلوف موگىلېيفتىكى باش ئىشتابقا قايتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رۇسىيە ئارمىيەسى رىگادىن ۋاز كېچىپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى پېتروگرادقا تەھدىت سالدى. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كورنىلوف «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» نامى بىلەن كىرىموفقا ئاتلىق ئۈچىنچى كورپۇس ۋە كاۋكاز دىۋىزىيەسىنى باشلاپ پېتروگرادقا ئىلگىرىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، پايتەختتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى قوراللىق باستۇرۇپ، ھەربىي مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئورناتماقچى بولدى. پايتەختتىكى نەچچە ئون مىڭ ئىشچى ۋە بالتىق دېڭىزى فىلوتىنىڭ ماتروسلىرى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار تېزلىكتە تەشكىللىنىپ، پېتروگراد شەھىرى ئەتراپىدا ئىستىھكام ياساپ، پايتەختنى قوراللىق قوغداشقا ئىرادە باغلىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بولشېۋىكلار پارتىيەسى ۋە سوۋېت نۇرغۇن تەشۋىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، كازاكلار ۋە ئەسكەرلەرگە كورنىلوفنىڭ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابقا قارشى تۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى. كازاكلار ۋە ئەسكەرلەر ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، پېتروگرادقا يۈرۈش قىلىشنى رەت قىلىپ، ئەكسىچە ئوفىتسېرلارنى قولغا ئالدى. كىرىموف مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەي كورنىلوفمۇ تۇتقۇنغا ئايلاندى.

**ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە پېتروگراد قوراللىق**

قوزغىلىڭنىڭ غەلىبە قىلىشى كورنىلوفنىڭ توپىلىڭى تارمار بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيە پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. ئەسكەرلەر ھۆكۈمەت ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئەمدى ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بولشېۋىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. 9 - ئايدا لېنىن يەرنى تەڭ تەقسىملەش پىروگراممىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەم دېھقانلارنى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشقا چاقىرىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئابرۇيى مىسلىسىز ئاشتى. پېتروگراد ۋە موسكۋا سوۋېتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قارار ماقۇللاپ، مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى ئەيىبلەپ، ئىنقىلاب فاڭجېنىنى قوللىدى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەمدىلا تۈرمىدىن چىققان تروتسكى پېتروگراد سوۋېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. بۇ ۋاقىتتا بولشېۋىكلار پارتىيەسى «بارلىق ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلىش» دېگەن شوئارنى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى پرولېتارىيات پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى سوۋېتنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى.

1917 - يىلى كۈزدە رۇسىيە ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن تەخمىنەن 70% تۆۋەنلەپ، مالىيە قالايمىقانلىشىپ، قەرز ئاشتى. ئومۇمىي قەرز 49 مىليارد رۇبلىغا يېتىپ، ھەر يىللىق قەرز ئۆسۈمى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ھەر يىللىق خامچوتقا تەڭلىشىپ قالدى. ئەڭ يامىنى قەھەتچىلىك ئېغىرلىشىپ، پايتەخت ئاھالىلىرىنىڭ كۈنلۈك نورمىلىق بولكىسى بىر يېرىم قاداقتىن 0.25 قاداققا چۈشۈپ قالدى. بەزىدە تېخى بۇمۇ بولمىدى. بۇنى كۆزدە تۇتۇپ لېنىن دۆلەت «ئەڭ مۇشكۈل» ئەھۋالدا قالدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئەمگەكچى خەلق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى، موسكۋا، ئورال، دونباس قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلار قۇدرەتلىك ئىش تاشلاش دولقۇنىنى قوزغىدى، رۇسىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى 90% تىن ئارتۇق ناھىيەدە دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا قارشى كۈرىشى پارتلىدى. پېتروگراد ۋە موسكۋاغا يېقىن شىمالىي سەپ، غەربىي سەپتىكى قىسىملار، بالتىق دېڭىزى فىلوتى ۋە ئارقا سەپتىكى گارنىزون قىسىمىدىن تەخمىنەن 6 مىليون ئادەم 10 ـ ئايدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بولشېۋىكلار رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رۇسىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى قوزغىدى.

بۇرژۇئازىيە بۇرۇنقىدەك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قايتىدىن تەشكىللەندى. كېرېنىسكى يەنىلا باش مىنىستىر بولدى. ئەمما، مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ تونۇلغان داھىيلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقتى. ئاممىنى ئالداش، ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالدىراپ ـ تېنەپ نىزام تۈزۈپ، پارلامېنت تەييارلىق يىغىنىنى ئېچىشقا تۇتۇندى. بولشېۋىكلار پارتىيەسى بۇ ئالدامچىلىقنى ئېچىپ تاشلاپ، بۇ يىغىنغا قارشى تۇرۇشنى چاكارلىدى.

لېنىن بۇ ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، 9 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا «بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى چوقۇم ئىگىلىشى كېرەك»، «ماركسىزم ۋە قوزغىلاڭ» دېگەن ئىككى پارچە خەتنى يېزىپ، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، پارتىيەنىڭ چوقۇم قورallıq قوزغىلاڭ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشقا قولاي بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ 10 ـ

ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پېتروگرادقا مەخپىي قايتىپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. لېنىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم دوكلات بەردى. يىغىن مۇزاكىرە ئارقىلىق ئىككىگە (زىنوۋىيېف ۋە كامېنېف) قارشى 10 ئاۋاز بىلەن لېنىننىڭ قارارىنى ماقۇللاپ، «قوراللىق قوزغىلاڭ مۇقەررەرلىشىپ قالدى ھەم ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلدى، مەركىزىي كومىتېت شۇنداق تەكلىپ بېرىدۇكى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇشۇنى نىشان قىلىپ، بارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ مۇھاكىمە قىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى①. زىنوۋىيېف ۋە كامېنېف ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ ھەم سول قانات مېنشېۋىكلارنىڭ «يېڭى تۇرمۇش گېزىتى» دە بايانات ئېلان قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا قارشى تۇردى. لېنىن پارتىيەنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان بۇنداق قىلمىشتىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەنىگە قارشى تۇرىدىغان باياناتلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىشىنى چەكلىدى.

قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى پېتروگراد سوۋېتىدا ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. بۇ ئورگان نامدا پېتروگراد ھەربىي رايونىنىڭ پائالىيىتىنى ۋە پايتەختنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىنى نازارەت قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە قوراللىق

---

① لېنىن: «رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1917 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (23 ـ كۈنى)دىكى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 32 ـ توم 385 ـ بەت.

قوزغىلاڭ تەييارلىقىغا ئاشكارا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ رەئىسى دەسلەپتە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ سولچىلىرىدىن رازمىل، كېيىن بولشېۋىكلاردىن پودۋويسكى بولدى. سوۋېت رەئىسى تروتسكى مۇھىم رەھبەرلىك رولىنى ئوينىدى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت گارنىزون قىسمىغا سىياسىي كومىسسار ئەۋەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گارنىزون قىسمى ۋەكىللەر يىغىنى بارلىق بۇيرۇقنا سىياسىي كومىسسارنىڭ ئىمزا قويۇشىنى، بولمىسا ئۇنىڭ ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پايتەختتىكى 150 مىڭ ئەسكەر پۈتۈنلەي سوۋېتنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتتى. شۇ كۈنى پېتروگرادتىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى قىزىل قوغدىغۇچى مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، بىۋاسىتە سوۋېت ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ رەئىسى بولشېۋىك يۇرنىيېف بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 80 مىڭدىن ئارتۇق ماتروسى بار بالتىق دېڭىزى فىلوتى بايانات ئېلان قىلىپ: «پېتروگراد سوۋېتىنىڭ تۇنجى چاقىرىقىدىلا قولىمىزغا قورال ئېلىپ ئىنقىلابنى قوللايمىز» دېدى. ئومۇمەن بارلىق ئىنقىلابىي كۈچلەر كۈرەش تەييارلىقىغا ئۆتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىنى توسماقچى بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ساقچىلارنى ئەۋەتىپ بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئىشچىلار يولى» گېزىتىنىڭ باسمىخانىسىنى پېچەتلىدى. ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئىنقىلابىي ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ باسمىخانىنى قايتۇرۇۋالدى. چۈشتە «ئىشچىلار يولى» گېزىتى نەشر دىن چىقىپ، خەلقنى پۈتكۈل

ھاكىمىيەتنى سوۋېتقا مەنسۇپ قىلىشقا چاقىردى.

قوزغىلاڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تروتسكىي، سۋېردولوف، كامېنېف قاتارلىق 11 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسى ھەيئەتلەرنىڭ قوزغىلاڭ قوماندانلىق مەركىزى — سمولنى سارىيىدىن ئايرىلماسلىقىنى ھەم پېتىر پاۋل قورغىنىدا زاپاس قوماندانلىق ئىشتاب قۇرۇشنى قارار قىلدى، يەنە سۋېردولوف قاتارلىقلارنى قوزغىلاڭنىڭ تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشقا ئەۋەتىشنى بېكىتتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتمۇ ئېلىشىشقا تەييارلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كېرېنسكىي مارىيە سارىيىغا كېلىپ پارلامېنت تەييارلىق يىغىنىغا ئۆز قارىشىنى بىلدۈرۈپ، پارلامېنت تەييارلىق يىغىنىدىن ھۆكۈمەتنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بولشېۋىكلار ئىسيانىغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللىشىنى تەلەپ قىلدى ھەم پارلامېنت تەييارلىق يىغىنىنىڭ قارارىنى كۈتمەيلا ئالدىراپ قىشلىق سارايغا يېنىپ كەلدى. ئۇ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىغا تېلېفون بېرىپ، ئىشەنچلىك قىسىملارنى پېتروگرادقا جىددىي ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. پېتروگراد ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى پولكوۋنىكوف ھەرقايسى پولكلاردىن ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت ئەۋەتكەن سىياسىي كومىسسارلارنى قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە كازاك ئەسكەرلەرگە قىشلىق سارايغا كېلىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قوغداشنى بۇيرۇدى.

مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر بولشېۋىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىشىگە قارشى ئىدى ھەم ئىچكى ئۇرۇش پارتلاشتىن قورقاتتى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مېنشېۋىكلار داھىيسى دوۋېن پارلامېنت تەييارلىق يىغىنىغا ئالدىراپ تەكلىپ سۇنۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقان

دۆلەتلەرگە دەرھال سۈلھى تۈزۈش تەكلىپىنى بېرىشنى، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەر كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى، تېزرەك كونكرېت ۋاقىت بېكىتىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇ ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر چارىسىز ئەھۋالدا قېلىپ، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكى سولچىللار بولشېۋىكلار تەرەپتە تۇرۇپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى.

قوزغىلاڭ باشلانغاندىن كېيىن ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتتىكى بىر قىسىم ئەزالار 2 - قېتىملىق سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ نامى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش تېخىمۇ پايدىلىق دەپ قاراپ، قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى. تروتسكى ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېنىن قوزغىلاڭنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەپ، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ، دەرھال ھۇجۇم قوزغاشنى تەلەپ قىلدى. كېچىدە ئۇ سمولنىي سارىيىغا كېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭنىڭ قەدىمى روشەن تېزلەشتى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدە قوزغىلاڭچىلار پويىز ئىستانسىسىنى ۋە مەركىزىي ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئىگىلىدى، ئەتىگەندە دۆلەتلىك بانكىنى ۋە تېلېگراف باش ئىدارىسىنى ئىگىلىدى. كېرېنسكى ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ پېتروگرادتىن قېچىپ كەتتى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پۈتكۈل پايتەخت ئاساسەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. سائەت 10 دا

www.uyghurkitap.com

پېتروگراد سوۋېتى ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتى لېنىن يازغان «رۇسىيە گىراژدانلىرىغا مۇراجىئەت»نى ئېلان قىلىپ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ پېتروگراد ئىشچىلار ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ ئورگىنىغا، يەنى پېتروگرادتىكى پىرولېتارىيات ۋە گارنىزون قىسمىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى»نى جاكارلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە مارىيە سارىيى قورغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، پارلامېنت تەييارلىق يىغىنى تارقىتىۋېتىلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى قىشلىق سارايغا بېكىنىۋېلىپ جاھىللىق بىلەن تىركەشتى. دۈشمەننىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇۋۇسىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت جەڭگاھ قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇپ، پودۋويىسكى، يوبنوف، ئانتونوف ـ ئوۋشېنكو قاتارلىقلارنى مەسئۇل قىلدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە، تەخمىنەن 20 مىڭ ئىنقىلابىي ئەسكەر، ماتروس ۋە قىزىل قوغدىغۇچى 3000 ئادەملا ساقلاۋاتقان قىشلىق سارايىنى قورشىۋالدى. قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جەڭگاھ قوماندانلىق ئىشتابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، 20 مىنۇت ئىچىدە تەسلىم بولۇشنى ئېيتتى. ئەمما بۇ رەت قىلىندى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، پېترپاۋل قورغىنىدىكى زەمبىرەكلەر قىشلىق سارايغا ئوت ئاچتى، نېۋا دەرياسىغا توختىتىپ قويۇلغان «ئاۋرورا» ناملىق ئوكيان چارلاش پاراخوتىمۇ ھەيۋەت بىلەن توپ ئاتتى. ئارقىدىنلا ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر، ماتروسلار ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قىشلىق سارايغا قاراپ ئېتىلدى. قورغىلاڭچىلار پودۋويىسكى قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا قىشلىق سارايىنىڭ تاشقى مۇداپىئەسىنى ناھايىتى

تېزلا بۆسۈپ، چوڭ دەرۋازىدىن كىردى. ئۇلار بىنادىكى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلاپ، چوڭ ـ كىچىك 1050 ئۆينى بىرمۇبىر تىنتتى. كېچە سائەت بىردىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە مىنىستىرلار بېكىنىۋالغان ئۆيگە بۆسۈپ كىردى. ئانتونوف ـ ئوۋشېنكو مىنىستىرلارغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ: «پېتروگراد سوۋېتى ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ نامىدىن شۇنداق جاكارلايمەنكى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلدى» دەپ، ئۇلارنى قولغا ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، پېتروگراد قوراللىق قوزغىلىڭى غەلىبە قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رۇس كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بولغانلىقتىن، بۇ ئىنقىلاب «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى.

**پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى** قوزغىلاڭچىلار قىشلىق سارايغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتتە، پۈتۈن رۇسىيە ئىشچىلار ـ ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە پېتروگرادتىكى سمولنىي سارىيىدا رەسمىي ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا جەمئىي 625 ۋەكىل قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولشېۋىكلار 390، سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار 179 ئىدى.

قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىن مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر پېتروگراد قوراللىق قوزغىلىڭىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆكتى، رەددىيەگە ئۇچرىغاندىن كېيىن قۇرۇلتايدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار ئەسلىدە مۇشۇنداق قىلساق كۆپ قىسىم ئەزالارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بۇ قۇرۇلتاينى ۋەكىللىك خاراكتېرى يوق، قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ جاكارلىيالايمىز، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۆمىدى سۇغا چىلىشىپ، قۇرۇلتايدىن ئاران 51 ۋەكىل چېكىنىپ چىقتى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە قىشلىق سارايىنىڭ

ئېلىنغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن قۇرۇلتاي لېنىن يازغان «ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلارغا مۇراجىئەت»نى ماقۇللاپ، «جايلاردىكى بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ بىردەك ئىشچى - ئەسكەر - دېھقانلار ۋەكىللىرى سوۋېتىغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى»نى جاكارلىدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە لېنىن قۇرۇلتايغا تىنچلىق مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، تىنچلىق مەسىلىسى ھازىرقى ئەڭ جىددىي، ئەڭ تەخىرسىز مەسىلە دەپ كۆرسەتتى. لېنىننىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن قۇرۇلتاي تىنچلىق پەرمانىنى بىردەك ماقۇللاپ، جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى ئەيىبلەپ، ھەرقايسى ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دەرھال تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، زېمىن بۆلۈۋالمايدىغان (يەنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالمايدىغان، باشقا مىللەتلەرنى قوشۇۋېلىپ كېتىشكە زورلىمايدىغان)، تۆلەم تۆلىمەيدىغان سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەرماندا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ھەرىكەت قىلىپ ئۇزۇل - كېسىل تىنچلىق ئورنىتىشى ۋە ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنى بارلىق قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەملىشىشى مۇراجىئەت قىلىندى.

تىنچلىق پەرمانى ماقۇللانغاندىن كېيىن، لېنىن يەنە يەر مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي قىزغىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يەر پەرمانىنى ماقۇللىدى. پەرماندا پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى دەرھال مۇسادىرە قىلىش، يەرگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارلىقنى مەڭگۈ بىكار قىلىش، بارلىق يەرلەرنى ئومۇمىي خەلقنىڭ مۈلكى قىلىش بەلگىلەندى. پەرماندا يەنە دېھقانلارنىڭ يەرنى تەڭ تەقسىملەش تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلۈپ، يەرلەرنىڭ ئەمگەك نورمىسى ياكى ئىستېمال نورمىسى بويىچە ئەمگەكچىلەرگە تەقسىملەپ بېرىلىدىغانلىقى جاكارلاندى.

قۇرۇلتاي سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىنى تەستىقلىدى.

كېڭەش ئۆتكۈزۈلگەندە، بولشېۋىكلار سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ داھىيلىرىنى ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ھۆكۈمەت پۈتۈنلەي بولشېۋىكلاردىن تەشكىللەندى. خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى لېنىن، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى رىكوف، دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى تروتىسكى، مىللەتلەر ئىشلىرى خەلق كومىسسارى ستالىن بولدى.

قۇرۇلتاي ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى — پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، 101 ئەزا ئىچىدە بولشېۋىكلار 62 نەپەر، سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار 29 نەپەر بولدى، كامېنېف پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى.

پېتروگراد قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بولدى. قوزغىلاڭ خەۋىرى موسكۋاغا تارقالغاندىن كېيىن، موسكۋا سوۋېتى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچتە ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇپ، ئىشچىلار، ئەسكەرلەرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە رەھبەرلىك قىلدى. موسكۋا ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇپ، كرېمل سارىيىنى قايتا ئىگىلەپ، قوزغىلاڭنى بىر مەھەل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. بۇ چاغدا موسكۋانىڭ ئەتراپىدىكى نامرات دېھقانلار ھەم پېتروگرادتىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋە ماتروسلار دەرھال ياردەمگە كەلدى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بولشېۋىكلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە كرېمل سارىيىنى ئېلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنقىلاب ئوتى ھەممە يەردە يالقۇنلىدى. كەڭ خەلق، بولۇپمۇ ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلار ئۇرۇشنى دەرھال

ئاياغلاشتۇرۇش ۋە يەرنى تەڭ تەقسىملەشكە ئىرادە باغلىغان سوۋېتنى قىزغىن ھىمايە قىلدى. ئۇلارنىڭ قوللىشىدا مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلاردا 1918 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. لېنىن بۇ باسقۇچتىكى غەلىبىنى «سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ غەلىبىسى» دەپ ئاتىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ دۇنيا جاھانگىرلىك سېپىنى بۇزۇپ، دۇنيادىكى ئالتىدىن بىر قىسىم زېمىندا تۇنجى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنى قۇردى. ئۇ ھەرقايسى ئەل پرولېتارىياتلىرىنىڭ كۈرەشكە ئىلھام بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشكىمۇ ئىلھام بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ رۇسىيە ئىنقىلابى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ماركسىزمنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە بىر يېپيېڭى ئازادلىق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 2 ـ بۆلۈم رۇسىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى

سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى مېنشېۋىكلار ۋە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى پۈتۈن رۇسىيە تۆمۈريول باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىجرائىيە كومىتېتى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قارار ماقۇللاپ، بارلىق سوتسىيال پارتىيەلەر قاتناشقان ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۇنى

بولشېۋىكلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق كومىتېتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەلەپ قىلدى. بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ سۈيىقەستكە قەتئىي قارشى تۇردى. شۇنداقتىمۇ، سوۋېت رەھبەرلىك ئورگىنىدا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆپەيتىشكە قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ سۆھبەتلىشىپ ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۆھبەتتىن چېكىنىشنى قارار قىلدى. كامېنېۋ قاتارلىقلار بۇ قارارغا قوشۇلماي، مەركىزىي كومىتېتتىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقى، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سۋېردلوفنى كامېنېفنىڭ ئورنىغا پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇشقا كۆرسەتتى.

بولشېۋىكلار پارتىيەسى يېڭى ھاكىمىيەتنى قوغداش كۆرىشىدە سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. 1917 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پۈتۈن رۇسىيە دېھقانلار سوۋېتى 2 - قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان 790 ۋەكىل ئىچىدە بولشېۋىكلار 91، سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار 350، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر 305 ئىدى. بولشېۋىكلار ۋە سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا قۇرۇلتاي سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ، ئىشچىلار - ئەسكەرلەر سوۋېتى بىلەن قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى يەنە سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ ھۆكۈمەت تەشكىللەش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. يەتتە نەپەر سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچى خەلق كومىتېتىغا كىرىپ، يېزا ئىگىلىك، پوچتا، ئەدلىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ خەلق كومىسسارى بولدى. ئىككى پارتىيەنىڭ ھەمكارلىقى ئىجابىي

نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بولشېۋىكلار پارتىيەسى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن يەنە سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل جەمئىي 715 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولشېۋىكلار 175، سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار 40، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر 370، مېنشېۋىكلار 15، خەلق ئەركىنلىكى پارتىيەسىدىكىلەر 17 ئىدى، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى يىغىننى تىزگىنلىگەنىدى. ئۇلار پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى»نى زادىلا مۇزاكىرە قىلماي، بۇ يىغىن ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئىنكار قىلماقچى بولدى. پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى سوۋېتنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ قىلمىشقا چىداپ تۇرالماي، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پەرمان چىقىرىپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋەتتى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتاي سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇن خاراكتېرىنى ئالغان ھۆججىتى — «ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ماقۇللاپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

بولشېۋىكلار پارتىيەسى سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى ۋە مېنشېۋىكلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا دۆلەت ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ، يېڭى ھاكىمىيەت

ئورگىنىنى قوروش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. سوۋېت ئالدى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاندىن جايلاردىكى ئاپتونوم ئىدارە، شەھەرلىك دۇما قاتارلىق ئورگانلارنى بىكار قىلدى. خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئىشچى ساقچىلارنى بەرپا قىلىپ، كونا سوت مەھكىمىسى ۋە ساقچىلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش پەۋقۇلئاددە كومىتېتى، يەنى «چىكا» قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تۇنجى رەئىسى دىزېرژىنىسكى بولدى. «چىكا» پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە نۇرغۇن ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستلەرنى پاش قىلدى ۋە تارمار قىلدى، ئەمما بەزىدە ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىمىي ئارمىيەنى بىكار قىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى بەرپا قىلدى، ئەمما ناھايىتى تېزلا قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ دۆلەتنى قوغداش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، 1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قىزىل ئارمىيەنى قۇردى. فېئودالىزمنىڭ قالدۇقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر قاتار پەرمانلارنى جاكارلاپ، تەبىقە تۈزۈمى ۋە ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىنى بىكار قىلدى؛ ھاكىمىيەت بىلەن دىننى، مەكتەپلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەتنى ئايرىۋەتتى؛ ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇقىنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، سوۋېت ھاكىمىيىتى 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «ئىشچىلار نازارەتچىلىكى نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، بارلىق كارخانىلاردا ئىشچىلار نازارەتچىلىكىنى يولغا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي بانكا، تۆمۈريول، چوڭ سانائەتنى دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تاشقى سودىنى مونوپول قىلىپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئالغان 16

مىليارد ئالتۇن رۇبلى تاشقى قەرزنى ئۇستىگە ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خەلق ئىگىلىكىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن 1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق كومىتېتى قارىمىقىدا ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئوشىنىسكى رەئىس بولدى. 1918 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رىكوف ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى.

يېزىلاردا دېھقانلار يەر پەرمانىغا ئاساسەن پومېشچىكلار، پادشاھ جەمەتى ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ بارلىق يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. يەرلەرنى تەقسىملەش جەريانىدا نامرات دېھقانلار باي دېھقانلار ۋە ھاللىق دېھقانلار بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلدى. باي دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ كۆپرەك يەر ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، يەنە ئاشلىقنى بېسىپ قويۇپ، ئاشلىق باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى. سوۋېت 1918 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاشلىقنى مونوپول قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بارلىق دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى بېكىتىلگەن باھا بويىچە دۆلەتكە سېتىپ بېرىشىنى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولغا ئېلىنىپ جازالىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېزىلاردا نامرات دېھقانلار كومىتېتى قۇرۇپ، يېزا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق يىغىش ئەترىتى تەشكىللەپ، يېزىلارغا ئاشلىق يىغىشقا ئەۋەتتى. بۇ كۈرەش ئارقىلىق دېھقانلار پومېشچىكلار ۋە باي دېھقانلارنىڭ نەچچە ئون مىليون گېكتار يېرىگە ۋە نۇرغۇن ئۇلاغقا ئىگە بولدى. نامرات دېھقانلار كومىتېتىنىڭ پائالىيىتى باي دېھقانلارنىڭ كۈچىگە قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇراھال دېھقانلار، بولۇپمۇ ئېشىنچا ئاشلىقى بار دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە خېلى زور دەرىجىدە زىيان سېلىپ، يېزا ۋەزىيىتىنىڭ تەۋرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ سەۋەبتىن پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى 6 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1918 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ

www.uyghurkitap.com

كونى يېزا سوۋېتىنى ئۆزگەرتىپ، نامرات دېھقانلار كومىتېتىنى يەرلىك سوۋېتقا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

بىرېست سۈلھى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى ئۈچ يىللىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى رۇسىيە خەلقىنى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئۇرۇشتىن نەپرەتلىنىپ، تىنچلىققا تەقەززا بولدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ بۇ ئارزۇسىنى تولۇق چۈشەندى ۋە قوللىدى. پېتروگراد قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ ئىككىنچى كۈنى تىنچلىق پەرمانىنى ماقۇللاپ، بارلىق ئۇرۇشۇۋاتقان دۆلەتلەرگە دەرھال تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. ئانتانتا دۆلەتلەر بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە گۇرۇھى بولسا شەرق، غەرب ئىككى سەپتە تەڭ ئۇرۇش قىلىش بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى.

1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سوۋېت رۇسىيەسى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە گۇرۇھى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تىنچلىق سۆھبىتى بىرېست ـ لىتوۋسكتا (ھازىرقى بىرېست) رەسمىي ئۆتكۈزۈلدى. سوۋېت رۇسىيەسى يەر بۆلۈۋالمايدىغان، تۆلەم تۆلىمەيدىغان باراۋەر سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھالبۇكى، گېرمانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېرمان بولسا ئېغىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىشغال قىلغان رۇسىيەنىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

لېنىن كونا ئارمىيەنىڭ ئاللىقاچان پارچىلىنىپ، يېڭى ئارمىيەنىڭ ئەمدىلا قۇرۇلغانلىقى، گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ھاقارەتكە چىداپ شەرتنامە تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇخارىن باشچىلىقىدىكى «سولچى كوممۇنىزمچىلار» شەرتنامە تۈزۈش دۈشمەننى كۈچەيتىۋېتىدۇ، ئۇ گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە پايدىسىز دەپ قاراپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. تروتىسكى بولسا ئۈچىنچى خىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئارمىيەسى يوق، ئىنقىلابىي ئۇرۇش قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھاقارەتلىك شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئۇرۇشمۇ قىلماسلىق، شەرتنامىمۇ تۈزمەسلىك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەخلاقىي جەھەتتە پاكلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ھەم سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتمەيدۇ، چۈنكى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىدىكى ئىشچىلار ئىنقىلابىدىن قورقۇپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

1918 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گېرمانىيە تەرەپ ئۆز شەرتىنىڭ چوقۇم قانائەتلەندۈرۈلۈشىنى ئېيتتى. ئەتىسى سوۋېت رۇسىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى تروتىسكى بايانات ئېلان قىلىپ، يەر بۆلۈپ بېرىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. شۇنداقلا، گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، رۇسىيە ئارمىيەسىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى سۆھبەتنى توختىتىپ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سوۋېت رۇسىيەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە گېرمانىيە ئارمىيەسى نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلەپ، پايتەخت پېتروگرادقا قىستاپ كەلدى. 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لېنىن: «سوتسىيالىستىك ۋەتەن خەۋپ ئاستىدا !» دەپ جاكارلاپ، ئىشچى ـ دېھقانلارنى قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ سوۋېتنى قوغداشقا چاقىردى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى. لېنىن دەرھال سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشنى، بولمىسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتىن ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن



www.uyghurkitap.com

چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «سولچى كوممۇنىزمچىلار» لېنىننىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى. تروتسكىي پۈتۈن پارتىيە بىردەك ئىتتىپاقلاشسا مۇداپىئەنى تەشكىللىگىلى بولىدۇ، ئەگەر لېنىن ئىستېپا بەرسە، پارتىيە پارچىلىنىپ ئۆزۈشقا رەھبەرلىك قىلالماي قالىدۇ دەپ قاراپ، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئاخىر يەتتە كىشىنىڭ قوشۇلۇشى، تۆت كىشىنىڭ قارشى تۇرۇشى، تۆت كىشىنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن لېنىنىنىڭ تەكلىپى ماقۇللاندى. 1918 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى سوۋېت رۇسىيەسى گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە گۇرۇھى بىلەن برېست سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى 7 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. مۇزاكىرە ئارقىلىق قۇرۇلتاي لېنىنىنىڭ لۇشىيەنىنى تەستىقلىدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن ھۆكۈمەت پايتەختنى پېتروگرادتىن موسكۋاغا كۆچۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يېڭى پايتەختتە پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، قۇرۇلتاي سۈلھى شەرتنامىسىنى رەسمىي تەستىقلىدى. سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار سۈلھى شەرتنامىسى تۈزۈشكە قەتئىي قارشى چىقىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

برېست شەرتنامىسى سوۋېت رۇسىيەسىنى نۇرغۇن زېمىنىدىن مەھرۇم قالدۇردى. ئۇنىڭدا پولشا، لىتۋا، بېلارۇسىيە ۋە لاتۋىيەنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى گېرمانىيەگە بۆلۈپ بېرىش، قىزىل ئارمىيە فىنلاندىيە، ئۇكرائىنا ۋە ئېستونىيەدىن چېكىنىپ چىقىش، يەنە كارس، باتۇم ۋە ئالداغاننى تۈركىيەگە بۆلۈپ بېرىش بەلگىلەندى. ئەمما، بۇ شەرتنامە ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگۈدەك ۋاقىتقا ئېرىشتى.

**ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇرۇش** مەزگىلىدىكى كوممۇنىزم **سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى** بىرېست شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئانتانتا دۆلەتلەر گېرمانىيەنىڭ بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ۋە مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سوۋېت روسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى.

1918 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى روسىيەنىڭ شىمالدىكى پورتى مورمانىسكتىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ سوۋېت روسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 4 ـ ئايدا ياپونىيە ئارمىيەسى ۋىلادىۋوستوكتىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيەسىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋىلادىۋوستوكتىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. مۇداخىلىچىلەر يەنە جەنۇبتىنمۇ سوۋېت روسىيەسىگە بېسىپ كىردى. 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيەسى باكۇغا كىردى. گېرمانىيە ئارمىيەسى بولسا بىرېست شەرتنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇكرائىنا، بېلاروسىيە ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى كەڭ رايونلارغا كىردى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئۇرۇشى يەنىلا داۋاملىشىۋاتقاچقا، چەت ئەل مۇداخىلىچى قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ئازراق، رولىمۇ چەكلىك بولدى.

1918 ـ يىلى ئەتىيازدا چېخوسلوۋاكىيە قوشۇنىنىڭ توپىلىڭى پارتلىدى. بۇ قوشۇن ئىنقىلابتىن ئىلگىرى روسىيەدە تۇرۇۋاتقان 50 مىڭغا يېقىن چېخوسلوۋاكىيەلىك ئەسىردىن تەركىب تاپقان قوشۇن بولۇپ، سوۋېت روسىيەسى دۇنيا ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چوقۇم قورال تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا سىبىرىيە ئارقىلىق فىرانسىيەگە كېتىشىگە يول قويغانىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر ئۇلارغا: پەقەت قورال كۈچى ئارقىلىق دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىغا يېتىپ بارساڭلارلا، ئاندىن روسىيەدىن كېتەلەيسىلەر دەپ،

ئۇلارنى قوراللىق تويىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئولتۇرغان 60 ھەربىي پويىز پېنزا، چېلىيابىنسك، ۋىلادۋوستوك لىنىيەسىدە توختىغاندا، ئۇلار تويىلاڭ كۆتۈردى. ئۇرۇش ئوتى ۋولگا دەرياسى ۋادىسى، ئۇرال ۋە سىبىرىيەنىڭ كەڭ رايونلىرىغا يامرىدى.

چېخوسلوۋاكىيە قوشۇنىنىڭ تويىلىڭى سوۋېت قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا پارتلىدى. يىلنىڭ بېشىدا سوۋېت ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىنى تارقىتىۋېتىپ، بىر يېست سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەي گاڭگىراپ قالدى، ھەتتا قارشى تۇردى. ئاشلىقنى مونوپول قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە نامرات دېھقانلار كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ سوۋېتقا بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ قويدى. سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار دوستتىن دۈشمەنگە ئايلىنىپ، بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە قوراللىق قارشى تۇردى. سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى ۋە مېنشېۋىكلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشلامچىلىق بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، جايلاردا ھەر خىل ھۆكۈمەتلەرنى قۇردى. جۈملىدىن تومسكتا «سىبىرىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نى، سامارادا «ئاساسىي قانۇن تۈزگۈچىلەر كومىتېتى»نى، تبىلىستا «گرۇزىيە مىللىي كومىتېتى»نى قۇردى. شىمالدىكى ئارخانگېلسك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاشخابادتىمۇ سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى. 1918 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى ۋە مېنشېۋىكلار ئۇفادا جايلاردىكى سوۋېتقا قارشى گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىن بولغان ئافسېنچېيېف رەئىسلىكىدىكى بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېتنى قۇردى. ئۇلار بۇ ئىچكى كابىنېتنى مەملىكەتلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دەپ جاكارلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە

قارشى پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى.

سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسى ۋە مېنشېۋىكلار «ئاساسىي قانۇن تۈزۈش» ۋە «ئەركىن سودا ـ سېتىق قىلىش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوتتۇرا ـ كىچىك دېھقانلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى. بۇنىڭ بىلەن پرولېتارىيات ھاكىمىيىتى كرىزىستا قالدى. ئۇ پەقەت پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىلا، يەنى ئاساسلىقى موسكۋا ئەتراپىدىكى جايلارنىلا كونترول قىلىپ، ئاشلىق ۋە كۆمۈر چىقىدىغان ئاساسلىق رايونلارنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكتىن، تۆمۈريول پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، 40% زاۋۇت ئىش توختاتتى. ئەمگەكچى ئاممىنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىپ، ئۇزاققىچە قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى تارتتى. موسكۋا ۋە پېتروگرادتىكى ھەربىر ئىشچى كۈندە ئاران بىر سەر بولكا يېيەلىدى، بەزىدە ھەتتا بۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدى.

يوشۇرۇن دۈشمەنلەر ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋەقەلىرىنى داۋاملىق سادىر قىلىپ تۇردى. 1918 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچى بىلىيۇمكىن گېرمانىيەنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا كىرىپ، باش ئەلچى مىلباخنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ كۈنى سولچى سوتسىيال ئىنقىلابچىلار موسكۋادا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 1800 قوراللىق ئۇنسۇرنى تەشكىللەپ، مەركىزىي تېلېگراف ئىدارىسىنى ئىگىلەپ، گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى تېزلىكتە توپىلاڭنى بېسىقتۇردى. ئارقىدىن يەنە ياروسلاۋ قاتارلىق جايلاردىكى ئىسيانلارنى تارمار قىلدى. 1918 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى لېنىن موسكۋادىكى مىخىلسون زاۋۇتىغا كېلىپ نۇتۇق سۆزلەپ، زاۋۇتتىن قايتقاندا سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ قەستلىشىگە ئۇچراپ، ئىككى پاي

ئوق يەپ ئېغىر يارىلاندى.

دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ قۇترىشى ئالدىدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى «قىزىل تېررورلۇق»نى يولغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بارلىق ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق باستۇردى. 1918 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى بىرلىككە كەلگەن لاگېر دەپ جاكارلاپ، «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن، ھەممە دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن» دېگەن شوئار ئاستىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى، بارلىق گىراژدانلارنىڭ كەسىپ، ياش ئايرىماي، چوقۇم سوۋېت ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان ۋەتەننى قوغداش ۋەزىپىسىنى شەرتسىز ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى بارلىق ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار پەۋقۇلئاددە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ھۆكۈمەت ئېشىنچا ئاشلىقنى يىغىۋېلىش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مىقداردا ئاشلىق ۋە باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىشچىلاردىن ئاشلىق يىغىش ئەترىتى تەشكىللەپ يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئاشلىق يىغىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شەھەرلەردە چوڭ سانائەتتىن باشقا ئوتتۇرا سانائەتنىمۇ دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇششاق سانائەتكە قارىتا نازارەتچىلىكنى يولغا قويدى. دۆلەت ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ئارقىلىق سانائەتنىڭ باشقۇرۇلۇشى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە تەقسىملىنىشىگە مەركەزلىك رەھبەرلىك قىلدى. ئەركىن سودىنى يەكلەپ، ئاشلىق ۋە كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى نورمىلىق تەقسىملەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ خالىسانە ئەمگەك قىلىش

www.uyghurkitap.com

تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ جىددىي تەدبىرلەر كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كوممۇنىزم» سىياسىتى دەپ ئاتالدى. بۇ سىياسەت ئۇرۇش بولۇۋاتقان، ئىقتىساد بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان شارائىتتا ئامالسىز يولغا قويۇلغانىدى. ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن تەدبىرلەر ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئېھتىياجنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ، 1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن ئاياغلاشقاندىمۇ پەۋقۇلئاددە تەدبىرلەر يىغىشتۇرۇۋېلىنمايلا قالماي، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. بۇ، بۇ سىياسەتنى تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيەدە زور خاتالىق بارلىقىنى، يەنى «بىۋاسىتە كوممۇنىزملىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتقا ئۆتۈش قارار قىلىنغانلىقىنى» چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى[1].

سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىشچى ـ دېھقانلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان قىزىل ئارمىيە 10 ـ ئايغا بارغاندا 800 نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. 9 ـ ئايدا ھەربىي ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى سەپلەردىكى كۈرەشكە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. كومىتېت رەئىسى تروتسكى، باش قوماندان قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان كونا ئارمىيە ئوفىتسېرى ۋاسېچىس (1873 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە ياشىغان) بولدى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى لېنىن رەئىسلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇداپىئە خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى.

1918 ـ يىلى يازدا چېخوسلوۋاكىيە قوشۇنى ۋە سامارا ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى سىمبىرسك ۋە قازاننى ئىگىلىگەندىن

---

① لېنىن: «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە سىياسىي تەربىيە كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 42 ـ توم 182 ـ بەت.

كېيىن، موسكۋاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن شەرقىي سەپ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە سەپ دەپ قاراپ، بەشتىن بىر قىسىم پارتىيە ئەزاسىنى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى. قىسقىغىنا ئىككى ئايدا شەرقىي سەپتە بەش كورپۇس قۇرۇلدى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا شەرقىي سەپ قوماندانى كامېنېف[1] قىزىل ئارمىيەنى باشلاپ قازان ۋە سامارانى ئازاد قىلىپ، دۈشمەننى ئۇرال رايونىغىچە قوغلاپ باردى. ئۇفادىكى بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېت ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، سىبىرىيەگە قېچىپ كەتتى. جەنۇبتا ستالىن قىزىل ئارمىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ 8 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئايدا كىراسنوفنىڭ سارتسىنغا (1925 ـ يىلى ستالىنگراد دەپ ئاتالغان، 1961 ـ يىلدىن كېيىن ۋولگاگراد دەپ ئاتالغان) قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى بىرېست شەرتنامىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، قىزىل ئارمىيەگە گېرمانىيە ئارمىيەسى ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى بۇيرۇدى. سوۋېتنىڭ كۈچى ئۇزۇكسىز ئاشتى.

1919 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بولشېۋىكلار پارتىيەسى موسكۋادا ھەرقايسى ئەل كومپارتىيەلىرى ۋە سولچى سوتسىيال دېموكراتىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنى قۇرۇپ، دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈردى.

**ئاق گىۋاردىيەچىلەرنىڭ توپىلىڭىنى تارمار قىلىش ۋە چەت ئەلنىڭ**

[1] س. س. كامېنېف (1881 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە ياشىغان) قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان كونا ئارمىيە ئوفىتسېرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەيئىتى ل. ب. كامېنېف ئەمەس.

**قوراللىق مۇداخىلىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش** گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئانتانتا دۆلەتلەر دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سوۋېت رۇسىيەسىگە نۇرغۇن مۇداخىلىچى قوشۇن ئەۋەتىپ، رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدا ناھايىتى تېزلا 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىدى ھەم رۇسىيەدىكى ئاق گىۋاردىيەچىلەر بىلەن بىرلىكتە شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەمما، مۇداخىلىچى قوشۇن بولشېۋىكلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىدە ئىچىدىن بۆلۈنۈپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلدى. 1919 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سېۋاستوپولدىكى فىرانسىيە فىلوتىنىنىڭ ماتروسلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە قوراللىق مۇداخىلە قىلىشقا قارشى تۇردى. ئانتانتا دۆلەتلەر ئۆز قوشۇنىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئامالسىز كۆپ قىسىم ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كەتتى.

1918 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سابىق چار پادىشاھ دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئادمىرالى كولچاك ئومىسكتا ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ، بەش كىشىلىك ئىچكى كابىنېتنى تارقىتىۋېتىپ، سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ئافسىنچېيفنى قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەڭ دېھقانلار سوتسىيال ئىنقىلاب پارتىيەسىدىن كۆنسېرى يىراقلىشىپ، سوۋېتنىڭ رەھبەرلىكىدە پومېشچىك، بۇرژۇئازلارنىڭ ئاغدۇرمىچى كۈچلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق كۆرەشنى قانات يايدۇردى.

كولچاك ئۆزىنى «رۇسىيەدىكى ئالىي ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچى» دەپ ئاتاپ، ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ، چەت ئەلنىڭ قورال ـ ياراغلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ 250 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى قوراللاندۇردى. 1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇ ئاق گىۋاردىيەچى قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇرال تېغىدىن غەربكە ھۇجۇم قىلدى. قىزىل ئارمىيە دۈشمەننىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئامالسىز 100 نەچچە كىلومېتىر چېكىنىپ،



www.uyghurkitap.com

ۋولگا دەرياسى بويىغا باردى. بۇ ۋاقىتتا كافكازدىكى دېنىكىن ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى يۇدېنىچمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا لېنىن ۋە بولشېۋىكلار پارتىيەسى «ھەممە شەرقىي سەپ ئۈچۈن!» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بولشېۋىكلار، كومسومۇللار ۋە ئىشچىلار قىزىل ئارمىيەگە قاتناشتى. ئارقا سەپتىكى ئىشچىلار ھەسسىلەپ ئىشلەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە تەييارلاندى. 1919 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (شەنبە) كەچتە موسكۋا ـ قازان تۆمۈريولى پاراۋۇز گورۇپپىلاش پونكىتى پاراۋۇز ئامبىرى پارتىيە ياچېيكىسى شەنبىلىك خالىسانە ئەمگەكنى تەشكىللىدى. ئىشچىلار ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي دەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلۈكىدىن ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھەقسىز ئىشلىدى. لېنىن بۇ ھەرىكەتكە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى «ئۇلۇغ باشلىنىش» دەپ ئاتىدى.

1919 ـ يىلى ئەتىيازدا قىزىل ئارمىيەنىڭ ئادەم سانى 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. 4 ـ ئايدا شەرقىي سەپ جەنۇبىي يول ئارمىيەسى فرۇنزى (1885 ـ يىلىدىن 1925 ـ يىلىغىچە ياشىغان)نىڭ قوماندانلىقىدا ھۇجۇم قوزغاپ ئۇفانى ئازاد قىلدى. 7 ـ ئايدا كامېنېف قىزىل ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولغاندىن كېيىن، فرۇنزى شەرقىي سەپكە قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولدى. قىزىل ئارمىيە غەلىبىسېرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇرال تېغىدىن ئۆتۈپ سىبىرىيەنىڭ كۆپ قىسىم يېرىنى ئازاد قىلدى. 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كولچاك پۈتۈن قوشۇنى بويىچە تارمار بولۇپ، ئۆزى تىرىك تۇتۇلۇپ، 1920 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىركۇتىسكتا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

كولچاك تارمار بولغاندىن كېيىن ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى چېرچىل 1919 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 14 دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى تەشكىللەپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە ھۇجۇم قىلىمىز، دەپ پو ئاتتى. ئەمما، بۇ پىلان ئىشقا ئاشمىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر

سوۋېتنى ئاغدۇرۇش ئۈمىدىنى يەنىلا ئاق گىۋاردىيەچىلەرگە باغلىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە دېنىكىنغا نەچچە يۈز زەمبىرەك، نەچچە ئون مىڭ تال مىلتىق بەردى ۋە نەچچە يۈز ھەربىي مەسلىھەتچى ئەۋەتتى.

1919 ـ يىلى يازدا دېنىكىننىڭ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ خىل قوراللىرىغا ۋە چەبدەس ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تايىنىپ ئۇكرائىنانىڭ كۆپ قىسمىم يېرىنى ئىگىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەنە ئورېيولنى ئىگىلەپ، تۇلاغا قىستاپ كېلىپ، موسكۋاغا بىۋاستە تەھدىت سالدى. رۇسىيەدىكى كاپىتالىستلار موسكۋاغا بىرىنچى بولۇپ بۆسۈپ كىرگەن ئەترەتكە 1 مىليون رۇبلى مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى. لېنىن «ھەممەيلەن دېنىكىن بىلەن كۈرەش قىلايلى !» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن نەچچە ئون مىڭ بولشېۋىك، كومسومول ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. جەنۇبىي سەپ قوماندانى يېگورروف (1883 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە ياشىغان) ۋە ھەربىي ھەيئەت ستالىن قىزىل ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئورېيول، خاركوف، كىيېفنى ئازاد قىلدى. 1920 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يەنە سارتىن، روستوفنى ئىگىلىدى. دېنىكىننىڭ ئاساسىي قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. قالدۇق قوشۇنى ۋرانگېلنىڭ باشچىلىقىدا قىرىم يېرىم ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

كولچاك ۋە دېنىكىن ھۇجۇم قوزغىغان ۋاقىتتا، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى يۇدېنىچمۇ 1919 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھۇجۇم قوزغاپ، يانبورگنى ئىگىلەپ پېتروگرادقا تەھدىت سالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشقا سەپلەردىن قوشۇن يۆتكەپ مۇداپىئەنى كۈچەيتتى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇنى ئېستونىيە چېگراسىغا قوغلىۋەتتى. ئەمما، دېنىكىن موسكۋاغا تەھدىت

سالغان ۋاقىتتا يۇدېنىچ يەنە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئەنگلىيە تانكىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا پېتروگرادقا قىستاپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قىزىل ئارمىيە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 11 ـ ئايدا يۇدېنىچ مەغلۇپ بولۇپ ئېستونىيە چېگراسىغا چېكىنىپ بارغاندا، ئېستونىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلدى. 1920 ـ يىلى 2 ـــ 3 ـ ئايلاردا قىزىل ئارمىيە شىمالدىكى مۇھىم شەھەر ـــ ئارخانگېلسك ۋە مورمانىسكنى ئازاد قىلدى.

1920 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پولشا ئارمىيەسى سوۋېت رۇسىيەسىگە ھۇجۇم قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا كىيېفنى ۋە ئۇكرائىنا، بېلارۇسىيەنىڭ كۆپ قىسىم يېرىنى ئىگىلىدى. 6 ـ ئايدا غەربىي جەنۇبىي سەپتىكى قىزىل ئارمىيە يېگوروف ۋە ستالىننىڭ قوماندانلىقىدا قايتۇرما زەربە بەردى. 7 ـ ئايدا تۇخاچېۋسكى (1893 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ياشىغان) غەربىي سەپتىكى قىزىل ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بېلارۇسىيە زېمىنىنى ئازاد قىلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ، ئاي ئاخىرىدا ۋارشاۋاغا قىستاپ باردى. ھالبۇكى، قىزىل ئارمىيە بەك تېز ئىلگىرىلەپ كېتىپ، ئاۋانگارت قوشۇن ئارقا سەپتىن بەكلا يىراقلاپ كېتىپ، ئىككى سەپتىكى ئارمىيە ئۆبدان ماسلىشالمىغانلىقتىن، پولشا ئارمىيەسى 8 ـ ئايدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيە ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 10 ـ ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن پولشا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1921 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت «رىگا سۇلھى شەرتنامىسى»نى تۈزدى. جەنۇبىي سەپتە فىرۇنزى قىزىل ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىپ ۋرانگېلنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1920 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كىرىچنى ئېلىپ، پۈتكۈل قىرىم يېرىم ئارىلىنى ئازاد قىلدى.

1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن

ئاياغلاشتى. ئەمما، يىراق شەرق رايونىدا يەنىلا ياپونىيە مۇداخىلىچى ئارمىيەسى ۋە ئاق گىۋاردىيەچىلەر ئىگىلەپ تۇردى. سوۋېت رۇسىيەسى ياپونىيە بىلەن بىۋاستە ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بايقال كۆلىنىڭ شەرقىدە بىر ئارىلىق دۆلەت قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1920 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ ئىشچى ـ دېھقانلار رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت دۆلىتى ئەمەس، بەلكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ئىدى، رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يىراق شەرق بىيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتىنى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. 1922 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بلىيۇخېر① قوشۇن باشلاپ خاباروۋسكنى ئېلىپ، پرىبېرېژېنىي ئۆلكىسىدىكى ئاق گىۋاردىيەچىلەرنى تازىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى ۋلادىۋوستوكقا كىرىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇركۇم چەت ئەل مۇداخىلىچى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقاردى. 1922 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتى رۇسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلدى.

قىزىل ئارمىيە ئىچكى ئۇرۇشتا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ئوڭۇشلۇق قوغداپ قالدى.

## 3 ـ بۆلۈم يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ياش سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىچكى ئۇرۇشتا غايەت زور غەلىبىنى قولغا

① ئۇ 20 ـ يىللاردا جۇڭگودا تۇرغاندا گالۇن گېنېرال دەپ ئاتالغان.

كەلتۈرۈپ، خەلقئارا سەھنىدە پۈت تىرەپ تۇردى. ئەمما، تىنچلىق دەۋرىدىكى قۇرۇلۇش مەزگىلىگە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يېڭى قىيىنچىلىق ۋە كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. تۆت يىللىق جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ۋە ئۈچ يىللىق ئىچكى ئۇرۇشتا 20 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 4 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ناكا بولۇپ، دۆلەت خارابلاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز تۆۋەنلەپ كەتتى. 1920 ـ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 1913 ـ يىلىدىكىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كەلدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، 1920 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇش تەدرىجىي بېسىقىپ بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ياخشىلانماي، ئەكسىچە كۆنسېرى ياماﻧلىشىپ كەتتى. دېھقانلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ھەقسىز ئاشلىق يىغىۋېلىشقا چىداپ بولالماي، ئىشلەپچىقىرىشنى قەستەن ئازايتىپ، ئاشلىق يىغىۋېلىشقا قارشى تۇردى. 1921 ـ يىلى تېرىلغۇ كۆلىمى ئاران 90 مىليون 300 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1920 ـ يىلىدىكىدىن 6 مىليون 900 مىڭ گېكتار ئازىيىپ، 1913 ـ يىلىدىكىنىڭ 86% ىگە توغرا كەلدى. ئاشلىق ۋە خام ئەشيا قىسلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن زاۋۇتلار ئىش باشلىيالماي قالدى. 1920 ـ يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئاران 1 مىليارد 400 مىليون رۇبلى بولۇپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ پەقەت 13.8% ىگە توغرا كەلدى. شۇ يىلى كۆمۈر ۋە تۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8 مىليون 700 مىڭ توننا ۋە 120 مىڭ توننا بولۇپ، 1917 ـ يىلىدىكىنىڭ 28% ىگە ۋە 4% ىگە توغرا كەلدى. پاختا توقۇلما مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ ئاران 5% ىگە توغرا كەلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قېلىپ، بولكا، سوپۇن دېگەندەك ئەڭ ئادەتتىكى نەرسىلەرمۇ ناھايىتى قىسلىشىپ كەتتى.

ئىقتىساد بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، زاۋۇتلار ئىش توختاتقان،

قەھەتچىلىك يامراپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئىشچىلار كەسپىنى ئۆزگەرتىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇششاق تىجارەت قىلدى ياكى يېزىلارغا ئاقتى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. 1913 ـ يىلى چوڭ سانائەت ئىشچىلىرى 2 مىليون 500 مىڭ بولغان بولسا، 1921 ـ يىلى 1 مىليون 400 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. موسكۋانىڭ ئاھالىسى 1917 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 2 مىليون 40 مىڭ بولغان بولسا، 1920 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 1 مىليون 120 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. پېتروگرادنىڭ ئاھالىسى 2 مىليون 500 مىڭدىن 728 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئىشچىلاردا ئۈمىدسىزلىك ۋە نارازىلىق كەيپىياتى كۆچەيدى. 1920 ـ يىلى كۈزدىن 1921 ـ يىلى ئەتىيازغىچە پېتروگراد، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە ئىشچىلار ئىش تاشلىدى ۋە نامايىش قىلدى.

دېھقانلار سوۋېت رۇسىيەسىدىكى سانى ئەڭ كۆپ سىنىپ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 80% ىنى ئىگىلەيتتى. ئىنقىلابنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن كېيىن يېزىلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. پومېشچىكلار يوقالدى، باي دېھقانلار ئاجىزلىشىپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئازايدى. ئىنقىلابتىن ئىلگىرى كەمبەغەل دېھقانلار كۆپ بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئوتتۇراھال دېھقانلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. كەڭ دېھقانلار ئېرىشكەن يېرىنى ساقلاش ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئېشىنچا ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە چەت ئەل مۇداخىلىچى قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خەۋپىنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كوممۇنىزم سىياسىتىگە كۆنمەي، ئاشلىق يىغىش ئەترەتلىرىنىڭ پائالىيىتىگە قاتتىق قارشى چىقىپ، ئەركىن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ۋە سودا ـ سېتىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇ تەلەپ ئىنكار قىلىندى ۋە رەت قىلىندى.

بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ، سوۋېتقا قارشى ئىسيانلار ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى. 1921 ـ يىلى تامبوف ئۆلكىسى، ۋورونېژ ئۆلكىسى، ساراتوۋ ئۆلكىسى ۋە ئۇكرائىنا، دون دەرياسى ۋادىسى، سىبىرىيەدە توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، نۇرغۇن ئوتتۇراھال دېھقانلار بۇنىڭغا قاتناشتى. دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى ئارمىيەگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. 1921 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىزچىل بولشېۋىكلارنىڭ ئىشەنچلىك بازىسى بولۇپ كەلگەن كورونشتادتا ماتروسلار ھەربىي ئۆزگىرىش قىلدى. ئۇلار پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە ئاشكارا قارشى چىقىپ، «كوممۇنىستلار قاتناشمىغان سوۋېتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقنى» ئوتتۇرىغا قويدى. ماتروسلارنىڭ توپىلىڭى ۋە جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئىسيانلىرى ناھايىتى تېزلا بېسىقتۇرۇلدى. ۋاھالەنكى، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدى. لېنىن: «1921 ـ يىلى ئەتىيازدا بىز ئېغىر ئىقتىسادىي كىرىزىس ۋە سىياسىي كىرىزىسقا دۇچ كەلدۇق»① دېگەنىدى.

بولشېۋىكلار پارتىيەسى كىرىزىسقا دىققەت قىلىپ، كىرىزىسنى يېڭىدىغان تۇرلۇك چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپىنچەيلەن مەسىلىنىڭ نېگىزى ئۇششاق بۇرژۇئازىيەنىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدا تەۋرىنىشىدە دەپ قاراپ، تەرتىپنى چىڭىتىپ، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1920 ـ يىلى قىشتا ئاشلىق خەلق كومىسسارىياتى دۆلەت بىۋاسىتە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، يەنى ئەتىيازدا دېھقانلارغا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش، كۈزدە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن كۆرسەتكۈچ بويىچە ئۇلاردىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يىغىۋېلىش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە سودىنى

---

① لېنىن: «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە سىياسىي تەربىيە كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 42 ـ توم 184 ـ بەت.

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلاردىكى بازار سودىسىغا زەربە بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ پىكىرنى قوللىماي، تىزگىنلەشنى بوشىتىپ، ماددىي مەنپەئەت ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، بۇ تەشەببۇس سوتسىيال ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىدىيەسى دېيىلىپ ئەيىبلەندى. كىرىزىسنىڭ ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، لېنىن شەخسەن ئۆزى بۇ مەسىلىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ كۆپ قېتىم دېھقانلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، «دېھقانلارنىڭ ئىستىخىيەلىك ھالدا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھالدا قارشىلىق كەيپىياتىدا بولۇۋاتقانلىقى»①نى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن «ئىستىخىيەلىك ھالدا» بولشېۋىكلارغا قارشى چىقماستىن، بەلكى جانجان مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاچقا، «تەبىئىي ھالدا» سوۋېتقا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توپىلاڭلارنى قەتئىي باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي سىياسەتنى، بولۇپمۇ دېھقانلارغا قارىتىلغان سىياسەتنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى قوغداپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى.

**يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى** 1921 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) 10 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. لېنىن قۇرۇلتايدا ماددىي بۇيۇم بېجىنى ئېشىنچا ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى بەردى. قۇرۇلتاي لېنىننىڭ دوكلاتىغا

① لېنىن: «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 43 ـ توم 277 ـ بەت.

ئاساسەن قارار ماقۇللاپ، ئېشىنچا ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئاشلىق بېجىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كوممۇنىزم سىياسىتىدىن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتكە ئۆتۈش باشلاندى.

رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار)نىڭ 10 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن پۈتۈن رۇسىيە سوۋېت مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى 1921 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «ماددىي بۇيۇم بېجىنى ئېشىنچا ئاشلىقنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» توغرىسىدىكى پەرماننى ئېلان قىلدى. 4 - ئايدا ھۆكۈمەت 1921 — 1922 - ئىقتىساد يىلىدىكى① ئاشلىق بېجىنىڭ 240 مىليون فۇت بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى②. بۇ سان 1921 — 1922 - يىلى يىغىۋېلىنىدىغان ئېشىنچا ئاشلىق 423 مىليون فۇتتىن كۆپ ئاز ئىدى. ھەربىر دېھقاننىڭ ئاشلىق بېجى نورمىسى ئۇنىڭ يېرىگە، ئائىلە جان سانىغا، ئالغان ھوسۇلىغا ۋە مال - مۈلكىگە باغلانغان بولۇپ، نامرات دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىلەتتى. دېھقانلار ئاشلىق بېجىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ئاشلىقنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايتتى. ئاشلىق بېجى سىياسىتى كەڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار كۆپرەك يەر تېرىپ، كۆپرەك ھوسۇل ئالسا، كۆپرەك ئاشلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئاشلىق بېجى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يېزىلاردىكى نۇرغۇن دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۆز يەرلىرىنى تولۇق تېرىپ بولالماي قالدى. دېھقانچىلىقنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى 1922 - يىلى

---

① 1931 - يىلىدىن ئىلگىرى ھەر يىلى 10 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 9 - ئايغىچە بولغان مەزگىل بىر ئىقتىساد يىلى بولغان.

② بىر فۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «يەر، ئەمگەكچى ئىشلىتىش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، يەرلەرنى ئادەتتە ئۈچ يىل ئىجارىگە بېرىشكە، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئالتە يىل ئىجارىگە بېرىشكە بولىدىغانلىقى، يەنە ئەمگەكچى ياللاپ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى، ئەمما يەر ئىگىسىنىڭ چوقۇم ياللانغۇچى بىلەن بىللە ئىشلىشى كېرەكلىكى، يەنە ئىجارىگە ئالغان يەرلەردە ئەمگەكچى ياللاپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى، دېھقانلارنىڭ يەر ئىشلىتىش شەكلىنى ئەركىن تاللىسا، ئۆپچە، يەككە ياكى كوللېكتىپ ئىش قىلىشنى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1925 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سوۋېت ھاكىمىيىتى يەنە يېڭى پەرمان ئېلان قىلىپ، يەر ئىجارىگە بېرىش ۋە ئەمگەكچى ياللاش شەرتىنى بوشىتىپ، يەرنى 12 يىل ئىجارىگە بېرىشكە ھەم ئىجارىگە ئالغان يەردە ئەمگەكچى ياللاپ ئىشلىتىشكە يول قويدى.

1926 ـ يىلى يەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئەمگەكچى ياللاش مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتتى. بۇ يىلدا ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەر 10 مىليون 900 مىڭ دېسياتىناغا ① يېتىپ، يېرىنى ئىجارىگە بەرگەن دېھقانلار ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ 17.4% نى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يېتىشمەيدىغان دېھقانلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات دېھقانلار 82% نى، ئوتتۇراھال دېھقانلار 16% نى ئىگىلەيتتى. ھالبۇكى، يەر ئىجارىگە ئالغان دېھقانلارنىڭ 67% ى ئوتتۇراھال دېھقان، 13.1% ى باي دېھقان، 19.9% ى كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇراھال دېھقانلار كۆپرەك ئىدى. ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئاساسلىقى تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىدى. 1927 ـ يىلى 45.1% باي دېھقان ۋە ھاللىق دېھقان

① بىر دېسياتىنا 1.09 گېكتارغا تەڭ.

مۇشۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمگەكچى يالالاپ ئىشلىتىش جەھەتتە، 1927 ـ يىلى يىللىقچى ئىشچى 3 مىليون 300 مىڭغا، كۈنلۈكچى ئىشچى 2 مىليون 500 مىڭغا يېتىپ، ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان دېھقانلار ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ 35.4% ىنى ئىگىلىدى. ئەمگەكچى يالالاپ ئىشلەتكەن دېھقانلار بولسا ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ 19.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە باي دېھقانلار ئەمگەكچى يالالىغۇچىلارنىڭ 3.2% ىنى، يالالانغان ئەمگەكچىلەرنىڭ 20.9% ىنى ئىگىلىدى، ئوتتۇراھال دېھقانلار بولسا 70.7% ۋە 73.4% نى ئىگىلىدى.

20 ـ يىللاردىكى يېزىلاردىكى ئىجارە مۇناسىۋىتى دۆلەتنىڭ بىۋاسىتە نازارەتچىلىكىدە داۋاملاشقان بولۇپ، ئېكسپلاتاتسىيە خاراكتېرىدىكى ئىجارە مۇناسىۋىتى قاتتىق تىزگىنلىنىپ ناھايىتى ئازلا نىسبەتنى ئىگىلىگەن، ئىجارە پائالىيىتىگە قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوتتۇراھال دېھقانلار ۋە نامرات دېھقانلار ئىدى. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئېشىنچا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بار ھاللىق دېھقانلار ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن نامرات دېھقانلارمۇ ئۆز شارائىتىغا بېقىپ ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئومۇمەن، «يەر، ئەمگەكچى ئىشلىتىش قانۇنى»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى دېھقانچىلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ئاشلىق بېجىنى يولغا قويغاندىن كېيىن دۆلەت يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن باشقا ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىمۇ تەڭشىدى. ئوبوروت جەھەتتە، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە كۆپىنچە مەھسۇلاتلار ياكى كىنىشكىلىق تەمىنلەنگەن، ياكى ھەقسىز

www.uyghurkitap.com

تەقسىملەنگەنىدى. تاۋار سودىسى قاراڭغۇ بازاردىلا مەخپىي ئېلىپ بېرىلغانىدى. 1921 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاشلىق خەلق كومىسسارىياتى «يەرلىكتە ھەم دۆلەت ۋە پۇقرالار ئارىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، يەرلىكتە دېھقانلار دېھقانچىلىق بېجىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان مەھسۇلاتىنى ئۆزئارا ئەركىن ئالماشتۇرۇشىنى، مەركىزىي ئىستېمال باش كوپېراتىپى تارماق كوپېراتىپلارنى تەسىس قىلىپ، مەملىكەت مىقياسىدا مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى دۆلەت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى كوپېراتىپلارغا بېرىپ، كوپېراتىپلار ئارقىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. لېنىن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق چارىنى قوللانغاندا بازاردىن، ۋاسىتىچى سودىگەرلەردىن چەتلەپ، كاپىتالىزمنى ئەڭ كىچىك دائىرىدە چەكلىگىلى بولىدۇ، بۇ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق، دەپ قارىغانىدى. ئەمما، ئەمەلىيەت مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ سوۋېت روسىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى، دۆلەتنىڭ قولىدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرغۇدەك يېتەرلىك سانائەت مەھسۇلاتى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ، قاتناش پالەچلىنىپ قالغانلىقتىن، بار بولغان ئازغىنا سانائەت بۇيۇملىرىنىمۇ ھەممىشە ۋاقتىدا يەرلىككە يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايتتى. مەركىزىي ئىستېمال باش كوپېراتىپى 1921 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن 810 مىليارد 500 مىليون رۇبىلىق سانائەت بۇيۇمىنى يەرلىك كوپېراتىپلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاران 113 مىليارد 300 مىليون رۇبىلىق بۇيۇمنى يەتكۈزۈپ بەردى، جۇملىدىن بۇ، پىلاندىكىنىڭ 14% ىگىمۇ يەتمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك كوپېراتىپلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەللەشمىگەن، ئىش بېجىرىش ئۇنۇمى تۆۋەن، ھەممىشە قالايمىقان، نامۇۋاپىق

ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تۈپتىن ئورۇنلىيالمىدى. ئەڭ مۇھىمى، دېھقانلار بازار سودىسىغا كۆڭگەن بولغاچقا، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى چۈشەنمىدى ھەم قوبۇل قىلالمىدى. نەتىجىدە تاۋار ئالماشتۇرۇش دەسلەپىدىلا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت ئەسلىي 1921 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن سانائەت مەھسۇلاتى ئارقىلىق 32 مىليون فۇت ئاشلىق ئالماشتۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئاران 2 مىليون 180 مىڭ فۇت ئاشلىق ئالماشتۇرۇلۇپ، پىلاننىڭ 6.8% ىلا ئورۇنلاندى. ھۆكۈمەت يولغا قويغان تاۋار ئالماشتۇرۇش ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىپ تاۋار سودىسىغا ئايلىنىپ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لېنىن تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ھۆكۈمەت دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بازاردا ئىختىيارىي سېتىشىغا يول قويۇپ، ئەركىن سودىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت بانكا سىستېمىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك ماللار شىركىتى دېگەندەك ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ سودىنى جانلاندۇردى. ھۆكۈمەت يەنە قەرز، باج قاتارلىق جەھەتلەردىن خۇسۇسىي سودىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1922 - يىلى خۇسۇسىي سودا پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارچە سودا ئوبوروت سوممىسىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا مەركىزىي سودا ئىدارىسى ۋە سودىنى تەڭشەپ باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي سودىنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، تەمىنلەشنى ياخشىلاپ، بىر مەزگىل كەسكىنلىشىپ كەتكەن شەھەر - بازار مۇناسىۋىتىنى، ئىشچى -

دېھقانلار مۇناسىۋىتىنى قايتا تۇراقلاشتۇردى.

سانائەت جەھەتتە، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بارلىق ئوتتۇرا، كىچىك سانائەت دۆلەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا چېتىلىدىغان بارلىق مۇھىم كارخانىلار يەنىلا دۆلەت ئىگىدارلىقىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە دۆلەت ۋاقىتىنچە قۇرالمايدىغان كارخانىلارنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىكى كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ئېچىلىشىغا يول قويۇلدى. 1920 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خەلق كومىتېتى «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»نى ئېلان قىلىپ، چەت ئەللىك كاپىتالىستلارنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىدە ئىجارە كارخانىلىرىنى ئېچىشى ياكى ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە شېرىك پاي شىركىتى قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. لېنىن: ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش لازىم، دەپ تەكىتلىدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھۆكۈمەت «ئىجارىگە بېرىش نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك زاۋۇتلار ۋە ماگىزىنلارنى پۇقرالار، كوپېراتىپلار ۋە باشقا بىرلەشمە تەشكىلاتلارغا ئىجارىگە بېرىشنى قارار قىلدى. كارخانىلارنى ئىجارىگە بېرىش دۆلەت كاپىتالىزمىغا تەۋە بولۇپ، كارخانىلارنى خۇسۇسىيلار باشقۇرسىمۇ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى يەنىلا سوۋېت ھۆكۈمىتىدە بولاتتى، ئىجارىگە ئالغۇچى چوقۇم دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشى، ئىجارە ھەققىنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى، ئىجارە مۇددىتى توشقاندا كارخانىنى ساق پېتى سوۋېت دۆلىتىگە تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھۆكۈمەت «قول

www.uyghurkitap.com

سانائەت ۋە كىچىك كارخانىلارغا دائىر نىزام»نى ماقۇللاپ، كىچىك خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 20 ئىشچى يالللىشىغا رۇخسەت قىلدى. 1925 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چەكلىمىنى بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىجازەت بىلەن 100 ئىشچى يالللىشىغا رۇخسەت قىلدى. ۋاھالەنكى، ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى سوۋېت ئىقتىساقىدا ئانچە تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. 1926 ـ يىلىغىچە پۈتۈن مەملىكەتتە ئاران 65 چەت ئەل ئىجارە كارخانىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئاساسلىقى شىمالدىكى ئورمانلىقلارنى ئاچىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى زاۋۇتلىرى بىلەن شەرقتىكى كان بايلىقلىرىنى قازىدىغان ئاز ئۇچرايدىغان مېتال شىركەتلىرى بولۇپ، داڭلىقراقلىرى گېرمانىيەنىڭ مولوگا ياغاچ ماتېرىياللىرى شىركىتى، ئەنگلىيەنىڭ لېنا ئالتۇن كان چەكلىك شىركىتى، شىۋېتسىيەنىڭ گوتېبورگ شارىكلىق ئوقىزان پاي شىركىتى، ئامېرىكىنىڭ خاررىمان مانگان كېنى شىركىتى ئىدى، ھەممىسىنىڭ ئىجارە مۇددىتى 20 يىل ئىدى. ھالبۇكى، دۆلەت ئىچىدىكىلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن كارخانىلار خېلى كۆپەيدى، 1924 ـ يىلىلا 6488 كارخانا ئىجارىگە بېرىلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇن زاۋۇتى، گۈرۈچ زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى، ھەتتا كىچىك دۇكانلار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەت سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 3% نى ئىگىلەيتتى. ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدىكى ئىگىدارلار بولۇپ، كوپېراتىپلار تەخمىنەن تۆتتىن بىرنى ئىگىلەيتتى. ئىجارىگە بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش تېز ئەسلىگە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى جىددىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلار بىلەن كوپېراتىپلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇن دۆلەت باش

باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇپ كارخانىلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغان بولۇپ، دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈشكە، مەبلەغ تەمىنلەشكە، خام ئەشيا ئاجرىتىشقا مەسئۇل ئىدى ھەم بارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆزى يىغىۋېلىپ بىر تۇتاش تەقسىم قىلاتتى، زاۋۇتلار ھەرقانداق چوڭ مەسىلىنى قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئەمەس ئىدى ھەم پايدا ــ زىيانغىمۇ مەسئۇل بولمايتتى. ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت كۆپ ساندىكى باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، كارخانىلاردىن تارماقلار بويىچە مونوپول گۇرۇھ تىرىست تەشكىللەش (مەسىلەن، جەنۇب پولات ــ تۆمۈر تىرىستى، دون كۆمۈر تىرىستى دېگەندەك) نى تەلەپ قىلدى. تىرىست كارخانىلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلاتتى. ھۆكۈمەت يەنە تەڭ تەقسىماتچىلىق شەكلىدىكى مائاش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، تېخنىكىنىڭ يۇقىرى ــ تۆۋەنلىكى ۋە تۆھپىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىگە قاراپ ھەق بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. كوپېراتىپلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلار ئاشلىق خەلق كومىسسارىياتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان بولۇپ، بارلىق پائالىيەتلىرىنى دۆلەت بېكىتىپ بېرىپ، خۇددى دۆلەتنىڭ تەمىنلەش ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن كوپېراتىپلار مۇستەقىل ئورگانغا ئايلىنىپ، ئۆزى بېكىتكەن باھا بويىچە تۈرلۈك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالالايدىغان ھەم شەھەر ــ يېزا ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئىختىيارىچە كۈندىلىك بۇيۇملارنى ساتالايدىغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە دۇكانلارنى ئىجارىگە ئالالايدىغان بولدى.

يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ قوللىنىلىشى سوۋېت دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى زور بۇرۇلۇش ئىدى. ئۇ لېنىن ۋە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى

كومـمۇنىزم سـىياسـىتى ئارقىـلىق بىـۋاسىتە سـوتسىيـالىزمغـا ئـۆتۈشتەك ئـىدىيەدىـن ۋاز كەچكەنـلىكـىنى ئىـپـادىلىدى. ئـۇلار سـوۋېت رۇسىيـەسىنىـڭ ئەھۋالـىنى چىقـىش قىلـىپ، ئۇششـاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتتە چوقـۇم دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىـپلىـقىنى قـوزغاپ، مۇتلـەق كۆپ ساندىكى ئاھالـىلەر بىـلەن بىرلـىشىپ، سـوتسىيـالىزمنـى ئورتاق قۇرۇش كېـرەكلىكـىنى، بۇنـى ئورۇنلاشتـا دەل دېھقانـلار ئىگـىلـىكـى بىـلـەن سـوتسـىيـالىستـىك ئـىگـىلـىكـنى بىرلـەشتۈرەلەيـدىغان بىـردىـنبىـر ھـالقـا بـولـغان سـودىـنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مۇشۇ نۇقتىدىـن چىقىپ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتتە بىر يېڭـى قۇرۇلۇش يولـى، يەنى پىرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىدە بـازار ۋە تاۋار ـ پۇل مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىـپ ئىشلـەپچىقىرىشنـى كېڭەيتىپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىـپاقىـنى مۇستـەھكەملـەپ، تەدرىجىي سوتسىيالىزمغـا ئۆتۈش بېكىتىـلگەنىـدى. بۇ توغرىـدا لېنىن: «يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ ماھىيىتى پىرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقلىششى، ئاۋانگارت پىرولېتارىيـات بىـلەن كەڭ دېـھـقان ئـامـمىسـىـنىـڭ بىـرلـىشىـشـى»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ 1921 ـ يىـلى ئەتـىيازدىكـى كـىرىزىـسـنى تېـزلـىكـتە تـۈگـىتـىـپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پۇختا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەلىپىنى قاندۇرۇپ، كەڭ دېھقـانلار، ئىشـچىلارنىـڭ ئالقىـشىغـا ئېرىـشتـى. ئۇ سـوۋېـت رۇسىيـەسـى خـەلقـىگـە سوتسىيالىزمغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەردى.

**سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى** چاررۇسىيـە داڭلىق «مىـللەتـلەر تۈرمـىسى» بولـۇپ، مـىللـىي

---

[1] لېنىـن: «پۈتۈن رۇسـىيە سوۋېتـى 9 ـ قېتـىملىـق ۋەكـىللـەر قـۇرۇلتـىيـى ھۆججەتلىرى»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 42 ـ توم، 347 ـ بەت.

زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتى 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «رۇسىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەر بولۇش ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بارلىقىنى، تولۇق ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش، ھەتتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق مىللىي ۋە دىنىي ئىمتىياز ھەم چەكلىمىلەرنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى، رۇسىيە تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ۋە ئۇلۇسلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت 3 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى «ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى»نى ماقۇللاپ، فېدېراتسىيە تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «رۇسىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھەرقايسى ئەركىن مىللەتلەرنىڭ ئەركىن ئىتتىپاقى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ، ھەرقايسى مىللىي سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمىسى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئىدىيەسىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر بەس ـ بەستە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. پولشا، فىنلاندىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى ھەم سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇكرائىنا ھاكىمىيىتىنى ئەڭ دەسلەپتە مىللەتچى تەشكىلات قولىغا ئالدى. سوۋېت رۇسىيەسى 1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مۇشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇكرائىنا ئەمگەكچى خەلقى بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە رۇسىيە ئىشچى ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇكرائىنانىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدا پەيدىنپەي سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. 1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـــ 25 ـ كۈنلىرى پۈتۈن ئۇكرائىنا سوۋېتى 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى خاركوفتا ئېچىلىپ، ئۇكرائىنا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بېلارۇسسىيەدە مىللەتچى تەشكىلات 1918 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بېلارۇسسىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت رۇسسىيەسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە بېلارۇسسىيەگە كىرگەندە، ئۇلار قېچىپ كەتتى. 1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېلارۇسسىيە سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. كافكازدا يەرلىك مىللەتچىلەر ۋە مېنشېۋىكلار 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاشقى كافكاز دېموكراتىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، سوۋېت رۇسسىيەسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. 5 ـ ئايدا بۇ جۇمھۇرىيەت ئۈچكە پارچىلىنىپ كەتتى. 1920 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە ۋە گىرۇزىيە سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى بولۇپ سوۋېت رۇسسىيەسىگە قوشۇلغان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت بولۇپ قالدى. تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا 1920 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئايدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خارەزىم خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋە بۇخارا خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. رۇسسىيەدە باشقىرت، تاتار قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇردى.

ئىچكى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، رۇسسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى ئارىسىدىكى ھەربىي، سىياسىي ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1919 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پۈتۈن رۇسىيە سوۋېتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، رۇسىيە، ئۇكرائىنا، بېلارۇسسىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابى قۇرۇشنى، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى كومىتېتى، قاتناش ـ تىرانسپورتنى باشقۇرۇش ئورگىنى، مالىيە ۋە ئەمگەك خەلق كومىسسارىياتلىرىنى قوشۇۋېتىشنى بەلگىلىدى. 1920 ـ يىلى كۈزدىن 1921 ـ يىلى ئەتىيازغىچە رۇسىيە فېدېراتسىيەسى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەرقايسى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاشقى سودا، پوچتا خەلق كومىسسارىياتلىرىنى قوشۇۋەتتى.

ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىگىلىكنى ئوڭشۇشلۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئوڭشۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى چوقۇم بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ـ مالىيە بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش زۆرۈر دەپ قارىدى. بۇ مەسىلىنى كونكرېت تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى 1922 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ستالىن باشچىلىقىدىكى مەخسۇس كومىتېتنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ستالىن «ئاپتونومىيەلەشتۈرۈش» لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇكرائىنا، بېلارۇسسىيە، ئەرمېنىيە، ئەزەربەيجان ۋە گىرۇزىيەنىڭ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتى بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيەسىگە قوشۇلۇشىنى، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ لايىھە بەزى جۇمھۇرىيەتلەر كومپارتىيەلىرى مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، گىرۇزىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لېنىن كېسەل



www.uyghurkitap.com

بولغانلىقتىن، بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشالمىدى. ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ تالاش ـ تارتىشىنىڭ تۈگۈنىنى بىلگەندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا خەت يېزىپ، ئاپتونومىيەلەشتۈرۈش پىلانىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، بۇ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دەپ قارىدى. لېنىنىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى 1922 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قارار ماقۇللاپ، ھەرقايسى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ باراۋەر ئاساستا ئىتتىپاق قۇرۇشىنى بەلگىلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 10 ـ ئايدىكى قارارىدا يەنە گىرۇزىيە، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ تاشقى كاۋكاز ئىتتىپاقى ئارقىلىق پات ئارىدا قۇرۇلىدىغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشىنى بەلگىلىدى. مۇتىۋانى باشچىلىقىدىكى گىرۇزىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ بەلگىلىمىگە قەتئىي قارشى چىقىپ، گىرۇزىيەنىڭ باراۋەر ئورۇندىكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت سۈپىتىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ستالىن ۋە رۇسىيە كومپارتىيەسى تاشقى كاۋكاز چېگرا رايونى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئوردونىكىدزې بۇ تەلەپكە يول قويىالماي، ئۇلارنى «شوۋىنىزمچىلار» دەپ ئەيىبلەپ، گىرۇزىيەنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئوردونىكىدزې تېخى ئاچچىقىدا مۇتىۋانىنىڭ قول لىغۇچىسى كاباخىزېنى ئۇردى. لېنىن بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، 1922 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 — 31 ـ كۈنلىرى «مىللەت ياكى ‹ئاپتونومىيەلەشتۈرۈش› مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن خېتىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ، ستالىن قاتارلىقلارنىڭ چوڭ رۇسچىلىق خاتالىقىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: مىللەت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، «پرولېتارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پرولېتارد-

ياتنىڭ سىنىپىي كۆرىشىدە يات مىللەتلەرنىڭ ئەڭ زور ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى تولىمۇ زۆرۈر»، «بۇنىڭدا شەكلەن باراۋەرلىكلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى قانداقلا بولسۇن، يات مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش ياكى يول قويۇش ئارقىلىق ‹چوڭ مىللەت› ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تارىختا ئۇلارغا تۇتقان ئىشەنمەسلىكى، گۇمانى ۋە ھاقارىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش كېرەك»①. ئۇ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا چوقۇم ئەزگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى، چوڭ مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن كىچىك مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىنى ئايرىش»②. چوڭ رۇس شوۋىنىزمىغا نۇقتىلىق قارشى تۇرۇش لازىم. ئۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تېخى ھەقىقىي پرولېتارىيات ئورگىنىغا ئايلانمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق قارىدى: «ئىتتىپاقتىن چېكىنىش ئەركىنلىكى» ھەققىدىكى بەلگىلىمە «پەقەتلا بىر قۇرۇق گەپ»③، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ رۇسچىلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، شۇڭا زۆرۈر بولغاندا، ھازىرقى ئىتتىپاق شەكلىدىن قايتىپ، پەقەت ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئىتتىپاقنىلا ساقلاپ قېلىپ، «باشقا جەھەتلەردە ھەرقايسى خەلق كومىسسارىياتلىرىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم»④. لېنىن بۇ خېتىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي كېسىلى ئېغىرلىشىپ خىزمەت قىلالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۇقىرىقى كۆرسەتمىلىرى ئىزچىللاشمىدى.

1922 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى موسكۋادا سوۋېت

①②③④ لېنىن: «مىللەت ياكى ‹ئاپتونومىيەلەشتۈرۈش› مەسىلىسى توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 - نەشرى 43 - توم 350 -، 352 -، 353 -، 355 - بەتلەر.

سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 1 ـ قېتىملىق سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەشكىللەش توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش خىتابنامىسى ۋە ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ماقۇللىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا رۇسىيە، ئۇكرائىنا، بېلارۇسىيە ۋە تاشقى كافكازدىكى تۆت جۇمھۇرىيەت قاتناشتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ئىتتىپاققا كىرمىدى، ئەمما رۇسىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. قۇرۇلتاي مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. كالىنىن، پېتروۋسكى، چېرۋىياكوف ۋە نارىمانوف ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆت جۇمھۇرىيەتكە ۋاكالىتەن مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ھەيئەت رىياسەتچىلىكى رەئىسى بولدى. 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى 2 ـ قېتىملىق سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تەستىقلاپ، قانۇن جەھەتتىن سوۋېت جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى مۇقىملاشتۇردى.

1924 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي رايونلارنى ئايرىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئەسلىدىكى تۈركىستان، خارەزىم ۋە بۇخارا جۇمھۇرىيەتلىرى مەۋجۇتلۇقتىن قالدى. يېڭىدىن ئىككى جۇمھۇرىيەت ـــ تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، 1925 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتناشتى. يەنە تاجىكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان ئۈچ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. 1929 ـ يىلى تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەتتە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاققا ئايلاندى.

**خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى** يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت

يولغا قويۇلغان تۇنجى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاز كۆرۈلىدىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، 34 ئۆلكىدىكى 30 مىلىيون ئادەم ئاچارچىلىقتا قالدى. ھۆكۈمەت بىر قاتار جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپەتتىن خېلى ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، كېيىنكى يىلىلا ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈگەتتى.

1922 ـ يىلىدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1923 ـ يىلىغا كەلگەندە چوڭ سانائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ 35% ىگە يېتىپ، ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ خېلى ئاشتى. ئەمما، 1923 ـ يىلى كۈزدە يەنە ئوبوروت كىرىزىسى كۆرۈلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى سېتىلماي ئامباردا بېسىلىپ قېلىپ، كارخانىلار ۋاقتىدا مائاش تارقىتالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلاردا نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، بەزى جايلاردا ھەتتا ئىش تاشلاش يۈز بەردى. ئوبوروت كىرىزىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ بەكلا پەرقلىنىشى ئىدى. جۈملىدىن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئۆرلىگەن بولسىمۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىدىن ئۆزگەرمەي، كەڭ دېھقانلار قىممەت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالالمىدى ھەم سېتىۋېلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئالدىراپ مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى چەكلىگەن، يەكلىگەنلىكتىن، يەنە كېلىپ، دۆلەت ۋە كوپېراتىپ ئورگانلىرى كۈچسىز، مادارسىز بولغانلىقتىن، تاۋار ئوبوروتى توسالغۇغا ئۇچراپ، بازار تارىيىپ، ئوبوروت كىرىزىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى زۆرۈر كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ،

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنىڭ تارقىتىلىشىنى تەرتىپكە سېلىپ، سودا خىزمىتىنى ياخشىلىدى. 1924 ـ يىلى پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى قىلىپ، رۇبلىنىڭ قىممىتىنى پەيدىنپەي مۇقىملاشتۇرۇپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت ياراتتى. 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي سىياسەتنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. جۈملىدىن خۇسۇسىي كاپىتالنى يەكلەشنى توختىتىپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قەرز ئېلىش شەرتىنى بوشىتىپ، يۇقىرى باج نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى، يېزىلاردا يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دېھقانلارغا قارىتىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي بېسىمنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانلارغا قەرز بېرىشنى كۆپەيتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكى قايتىدىن ساغلام تەرەققىيات يولىغا ماڭدى.

يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى كاپىتالىزم جانلىنىپ، يېڭى بۇرژۇئازلار (نېپمانلار) بارلىققا كەلدى. يېزىلاردا باي دېھقانلارنىڭ كۈچى خېلى ئاشتى. 1925 ـ يىلى بارلىق دېھقانلار ئىچىدە باي دېھقانلار%3.3 نى، ئوتتۇرا ھال دېھقانلار %61.1 نى، كەمبەغەل يالانئىما دېھقانلار%35.6 نى ئىگىلىدى. سانائەتتە، ئۇششاق سانائەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خۇسۇسىي كارخانىلار 1925 ـ يىلى پۈتكۈل سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ %23.9 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كاپىتالىستىك تەركىبنىڭ نىسبىتى %15 تىن ئاشمىدى. تۈپ سودىدا خۇسۇسىي كاپىتال قوشۇمچە ئورۇندا تۇرۇپ، ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ پەقەت تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى. ئەمما، پارچە سودىدا خۇسۇسىي دۇكانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇردى.

لېنىن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى

تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى خۇلاسىلەشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1922 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1923 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئۇ كېسەل ھالىتىدە «كۈندىلىك ئويلار»، «كوپېراتىپ توغرىسىدا»، «دۆلىتىمىزدىكى ئىنقىلاب توغرىسىدا» ، «بىز ئىشچى ـ دېھقانلار تەپتىش ئورگىنىنى قانداق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيمىز»، «ئاز قىلساق قىلايلىكى، ياخشىراق قىلايلى»، «ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا خەت» قاتارلىق ماقالە ۋە خەتلەرنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش پىلانىنى شەرھلىدى.

لېنىن دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ مۇنداق دەپ قارىدى: ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىدا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ بۇرژۇئازىيەگە ئەمەس، پرولېتارىياتقا ئەگىشىپ مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ـــ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن كوپېراتىپلىشىش كېرەك، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتتە كوپېراتىپ خۇسۇسىي مەنپەئەت بىلەن دۆلەتنىڭ بۇنداق مەنپەئەتنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ. «مەدەنىي كوپېراتىپ خىزمەتچىلىرى تۈزۈمى دەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمدۇر»[①]، يەنە بىر جەھەتتىن، كوپېراتىپلىشىش دېھقانلار چۈشىنەلەيدىغان ھەم ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان چارە، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن كوپېراتىپلىشىش پىلانى دېھقانلارنى سوتسىيالىزم يولىغا يېتەكلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. كوپېراتىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە بۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاپلا قالماي، بەلكى مۇھىمى دېھقانلار ئارىسىدا مەدەنىيەت خىزمىتى ئىشلىشى كېرەك. بۇ، پارتىيەنىڭ ئالدىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەزىپە. ھازىر پارتىيەنىڭ مەركىزىي خىزمىتى «سىياسىي كۈرەش، ئىنقىلاب، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەشتىن تىنچ

① لېنىن: «كوپېراتىپ توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 43 ـ توم 365 ـ بەت.

‹مەدەنىي› تەشكىللەشكە بۇرۇلۇشى لازىم». بۇنداق ئۆزگىرىش «بىزنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان پۈتكۈل قارىشىمىزنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرگەنلىكى»نى ئىپادىلەيدۇ①.

لېنىن يەنە «كونا جەمئىيەتتىن ئۆزگەرتمەي قوبۇل قىلغان، قىلچە رولى بولمىغان دۆلەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك»② دېگەن دەۋر بۆلگۈچ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەپ تەكىتلەپ بەردى: ئىشچى ـ دېھقانلار تەپتىش ئورگىنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەپتىش كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر نوپۇزلۇق، نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىپ دۆلەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. پەقەت دۆلەت ئورگانلىرى ھەقىقىي يېڭى، ئىخچام، ئۈنۈمدار بولغاندىلا ئاندىن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، مەبلەغنى تېجەپ، يىرىك ماشىنىلاشقان سانائەتنى بەرپا قىلىپ، ئېلېكتىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

لېنىن يەنە پارتىيەنىڭ بۆلۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق قارىدى: پارتىيەنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغىنى ئېھتىمال ئىشچىلار ۋە دېھقانلاردىن ئىبارەت «ئىككى سىنىپنىڭ ماسلىشالماسلىقى»، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. «مۇقىملىق مەسىلىسى ئاساسەن ستالىن ۋە تروتسكىغا ئوخشاش مۇشۇنداق مەركىزىي كومىتېت ھەيئەتلىرىدە، مېنىڭچە، بۆلۈنۈش خەۋپى كۆپرەك ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن كېلىدۇ». ستالىن ۋە تروتسكى «ھازىرقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئىككى داڭلىق رەھبەر»، ستالىن باش سېكرېتار بولۇپ چەكسىز ھوقۇقنى قولىغا ئالغىنى بىلەن ئۆزى تولىمۇ قوپال، شۇڭا ئۇنىڭ «مەڭگۈ

①② لېنىن: «كوپېراتىپ توغرىسىدا»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 43 ـ توم 367 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياتچانلىق بىلەن بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتىش ـ ئىشلىتەلمەسلىكىگە ئىشەنچ يوق». تروتسكىينى «ھازىرقى مەركىزىي كومىتېت ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشى دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدۇ، ئىشلارنى نوقۇل مەمۇرىي جەھەتكە تارتىشقا بەك ئامراق»①. بۇ ئىككىيلەندىكى ئوخشاشمىغان خۇسۇسىيەت ئېھتىمال پارتىيەنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق تىراگېدىيەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېتقا ئىشچىلارنى تولۇقلاپ سايلاپ قاتناشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش، مەركىزىي كومىتېت تەپتىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىرىگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. لېنىن مۇشۇ مەقسەتتە 1923 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ستالىننى باش سېكرېتارلىقتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىدىن يۆتكىۋېتىپ، ھەممە جەھەتتىن قارىغاندىمۇ پەقەت بىر جەھەتتە ستالىندىن ئېشىپ چۈشىدىغان، يەنى سەۋرچانراق، كەمتەررەك، ئەدەپلىكرەك، مېھرىبانراق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلمايدىغانراق بىر ئادەمنى بۇ ۋەزىپىگە قويۇش كېرەك»② دەپ تەكلىپ بەردى.

لېنىننىڭ بۇ ئىدىيەلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما، شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن لېنىن سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى تاۋار ئىگىلىكى، دېموكراتىك قانۇنچىلىق ئارقىلىق بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت خىزمىتى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇناسىۋىتى، بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى تولۇق شەرھلىيەلمىدى.

---

① ② لېنىن: «ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا خەت»، «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 2 ـ نەشرى 43 ـ توم 338 ـ، 338 ـ، 340 ـ 340 ـ بەتلەر.

1924 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى لېنىن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ نەپەسى قىيىنلاشقانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى.

لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى كومپارتىيەنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلەتتى. 1925 ـ يىلى ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەگە يېقىنلىشىپ، 72 مىليون 470 مىڭ توننىغا يەتتى. چارۋىچىلىق يەنىلا ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەدىن تۆۋەن تۇردى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ %73 ىگە توغرا كەلدى. تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ مال توشۇش مىقدارى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ %80 ىگە، دۆلەت ئىچىدىكى تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي ئوبوروت سوممىسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىنىڭ تەخمىنەن %70 ىگە توغرا كەلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى. 1925 ـــ 1926 ـ يىللىرى ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىي مائاشى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيەنىڭ %93.7 ىگە يەتتى. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئاساسەن ئورۇنلاندى.

## 4 ـ بۆلۈم سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش

**سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ قانات يېيىشى** ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى رۇسىيە كاپىتالىزم ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. سانائەت مەھسۇلات مىقدارى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ئىلغار دۆلەتلەردىن كۆپ ئارقىدا ئىدى. كىشى

بېشىغا ئوتتۇرىچە ھېسابلىغاندا، كۆمۈر، پولات مەھسۇلات مىقدارى ۋە ماشىنىسازلىق مەھسۇلات قىممىتى ئامېرىكا ياكى گېرمانىيەنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سانائەت مەھسۇلات مىقدارى قالاق ئىسپانىيەدىن پەرقلەنمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش ۋەيران قىلغان مىللىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىنتايىن مۇشكۈل سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىمنىڭ پارتىيەنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولۇشى پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەم ئەڭ نازۇك مەسىلىگە ئايلاندى. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ تەسىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20 — 30 ـ يىللاردىكى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇش خىزمىتى ئىنتايىن ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

لېنىننىڭ كېسەللى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە مەسىلىسى پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر ئورتاق مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. 1923 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ئىچىدىكى ئەھۋالنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سىياسىي بيۇرو قارار ماقۇللاپ، «پارتىيە ئورگىنىدا بيۇروكراتلىشىش كۆرۈلگەنلىكى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تروتسكى مەسىلە قارارىدا ئېيتىلغاندىنمۇ بەك ئېغىر دەپ قاراپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ ھەم ماقالە ئېلان قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خاتا فاكچىيىن يۈرگۈزدى، خىزمەتنىڭ «مەركىزىنى ئورگانغا قويدى»، پارتىيە ئورگىنى ئارقىلىق «پارتىيەنىڭ ئورنىدا مەسىلىلەرنى ئويلاشتى ۋە قارار قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ يېڭى فاكچىيىن يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ، پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس



www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، كونا گىۋاردىيەچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاينىپ كەتتى، ياشلارلا «پارتىيەنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بارومېتىرى» دېدى. بۇ پىكىر كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1924 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى 13 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىپ، تروتسكىنى «لېنىنىزمدىن چەتلىدى»، «ئىنتايىن روشەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيەچە خاھىشى بار» دەپ ئەيىبلىدى. لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بەس ـ بەستە ماقالە يېزىپ، لېنىننىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلىدى. تروتسكى «ئۆكتەبىر ساۋاتلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، زىنوۋيېف ۋە كامېنېفنىڭ ئۆكتەبىر قوراللىق قوزغىلىڭىدىكى ئېغىر خاتالىقىنى بىۋاسىتە تەنقىد قىلىپ، ئۇلار «ماھىيەتتە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ مەيدانىدا تۇردى» دېدى. زىنوۋيېف ۋە كامېنېف بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ستالىن ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ كونا سورۇپ، تروتسكىنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيەسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان مەزگىلدىكى لېنىن بىلەن بولغان ئىختىلاپىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆز مەسلىكىنى لېنىننىڭ مەسلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان، دەپ ئەيىبلىدى. 1925 ـ يىلى 1 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى تروتسكىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيە خەلق كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ۋە ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن لېنىن ئەنسىرىگەن ئىككى ئاساسلىق رەھبەر ئارىسىدىكى توقۇنۇش توختىمايلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى تېزلا ئۆتكۈرلەشتى.

1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) 14 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاچتى.

يىغىنىدا ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ھەم يولىنى ئېنىق شەرھلىمىگەنلىكى، شۇنداقتىمۇ، بۇ پىكىر خەلقنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ۋەكىللەر يىغىنى ستالىننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، «سوتسىيالىزم بىر دۆلەتتە مۇتلەق ھالدا غەلىبىگە (ئەڭ ئاخىرىدا ئەمەس) ئېرىشەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

1925 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـــ 31 ـ كۈنلىرى رۇسىيە كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) موسكۋادا 14 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئاچتى، قۇرۇلتايدا ستالىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سىياسىي دوكلات بېرىپ، دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلىدى ھەم رۇسىيەنى «بىزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن زۆرۈر ئەسلىھەلەرنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرالايدىغان سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى①. زىنوۋيېف ۋە كامېنېف «يېڭى ئۆكتىچىلەر»نى شەكىللەندۈرۈپ، ستالىننىڭ دوكلاتىغا قارشى چىقتى. زىنوۋيېف لېنىنگراد ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە باشقا بەزى ۋەكىللەرنىڭ قوللىشى بىلەن قوشۇمچە دوكلات بېرىپ، پارتىيە دۈچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى، يەنى بىرىنچىدىن، دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى، ئىككىنچىدىن، قالاق دېھقانلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تەسلىكى، ئۈچىنچىدىن، لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ ئورنىتىلمىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدەك «بىر يەۋقۇلئاددە پىرولېتارىيات دۆلىتىدە ‹دۆلەت

① ستالىن: «ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار)نىڭ 14 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى»، «ستالىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 7 ـ توم 294 ـ بەت.

كاپىتالىزمى، يولىغا مىڭىش كېرەك»، سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بىر دۆلەتتە ئەمەس، بەلكى «خەلقئارا سەھنىدە روياپقا چىقىدۇ» دەپ قارىدى. كامېنېۋ ستالىنغا بولغان ئىشەنچ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ستالىننىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. قۇرۇلتاي بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى تولۇق مۇھاكىمە قىلماي، بەلكى «يېڭى ئۆكتىچىلەر»نىڭ ستالىنغا قارشى چىقىشىغا كەسكىن زەربە بەردى. قۇرۇلتاي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشىيەنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. قۇرۇلتايدىن كېيىن كامېنېفنىڭ خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسى ۋە زىنوۋيېفنىڭ لېنىنگراد ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسى ئېلىۋېتىلدى.

پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ستالىن كۆپ قېتىم ماقالە ئېلان قىلىپ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەتلەشتۈرۈشى بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سانائەتلەشتۈرۈشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش پىروگراممىسىنى شەرھلىدى.

ستالىن مۇنداق دەپ قارىدى: «سوۋېت ئىتتىپاقى كاپىتالىزمنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، چوقۇم مۇستەقىل مۇكەممەل سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىستېما قۇرۇپ چىقىشى كېرەك، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى تۆرلۈك ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياسىيالايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىشى كېرەك» ئەمما، ئۇ بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا يەنىلا دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن كۆپ ئالاقە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالمىدى.

www.uyghurkitap.com

ستالىن يەنە مۇنداق دەپ قارىدى: «رۇسىيەنىڭ ئىقتىسادى قالاق، قالاقلار ئەلۋەتتە دۇمبا يەيدۇ. شۇڭا، خەلق ئىگىلىكىنى چوقۇم يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىقاچان پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئورنىتىلدى، ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ». ئەمما، ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نۇرغۇن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى كاپىتالىزمغا مەنسۇپ دەپ ئىنكار قىلىپ، مەمۇرىي بۇيرۇق، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بىلەن ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، كونكرېت ئېيتقاندا، بىرى، پىلان ئارقىلىق ئېغىر سانائەتنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى، يەنە بىرى، مەمۇرىي چارە ئارقىلىق ئېچكى قىسىمدا مەبلەغ جۇغلاشنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ستالىن يەنە مۇنداق دېدى: «يېنىك سانائەتتىن باشلىنىدىغان سانائەتلىشىش يولى بىر ئۇزۇن يول، ئۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇسۇلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنداق يولدا ماڭماسلىقى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلاپ سانائەتلىشىش يولىغا ماڭسا بولىدۇ، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇھىم كارخانىلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا، ھۆكۈمەت بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئارقىلىق كۆپ قىسىم ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر سانائەت، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ». «سانائەتلىشىشنىڭ مەركىزى، سانائەتلىشىشنىڭ ئاساسى دەل ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»[1]. «ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، يېنىك سانائەت، يېزا ئىگىلىكى بولسا ئىككىنچى ئورۇندا، قوشۇمچە

① ستالىن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى ۋە پارتىيەنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا»، «ستالىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 8 ـ توم 112 ـ بەت.

ئورۇندا تۇرىدىغان، ئېغىر سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ بېرىدىغان تارماقلاردۇر. ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلار ئارىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق».

ستالىن يەنە مۇنداق دەپ قارىدى: «سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن چوقۇم مەمۇرىي ۋاستە قوللىنىپ، جۇغلانمىنى كۆپەيتىش، سېلىنمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇرۇلۇش مەبلىغىنى مۇستەملىكىلەرنى تالان ـ تاراج قىلىش ۋە چەت ئەللەردىن قەرز ئېلىشقا تايىنىپ توپلىغىلى بولمايدۇ، پەقەت ئىچكى قىسىمدا ئۆزىمىزگە تايىنىپ توپلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت بىرىنچىدىن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دۆلەت كارخانىلىرى، كان، تۆمۈريول، بانكا ۋە سودا تارماقلىرىنىڭ پايدىسىنى كۆپرەك يىغىپ سانائەتلەشتۈرۈش مەبلىغى قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك بېجى ئېلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، خەلقنى جاپاغا چىداپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاشقا چاقىرىپ، دۆلەت زايومى تارقىتىش قاتارلىق چارىلەر بىلەن ئىستېمال مەبلىغىنى قۇرۇلۇش مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك». ۋاھالەنكى، بۇ چارىلەر بىلەن توپلانغان مەبلەغ زور كۆلەملىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شۇڭا، كېيىن ئۇ بۇرۇنقى پىكرىدىن ۋاز كېچىپ، سانائەت دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرقنى ئازايتىپ تۈگىتىشنى قايتا تەلەپ قىلماي، بەلكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى چۈشۈرۈپ، كۆپ ئېلىپ، ئاز بېرىش چارىسى ئارقىلىق دېھقانلاردىن يەنە ئارتۇقراق پۇل يىغىپ، مەبلەغ جۇغلاشنى تېزلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ئەمما ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت جۇغلانمىنى كۆپەيتىشنىڭ بۇ توپ ۋاستىسىنى نەزەرگە ئالمىدى.

ستالىننىڭ سانائەتلەشتۈرۈش نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشى ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. بۇخارىن: ھازىرقى شارائىتتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى «پەقەت ئاستا سۈرئەتتە قىلىش كېرەك» دەپ قارىدى. ئىقتىسادشۇناس كاندىراتىيېف، چايانوف يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. مالىيە خەلق كومىسسارى سوكورنىكوف: سوۋېت ئىتتىپاقى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوقۇم «دۇنيا بازىرى بىلەن ئالاقە قىلىشى كېرەك»، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا «دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ»، تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىپ، سانائەت تەرەققىياتىنى سىلجىتىشى كېرەك، دەپ قارىدى. تروتسكى باشقا بىر خىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «ئۈزۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش» نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پائالىيەتتە بۇرژۇئازىيەگە قارشى كۈرەشنى ئۈزۈكسىز قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1926 ـ يىلى تروتسكىيچىلار ۋە يېڭى ئۆكتىچىلەر بىرلىشىپ تروتسكى ـ زىنوۋيېف ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئاشكارا ھالدا بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان، «سېسىق نامى پۇر كەتكەن نەزەرىيە» دەپ جاكارلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى باي دېھقانلار قاتارلىق كاپىتالىستىك كۈچلەر قاتتىق كۈرەش قىلمىدى دەپ ئەيىبلەپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىشنى ھەم باي دېھقانلاردىن 150 مىليون فۇت ئاشلىق «ئۆتنە ئېلىش»نى تەلەپ قىلىپ، سانائەتنى يىلدا 4% — 9% يۇكسەلدۇرۇشنى «پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەرچە پىلان» دەپ قاراپ، كاپىتالىزم كۈچلىرى ئاللىقاچان پارتىيە ۋە دۆلەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، «ئىشچىلار دۆلىتىنى بيۇروكراتلاشتۇرۇۋاتىدۇ»، «ستالىنچىلار تۈزۈمىنى تەنقىد قىلىش كېرەك» دەپ جاكارلىدى. 1927 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ستالىن ۋە

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنى «قىد-
زىققانلىق قىلىپ» ئايىنىش يولىغا مېڭىۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەپ،
هازىرقى رەھبەرلىك كوللېكتىپى خەلقنى تەشكىللەپ، جاھان-
گىرلارنىڭ سوۋېتقا قارشى ئۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشقا دەرماد-
سىز، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ
قارىدى. 8 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ،
تروتسكى، زىنوۋيېۋ ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلى-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 12 ـ ئايدا پارتىيەنىڭ 15 ـ
قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. 9 ـ
ئايدا تروتسكى ـ زىنوۋيېۋ ئىتتىپاقى ئۆكتىچىلەر پى-
روگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا گەرچە بەزى مۇۋاپىق
قاراشلار بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى «سولچىل» قاراشلار ئىدى.
ئۆكتىچىلەر بۇ پىروگراممىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا
سۇنۇپ، بېسىپ تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى. رەت قىلىنغاندىن
كېيىن ئۆزلىرى مەخپىي بېسىپ، پارتىيە ئىچى ـ سىرتىغا تار-
قىتىپ، پۈتۈن پارتىيەدىكىلەردىن مۇنازىرە قىلىشنى تەلەپ قىل-
دى. 10 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆز پىروگراممى-
سىنى ئېلان قىلىپ، «ھەقىقەت گېزىتى»گە مەخسۇس مۇنازىرە
بېتى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك قاراشلارنى، جۈملىدىن تروتسكى ـ
زىنوۋيېۋ ئىتتىپاقىنىڭ پىروگراممىسىنى بېسىشنى بۇيرۇدى.
پۈتۈن پارتىيەدىكىلەرنىڭ مۇنازىرىسى نەتىجىسىدە، ئاخىرىدا
مەركەزنىڭ لۇشيەنىنى قوللايدىغانلار 724 مىڭ ئادەم، تروتس-
كى ـ زىنوۋيېۋ ئىتتىپاقىغا ئەگىشىدىغانلار ئاران 4000 نەچچە
يۈز ئادەم بولۇپ چىقتى. ۋاھالەنكى، ئۆكتىچىلەر ئۆز مەغلۇبىيى-
تىنى ئېتىراپ قىلماي، 11 ـ ئايدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئون
يىللىقى تەبرىكلەنگەندە، نەچچە يۈز ئۆكتىچىنى تەشكىللەپ ناما-
يىش قىلىپ، «پۈرسەتپەرەسلەرنى يوقىتايلى»، «لېنىنىنىڭ ۋەسى-
يىتى ئېلان قىلىنسۇن» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى. ئىتتىپاق
كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى تروتسكى ـ

زىنوۋيېف ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكەتتى پارتىيە نىزامنامىسى يول قويىدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتتى دەپ قاراپ، 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، تروتسكى ۋە زىنوۋيېفنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. 12 ـ ئايدا ئېچىلغان ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار)نىڭ 15 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ قارارنى تەستىقلىدى ھەم تروتسكى ـ زىنوۋيېف ئىتتىپاقىدىكى باشقا كىشىلەرنىمۇ پارتىيەدىن قوغلاپ چىقاردى. تروتسكى ـ زىنوۋيېف ئىتتىپاقى سىياسىي جەھەتتە غۇلىغان، تەشكىلىي جەھەتتە تازىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خاتا نەزەرىيەۋى ئىدىيەسى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنمىدى ھەم تەنقىد قىلىنمىدى.

پارتىيە ئىچىدە كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 1927 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى بەش يىللىق پىلان مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى يىلدا 4% ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. 12 ـ ئايدا 15 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بەش يىللىق پىلانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ماقۇللاپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتىنى 9% كە كۆتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرژانوۋسكى (1872 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ياشىغان) بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ بىر يىلدىن كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرىدا ئىككى لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەڭ ياخشى لايىھەدىكى كۆرسەتكۈچ دەسلەپكى لايىھەدىكى كۆرسەتكۈچكە قارىغاندا 20% يۇقىرى ئىدى. ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتىنىڭ رەئىسى كۇيبىشېف (1888 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە ياشىغان) سانائەت تەرەققىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ۋاقىتتا دەل پەۋقۇلئاددە تەدبىر

يۇرگوزۇلۇۋاتقان، ئوڭچىللىقتا قارشى تۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، يۇقىرىدىكى ئۈچ لايىھە بىردەك ئىنكار قىلىندى، ھەتتا «بۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە بولغان كەمسىتىش» دەپ قارالدى. ستالىن تەرەققىيات سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈيبىشېۋ تېزلىكتە تۈزمىچى لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سانائەت مەھسۇلات مىقدارىنى يىلدا 19% — 20% ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى، بۇ نىسبەت تروتسكى 1927 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان 15% — 18%لىك نىسبەتتىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

1929 - يىلى 4 - ئايدا ئېچىلغان ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار)نىڭ 16 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە 5 - ئايدا ئېچىلغان سوۋېت 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بەش يىللىق پىلاننى تەستىقلىدى. بۇ بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ تۈزۈلۈشىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغىدى.

**يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ قانات يېيىشى**

20 - يىللاردا يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، بازار ئاۋاتلاشتى. ئەمما، ئېغىر مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. بىرىنچىدىن، جەمئىيەت بۆلۈندى، يېزىلاردا بېيىغان دېھقانلار كۆنسېرى كۆپىيىپ، 1927 - يىلىغا بارغاندا تەخمىنەن 100 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ يېرىمى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ ھادىسىگە قانداق قاراشتا، ئىتتىپاق كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ پىكرى بىردەك بولمىدى. تروتسكى قاتارلىقلار بېيىغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك باي دېھقانلار دەپ تونۇپ، يېزا كاپىتالىزم كۈچلىرى ھەددەپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سالدى، دەپ قارىدى. بۇخارىن قاتارلىقلار بولسا ئوتتۇراھال

دېھقانلار يېزىلاردىكى يادرو، ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكىنى يۆلەپ، ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى. كۆپىنچە كىشىلەر بۆلۈنۈشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، بۆلۈنۈشنى تىزگىنلەپ باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنى ئازايتىش كېرەك، دەپ قارىدى. ئىككىنچىدىن، باھا ياخشى تەڭشەلمىدى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بازار سودىسى قويۇۋېتىلدى، دېھقانلار ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ بازارغا ئازراق ئارىلىشىشىنى، باھانىڭ قىممەت قانۇنىيىتى ۋە تەمىنلەش ـ ئېھتىياج مۇناسىۋىتى ئاساسىدا تەڭشىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، سوۋېت بازار تەرەققىي قىلسا، كاپىتالىزم خاھىشىنىڭ ئېشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەت يەنە سانائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرقتىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش مەبلىغىنى جۇغلاشنى تېزلەتمەكچى بولدى. بۇ دەل زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كىشىلەر بۇ زىددىيەتنى قانداق پەسەيتىشتە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى. ھۆكۈمەتمۇ ھەر جەھەتتىكى تەسىرگە ئۇچراپ، ئىزچىل بىردەك بولغان سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى: بەزىدە دېھقانلارغا يول قويۇپ، باھاغا بولغان كونتروللۇقنى بوشاتسا، بەزىدە خۇسۇسىي ئېلىم ـ سېتىمغا زەربە بېرىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى. سىياسەتنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇشى شەھەر ـ يېزىلاردىكى تەمىنات ـ سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىشچى ـ دېھقانلار مۇناسىۋىتىدە كۆپ قېتىم جىددىيلىكنى پەيدا قىلدى. 1925 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 14 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى سانائەتلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى بېكىتىپ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كۈچى شەھەر ـ يېزىلاردىكى بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەدرىجىي ئىلكىگە ئالالايدۇ، دەپ قارىدى. 1926 ـ يىلىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت باھاغا بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتىپ، ئۇ

ئارقىلىق خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سىقىپ چىقاردى ۋە بازار سودىسىنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6%، ئاشلىقنى سېتىۋېلىش باھاسى بولسا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20% ــ 25% تۆۋەنلىدى. بۇ، سانائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ماسلاشماسلىقىنى، شەھەر ـ يېزا مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تروتسكى: بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ چارىسى سانائەتنى ۋە پىرولېتارىياتنىڭ كۆچىنى زور كۆچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش دەپ قاراپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، سانائەتلىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ توپلاشنى تەلەپ قىلدى. ستالىن، بۇخارىن تروتسكىنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇپ، پۈختا ئويلانمايلا 1927 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. ۋاھالەنكى، ئېغىر سانائەتنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يېتىشمەي، باھا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قاندۇرالماي، ئاخىرىدا تاۋار قىسچىلىقى كېلىپ چىقتى. دېھقانلار پۇلى بولسىمۇ ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى سېتىۋالالماي، يەنىلا نارازىلىق كەيپىياتىدا بولدى. بۇ ئەھۋاللار دۆلەتنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى نەچچە قېتىم ئۆستۈرۈپ ـ چۈشۈرۈشىنىڭ دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەلتۆكۈس تەڭشىيەلمىگەنلىكىنى، بازارنىڭمۇ بارغانسېرى دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلىپ سانائەتلىشىشنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر دىققىتىنى ئىشچى ـ دېھقانلار مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتىن ئۇششاق دېھقانلارغا ئۆزگەرتىشكە بۇرىدى.

1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان 15 ـ قېتىملىق

www.uyghurkitap.com

پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يېزا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ماقۇللانغان قاراردا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى «يەككە ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى چوڭ كۆلەملىك كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئۆزگەرتىش»، بۇنداق جەرياننىڭ ئاساسى — باي دېھقانلارغا بولغان ھۇجۇمنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش، بۇنداق جەريان «تەدرىجىي» بولىدۇ، چۈنكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك «خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە يەنىلا پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولىدۇ». قاراردىكى بۇ ئۆزئارا زىددىيەتلىك مەزمۇنلار ئەينى ۋاقىتتا دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە تېخى ئاخىرقى قارار چىقىرىلمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى — يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتكە ئوخشىمايدىغان رادىكال چارە قوللىنىش، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

15 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدىن كېيىن كرىزىس دەرھاللا ئاشكارىلاندى. 1928 - يىلىنىڭ بېشىدا دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق ئاران 5 مىليون 130 مىڭ تونىنا بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليون 890 مىڭ توننا ئازىيىپ كەتتى. ستالىن: ئاشلىق سېتىۋالالماسلىقنى باي دېھقانلارنىڭ قارشىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارىدى. 1 - ئايدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ روھىغا خىلاپ بولغان پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلىپ، باي دېھقانلارنى ئېشىنچا ئاشلىقنى بېكىتىلگەن باھا بويىچە دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 107 - ماددىسى بويىچە ئاشلىقىڭلار ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىڭلارنى مۇسادىرە قىلىمىز ھەم قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىمىز، دەپ جاكارلىدى.

پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللىنىلغاندىن كېيىن دۆلەت

سېتىۋالغان ئاشلىق تېزلىكتە ئېشىپ، 1928 ـ يىلىنىڭ 1 ـ يەسلىدىلا 4 مىليون 500 مىڭ توننا ئاشلىق يىغىۋېلىندى. بۇ سان ئەسلىدە كەم قالغان 1 مىليون 890 مىڭ تونىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، نەچچە ئاي بۇرۇن تروتسكى ـ زىنوۋيېف ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان باي دېھقانلاردىن ئۆتنە ئېلىنىدىغان 150 مىليون پۇتتىن (تەخمىنەن 2 مىليون 450 مىڭ توننىغا تەڭ) كۆپ ئارتۇق ئىدى. 1928 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاپرېل ئومۇمىي يىغىنىدا: بۇ ئاشلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى «ئېشىنچا ئاشلىقنى مۇسادىرە قىلىش (قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە 107 ـ ماددىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەس)؛ يېزىلاردا ئاشلىق سودىسىنى چەكلەش ياكى ‹ئەركىن› ئاشلىق بازىرىنى تاماەن تاقاش؛ ئېشىنچا ئاشلىقنى ‹ئېنىقلاش› نامىدا ئاختۇرۇش؛ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەش؛ ئاشلىقنىڭ پۇلىنى بەرگەندە ۋە قىس تاۋارلارنى ساتقاندا، دېھقانلارغا دۆلەت زايومىنى مەجبۇرىي تېڭىش؛ ئاشلىق پۇلىنى پوچتىدىن ئەۋەتىپ، بىر قىسمىغا دۆلەت زايومى ياكى باشقا چەكلەرنى بېرىش؛ ئوتتۇرا ھال دېھقانلارغا مەمۇرىي بېسىم چۈشۈرۈش؛ مەھسۇلاتلارنى بىۋاستە تېگىشىش ... دېگەندەك» يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت بىلەن سىغىشالمايدىغان ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېلىندى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇسۇللار ئوتتۇرا ھال دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. نۇرغۇن باي دېھقانلار ۋە بېيىغان ئوتتۇرا ھال دېھقانلار ھۆكۈمەتكە كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 150 قېتىمدىن كۆپرەك ماجىرا تۇغدۇردى. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئازايتىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى بۇزۇۋېتىپ، مال ـ ئۇلاغلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھەتتا يېرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، ئۆزىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نابۇت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

بۇخارىن ستالىننىڭ قارىشىغا قوشۇلمايتتى. ئۇ:

كىرىزىسنى پەيدا قىلغان ئاساسىي سەۋەب — ئىقتىسادىي سىياسەتتىكى خاتالىق، دۆلەت سانائەتكە زىيادە كۆپ مەبلەغ سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە بەك ئاز مەبلەغ سالدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئاشلىقنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن بېكىتىلگەنلىكتىن، بۇ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، پەۋقۇلئاددە تەدبىر يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئېغىر مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىپ چىقتى، دەپ قارىدى. ئۇ 1928 ـ يىلى 5 — 6 ـ ئايلاردا مەركەزگە ئىككى قېتىم خەت يېزىپ ئۆز قارىشىنى شەرھلەپ، مەركەزنىڭ ئۇسۇلىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 9 ـ ئايدا يەنە «ھەقىقەت گېزىتى»دە «بىر ئىقتىسادشۇناسنىڭ تەسىراتى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ئۆز قارىشىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن سانائەتلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى يېزا ئىگىلىكىگە سېلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

بۇخارىننىڭ پىكرى سىياسىي بيۇرو ئەزاسى رىكوف (1881 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلغىچە ياشىغان) ۋە تومىسكى (1880 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلغىچە ياشىغان)نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1929 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈچەيلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىغىنىدا بىرلىشىپ بايانات ئېلان قىلىپ، يۇرگۇزۇلۇۋاتقان سىياسەتنى تەنقىد قىلدى. 4 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي تەپتىش كومىتېتى بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. يىغىندا ستالىن «ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار)دىكى ئوڭچىللىق توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتنى بېرىپ، بۇخارىننىڭ قاراشلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «سىنىپىي كۈرەشنى يوقىتىش» ۋە «باي دېھقانلارنى سوتسىيالىزمغا ئەكىرىش» نەزەرىيەسىنى تەنقىدلەپ، ئۇنى «ئاغمىچىلىق لۇشيەنى»نى ئومۇملاشتۇردى، دەپ سۆكتى. ئومۇمىي يىغىن قارار ماقۇللاپ، بۇخارىن قاتارلىق كىشىلەرنى ئوڭچى ئاغمىچى



www.uyghurkitap.com

گۇرۇھ دەپ ئەيىبلەپ، بۇخارىننىڭ «ھەقىقەت گېزىتى» ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى، تومىسكىننىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى. يىل ئاخىرىدا بۇخارىن سىياسىي بيۇرودىن چىقىرىۋېتىلدى. 1930 ـ يىلى 12 ـ ئايدا رىكوفمۇ سىياسىي بىيۇرودىن چىقىرىۋېتىلىپ، مولوتوف (1890 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە ياشىغان) ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق كومىسسارلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى بولدى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرى يەنىلا ئىنتايىن قالاق ئىدى. 1928 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ئاران 27 مىڭ تىراكتور بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ %99 ى ئۇلاغ كۆچى ۋە ئادەم كۈچى بىلەن، ئاران %1 ى ماشىنا بىلەن ئاغدۇرۇلاتتى. تەخمىنەن %50 ئادەم ساۋاتسىز ئىدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك كوللېكتىپ تەشكىلاتلىرى ئاران 33 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇلارغا 400 مىڭ دېھقان قاتناشقان، بۇلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى 24 مىليون دېھقاننىڭ ئاران %1.7 ىنى ئىگىلەيتتى. بۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن دەرىجىدىكى «ئورتاق تېرىقچىلىق ئۇيۇشمىلىرى» بولۇپ، ئۇلاردا پەقەت ئەمگەك ھەمكارلىقى بار ئىدى.

بۇخارىن تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، ستالىن مەمۇرىي ۋاسىتە بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش قارارىغا كەلدى. 1929 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە پۈتۈن مەملىكەتتە 900 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان يېڭىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىغا كىردى. بۇ سان ئىنقىلابتىن كېيىنكى 12 يىلدا كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىغا كىرگەن دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي سانىغا تەڭ كېلىپ قالاتتى. ئەمما، ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن كۆزەتكەندە، كوللېكتىپلىشىش نىسبىتى يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى.

جۇملىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىغا كىرگەن دېھقانلار ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ پەقەت 7.6% ىنى، ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ پەقەت 3.6% ىنى ئىگىلەيتتى. يەنە 15 مىليون ئوتتۇرا ھال دېھقاننىڭ كولخوزغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىش-ئۆزگەرمەسلىكىگە بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى.

1929 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا ستالىن «زور بۇرۇلۇش بولغان بىر يىل» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، يېزىلاردا «تۈپتىن بۇرۇلۇش بولدى»، «ئوتتۇرا ھال دېھقانلار كولخوزغا قاتناشتى»، دېھقانلار ئاللىقاچان «كەنت، يېزا، رايون، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە كولخوزغا كىردى»① دېدى. ئۇ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى توختىتىپ، ئوتتۇرا ھال دېھقانلار ۋە باي دېھقانلارغا بولغان سىياسەتنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىپ، 25 مىڭ ئىشچىنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىدا يەنە 2 مىليون 400 مىڭ دېھقان كولخوزغا قاتناشتى.

1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ستالىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «كوللېكتىپلاشتۇرۇش سۈرئىتى ۋە دۆلەتنىڭ كولخوز قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش چارىسى توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ماقۇللاپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ماقۇللانغان بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندىكىدىن زور پەرقلىنەتتى. بەش يىللىق پىلاندا، 1933 ـ يىلىغا بارغاندا ئومۇم ئىگىلىكى (دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە تەۋە تېرىلغۇ يەر كۆ-

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 206 ـ بەت.

لىمىنى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئىچىدە 17.5% كە يەتكۈزۈش بەلگىلەنگەن بولۇپ، يېڭى قاراردا كافكاز ۋە ۋولگا دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا 1931 - يىلى ئەتىيازدا كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى تاماملاش، باشقا رايونلاردا 1932 - يىلى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى تاماملاش تەلەپ قىلىنغانىدى. يەنە، كۆپىنچە ئورتاق تېرىقچىلىق ئۇيۇشمىلىرى ئاللىقاچان دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماي قالدى، كوللېكتىپلىشىشنىڭ ئاساسىي شەكلى يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ۋە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئومۇمىي ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئەمگەك تەشكىلاتى، يەنى كولخوز بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

ئومۇميۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن باي دېھقانلارنى يوقىتىش كۈرىشى باشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى باي دېھقانلارنى ئايرىش ئۆلچىمى ھەققىدە كۆپ خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، باشتىن-ئاخىر ئېنىق ھەم ئىلمىي بولغان بىر توتاش بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىدى. شۇڭا، باي دېھقانلارنىڭ سانى ئېنىق بولمىدى. كۆپ قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 1927 - يىلى باي دېھقانلار 896 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ 3.9% نى ئىگىلىگەن؛ 1928 - يىلى پەۋقۇلئاددە تەدبىر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن 200 مىڭدىن ئارتۇق باي دېھقان «ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىپ»، شەھەرلەرگە قېچىپ بېرىۋالغان. 1929 - يىلى كۈزگە كەلگەندە، باي دېھقانلاردىن 600 — 700 مىڭىلا قېلىپ، ئومۇمىي دېھقانلارنىڭ 2.5% — 3% نى ئىگىلىگەن. ئومۇميۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، باي دېھقانلار كولخوزلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ، كولخوز ھەققىدە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، كولخوزنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، ئاكتىپلارنى

يوشۇرۇن ئۆلتۈردى. بىر قىسىم باي دېھقانلار يەنە ساختا كولخوز قۇرۇپ، ئەتىيازدا نامرات دېھقانلارنى كولخوزغا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، كۈزدىن كېيىن ئۇلارنى كولخوزدىن ھەيدەپ چىقاردى. 1930 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قارار ماقۇللاپ، ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان يەر ئىجارىگە بېرىش ۋە ئەمگەكچى ياللاش ھەققىدىكى قانۇنلارنى بىكار قىلىپ، باي دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، كولخوزلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. باي دېھقانلارغا ئۈچ خىل تەدبىر قوللاندى: سوۋېتقا قارشى پائالىيەت قىلغان باي دېھقانلارنى قولغا ئېلىپ باستۇردى؛ چوڭ باي دېھقانلارنى شىمال ۋە شەرقتىكى قاقاس جايلارغا كۆچۈرۈپ، دەرەخ كېسىش، كان قېزىش، بوز يەر ئېچىش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە سالدى؛ قالغان باي دېھقانلارنى كولخوز دائىرىسىدىن ھەيدەپ، چەت جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا مەلۇم تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 1930 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1932 - يىلى كۈزگىچە جەمئىي 240 مىڭ باي دېھقان سىبىرىيە رايونىغا كۆچۈرۈلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، مۇتلەق كۆپ قىسىم باي دېھقان ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، چەت - يىراق جايلارغا قوغلانغان، جەمئىي 1 مىليوندىن 1 مىليون 100 مىڭغىچە بولغان باي دېھقان زورلۇق كۈچى بىلەن باستۇرۇلغان ۋە يوقىتىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسمى تەركىبى خاتا ئايرىلغان ئوتتۇراھال دېھقان بولغان.

پارتىيەنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا يېزىلاردىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى تېزلىكتە قانات يايدى. 1930 - يىلى 1 - ئايدا كولخوزغا كىرگەن دېھقانلار 3 مىليونغا يەتتى. 2 - ئايدا يەنە 7 مىليون دېھقان كولخوزغا كىردى. كوللېكتىپلىشىش نىسبىتى 1929 - يىلى 12 - ئايدىكى 20% تىن 1930 - يىلى

3 ـ ئايدا 58% كە يەتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ يۈكسىلىش بىلەن بىللە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلار ۋە ئېغىر خاتالىقلار كۆرۈلدى. ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام سوۋېتلىرى ۋە كوللېكتىپلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەترەتلىرى يۇقىرىنىڭ قاتتىق ئالدىرىتىشى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى ئاستىدا، بەس ـ بەستە مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە تەھدىت ۋاستىسىنى قوللىنىپ دېھقانلارنى كولخوزغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى. بەزى جايلاردا «كىم كولخوزغا كىرمىسە، شۇ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمىنى» دەپ جاكارلاندى. بەزى جايلاردا كولخوزغا قاتنىشىشنى رەت قىلغانلارنىڭ يېرى مۇسادىرە قىلىنىپ، سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى، ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا ھېساب ئېلىنغان، سايلام ھوقۇقى تارتىۋېلىنغانلار 15% ـــ 20% كە يەتتى. بەزى جايلار تېخى بىۋاسىتە يېزا ئىگىلىك كوممۇناسىنى تەشكىللەپ، ئۆي، ئۈششاق چارۋىلار، ئۆي قۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمنىڭ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار كولخوزغا كىرىشتىن ئىلگىرى مال ـ چارۋىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، پەقەت 1930 ـ يىلى 2 ـــ 3 ـ ئايدىلا پۈتۈن مەملىكەتتە 14 مىليون تۇياق مال ـ چارۋا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇلار ئوتتۇرا ھال دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتىنى داۋالغۇتۇپ، بەزى جايلاردا سوۋېتقا قارشى توپىلاڭلار كۆتۈرۈلدى.

بۇ ئېغىر ئەھۋالغا قارىتا ستالىن 1930 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «غەلبىدىن ئېسەنگىرەش» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «بەزى يولداشلار غەلبىدىن بېشى ئايلىنىپ قېلىپ سەگەكلىكى ۋە تەمكىنلىكىنى ۋاقتىنچە يوقىتىپ قويدى»[1] دېدى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە «پارتىيەنىڭ كولخوزلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىكى لۇشيەنىنى

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 243 ـ بەت

بۇرمىلاشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن قارارنى ئېلان قىلىپ، كولخوز قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىختىيارلىق پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىپ، مەجبۇرىي ھالدا بىراقلا كوممۇنا تەشكىللەش، مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، چېركاۋلارنى تاقاش، بازارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق خاتا ئۇسۇللارنى تەنقىد قىلىپ، بۇنداق ناتوغرا ئۇسۇللارنى دەرھال يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. يۇقىرىقى ماقالە ۋە قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىكى بەزى چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللار تۈزىتىلدى. 1930 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ كولخوزلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، تەخمىنەن 10 مىليون دېھقان كولخوزدىن چېكىنىپ چىقتى. ئەمما، كۈزدىن كېيىن كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى يەنە قايتىباشتىن قانات يايدى. 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بىرىنچى بەش يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 60% تىن ئارتۇق دېھقان كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىپ، 200 مىڭدىن كۆپرەك كولخوز قۇرۇلدى. بۇ يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كولخوزلارنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى. ئىتتىپاق كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا: «تارقاق، يەككە ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك چوڭ يېزا ئىگىلىك يولىغا سېلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە ئاللىقاچان ئورۇنلاندى» دەپ جاكارلىدى.

كوللېكتىپلاشتۇرۇش جەريانىدا ھۆكۈمەت كولخوزلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆپ تەرەپتىن قوللىدى. جۈملىدىن كولخوزلارنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئازايتىپ ياكى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارنى قەرز پۇل ۋە ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشىلاشنى كۈچەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت كولخوزلارنى تېز گۈللەشنى كۈچەيتتى. جۈملىدىن دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈردى. 1932 ـ

يىلى جەمئىي 2502 ماشىنا ـ تىراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇلار 148 مىڭ تىراكتور (ھەر بىرى 15 ئات كۈچىگە ئىگە)غا ئىگە بولدى. ماشىنا ـ تىراكتور پونكىتى كولخوزلارنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلاردىن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ھەق تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1933 ـ يىلى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خالىسانە سېتىپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كولخوزلارنىڭ باش ۋەزىپىسى ھەر يىلى دۆلەتكە مۇۋاپىق مىقداردا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ مىقدارى%32 — 43% نى ئىگىلەش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. ھالبۇكى، دۆلەتنىڭ سېتىۋالىدىغان باھاسى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن تۆۋەن ئىدى. دۆلەت ماشىنا ـ تىراكتور پونكىتى ۋە خالىسانە سېتىپ بېرىش تۈزۈمى ئارقىلىق، ھەر يىلى ئۆزى تەلەپ قىلغان ئاشلىق ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلدى.

كولخوزلارنىڭ باشقۇرۇش ۋە تەقسىمات تۈزۈمى بىر مەزگىللىك ئەمەلىي ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاندىن بېكىتىلدى. دەسلەپتە نۇرغۇن كولخوزلار ئەزالارنى ئەتىگەندىلا پۇشتەك چېلىپ يىغىپ، ئاندىن ئۇلارغا ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ، ئۇلارنى ئېتىزلىق، كۆكتاتلىقتا ئىشلەش، مال بېقىش، كېچىسى كۆزەتتە تۇرۇش قاتارلىق ئەمگەكلەرگە سالدى. تەقسىماتتا بەزى كولخوزلار بارلىق نەرسىلەرنى نوپۇس بويىچە تەقسىم قىلدى، بەزىلىرى ئەمگەك كۈچىگە قاراپ تەقسىم قىلدى، يەنە بەزىلىرى قىلغان ئىشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ تەقسىم قىلدى. مۇۋاپىق تۈزۈلمىنى تېپىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىككى قېتىم پۈتۈن سوۋېت كولخوز ئاۋانگارتلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، كولخوز قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. 1935 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېچىلغان 2 ـ قېتىملىق قۇرۇلتاي «يېزا ئىگىلىك ئەمگەك

تەشكىلاتى نىزامنامىسى»نى ماقۇللاپ، نىزامنامىدە: كولخوزلارنىڭ يېرى دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. كولخوز ۋە دېھقانلار پەقەت ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئېلىپ ـ سېتىش ۋە ئىجارىگە بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، كولخوزلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، مەلۇم يەرنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياكى مۇئەييەن ساندىكى چارۋىلارنى بېقىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئەزالار ئەمگەك كۈنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ تەقسىماتقا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەزالارنىڭ ئۆز ئۆيى ئەتراپىدا 25 .0 گېكتاردىن 0.5 گېكتارغىچە باغلىق يەرگە ئېرىشىشكە، كالا، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشقا يول قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ نىزامنامىنىڭ ماقۇللىنىشى كولخوزلارنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئومۇمىيۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى يېزىلاردا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. باي دېھقانلار يوقىلىپ، يەككە دېھقانلار كولخوز ئەزالىرىغا ئايلىنىپ، تارقاق ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلەشكەن چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگىرىپ، يېزا ئىگىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوماندانلىقىغا بىۋاسىتە بويسۇنىدىغان تارماققا ئايلاندى. بۇ ئۆزگىرىش سوتسىيالىستىك سانائەتلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق تەمىناتى ۋە سانائەتنىڭ خام ئەشيا تەمىناتىنى مۇئەييەن كاپالەتكە ئىگە قىلدى، كوللېكتىپلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ دېھقانلاردىن ئالغان ئاشلىقى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلدا 18 مىليون 200 مىڭ توننا ئاشلىق، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلدا 27 مىليون 500 مىڭ توننا ئاشلىق ئېلىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش كىرىزىسى قايتا كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كولخوزلار يەنە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن مىقداردا مەبلەغ ۋە ئەمگەك

كۆچى تەمىنلەپ بەردى. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى سانائەتلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى.

ئەمما، ئومۇمىيۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئېغىر مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلار ساقلاندى. ئۇنىڭدا لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىختىيارلىق ۋە تەدرىجىيلىك پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىنىپ، كۆپلىگەن دېھقانلار ھەم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار نۇرغۇن بىھۇدە كۈلپەتكە دۇچار بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، كوللېكتىپلاشتۇرۇش مەزگىلىدە تەخمىنەن 5 مىليوندىن 10 مىليونغىچە ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، پەقەت قازاقىستاندىلا 1930 — 1933 - يىللىرى 2 مىليونغا يېقىن ئادەم ئۆلگەن. ئۇكرائىنا، شىمالىي كافكاز رايونىدا 1932 — 1933 - يىللىرى قاتتىق ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن 3 مىليوندىن 4 مىليونغىچە ئادەم ئۆلگەن. كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە يەنە بىر يۇرۇش قاتتىق مەمۇرىي بۇيرۇق تۈزۈلمىسى شەكىللىنىپ، دېھقانلار كولخوزلارغا باغلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن ئايرىلدى، ھەتتا كۆچۈشتىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە سەل قاراپ، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتىنى چەكلەپ، ئىقتىسادتىن ھالقىغان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشچى - دېھقانلار مۇناسىۋىتى، شەھەر - يېزا مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلىلەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۇزاق مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى.

www.uyghurkitap.com

**بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى** سوۋېت ئىتتىپاقى 1928 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويدى. 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت بۇ پىلاننىڭ مۆددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلانغانلىقىنى جاكارلىدى. 1933 ـ 1937 ـ يىللاردا يەنە ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى. 1938 ـ يىلى باشلانغان ئۈچىنچى بەش يىللىق پىلان گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن ئامالسىز توختاپ قالدى.

بەش يىللىق پىلان ئالدى بىلەن كاپىتالىستىك ئىگىلىك تەركىبلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قانات يايدۇرۇلغان پىلان ئىدى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلۇشقا باشلىغاندا، لېنىن: سوۋېت دۆلىتىدە بەش خىل ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بار، بۇنىڭ بىرىنچىسى، پاترىئارخاللىق ئىگىلىك (يەنى ئاساسەن ئالماشتۇرۇش بولمىغان تەبىئىي ئىگىلىك)، ئىككىنچىسى، ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكى (ئەينى ۋاقىتتا كۆپ قىسىم ئاھالىلەر مۇشۇنداق ئىگىلىكتە ئىدى)، ئۈچىنچىسى، خۇسۇسىي كاپىتالىستىك ئىگىلىك (ئۇ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جانلانغانىدى)، تۆتىنچىسى، دۆلەت كاپىتالىزمى ئىگىلىكى (ئاساسلىقى ئىجارە كارخانىلىرى بولۇپ، ئۇ ئانچە زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىگەنىدى)، بەشىنچىسى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتۇر، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىككى قېتىملىق بەش يىللىق پىلان ئارقىلىق كاپىتالىستىك ئىگىلىك سانائەت ۋە سودا ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكى ئۆزگەرتىلدى. ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان تاماملانغان ۋاقىتتا 93% دېھقان كولخوزغا قاتناشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كولخوزلارنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 99% ىنى ئىگىلىدى. سوتسىيالىستىك دۆلەت مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك بارلىق

ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىكلەندى.

بەش يىللىق پىلاندا سانائەتنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بەلگىلەندى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپىتاللىق قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت زور جۇغلانما توپلاپ، نۇرغۇن مەبلەغنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا سالدى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي سېلىنمىسىنى 64 مىليارد 600 مىليون رۇبلىغا يەتكۈزۈش، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلاندا سېلىنمىنى 133 مىليارد 400 مىليون رۇبلىغا يەتكۈزۈش بەلگىلىنىپ، ئۇنىڭ زور بىر قىسمى ئېغىر سانائەتكە سېلىندى. بۇ مەزگىلدە ستالىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «تېخنىكا ھەممىنى بەلگىلەيدۇ»، «كادىرلار ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى ئىلغار تېخنىكا ئىگىلەشكە، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشكە چاقىردى. بۇ شوئارلارنىڭ تۈرتكىسىدە 1935 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېچىدە دونباستىكى ياش كان ئىشچىسى ستاخانوف ئىسمىنا ۋاقتىدا يەل جوتۇسى ئارقىلىق 102 توننا كۆمۈر قېزىپ، ۋەزىپىسىنى 13 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتە ستاخانوفتىن ئۆگىنىپ يېڭى تېخنىكا ئىگىلەش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى قوزغالدى. ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە بىر تۈركۈم يېڭى ستاخانوفلار بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كاپىتالىزم دۇنياسى ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ زەربىسىگە ئۇچ-رىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربتىن بىر تۈركۈم ئىلغار ما-شىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزدى. يەنە يۇقىرى مائاش بىلەن مۇتەخەسسىسلەر ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەكلىپ قىلدى. ئۇچ ئاساسلىق پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى ـــ ماگنىتوگور-سك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، كوزنېتسك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇ-تى، زاپوروژ پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، شۇنداقلا ستالىنگراد تىراك-

تور زاۋۇتى، دىنېپىر سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا ئا-
مېرىكا، گېرمانىيەنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، تېخنىكىلىرى كىرگۈ-
زۈلدى ھەم چەت ئەللىك ئىنژېنېرلارنىڭ ياردىمى ئېلىندى. ئەم-
ما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز بولغان-
لىقتىن، بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەل ئۈسكۈنىلىرى-
نىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى. ئىككىنچى بەش
يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن
كۈچىنى قېزىشقا دىققەت قىلىپ، ئۆز ماشىنىسازلىق سانائىتىنى
زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. سىۋېردولوۋسك، كراما-
تورىسك، يېڭى چېركېسك، چېلىيابىنسك قاتارلىق جايلاردا
يېڭىدىن غايەت زور ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. يەنە
گوركى ۋە موسكۋادىكى ئىككى ئاپتوموبىل ياساش زاۋۇتى كېڭەي-
تىپ قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى چەت ئەل
ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى ئاساسەن توختاتتى. 1937 -
يىلى ئېھتىياجلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ پەقەت 0.9% ىلا ئىمپورت
قىلىندى. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجە-
دە مۇستەقىللىققا ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما، سۈرئەت
بەك ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكا، ئۈسكۈنى-
لىرىدىن ۋە مەبلىغىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتى قولدىن بېرىپ
قويۇلدى.

ئىككى قېتىملىق بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سوۋېت
ئىتتىپاقى 6000 دىن ئارتۇق چوڭ كارخانىنى قۇرۇپ،
ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، تىراكتور، يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى
ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتىنى بەرپا قىلدى، سانائەتنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. شەرقتە ئۇرال -
كوزنېتسك پولات - تۆمۈر، كۆمۈر بازىسى، يېڭى كوزنېتسك
پولات - تۆمۈر بازىسى، ۋولگا - ئۇرال نېفىت بازىسى قەد
كۆتۈردى. 1940 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
1913 - يىلدىكىدىن ئالتە ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ،

فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيەدىن ھالقىپ، ياۋروپادا 1 ـ ئورۇندا، دۇنيادا 2 ـ ئورۇندا تۇردى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى 18 مىليون توننا پولات، 1 مىليارد 600 مىليون توننا كۆمۈر، 31 مىليارد توننا نېفىت، 48 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات توك ئىشلەپچىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سانائەت ھەر يىلى يېزىلارغا نەچچە ئون مىڭ دانە تىراكتور تەمىنلەپ بېرىپ، تىراكتور بىلەن ھەيدەلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1932 ـ يىلىدىكى 20% تىن 1940 ـ يىلى 70% كە يېتىپ، تېرىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمما، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى يەنىلا ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئارقىدا قالدى. 1940 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 512 — 542 ئامېرىكا دوللىرى[①]، ئامېرىكىنىڭ 1886 دوللار، ئەنگلىيەنىڭ 1234 دوللار (1937 ـ يىلى)، ياپونىيەنىڭ 554 دوللار بولدى.

بەش يىللىق پىلاندىكى نۇرغۇن مۇھىم كۆرسەتكۈچلەر ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشمىدى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندا مىللىي دارامەتنى 102% ئاشۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 60% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى 50% ئاشۇرۇش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 14% چۈشۈپ كەتتى. كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، نېفىت، توك، تىراكتور، ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ پىلان ئورۇنلانمىدى. ئىككىنچى بەش يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلىش بىرىنچى بەش يىللىق پىلانغا قارىغاندا ياخشىراق بولدى، شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر

① 1964 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى.

ساقلاندى. جۇملىدىن مىللىي دارامەتنى 120% ئاشۇرۇش بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 112% كىمىيەتمىدى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىشش نىسبىتىمۇ كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاران يېرىمىغا يەتتى.

بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلىدى. مىللىي دارامەت 1913 - يىلىدىكى 21 مىليارد رۇبلىدىن 1937 - يىلى 96 مىليارد 300 مىليون رۇبلىغا يەتتى. 1935 - يىلى بولكا ۋە ئۇننى نورمىلىق سېتىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كېيىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن باشقا يېمەكلىكلەر ۋە بارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى نورمىلىق سېتىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چار پادىشاھ دەۋرىدە تۆت ئادەمنىڭ ئۈچى ساۋاتسىز ئىدى. كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق 1939 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ساۋاتى بار ئاھالە 87% كە يەتتى. شەھەرلەردە يەتتە يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردا تۆت يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلدى. ئالىي مەكتەپلەر ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، 1938 - يىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا 700 گە يېقىن ئالىي مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 550 مىڭغا يەتتى. پەن - تېخنىكا ئىشلىرى زور يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. جۇملىدىن ۋاۋىلوف زىرائەت تۈرلىرىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سولكوۋىسكىنىڭ ئالەم راكېتاسى نەزەرىيەسى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، كۇلچاتوف ياۋروپادىكى تۇنجى سىكلوترونىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقتى، لېبېدېيېف ئالكوگول ئارقىلىق سۈنئىي كاۋچۇك ئىشلەش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ۋە «لېنىن ئەسەرلىرى» توپلىنىپ نەشر قىلىندى. ئەدەبىيات ساھەسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نەچچە ئون يىللىق

غايەت زور ئۆزگىرىشنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر، مەسىلەن، گوركىينىڭ «ئالدامونوف جەمەتىنىڭ ئىگىلىكى»، «كىرىم سامگىننىڭ ھاياتى»، تولستوينىڭ «كۆلپەتلىك مۇساپە» (ترىلوگىيە)، شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»، «ئېچىلغان تىڭ»، فادىيېفنىڭ «يوقىلىش»، گلاتكوفنىڭ «سېمونت»، ئوستروۋىسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە زور نۇقسانلار ۋە مەسىلىلەر ساقلاندى. بىرىنچىدىن، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئېغىر سانائەت تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ۋە يېنىك سانائەت ئۇزاققىچە قالاق ھالەتتە قالدى. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئومۇمىيۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىكى 1925 ــ 1927 ـ يىللاردا يىلدا ئوتتۇرىچە 72 مىليون 900 مىڭ توننا بولغان بولسا، بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلدا ئوتتۇرىچە 73 مىليون 600 مىڭ تونىغا، ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يەنە 72 مىليون 900 مىڭ تونىغا چۈشۈپ قالدى. چارۋىچىلىقنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچار بولدى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاتنىڭ سانى 32 مىليون 100 مىڭ تۇياقتىن 17 مىليون 300 مىڭ تۇياققا، كالىنىڭ سانى 60 مىليون 100 مىڭ تۇياقتىن 33 مىليون 500 مىڭ تۇياققا، قوينىڭ سانى 107 مىليون تۇياقتىن 37 مىليون 300 مىڭ تۇياققا، چوشقىنىڭ سانى 22 مىليون تۇياقتىن 9 مىليون 900 مىڭ تۇياققا چۈشۈپ قالدى. ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بېقىلىۋاتقان چوڭ چارۋىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما 1928 ـ يىلىدىكى سەۋىيەگە يېتەلمىدى. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىقتا، پەقەت پاختا، قەنت ـ شېكەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قىزىلچا قاتارلىق

تېخنىكىلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى گەرچە 1940 ـ يىلى 1913 ـ يىلىدىكىدىن 3.6 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئوخشاش مەزگىلدە ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 12.4 ھەسسە ئاشتى. بۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئېشىش نىسبىتى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككىنچىدىن، بىر تەرەپلىمە ھالدا مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى تەكىتلەنگەنلىكتىن، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى ئاددىيلىشىپ، سۈپىتى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى. نۇرغۇن مەھسۇلاتلار سورايدىغان ئادەم يوق كۆپلەپ بېسىلىپ قالدى. بازىرى ئىتتىك، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئىنتايىن قىسىلىشىپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالدى. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىساد قوپال تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، ئۈنۈم تۆۋەنلەپ، بايلىق بەك كۆپ سەرپ قىلىندى ھەم ئىسراپ قىلىندى.

## 5 ـ بۆلۈم ستالىن ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى

**1936 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يۈكسەك مەركەزلەشكەن تۈزۈلمىنىڭ ئورنىتىلىشى** سانائەتلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە تۈپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشنى قانۇن جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1935 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلغان سوۋېت 7 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1924 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ستالىن

رەئىسلىكىدىكى ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنى قۇردى. بىر يىلدىن كۆپرەك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تاماملاندى.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 8 ـ قېتىملىق سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى موسكۋادا ئېچىلدى. ستالىن 1 ـ كۈندىكى يىغىندا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتنى بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا «سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلدى»، «كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسە تۈگىتىلدى ۋە يوقىتىلدى»، «بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقالدى»①، دۆلەتتە پەقەت ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلار قالدى، دەپ جاكارلىدى. ئۇنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن قۇرۇلتاي يېڭى ئاساسىي قانۇنني مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك مۇلۇكچىلىك، سىياسىي ئاساسى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەكچىلەر ۋەكىللىرى سوۋېتى، دەپ بەلگىلەندى. ھەر دەرىجىلىك سوۋېت سايلىمىدىكى بارلىق چەكلىمىلەر بىكار قىلىنىپ، دەرىجىلىك سايلامنىڭ ئورنىغا بىۋاسىتە سايلام دەسسىتىلىپ، ئومۇميۈزلۈك، بىۋاسىتە، باراۋەر، نامسىز بېلەت تاشلىنىدىغان سايلام يولغا قويۇلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك قىلىش، دەم ئېلىش ۋە تەربىيەلىنىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ياشانغاندا، كېسەل بولۇپ قالغاندا ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ماددىي كاپالەتكە ئېرىشىش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىنىڭ قانۇنغا رىئايە

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 393 ـ، 394 ـ، 399 ـ بەتلەر.

قىلىش، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش، سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قوغداش قاتارلىق ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەندى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى مىللىي دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئەكس ئەتكۈزۈلدى، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىيات ۋەجىدىن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ ئۆزگەردى. كافكاز ئىتتىپاقى ئەزەربەيجان، گىرۇزىيە ۋە ئەرمېنىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە ئايرىلدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئەسلىدىكى يەتتىدىن 11 گە كۆپەيدى.

يېڭى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1937 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتە يېڭى سوۋېت ۋەكىللىرى سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. 1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئالىي سوۋېتنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ، 24 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئالىي سوۋېت ھەيئەت رىياسىتى سايلاپ چىقىلىپ، كالىنىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى بولدى، مولوتوف خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ستالىن خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى تۈنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ستالىن بەرپا قىلغان ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

بۇ تۈزۈلمىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىغا مەركەزلەشتى.

كومپارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى بىۋاستە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. سوۋېت خەلق ھاكىمىيىتىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالماي، كۈچسىز ھاكىمىيەت ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىتتىپاق تۈزۈمىمۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن يەككە تۈزۈمدىكى دۆلەتتە ياشىدى. دېموكراتىيە - قانۇنچىلىققا سەل قارىلىپ، كادىرلار يۇقىرىدىنلا ئەۋەتىلىپ، يۇقىرىغىلا بويسۇندى، رەھبەرلەر ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەپ، ئاممىنىڭ نازارىتىگە ئاساسەن ئۇچرىمىدى. ھوقۇق بارغانسېرى شەخسنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، ئاخىر ھوقۇق شەخسكە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىش كېلىپ چىقتى.

بۇ تۈزۈلمىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، دۆلەتنى يادرو قىلغان، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مەمۇرىي بۇيرۇق تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. ئۇ سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىلكىدە بولۇشىنى ۋە كولخوزلارنىڭ بىرەسمىي دۆلەت ئىلكىدە بولۇشىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدىغان باشقا بارلىق ئىگىلىكلەرنى تولۇق يوقاتتى. تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتىنى چەكلەپ، قىممەت قانۇنىيىتى ۋە بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىپ، مەمۇرىي بۇيرۇق، ھەتتا زورلۇق ۋاستىسى بىلەن ئىقتىسادنى باشقۇرۇپ، بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ ئاستىغا قويدى. ئۇ دېھقانلارنى شىلىش ۋە ئاھالىلەر تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى چەكلەش چارىسى ئارقىلىق، يۇقىرى جۇغلانما توپلاش، كۆپ سېلىنما سېلىشنى يولغا قويۇپ، يىرىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. بىر تەرەپلىمە ھالدا ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىرەسمىي ھەربىيچە ئىگىلىكنى بەرپا قىلدى ھەم مۇشۇ ئارقىلىق دۆلەت

www.uyghurkitap.com

كۆچىنى ئاشۇرۇپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ھالقىدى.

بۇ قۇرۇلۇش ئەندىزىسى سوۋېت ئىقتىساد ئۈنۈمىنىڭ ئاشقان تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقان، ئىچكى جەھەتتە مەدەنىيىتى قالاق بولغان شارائىتتا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى. ستالىن ئۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىقتىسادىنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئەمما، بۇ ئەندىزە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىسادىي ئايلىنىشتىكى بىر قاتار نېگىزلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى. ئۇ لېنىننىڭ مەدەنىي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سىياسىي كۈرەشنى يەنىلا بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە سەل قارىدى، شۇنداقلا دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۈجۈپىلىشىش ۋە يەر شارىلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشمىدى. ئۇزاق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

**ستالىنغا چوقۇنۇشنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى**

ستالىن تروتسكى، بۇخارىن قاتارلىق ئۆكتىچىلەرنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورنى مۇستەھكەم تىكلەندى، ئىناۋىتىمۇ مىسلىسىز ئاشتى. 1929 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر ئۇنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى. «ھەقىقەت گېزىتى»نىڭ ھەممە بېتىگە كۈيبىشېۋ، كاگانوۋىچ، ۋوروشىلوف قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەبرىك ماقالىلىرى بېسىلىپ، «ستالىن لېنىننىڭ بىردىنبىر شاگىرتى، لېنىننىڭ ئىزباسارى، ھايات لېنىن» دەپ مەدھىيىلەندى. بەزى ماقالىلەردە پاكىت بۇرمىلىنىپ، ستالىن پارتىيەنىڭ تۇنجى كىچىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىلا «پارتىيەنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچىسى ۋە قۇرغۇچىسى بولغان»، ئىچكى

ئۇرۇش مەزگىلىدە «بىر جەڭگاھتىن يەنە بىر جەڭگاھقا ئەۋەتىلگەن بىردىنبىر مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى بولغان» دېيىلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەرمۇ بەس ـ بەستە ستالىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. نۇرغۇن شەھەرلەر، زاۋۇتلار، كولخوزلار، كوچىلار، ھەتتا تاغ چوققىلىرى ستالىننىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن زىيادە مەدھىيەلەش شامىلى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بىر خىل سىياسىي ئېقىمغا ئايلاندى. ستالىن ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، مەبۇد سۈپىتىدە تونۇلدى. بارلىق غەلىبە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نامايەندىسى، ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى دەپ قارالدى. 1934 ـ يىلى ئېچىلغان 17 ـ قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى پارتىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى فاڭجېن ـ لۇشيەنلىرىنى ئىلگىرىكىدەك قارار ماقۇللاپ بېكىتمەي، بەلكى ئاددىي ھالدا «ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ستالىننىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىرىنسىپ، ۋەزىپىلەرنى ئۆز خىزمىتىنىڭ قېلىپنەماسى قىلىشقا بۇيرۇدى». ستالىننىڭ سۆزى تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئىشلەش، پىكىر قىلىشتىكى بىردىنبىر ئاساسى، ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ قالدى.

30 ـ يىللاردا ستالىن بىر قاتار تەنقىد ھەرىكەتلىرىنى باش بولۇپ قانات يايدۇردى، پەلسەپە ساھەسىدە دېبورىن ئېقىمىدىكىلەر، ئەدەبىيات ساھەسىدە رۇسىيە پىرولېتارىيات يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكىلەر، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە بوكلوۋسكى ئېقىمىدىكىلەر، ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە كاندراتيېۋ، گرومان ئېقىمىدىكىلەر، ھەتتا بىيولوگىيە ساھەسىدە ۋاۋىلوف ئېقىمىدىكىلەر نائادىل تەنقىدكە ئۇچراپ، «تروتسكىيچىلار»، «مېنشېۋىكىزمچىلار»، «پارتىيەگە قارشى ئۆكتىچىلەر» دېگەندەك ھەر خىل سىياسىي بەتنامالارغا قالدى.

بەزى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تارقىتىۋېتىلىپ، نۇرغۇن ئالىملار قولغا ئېلىندى ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ستالىننىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى سىياسىي ساھەدىن پەن - مەدەنىيەت ساھەسىگىچە كېڭەيدى.

1938 - يىلى ستالىن ئۆزى شەخسەن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن «ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) تارىخى» دەرسلىكى نەشر قىلىنىپ، شەخسكە چوقۇنۇش تارىخي ۋە نەزەرىيەۋى جەھەتتە تولۇق شەكىللەندى.

ۋاھالەنكى، پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر كۈنسېرى شەكىللىنىۋاتقان شەخسكە چوقۇنۇشتىن ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى ئېغىر مەسىلىلەردىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. 1934 - يىلى 17 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئەزاسى، لېنىنگراد ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى كىروفنى ستالىننىڭ ئورنىغا باش سېكرېتار قىلىپ سايلاش مۇزاكىرە قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى سايلانغاندا ستالىن ئەڭ ئاز ئاۋازغا ئېرىشىپ، 270 ئاۋازنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. كىروف بولسا پەقەت ئۈچ ئاۋازنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. ستالىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى.

1934 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كىروف لېنىنگرادتىكى سمولنىي سارىيىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. قاتىل نەق مەيداندا تۇتۇلدى، ئۇ نىكولايېف ئىسىملىك كىشى بولۇپ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خادىمى ئىدى. شۇ كۈنى ستالىن قاتارلىق رەھبەرلەر ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا كېلىپ، بۇ ۋەقەنى سۈرۈشتۈردى. دەسلەپتە ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى ئاق گىۋاردىيەچى ئۇنسۇرلار قىلغان دەپ، 104 گىۋاردىيەچى ئۇنسۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. يېرىم ئايدىن كېيىن گېزىتلەر بۇ ئىشنى تروتسكى - زىنوۋيېف ئۆكتىچىلەر



www.uyghurkitap.com

گورۇھى پىلانلىغان، دەپ جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە، تروتسكى 1929 ـ يىلىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، زىنوۋيېۋ، كامېنېۋ 1927 ـ يىلى پارتىيەدىن قوغلانغاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا خەت يېزىپ خاتالىقىنى تونۇغان، كېيىنكى يىلى قايتىدىن پارتىيەگە كىرىپ ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى ئۆتىگەنىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار يەنە پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇلار سوتلىنىپ، ئىشەنچلىك پاكىتلار بولمىسىمۇ، ئون يىللىق ۋە بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەخپىي خەت تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ئىنقىلابىي ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى تارتىپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. 1936 ـ يىلى زىنوۋيېۋ، كامېنېۋ قاتارلىقلار قايتا سوراق قىلىنىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش ۋە ئالداپ ئېزىقتۇرۇش چارىسى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭ گۇناھنى بويىنىغا ئېلىشقا مەجبۇرلاندى. 1936 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوت مەھكىمىسى ھەربىي سوتى ئۇلارنى ئاشكارا سوتلاپ، ھېچقانداق ماددىي پاكىت كۆرسەتمەي، ئۇلارنىڭ «ئىقرارى»غا ئاساسەنلا ئۇلارنى «تروتسكى ـ زىنوۋيېۋ بىرلەشمە باش ئىشتابى»نى تەشكىللىگەن، كىروفنى يوشۇرۇن قەستلەشنى ئۇيۇشتۇرغان، كۆپ قېتىم ستالىننى قەستلەشكە ئۇرۇنغان دەپ ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشىغا يول قويمايلا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى.

ئاشكارا سوتتىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ستالىن ۋە ژدانوف 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سوچىدىن كاگانوۋىچ، مولوتوف ۋە باشقا سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىغا تېلېفون بېرىپ، دەرھال يېزوفنى ياگودانىڭ ئورنىغا ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىغا تەيىنلەپ، «تروتسكى ـ زىنوۋيېۋ گورۇھى»نى باستۇرۇشنى

تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يېژوف ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ چوڭ تازىلاشنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارغا كېڭەيتتى. تروتسكىي ئۈكتىچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزاسى بولغان، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارالغانلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. پارتىيەنىڭ فاڭجېن، لۇشيەن، سىياسەتلىرىگە باشقىچە قاراشتا بولغان رەھبىرىي كادىرلاردىن نارازى بولغانلارمۇ قاماققا ئېلىندى. 1937 ـ يىلى «ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو» سەۋەبىدىن تۇتۇلغانلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن توققۇز ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى.

1937 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسى سابىق تروتسكىي ـ زىنوۋيېۋ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئاشكارا سوتلىدى. بۇ قېتىم ئەيىبلەشنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پىتاكوف، رادېك قاتارلىقلارنى مەخپىي ھالدا «تروتسكىچە باش ئىشتاب» تەشكىللىگەن، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپلا قالماي، يەنە «تروتسكىنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ، ئۇكرائىنانى گېرمانىيەگە سېتىۋېتىش» ھېسابىغا گېرمانىيەنىڭ تروتسكىنى قوللاپ تەختكە چىقىرىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان، دەپ ئەيىبلىدى ھەم پىتاكوف قاتارلىق 13 ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئالىي خەلق ئىگىلىكى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئوردونىكىدزې ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى خالىغانچە قولغا ئېلىشى ۋە ئېتىۋېتىشىگە قارشى چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىرېملىن سارىيىدىكى ئىشخانىسىنى ئاختۇرۇشىغا چىداپ تۇرالماي، ستالىنغا ئەرز قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولماي، نەتىجىدە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئېتىراز بىلدۈرۈش ھەرىكىتى

رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا بولغان دىققىتىنى قوزغىيالمىدى، شۇنداقلا تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى توسۇيالمىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا ستالىن ئۆزۈن دوكلات بېرىپ، ھازىر «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئۈچ پاكىت بار»، «بىرىنچىسى، بىزنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرىمىز، مەيلى ئىقتىسادىي تەشكىلات بولسۇن ياكى مەمۇرىي تەشكىلات، پارتىيە تەشكىلاتى بولسۇن، مۇئەييەن دەرىجىدە چەت ئەل گۇماشتىلىرىنىڭ يوشۇرۇن قەستى، بۇزغۇنچىلىقى ۋە جاسۇسلۇقىغا ئۇچراۋاتىدۇ ... ئىككىنچىسى، چەت ئەل گۇماشتىلىرى، جۈملىدىن تروتسكىچىلار بىزنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمىزغا كىرىۋېلىپلا قالماي، بەلكى بەزى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋېلىۋاتىدۇ، ئۈچىنچىسى، بىزنىڭ بەزى رەھبىرىي يولداشلىرىمىز... كۆپىنچە ئۆزلىرى چەت ئەل گۇماشتىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ»[1] دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن قىلغان سۆزىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەينى چاغدا ئۇ «سوتسىيالىزم تۈزۈمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاللىقاچان غەلىبە قىلدى»، دۆلەت ئىچىدە پەقەت «ئۆزئارا دوستانە»[2] ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار سىنىپى ۋە زىيالىيلارلا قالدى، دېگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھەممىلا يەردە «خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى بار»، يەنە كېلىپ ئۇلار مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالدى، دېدى. شۇنداقلا،

---

① ستالىن: «پارتىيەنىڭ خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە تروتسكىچى ئىككى يۈزلىمىچىلەر، باشقا ئىككى يۈزلىمىچىلەرنى يوقىتىش چارىسى توغرىسىدا»، «ستالىن تاللانما ماقالىلىرى» 1 ـ توم 112 ـ بەت.

② ستالىن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسى توغرىسىدا»، «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 400 ـ بەت.

بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن نورمال ھادىسە دەپ قاراپ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىش نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «بىز قانچە ئىلگىرىلىگەن، قانچە غەلىبە قازانغانسېرى، تارمار قىلىنغان ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ قالدۇقلىرى شۇنچە ياۋۇزلىشىدۇ ... شۇنچە ئەشەددىي كۈرەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ بىز بىلەن تىركىشىدۇ»① دېدى. ئومۇمىي يىغىن ستالىننىڭ بۇ خاتا نەزەرىيەسى ۋە ۋەزىيەت ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ پەرىزىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، چەت ئەل گۇماشتىلىرى ۋە جاسۇسلارنى «تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە تارمار قىلىش» ئۈچۈن تازىلاشنى جىددىيلەشتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىغا «ياۋۇز دۈشمەنلەر»نى «قاتتىق باستۇرۇش» ھوقۇقىنى رەسمىي بەردى. يىغىندىن كېيىن چوڭ تازىلاش دولقۇنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئارمىيە ئورگانلىرى، پەن ـ مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە زاۋۇت، كان، كولخوز قاتارلىق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا كېڭەيدى.

1937 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيە مارشالى، مۇئاۋىن دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارى تۇخاچېۋسكىي، كىيېف ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ياكىر، بېلارۇسىيە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ئۇبروۋېچ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار «سوۋېتقا قارشى ھەربىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان، گېرمانىيەنىڭ جاسۇسى بولغان» دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1938 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ــ 13 ـ كۈنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۈچىنچى قېتىم ئاشكارا

① ستالىن: «پارتىيەنىڭ خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە تروتسكىچى ئىككى يۈزلىمىچىلەر، باشقا ئىككى يۈزلىمىچىلەرنى يوقىتىش چارىسى توغرىسىدا»، «ستالىن تاللانما ماقالىلىرى» 1 ـ توم 129 ـ بەت.

سوت ئېچىپ، بۇخارىن، رىكوف قاتارلىقلارنى «ئوڭچىل تروتسكىچى ئىتتىپاق» تەشكىللىگەن، چەت ئەل جاسۇسى بولۇپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەپلا قالماي، يەنە ئاشكارا ھالدا كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان دەپ ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ئومۇمەن، ستالىنغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغانلىقى، قانۇن ـ تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغانلىقى ھەم خالىغانچە بۇزغۇنچىلىقنى ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشى ئورۇنسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. غەرب ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، تەخمىنەن 5 مىليون ئادەم تارتىپ چىقىرىلىپ، 300 ــ 400 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. 1936 ــ 1939 ـ يىللاردا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى، يەنى 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم قولغا ئېلىندى. 17 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى تروتسكى ـ زىنوۋيېف ئىتتىپاقى ۋە بۇخارىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى 1934 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، غالىبىيەتچىلەرنىڭ قۇرۇلتىيى دەپ ئاتالغانىدى. كېيىن قۇرۇلتايغا قاتناشقان 1966 نەپەر ۋەكىلنىڭ 1108 ى قولغا ئېلىنىپ، 56% نى ئىگىلىدى. قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان 139 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە كاندىدات ئەزاسىنىڭ 98 ى قولغا ئېلىنىپ ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، 70% نى ئىگىلىدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن سايلاپ چىقىلغان 17 نەپەر سىياسىي بيۇرو ئەزاسىنىڭ بەشى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، بىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئارمىيەنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. بىرىنچى تۈركۈمدە قىزىل ئارمىيە مارشاللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بەشەيلەننىڭ ئۈچى (تۇخاچېۋسكى، يېگوروف، بليۇخېر) ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 15 گورۇپپىۋوي ئارمىيە قوماندانىنىڭ 13 ى ئۆلتۈرۈلدى. جەمئىي 40 مىڭدىن ئارتۇق باتالىيون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر زىيانكەشلىككە

ئۆچرىدى. ئۇكرائىنا، قازاقىستان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلدى. نۇرغۇن داڭلىق ئالىم، يازغۇچىلارمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. مەشھۇر بىيولوگ ۋاۋىلوف، ئىقتىسادشۇناس كاندراتىيېف، چايانوف، كاتيۇشا زەمبىرىكىنىڭ ئىجادچىسى لانگىماك، رېئاكتىپ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى كىرىيمىيانوف، تانكا لايىھەلىگۈچىسى زاسلاۋىسكى قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مەشھۇر ئايروپىلان لايىھەلىگۈچى توپولېف، راكېتا ئاتىسى كورولىيوف قاتارلىقلار تۈرمىگە تاشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان چەت ئەل كومپارتىيەلىرى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال كادىرلىرىمۇ چەت ئەل جاسۇسى سۈپىتىدە سوراققا تارتىلىپ قاماققا ئېلىندى. سابىق ۋېنگىرىيە كومپارتىيەسىنىڭ رەھبىرى كون بېلا، پولشا كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى لىنىسكى، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى چاپېك، شۇنداقلا گېرمانىيە، بۇلغارىيە، ئىران كومپارتىيەلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈش دولقۇنى تەدرىجىي پەسەيدى، بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان بۇ چوڭ تازىلاش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان كەلتۈردى. ستالىن 1939 ـ يىلى ئېچىلغان 18 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا «تازىلاش جەريانىدا ... ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈلدى»① دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشى ۋە دىپلوماتىيە**

---

① ستالىن: «پارتىيەنىڭ 18 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن ئىتتىپاق كومپارتىيەسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە دائىر خۇلاسە دوكلاتى»، «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ توم 457 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى 20 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەر ۋە گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەمما، غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە ئىغۋاگەرچىلىكى يەنىلا توختاپ قالمىدى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ ۋېرسال شەرتنامىسىنىڭ چۈشىكىنى بۇزۇپ تاشلاش تىرىشچانلىقىنى پائال قوللىدى ھەم گېرمانىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ تەرەققىي قىلدۇردى. 1926 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ۋە بىتەرەپلىك تۈزۈش شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، لوكارنو شەرتنامىسىنىڭ ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇش سۈيىقەستىنى بەربات قىلدى.

1927 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئەمما، باشقا دۆلەتلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۈرۈشقا ھەرىكەتلەندۈرەلمىدى. ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەكلىپكە بىنائەن 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشقا تەييارلىق كومىتېتىغا قاتناشتۇردى ھەم كېڭىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ سۈپىتىدە قايتىدىن خەلقئارا سەھنىگە چىققانلىقىنى ئىپادىلىدى.

30 ـ يىللاردا ھىتلېر گېرمانىيەدە تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، بولشېۋىكىزمغا قارشى تۈرىدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋىتى تېزدىن يامانلىشىپ كەتتى.

فاشىستلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك تەھدىتىنىڭ ئېشىشىغا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارى لىۋىنوف ۋە ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلىت ئۆزئارا نوتا ئالماشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋېنگرىيە، رومىنىيە، چېخوسلوۋاكىيە، بۇلغارىيە، ئالبانىيە، شۇنداقلا ئىسپانىيە، بېلگىيە، لىيۇكسېمبۇرگ قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىيە خەلق كومىسسارىياتى ياۋروپا كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋېرسال سىستېمىسىغا بولغان ئىلگىرىكى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقئارا ئىتتىپاققا قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەنگلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ فاشىستلارغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ تەشەببۇس ئالقىشقا ئېرىشتى. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا ئىتتىپاققا كىردى ھەم دائىمىي ئەزا دۆلەت بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېتىم قېلىش ھالىتىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۇھىم رولچىغا ئايلاندى.

گېرمانىيەنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقدىشى ـــ فىرانسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فىرانسىيە بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شۇ ئايدا

يەنە چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى تۈزدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنە پولشا، فىنلاندىيە، لاتۋىيە، ئېستونىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

بۇ شەرتنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس سالدى، ئەمما بۇ مۇشۇ نىشاننى بويلاپ تەرەققىي قىلمىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى فاشىستىك دۆلەتلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىشىشنى خالىمىدى. 1936 - يىلى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىغا قوراللىق ئارىلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسپانىيە ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنى ئاكتىپ قوللىدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بولسا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى ئۈزۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. 1938 - يىلى ھىتلېر تاجاۋۇزچىلىق نىشانىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوشنىسى — چېخوسلوۋاكىيەگە قارىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىلدۈرمەي ئۆز ئالدىغا گېرمانىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، چېخوسلوۋاكىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساتىدىغان مىيۇنخېن كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە بولغان ئىشەنچىنى بەكلا سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تېخىمۇ ئېھتىياتچان سىياسەت قوللىنىپ، خەلقئارا توقۇنۇشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچىنچى بەش يىللىق پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي كۈچىنى ئاشۇردى. 1938 - يىلى ئارمىيەنى 1 مىليون 500 مىڭ كىشىگە، 1939 - يىلى 2 مىليون كىشىگە

يەتكۈزدى ھەم ئارمىيەگە كۆپلەپ زەمبىرەك، تانكا ۋە ئايروپىلان سەپلىدى.

ئاسىيادا 1931 ـ يىلى ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق رايونىغا تەھدىت سالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم ياپونىيەگە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنى تۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، تەكلىپى ئوخشاشلا رەت قىلىندى. 1932 ـ يىلى ياپونىيە يۆلىگەن «مانجۇرىيە دۆلىتى» قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى توقۇنۇشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىككىنچى يىلى ياپونىيەگە مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى سېتىۋېتىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى رەسمىي ئۇقتۇردى. 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيە، «مانجۇرىيە» بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئەسلىدە جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى «مانجۇرىيە»گە سېتىپ بەردى ھەم «مانجۇرىيە»نىڭ موسكۋادا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلدى. 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى. 8 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنجىنىڭ ھۆكۈمىتىنى مالىيە ياردىمى ۋە ھەربىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ ئۆزىگە قارشى پائالىيىتىنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيەنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكىگە قەتئىي زەربە بەردى.

1939 ـ يىلى باھاردا گېرمانىيە چېخوسلوۋاكىيەنى بېسىۋېلىپ، ئۇرۇش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيە قايتىدىن بىر يەرگە كېلىپ، گېرمانىيەگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى. ئەمما، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ پولشاغا كىرىپ گېرمانىيە ئارمىيەسىگە زەربە بېرىش ـ بېرەلمەسلىك مەسىلىسى

ئۈستىدە بىر دەك پىكىر ھاسىل قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گېرمانىيە بىلەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۇرۇشتىن ساقلاندى. ئەمما، مەخپىي كېلىشىمدە بالتىق دېڭىز بويلىرى، شۇنداقلا پولشا، رومىنىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، گېرمانىيە بىلەن داۋاملىق ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز بىخەتەرلىكىنى قوغدىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە گېرمانىيەنىڭ ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەند بولۇپ كېتىپ شەرققە قاراشقا چولىسى تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئايرىلغان يەرلەرنى دەرھال قورشىۋالدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چېگراسىنى 200 ــ 300 كىلومېتىر سۈرۈپ، زېمىنىنى 476 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېڭەيتىپ، يېڭىدىن كارېلىيان ـ فىنلاند، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا ۋە مولدوۋا قاتارلىق بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى 11 دىن 16 گە يەتتى.

فىرانسىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى زىددىيىتى كەسكىنلەشتى. 1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فاشىستلارغا ئورتاق قارشى تۇردى.